# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى



ھەقسىز ئالماشتۇرۇلىدىغان ئىچكى ماتېرىيال

2010

吐鲁番学研究

Turpanological Research

1

شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئەپكارى



تۇيۇق مىڭئۆيى خارابىسى (مىلادىيە 3— 13-ئەسىرلەر)



تۇيۇق مىڭئۆيى تام رەسىمى (مىلادىيە 3—13-ئەسىرلەر)

شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئەپكارى

2010-يىل 1-سان

تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

ئومۇمىي( 21-سان )

تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى:
ئابلا قاسىم

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى
ئابلىم قېيۇم
ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

باش مۇھەررىرى:
ئابلىم قېيۇم

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى:

ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان
ئالىي مۇھەررىر
ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

تەھرىرلىرى:
ئابدۇگۇل ئابلىمىت، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق، زۇلپىيە مۇھەممەت، ئۆمەرجان ئابدۇقادىر

مۇقاۋىنىڭ 1- ۋە 4- بېتىدە:
تۇرپاندىكى ئەسكابۇلكەھفى مازىرى ۋە تۇيۇق سىڭىمزىلىرى
(مىلادىيە 3—13-ئەسىرلەر)

## مۇندەرىجە

### تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

گېرمانىيىدىكى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ........................ كېڭ شىمىن
........................ ئىمىن تاجى تەرجىمىسى (1)
قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى ........................ A.فون گاباين
........ ........ بولۋاس راشىدىن ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق (11)
تارىخ جەرىيانىدىكى جەدىدە ۋە تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ....... ئابلاھەت ئابدۇقادىر (23)

### مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى

تۇرپاندىن تېپىلغان مىس كۆرگۈلەر ......... ئابدۇگۇل ئابلىمىت (26)
تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ئاخىرەتلىك قەغەز
بويۇملار ھەققىدە ........................ بۇخەلچەم باھاۋۇدۇن (29)
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان نوملاردىكى «بۆز» نامى
........................ راشمان (گېرمانىيە) ---ھەبىبۇللا خەلىۋۇللا تەرجىمىسى (35)

### قوچو ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ئالتۇن يارۇق» زادى قەيەردە كۆچۈرۈلگەن؟
........................ ھامادا ماساشى (ياپونىيە) (39)
قوچودىن تېپىلغان بىر پارچە مانى دىنى ھۆججىتى ۋە ئۇنىڭ تۈرك
تارىخىدىكى ئەھمىيىتى ...... ھۇسەيىن سالمان .... يۈسۈپجان ياسىن تەرجىمىسى (42)

### تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقاتى

ئەسھابۇلكەھف قىسسىسى ........................ ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق (50)
تۇرپاندىكى ئەسھابۇلكەھف ھەققىدە .... شىنمىن باسۇشى (ياپونىيە) (98)
«ئەسھابۇلكەھف» غارى توغرىسىدىكى رىۋايەت ۋە ئىزدىنىشلەر
........................ جەببار رەھىم روھلان (120)

### تارىخىي شەخسلەر

داڭلىق تېۋىپ ئابدۇراخمان بەگنى ئەسلەيمەن ........................
........................ مامۇت غازى (123)
تۇرپان ئايدىڭكۆل پاقا بۇلاق كەنتىدىكى تۇنجى مائارىپچى ئېلى
توختىنىياز ئەپەندى ........................ ھۇسەن خېۋىر (128)

### يەر ناملىرى تەتقىقاتى

«تۇرپان» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى توغرىسىدا قايتا ئويلىنىش
........................ ئابلىكىم ئابدۇرەشىد (130)
«تۇيۇق» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا
........................ ئۆمەر قادىر (148)

# TURPANOLOGICAL RESEARCH

## Contentes

### Turpan Studies

1. The Turfan Studies in Germany.........Geng Shimin [Translation by Iminjan Taji]

11 The Social Life in Idikhut Kingdom ......Annemarie v. Gabain [Translation by Arkin Eminniyaz, Yolwas Rashidin]

23 "New Era" and Turfan Studies ........................Ablahat Abdukhadir

### Cultural Relics

26 On the Copper Mirrors Unearthed from Turfan.........Abdugul Ablimit

29 On the Funeral Papers Unearthed from Astana Graves in Turfan...............................................Buhalqam Bahawudun

35 On the Word *Böz* in Uyghur Buddhist Documents......Raschmann [Translation by Habibulla Haliwulla]

### Reseach on Iddikhut Uyghur Culture

39 Where was the Uyghur Version of *Altun Yaruq Sutra* Transcribed?...................................... [Japan]Hamada Masami

42 A Study on a Manichean Document and its Significance in the History of Turkic Culture ...........[Turkey] Khusayin Salman (Translation by Yusupjan Yasin)

### Research on Historical Documents

50 A Study on the Legend of Askhabulkahif.......Arkin Eminniyaz Kutluk

98 A Study on the Site of Askhabulkahif in Turfan......[Japan] Xinmen Yasuxi

120 A Survey on the Legend of Askhabulkahif...............Jabbar Rahim

### Historical Figures

123 In Memory of Famous Physician Abdurahman Bäg......Mamut Ghazi

128 A Survey on the Educationalist Ali Tokhtiniyaz Ependi in Aydingköl Turfan.........................................................Khusan Khawir

### Reseach on Place Names

130 On the Etymology of the Name *Turfan*......... . Ablikim Abdurashid

148 A Study on the Name of *Tuyuk*.......................... Ömar Khadir

# گېرمانىيىدىكى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى*

گېك شىمىن

تەرجىمان: ئىمىن تاجى تۇرگۇن

مەن ئىلگىرى گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى مەركىزىنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى تەتقىقات ئەھۋالى ھەققىدە مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلىپ تونۇشتۇرغانلىقىم ئۈچۈن (بۇ ماقالە 《غەربىي يۇرت تەتقىقاتى》 ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان، بۇ ماقالىمدە دەسلەپكى مەزگىللەردىكى (20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن بۇرۇنقى) تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىنى تونۇشتۇرۇشنى لايىق تاپتىم.

16 ـ ئەسىرلەردە يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇن شەرق ـ غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئاساسلىقى يىپەك يولىنى بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى ئىككى لىنىيە يول ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. جەنۇب ـ شىمال ئىككى لىنىيىدىكى بوستانلىقلاردا دۇنيا تامان مەشھۇر بولغان مىللەتلەرمۇ ھەم تارىخ سەھنىسىدىن ئاللىبۇرۇن غايىب بولغان مىللەتلەرمۇ بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى پارلاق تارىخ ۋە مەدەنىيەت ياراتقان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەرلىكلەر تەرىپىدىن تاسادىپىي قېزىشتا بايقىلىپ قالغان قەدىمكى مەدەنىيەت يالدامىلىرى دۇنيا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ بىر مەھەل قىزىقىش ئوبيېكتىغا ئايلانغان ، شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ ۋە ئەۋەتىپ تارىم ئويمانلىقىدا قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. گېرمانىيە تۆت قېتىم تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنى(1902 ـ يىلىدىن 1914 ـ يىلىغىچە پائالىيەت ئېلىپ بارغان) تەشكىللەپ تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچا قاتارلىق جايلاردا كۆپلىگەن يازما يادىكارلىق، تام رەسىملىرى ۋە باشقا قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرگەن. گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى مەخسۇس شەرقشۇناسلىق كومىتېتىنى قۇرۇپ يىغىۋالغان بويۇملارنى رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە ئېلان قىلىشنى قارار قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، بېرلىن فىكوس دەرىخى ئاستىدىكى چوڭ كوچا 8 ـ نومۇرلۇق قورودىكى گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ يەر ئاستىدىكى تۆت ئېغىزلىق (8 ـ 11 ـ نومۇرلۇق ئۆيلەر) ئىشخانا يىغىۋېلىنغان بويۇملارنى قويۇش ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىلغان (ئۇزۇن ئۆتمەي باشقا قەۋەتلەردىمۇ مۇشۇنداق ئۆيلەر ئاجرىتىلغان)، ئۇلار بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن ئىرانشۇناسلىق، ھىندىشۇناسلىق، خەنزۇشۇناسلىق، تۈركشۇناسلىق ۋە سۈرىيەشۇناسلىق ساھەسىدىكى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ بۇ ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئويۇشتۇرغان. يەنە بىر تەرەپتىن گېرمانىيە بېرلىن ئېتنوگرافىيە مۇزېيى تۆت قېتىملىق ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتا يىغىۋېلىنغان ماددىي بويۇملارنى ساقلاش ۋە تەتقىق قىلىشقا مەسئۇل بولغان. ھەر قايسى يەرلەردىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيەسى، بېرلىن ئېتنوگرافىيە مۇزېيى ۋە بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىغا يىغىلىپ ئۆز ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمچىلىكلىرىنى ئۆز ـ ئارا ھەمكارلىشىپ تولۇقلاپ تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا قولايلىق شارائىت ياراتقان.

مەشھۇر ھىندىشۇناس ۋە بۇددىزم تەتقىقاتچىسى گرۈنۋېدېل (A. Grünwedel) بىرىنچى (1902 ـ يىلىدىن 1903 ـ يىلىغىچە ئېلىپ بېرىلغان)، ئۈچىنچى (1905 ـ يىلىدىن 1907 ـ يىلىغىچە ئېلىپ بېرىلغان) قېتىملىق تۇرپان ئارخېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئەترىتىگە بىۋاستە قاتناشقان ۋە بۇ ئەترەتنىڭ مەسئۇلى بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇددىزم ۋە بۇددىزم رەسسامشۇناسلىقىدىكى كەڭ دائىرىلىك بىلىمىگە تايىنىپ كۇچا ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان بۇددىزم تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېزاھلاپ چىققان. ئۇ بىر رەسسام بولۇپ، تەبىئىي ۋە يورۇقلۇق شارائىتىنىڭ ناچارلىقىغا قارىماي كۆپلىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەقلىدىي سىدام شەكلىدە سىزىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بۇ

جەھەتتە ناھايىتى قىممەتلىك بايلىقلارنى قالدۇرغان. بولۇپمۇ 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە بۇ تام رەسىملىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ئىتتىپاقچى ئارمىيەنىڭ بومباردىمىسى بىلەن ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تەقلىدىي سىدام رەسىملىرى قەدىمكى غەربىي رايوننىڭ مېڭىئۈي تام رەسىملىرىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى قىممەتلىك بويۇمغا ئايلانغان. ئۇنىڭ قالدۇرغان ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «1902 - 1903 يىللىرى قىشتا قوچو ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتىن دوكلات» ،( 1905 - يىلى نەشر قىلىنغان)، «قەدىمكى شىنجاڭدىكى بۇددىزم ئىزلىرى —1906 - 1907 - يىللىرى كۇچا، قارا شەھەر ۋە تۇرپاندا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى» ( 1962 - يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

گېرمانىيە تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىدا توھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغان يەنە بىر ئالىم ئالبېرت. فون. لېكوك(A. von LeCoq) بولۇپ، ئۇ گرۇنۋېدېل بىلەن ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى قېتىملىق گېرمانىيە تۇرپان ئارخېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئەترىتىگە قاتناشقان. لېكوكمۇ بېرلىن ئېتنوگرافىيە مۇزېيىدىن كەلگەچكە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا پىششىق بولۇشتىن سىرت يەنە مانى دىنى ۋە قەدىمكى شەرق ئوبرازلىق تىللىرى (تام رەسىملىرى دېگەندەك) ساھەسىدىمۇ مۇتەخەسسىس ئىدى. ‹ ‹قوچودىن تېپىلغان ئۇيغۇر مانى دىنى يازما يادىكارلىقلىرى› › ناملىق ئۈچ توملۇق ئەسەر(1 - تومى 1911 - يىلى، 2 - تومى 1919 - يىلى، 3 - تومى 1922 - يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان)ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرىدۇر. ئەينى ۋاقىتتا ئاتالمىش گېرمانىيە كېلون مانى دىنى يازمىلىرى (Koelner Codex مىسىردا تېخى بايقالمىغان ئىدى. كىشىلەرنىڭ مانى دىنى ھەققىدىكى بىلىشى ئاساسلىقى قارشى گۇرۇھتىكىلەرنىڭ ( مەسىلەن، رىم كاتولىك دىنى پاپاسى ئاۋگۇست دېگەندەكلەرنىڭ) رەددىيە ماقالىلىرىدىن كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر مانىزم يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يىرتىلىپ كەتكەچكە بۇ تەتقىقات خىزمىتىگە ناھايىتى ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. بۇلارنىڭ 1 - جىلدىنىڭ گېرمان تىلىدىكى تەرجىمىسى قوشۇمچە قىلىپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئورۇنسىز تەنقىدلىشىگە ئۇچرىغان. قېپقالغان ئىككى جىلدىنىڭ ئاخىرىغا تەرجىمە تېكىستى بېرىلمىگەن. بۇنى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن زور يوقىتىش دېمەي بولمايدۇ. گرۇنۋېدېلنىڭ شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتىدىكى يەنە بىر مۇھىم تۆھپىسى بېزەكلىك، قىزىل مېڭئۈي تەتقىقاتىغا ئائىت «شىنجاڭ بۇددىزمنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى ماددىي بويۇملار تەتقىقاتى— ھەيكالتىراچلىق قىسمى»(1922 - يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان)، « مانى دىنى سىزما رەسىملەر تەتقىقاتى» (1923 - يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان)، «قەدىمكى شىنجاڭنىڭ تام رەسىملىرى تەتقىقاتى» (1924 - يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان)، «شىنجاڭنىڭ تام رەسىملىرى توپلىمى» (1934 - يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان). «شىنجاڭدىن بايقالغان يېڭىچە تام رەسىم ئەسەرلىرى، 1 - تومى» ( ۋالچمىكىت بىلەن ھەمكارلاشقان، 1926 - يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان، 2 - تومى 1928 - يىلى، 3 - تومى 1933 - يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان). (بۇ يەتتە توم ئەسەر 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى ئاۋستىرىيەنىڭ گىراز ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن قايتا نەشر قىلىنغان). بۇلاردىن باشقا يەنە «قوچو» (1913 - يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان) ناملىق چوڭ تىپتىكى رەسىملەر توپلىمىمۇ بار. بۇ نەپىس مەتبەئە بويۇملىرىدىن باشقا ئەينى ۋاقىتتا بېرلىن ئېتنوگرافىيە مۇزېيىدا قىزىل ۋە بېزەكلىكتىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ ئەسلى ھالىتىگە تەقلىد قىلىپ سىزىلغان چوڭ تىپتىكى تام رەسىملىرى ئەسەرلىرىنى كۆرگەزمە قىلغۇچىلارغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز. بۇ تام رەسىملىرى تامغا ناھايىتى چىڭ ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولغاچقا 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىكى بومباردىماندىن دەل ۋاقىتىدا ئامان قالدۇرۇش مۇمكىن بولمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىتتىپاقچى ئارمىيەنىڭ ھاۋا ھۇجۇمى بىلەن ۋەيران بولغان. 2003 - يىلى ياپونىيە پايتەختىدە لوڭگو ئۇنىۋېرسىتېتى باش بولۇپ ئويۇشتۇرغان، ياپونىيە غەربىي يۇرت تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئالىملار ۋە ساپال بويۇملار مۇتەخەسسىسلىرى ھەمكارلىشىپ ئۇرۇشتىن بۇرۇن گېرمانىيەدە نەشر قىلىنغان رەسىملەر توپلىمىغا ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرگەن تۇرپان بېزەكلىك 9 - نومۇرلۇق غاردىن تېپىلغان تام رەسىملىرى كۆرگەزمىسى كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان. شارائىت ۋە ۋاقىت چەكلىمىسى بىلەن بىز بۇ يەردە شىنجاڭدىن تېپىلغان سەنئەت بويۇملىرى ھەققىدە ئىزاھات ۋە تەتقىقات ئەھۋالى ھەققىدە توختالمايمىز.

بۇلاردىن باشقا، لېكوكنىڭ «ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتىدىن ئومۇمىي بايان» (1919-يىلى) ھەمدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «خۇئاستۇئانىفت» (مانى دىنى مۇرتلىرىنىڭ تۆۋە دۇئانامىسى) قاتارلىق يازما يادىكارلىقلار ھەققىدىكى تەتقىقاتى بۆگۈنكىچە ئىلمىي قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق.

تۇرپاندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتىدا تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغان يەنە بىر ئالىم بېرلىن ئېتنوگرافىيە مۇزېيى شەرقىي ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى پروفېسسور مۇللېر (A. w. k. Mųeller) ئىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇ ئاتلانتىك ئوكياندىن تىنچ ئوكيانغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيەدىكى مىللەتلەرنىڭ تىل ۋە ئەدەبىياتىغا پىششىق ئىكەن. ئۇ تۇرپاندىن تېپىلغان نۇرغۇنلىغان قەدىمكى يېزىقلار ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن نەپىس، چىرايلىق مانى يېزىقىنىڭ ئېستىرانگلو(Estrangelo) يېزىقىدىن كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان ۋە يەنە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ سوغدى يېزىقىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى، موڭغۇل يېزىقىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى، مانجۇ يېزىقىنىڭ موڭغۇل يەنى ئەسلى ئۇيغۇر يېزىقىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا «ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى» (1908-1931-يىللىرى بېرلىندا نەشر قىلىنغان، 4-تومى ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن گابائىن خانىم تەرىپىدىن رەتلەپ نەشر قىلدۇرۇلغان) ناملىق تۆت توملۇق ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرغان. كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر تەرەپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزاقتىن بېرى تارقىلىپ كېلىۋاتقان «چىستانى ئىلىگبەگ داستانى» ئەمەلىيەتتە مۇللېر رەتلىگەن «ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى» دا ئېلان قىلىنغان. ئالىملار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان چوڭ ھەجىملىك ئەسەر «داساكارما پاتاۋا دانامالا» (Dasakarmapathavadanamala) نومىدىن كەلگەنلىكىنى ۋە خەنزۇ تىلىدىكى نۇسخىسىنىڭ چوڭ ھەجىملىك نوم «無明羅刹集» دا كۆرۈلۈدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. بۇ يەردە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر تەرەپ، مۇللېر يارامىلىق بىر سوغدى تىلى مۇتەخەسسىسى بولۇپ، ئۇ بۇ جەھەتتىمۇ كۆپلىگەن موھىم ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان.

گېرمانىيەلىك يەنە بىر مەشھۇر تۈركولوگ، پروفېسسور ۋىلىيام باڭ (Willi Bang) بولۇپ، ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا قەدىمكى ئىنگلىز تىللىرىنى تەتقىق قىلغان مۇتەخەسسىس، كېيىن قەدىمكى تۈرك تىلى يازما يادىكارلىق تەتقىقاتىغا كىرىشكەن. (ئېھتىمال 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا تۇرپاندىن تېپىلغان كۆپ مىقداردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك). ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى مۇتەخەسسىسى بولۇپلا قالماستىن تۈرك سېلىشتۇرما تىلشۇناسى ئىدى. ئۇنىڭ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەسىدىكى تۆھپىسى گابائىن خانىم بىلەن بىرلىشىپ نەشر قىلدۇرغان ئالتە توملۇق «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» (بۇ ئەسەر يەنە قەدىمكى تۈركچە تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى، تۈركىي تىلدا يېزىلغان تۇرپان تېكىستلىرى دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ) ناملىق ئەسىرى ۋە ئۇنىڭدىن سىرت بۇ ساھەگە ئائىت كۆپلىگەن موھىم ئىلمىي ماقالىلەردۇر.

20-ئەسىردە تۇرپانشۇناسلىق-ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدا تۆھپىسى ئەڭ زور بولغان ئالىمنىڭ بىرى گېرمانىيە ھامبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئاننا مارىيا فون گابائىن خانىم(Annemarie von Gabain) بولۇپ، 1901-يىلى 7-ئاينىڭ 4-كۈنى مورچىنگېن لوتىرگېن (Moerchinggen Lothringen) رايونىدا (ھازىر فرانسىيە تەۋەلىكىدىكى يەر) دا تۇغۇلغان. ياش ۋاقىتلىرىدا ئارمىيەگە قاتناشقان (ئۇنىڭ ئاتىسى گېرمانىيەدە گېنىرال ئىدى)، ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ ماينىز(Mainz)، بىراندىنبورگ (Brandeburg) قاتارلىق جايلاردا باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. دەسلەپ گېرمانىيە بېرلىن پەن-تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماتېماتىكا ۋە تەبىئىي پەندە ئوقۇغان. كېيىن 1923-يىلىدىن باشلاپ ئىجتىمائىي پەن ئۆگىنىشكە باشلاپ بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇپ پروفېسسور خەنىش (E. Haenisch) ۋە فرانكىلارنىڭ (O. Francke) يېتەكچىلىكىدە خەنزۇشۇناسلىقنى ئۆگەنگەن. 1925-يىلى ۋىلىيام باڭدىن (Willi Bang) تۈرك تىلشۇناسلىقىنى ئۆگەنگەن ھەمدە بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتقا كىرىشىپ گېرمانىيەنىڭ تۆت قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى قولغا كەلتۈرگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددىزم ۋە مانىزم ۋەسىقىلىرى ھەققىدە تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان. 1930-يىلى خەنزۇشۇناسلىق تېمىسىدىكى «خەن دەۋرىدىكى يېڭى سۆزلەر تەتقىقاتى» ناملىق ماقالىسى بىلەن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ

ياردەمچى تەتقىقاتچى سۈپىتىدە گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە خىزمەت قىلغان.

1928 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. 1924 ـ 1934 ـ يىللىرى ۋىلىيام باڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» (Tuerkche Turfan_Texte) ناملىق ئالتە توملۇق ئەسەرنى ئېلان قىلغان(7 ـ تومى ئاسترونومىيە ۋە كالىندارچىلىققا ئائىت بولۇپ، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى تاتار مىللىتىدىن بولغان رەشىت رەھمىتى ئارات تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان). بۇ ئالتە توملۇق ئەسەرنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: 1 ـ تومى پالنامە (خەنزۇ يېزىقىدىكى «نەسىرنامە» گە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا رەمنىڭ سەككىز سىمۋوللۇق بەلگىسىنىڭ رەسىمى بار، ئەمما بۇ تەرجىمە تېكىستى ياكى ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن نۇسخا ئەمەس، بۇ شۇ خىلدىكى نامسىز كىتابنىڭ تەرجىمىسىدەك قىلىدۇ)، 2 ـ تومى مانى دىنى يازما يادىكارلىقلىرى (ئۇيغۇر قاغانى بۆگۈ قاغاننىڭ مانى دىنىغا كىرىشى ھەققىدىكى خاتىرىنىڭ يىرتىق پارچىلىرى (كەمتۈك پارچىلىرى) بولۇپ، ناھايىتى موھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە)،3 ـ تومى مانى دىنى مەدھىيە ناخشىلىرى (يۈز كوبلىت ئەتراپىدىكى شېئىر بولۇپ، ناھايىتى موھىم قىممەتكە ئىگە)، 4 ـ تومى تۆۋە دۇئا سۆزلىرى(بۇ خىل ژانىر شىنجاڭدا ئەزەلدىن مەۋجۇت ياكى سىرتتىن كىرگەن دېگەن مەسىلىدە تېخى بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق، بۇ ھەقتە ۋېبېرنىڭ يېقىندا نەشر قىلىنغان «ھىندىستان ۋە ئۇيغۇرلاردىكى بۇددىزم تۆۋە ـ دۇئانامە تېكىستلىرى» (1999 ـ يىلى نەشر قىلىنغان) ناملىق ئەسەرگە قاراڭ) ، 5 ـ تومى بۇددىزم يادىكارلىقلىرىغا ئائىت ئىككى پارچە كەمتۈك نۇسخا (بىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى «بۇددا نومى كەمتۈك پارچىسى» ، 1980 ـ يىلى ياپونىيەلىك كۇدارا كوگى بۇنى «ساددىخارما پۇنداربكا سۇترا» (Saddharmapundarika sutra) نومى بىلەن ئوخشاش دەپ قارىغان، ياپونىيە «بۇددىزم تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1980 ـ يىللىق 36 ـ تومىغا قاراڭ)، يەنە بىر پارچىسى «ئېتىقادنىڭ ئون خىل ئىزاھاتى» ، 6 ـ تومى «سەككىز يۈكمەك بۇددا نومى» «sakiz yukmak yaruq bugulug arvis nom bitig» ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى ئاساس قىلغان .

بۇلاردىن باشقا يەنە «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنى شامال ئىلاھىغا ئائىت كەمتۈك نۇسخا» (1928 ـ يىلى)، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كەمتۈك نۇسخىلار تەتقىقاتى» (1930 ـ يىلى يېزىلغان) قاتارلىق ماقالىلەرنىمۇ ئېلان قىلغان.

گابائىن خانىم 1932 ـ 1933 ـ يىللىرى جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇپ بېيجىڭدا تۇرۇپ قالغان ۋاقىتتا ، ئۇ 1930 ـ يىلى پروفېسسور يۈەن خۇلى(گېئولوگ سۈپىتىدە جوڭگو ـ شۋېتسىيە غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن) نىڭ تۇرپاندىن ئېلىپ كېتىپ بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نى تەتقىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بۇ ئەسەرنىڭ فرانسىيەنىڭ گۇيمىت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر نۇسخىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. 1935 ـ يىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى«شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ «5 ـ جىلدى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. 1938 ـ يىلى «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى› دىكى ھۆججەتلەر» قاتارلىق تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا دېموكراتىك گېرمانىيەدە تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى جەھەتتە ناھايىتى ياخشى ئىلمىي خىزمەتلەر ئىشلەندى. بولۇپمۇ ئۇرۇشتىن بۇرۇن گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى يىللىق يىغىن دوكلاتىدا ئېلان قىلىنغان تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلار ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىنىپ «گېرمانىيە تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى تىلشۇناسلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى» نامىدا چوڭ تېپتىكى ئۈچ توملۇق ئەسەر نەشر قىلدۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن، ئوقۇرمەنلەرگە ناھايىتى قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىلگەن( ئېسىمدە قېلىشىچە، 50 ـ 60 ـ يىللاردا مۇشۇ تۈردىكى ماقالىلەرنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن بېيجىڭنىڭ ھەر قايسى يېرىدىكى داڭلىق كۇتۇپخانىلارنىڭ ھەممىسىگە چېپىشقا توغرا كېلەتتى، تارتقان جاپاغا تۇشلۇق ماقالىلەرنى تولۇقى بىلەن تاپقىلى بولمايتتى) .

يۇقىرىدا ئېيتىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار تەتقىقاتى ئۇنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا يېزىپ چىققان دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان موھىم ئەسىرى «قەدىمكى تۈرك تىلى گىراماتىكىسى» نى يېزىپ چىقىلىشىغا زور ئاساس سالغان. بۇ ئەسەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى ساھەسىدىكى تۇنجى ئەسەر

بولۇپ، ماتېرىيال مەنبەسى مول، كۆز-قاراشلىرى توغرا بولۇپ، دۇنيا تۈركلوگىيە تەتقىقاتى ساھەسىدە ۋەكىللىك ئەسەرگە ئايلانغان. 1-نەشرى 1941-يىلى، 2-نەشرى 1950-يىلى، ئۈچىنچى قېتىم ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىسى 1974-يىلى نەشر قىلىنغان. بۇ كىتابمۇ ئۇنى 1939-يىلى پروفېسسورلۇق سالاھىيىتىگە ئىگە قىلدۇرغان ئەسىرى «گېرمانىيەدە مەۋجۇت بولغان ئالاھىدە بىر خىل دىنىي تۈزۈم» گە ئوخشاشلا موھىمدۇر. 50-يىللاردا مەن تەرجىمە قىلغان بۇ كىتاب ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى خۇ گې جىلېنىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن ‹ ‹ئالتايشۇناسلىق مەجمۇئەسى› › ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلۈپ 2004-يىلى ئىچكى موڭغۇل مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

«تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» نىڭ 8-9-10 توملىرى 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئېلان قىلىنغان. 8-تومى (1954-يىلى ئېلان قىلىنغان) بەزىلىرى براھمى يېزىقىدا (ھىندىستاننىڭ قەدىمكى يېزىقى) يېزىلغان 15پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددىزم يادىكارلىقلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات، يەنە بەزىلىرى سانسكرىت-ئۇيغۇر تىلىدىكى سېلىشتۇرما تەرجىمە، يەنە بەزىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان يادىكارلىقلار ھەققىدىكى تەتقىقات ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان. بۇ يادىكارلىقلار ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. 9-تومى (1958-يىلى ) مانى يېزىقى بىلەن يېزىلغان كۈسەن تىلى (قەدىمكى كۇچا تىلى ، توخرى تىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى سېلىشتۇرمىسىدىكى مانى دىنى مەدھىيە ناخشىلىرى بولۇپ، ئىلىم ساھەسىدە ناھايىتى موھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. 10-تومى ئاتاۋاكا (Atavaka) ھېكايىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات بولۇپ، بۇ ھېكايەنىڭ تىلى جانلىق، يېقىشلىق بولۇپ كىشىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ.

موللېر ۋاپات بولغاندىن كېيىن 1931-يىلى گاباﺋىن خانىم موللېرنىڭ «ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 4-تومىنى رەتلەپ نەشر قىلدۇرغان. بۇ كىتابتا تۆت پارچە ھېكايىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ساقلانغان، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچىسى «چىستانى ئىلىگبەگ». داستانى، ئۇنىڭ تىلى چۈشىنىشلىك، جانلىق، بۇنىڭغا قاراپ بۇ ئەسەرنى بىر تەرجىمە ئەسەر دېگۈسى كەلمەيدۇ.

ئۇ 1935-1937 يىللىرى يېڭىدىن قۇرۇلغان ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1939-1945يىللىرى بېرلىن ئۇنىۋېرسىتىتىدا تۈركلوگىيە ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1946-1949يىللىرى ئۇ ئاۋستىرىيە-گېرمانىيە چېگرىسىدىكى بەد رىچېنخال(Bad Reichenhall) دېگەن يەردىكى بىر مۇزېيدا ئۇرۇش مەزگىلىدە گېرمانىيەدىن بۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت» ناملىق ئەسەر ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. بۇ ئۇنىڭ كېيىن (1957-1961-يىللىرى) «مايترى سىمىت» (Maitrisimit) ھەققىدىكى ئىككى توملۇق موھىم ئەسىرىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ۋە تەتقىقات دوكلاتىغا موھىم ئاساسلارنى سېلىپ بەرگەن. ئۇ 1949-يىلىدىن تا پىنسىيىگە چىققىچە (1966-يىلى پىنسىيىگە چىققان) ھامبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۈركلوگىيە ۋە بۇددىزم ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان.

2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، 1947-يىلى شەرقىي گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى يېڭىدىن قۇرۇلغان. ئۇ پروفېسسور ھارتماننىڭ (R.Hartmann) تەكلىپىگە بىنائەن «قەدىمكى تۈرك تىلى يازما يادىكارلىقلىرى» (Alttuerkisches Schrifttum) دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىگەن (بۇ لېكسىيە 1950-يىلى بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ يىللىق يىغىن دوكلاتىنىڭ تارىخ، پەلسەپە قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن). 50 -يىللارنىڭ ئاخىرى 60-يىللارنىڭ بېشىدا ئۇ «قەدىمكى تۈرك-ئۇيغۇر تىلى» (1959-يىلى «تۈرك تىل-ئەدەبىيات ئاساسلىرى» ناملىق ژۇرنالنىڭ 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان، بۇ ژۇرنال تۆۋەندە «ئاساس» دەپ قىسقارتىپ ئېلىندى) ، «قەدىمكى تۈرك-ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» («ئاساس» ژۇرنىلىنىڭ 1964-يىللىق 2-سانىدا ئېلان قىلىنغان)، «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىتاب مەدەنىيىتى ۋە مەتبەئە تېخنىكىسى» («ئاساس» ژۇرنىلىنىڭ 1964-يىللىق 3-سانىدا ئېلان قىلىنغان)، «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى تۈرك-ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (1964-يىلى گوللاندىيەدە چىقىدىغان «شەرقشۇناسلىق قوللانمىسى» )ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان) قاتارلىق موھىم ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان.

20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىن كېيىن گاباﺋىن خانىمنىڭ تەتقىقاتى ئاساسلىقى قەدىمكى

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، دىنى ۋە سەنئىتى تەتقىقاتى ساھەسىگە بۇرالغان ۋە بۇ ساھەدىمۇ زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن. 1940-يىللارنىڭ ئاخىرى 50-يىللارنىڭ بېشىدا ئۇ «قەدىمكى تۈركلەر ھاياتىدا شەھەرنىڭ رولى»(1949-يىلى «ئىسلام دەۋرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان)، «ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تارىخى» (1952-يىلى « شەرقىي ئاسىيا تەبىئەت ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خەۋەرلىرى» دە ئېلان قىلىنغان)، «تۈرك-ئۇيغۇرلاردا بۇددىزم» (1954-يىلى «ئاسىيا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ۋە پروفېسسور مۇللېرنى خاتىرىلەش ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن)، «ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇددا دىنى» (1961-يىلى ‹ ‹شەرقشۇناسلىق قوللانمىسى› › دا ئېلان قىلىنغان)، «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى» (1961-يىلى ماينىز پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشر قىلغان، مەن ئۇنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1980-يىللىق 2-سانىدا ئېلان قىلدۇرغان ئىدىم)، «تۇرپاندىن تېپىلغان بويۇملاردىكى مەتبەئە تېخنىكىسى»(1967-يىلى گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ يىللىق يىغىن دوكلاتىنىڭ ئىجتىمائىي پەن قىسمىدا ئېلان قىلىنغان)، «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا تۇرمۇش»( 2-قىسىم، 1973-يىلى نەشر قىلىنغان، بۇ كىتاب زۇرۇشەن تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان، بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا مېنىڭ گابائىن خانىمنىڭ ھاياتىنى تونۇشتۇرۇپ يازغان قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ماقالەم كىرگۈزۈلگەن)، (نۆۋەتتە ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق قاتارلىقلارنىڭ تەرجىمە قىلىشى بىلەن «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ)، «ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان» (1979-يىلى يېزىلغان) دېگەندەك موھىم ئەسەرلىرى بار. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتىدا ئۇنىڭ 1987-يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر رەسساملىقىدىكى شەكىل تىلى» ناملىق كىتابىنى ئۇ 1982-يىلى جۇڭگودا زىيارەتتە بولغاندا بەرگەن دوكلاتى ئاساسىدا يازغان. بۇلاردىن باشقا ئۇنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا نومىدىكى ياغاچ ئويما قىستۇرما رەسىملەر تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىمۇ بار.

گېرمانىيە تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ دۇنيا ئىلىم ساھەسىگە قوشقان يەنە بىر موھىم تۆھپىسى توخرى تىلىنى يېشىپ ئوقۇش ۋە بۇ ھەققىدىكى تەتقىقاتىدۇر.

توخرىلار مەسىلىسى شىنجاڭ قەدىمكى زامان تارىخى ۋە تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەسىدە ئەڭ قىزىقارلىق شۇنداقلا ھەل قىلىش تەس بولغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ مەسىلىنىڭ بايقىلىشى ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىكى تۆھپىلەر گېرمانىيە ئالىملىرىغا مەنسۇپتۇر. تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان ھەر خىل يېزىقتىكى يازما مەنبەلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھىندىشۇناسلار ناھايىتى پىششىق بولغان بىراھمى يېزىقى بىلەن يېزىلغان (ئاز بىر قىسمى كاروشتى يېزىقى بىلەن يېزىلغان)، شۇڭا بۇ يېزىقلارنى ئوقۇپ يېشىش جەھەتتە قىيىنچىلىقلار يوق. سانسكرىت تىلىدىن باشقا ، ئالىملار ئىلگىرى كىشىلەرگە نامەلۇم بولغان ئىككى خىل تىلنى پەرقلەندۇرۇپ چىقىپ ئۇلارنى ۋاقتىنچە توخرى تىلى I ۋە توخرى تىلى II دەپ ئاتاپ تۇردى. نامەلۇم تىل II ھەققىدە دۇنيانىڭ ھەر قايسى يەرلىرىدىكى ئالىملار ئۇزۇن ئۆتمەي ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ، بۇ تىلنى ساك تىلى دەپ ئاتىدى ( بۇ تىل ھىندى -ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ شەرقىي ئىران تىلى تارمىقىغا تەۋە)، بۇ تىلدىكى يازما يادىكارلىقلار ئاساسلىقى خوتەندىن تېپىلغاچقا ئۇنىڭ ئالدىغا ‹ ‹خوتەن› › ئېنىقلىغۇچىسىنى قوشۇپ «خوتەن ساك تىلى» دەپ ئاتىدى ۋە ئۇنى باشقا تىللاردىن پەرقلەندۇردى.

نامەلۇم تىل I گە نام بېرىش مەسىلىسىدە دۇنيانىڭ ھەر قايسى يەرلىرىدىكى ئالىملار بىر ئەسىردىن كۆپرەك تالاش-تارتىش قىلدى، بۇ مەسىلە تا ھازىرغىچە ھەل بولمىدى. نۆۋەتتە كۆپلىگەن ئالىملار بۇ تىلنى توخرى تىلى ياكى بۇنى قوش پەش ئىچىگە ئېلىپ «توخرى تىلى» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنىدى. بۇ تىل A ۋە B دەپ ئىككى دىئالېكتقا بۆلىنىدۇ (ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى خىل تىل ئوتتۇرىسىدا پەرق ناھايىتى چوڭ بولىسىمۇ، ئەمما تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە مۇستەقىل ئىككى خىل تىل دەپ قارىلىۋاتىدۇ) مەن ئۇزۇندىن بىرى بۇنى ئاگنى-غۇز تىلى(ياكى توخرى تىلى A) ۋە قەدىمكى كۇسەن غۇز تىلى(توخرى تىلى B) دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدىم. تۆۋەندە توخرى تىلىغا نام بېرىش مەسىلىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

ئالىملار دەسلەپ بۇ تىلنىڭ ھىندى-ياۋروپا تىلى ئىكەنلىكىنى بىلگەن. ئەمما، بۇ تىل شەرقىي ئىران تىللىرىغا ۋە سىلاۋىيان تىللىرىغا ئوخشىمايتتى، بەلكى غەربنىڭ ھىندى -ياۋروپا

تىللىرىدىن بولغان گېرمان ـ ئىتالىيە تىللىرىغا ئوخشاش بۇ خىل تىل سىستېمىسىنىڭ كۇنتۇم (kentum) ① تىل گورۇپپىسىغا تەۋە ئىدى. گېرمانىيە 4 ـ قېتىملىق تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى دۆلىتىگە قايتىپ ئىككىنچى يىلىلا (يەنى 1907 ـ يىلى) گرۇنۋېدېل بۇ خىل تىلغا نام بېرىش مەسىلىسىنى مەزمۇن قىلغان «شىنجاڭدىكى نامەلۇم تىلغا نام بېرىشنىڭ تۆھپىسى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «مايتىرى سىمىت» ناملىق كىتابقا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ②، ئۇنىڭ ئىچىدىكى toxri دېيىلگەن تىلنىڭ جۇڭگو ۋە غەرب تارىخى ماتېرىياللىرىدا ئۇچرايدىغان توخرى تىلى (tokhar) ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ناھايىتى ئېنىقكى، گرۇنۋېدېل بۇ ئىككى خىل تىلنىڭ فونېتىكا جەھەتتىكى يېقىنلىقىغا قاراپ مۇشۇنداق نام بەرگەن. كېيىنكى يىلى (1908 ـ يىلى) گېرمانىيەلىك سانسكرىتشۇناس ئې. سېيگ (E. Sieg) ۋە ۋ. سېيگلىن (W. Siegling) (كېيىن مەخسۇس توخرى تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان) «توخرى تىلىنىڭ ھىندى ـ سىكتاي تىلى ئىكەنلىكى ھەققىدە ـ نامەلۇم ھىندى ـ ياۋروپا تىلىغا دەسلەپكى ئىزاھات» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. بۇ يەردە ئىككى ئالىمنىڭ توخرى تىلىنى بىر خىل ھىندى ـ سىكتاي تىلى دەپ ئاتىشى ئېنىقكى خاتا. بىزگە مەلۇمكى، قەدىمكى يۇنانلىقلار سىكتاي (Skythen) دېگەن خەلق مەملىكىتىمىز ۋە قەدىمكى پارسلار ساكا (Saka) دەپ ئاتايدىغان خەلقنىڭ ئۆزىدۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ توخرى تىلى تەتقىقاتى جەھەتتىكى تۆھپىسى گەۋدىلىكتۇر. ئۇلار بۇ تىلنىڭ غەربىي ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بېكىتىشتىن باشقا، ئۇلارنىڭ تىل پەرقى ناھايىتى چوڭ بولغان دىئالېكتلار ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈپ چىقىپ ئۇلارنى دىئالېكت A ۋە دىئالېكت B دەپ ئاتىغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدىلا ئەينى ۋاقىتتا چاچ ـ ساقاللىرى ئاقىرىپ كەتكەن ھىندى ـ ياۋروپا سېلىشتۇرما تىلشۇناسى شۇلزىنىڭ (W. Schulze) ياردىمىدە ئې. سېيگ ۋە ۋ. سېيگلىنلار «توخرى تىلىنىڭ گىراماتىكىسى» (Tocharische Grammatik, 1931) ناملىق كىتابىنىڭ 1 ـ قىسمىنى نەشر قىلدۇرغان.

1913 ـ يىلى فرانسىيە ئالىمى س. لېۋي (S. Levi) «ئاسىيا» ئىلمىي ژۇرنىلىدا «توخرى تىلى B نىڭ كۇسەن تىلى ئىكەنلىكى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق مەشھۇر ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. ئۇ تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، كىشىنى قايىل قىلارلىق ئاساستا ئاتالمىش توخرى تىلى B نىڭ قەدىمكى كۇسەنلىكلەرنىڭ يەرلىك تىلى ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ چىققان.③ توخرى تىلىنىڭ نامى مەسىلىسىدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان يەنە بىر پارچە ماقالە ئەنگلىيەدە ۋاپات بولغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ۋە شەرقشۇناسى ۋ. س. ۋورىبىۋ دىياتىۋوسكىي توخرى تىلى B دىئالېكتى ۋە سانسكرىت تىلى سېلىشتۇرمىسىنىڭ كەمتۈك ئەھۋالىغا ئاساسەن «ئوتتۇرا ئاسىيا يېزىق پارچىلىرى» (شەرقشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە ماقالىلىرى توپلىمىنىڭ 1958 ـ يىللىق 16 ـ توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن) ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. ئۇ بۇ كەمتۈك نۇسخىلاردىكى سانسكرىت تىلىدىكى سۆز tokharika نى توخرى تىلى دىئالېكتى B دەپ تەرجىمە قىلغاندا، سۈپەت سۆزى kucanne (كۇچانىڭ قەدىمكى نامى) قوشۇپ ئىشلەتكەن. لېۋي كۇسەن (kucanne) سۆزىنى توخرى تىلى دىئالېكتلىرىنىڭ ئۆزىنى ئاتىشى دەپ يەكۈن چىقارغان. بۇ نوقتا ئۇزۇن ئۆتمەي، توخرى تىلى دىئالېكتى B ۋە قەدىمكى تۈرك تىلى سېلىشتۇرمىلىقىدىكى مانى دىنى مەدھىيە نامىلىرىدا، قەدىمكى تۈركچە سۆز kusan (يۈەن دەۋرىدىكى يازمىلاردا (曲先) دەپ ئېلىنغان) توخرى تىلى دىئالېكتى B ئارقىلىق ئىسپاتلانغان (گاباتىن خانىمنىڭ «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 4 ـ تومىغا قاراڭ، 1956)، شۇنداق قىلىپ، توخرى تىلى B دىئالېكتىدا سۆزلىشىدىغانلار ئۆزىنىڭ تىلىنى كۇچا تىلى دەپ ئاتىغان (ئۇيغۇر تەرجىمانلىرىمۇ مۇشۇ خىل نام بىلەن ئاتىغان). كېيىن سېيگ، سېيگلىنلار گەرچە توخرى تىلى B نىڭ كۇچا تىلى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ، ئەمما، A تىلىنىڭ توخرى تىلى دېگەن نامدا ئاتاشتا چىڭ تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە A تىلىنىڭ بىر خىل دىنىي تىل سۈپىتىدە تارىختا توخارىستاندىن (بۈگۈنكى تاجىكىستاننىڭ جەنۇبى ۋە ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ) قارا شەھەر، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا كەلگەن دەپ ئوتتۇرىغا قويغان④.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن قاراشەھەر، قوچو ئەتراپىدا ئىشلىتىلگەن بۇ خىل ھىندى ـ ياۋروپا تىلىنى توخرى تىلى دەپ ئاتايدۇ. بۇ ھازىرغىچە كىشى قانائەتلەنگۈدەك جاۋابقا ئىگە بولالمىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئەمەلىيەتتىمۇ،

«توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى» قاتارلىق سوغدى تىلى يازما يادىكارلىقلىرىدىمۇ ئاگنى(قاراشەھەر) ئەتراپى ( tort toxri) (تۆت توخرى) دەپ خاتىرىلەنگەن.

بەزى ئالىملار توخرى تىلىنى ياۋچىلار تىلى بىلەن ئوخشاش دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەنگلىيە كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسور بەيلى(H. Bailey) ئىران تىلى نوقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ، Tokhar سۆزىدىكى to ‹‹چوڭ›› دېگەن مەنىدە، khar نى «ياۋچى» دېگەن مەنىدە دەپ يېشىپ مەملىكىتىمىزدىكى جەنزۇشۇناس ئالىملارنىڭ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا بولغان ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىزگە مەلۇمكى، تارىختىكى ئۇلۇغ ياۋچىلار، توخرىلار ۋە توخارىستان ئۆز-ئارا مۇناسىۋەتلىكتۇر. خەنزۇ يېزىقىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلۇغ ياۋچىلار ئەڭ دەسلەپ گەنسۇ، چىلانتاغ ۋە دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىدا ياشىغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىردە ئۇلۇغ ياۋچىلار ھۇنلار تەرىپىدىن قوغلىنىپ غەربكە كۆچۈپ توخارىستانغا بارغان. ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى تارىختىكى مەشھۇر كۇشان ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇپ چىققان. ئەمما، ئۇلار خەنزۇ يېزىقىدىكى كىتابنامىلەردە ئۇلۇغ ياۋچىلار دېگەن نامدا ئاتىلىشقا ئادەتلىنىپ كېتىلگەن.

مەملىكىتىمىزنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى شۋەنزاڭ ‹‹ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى›› ناملىق ئەسىرىدە ئىككى يەردە توخرى دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن. بىرى، توخرى دۆلىتى(覩火羅) (بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى توخارىستان دۆلىتى)، يەنە بىرى، توخرى بەگلىكى (覩貨邏故國) (بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى گۇما ناھىيەسىنىڭ شىمالىدا، تارىختىكى ئەندىرە بەگلىكىگە توغرا كېلىدۇ)، مەن پروفېسسور بەيلىنىڭ ئۇلۇغ ياۋچىلار تەڭ توخارلار دېگەن نەزەرىيەسىگە بەك قايىلمەن. بۇ نەزەرىيەگە ئاساسلىنىپ، تارىختا ھەل بولمىغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.خېلى ئۇزاق يىللار ئىلگىرى مەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شەرقشۇناسلىق مەسىلىلىرى» (1958-يىللىق سانى، قايسى سانى ئىكەنلىكى ئېسىمدە يوق) ژۇرنىلىدا ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەققىدە بىر پارچە ماقالە ئوقۇغان ئىدىم. بۇ ماقالىدە، ئىككى مىڭ يىللار ئىلگىرى دۇنخۇاڭدىن غەربىي يۇرتنىڭ جەنۇب-شىمالىغىچە بولغان جايلارنىڭ ئېكولوگىيەلىك موھىتىنىڭ ھازىرقىدىن كۆپ ياخشى ئىكەنلىكىنى، نۇرغۇنلىغان ئاما چارۋىلىرى بىلەن ئەركىن-ئازادە كۆچۈپ يۈرىدىغانلىقىنى دەلىللىگەن (مېنىڭ بىلىشىمچە، ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ، 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا كۆپلىگەن قازاقلار چارۋىلىرىنى ئېلىپ، قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى بارىكۆلدىن جەنۇبقا كۆچۈپ دۇنخۇاڭ ۋە گەنسۇنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقساي ئاپتونوم ناھىيەسىگە كەلگەن)، ئالدىنقىلار دىققەت قىلمىغان يەنە بىر نوقتا، گەنسۇنىڭ kuzan دىن، شىنجاڭدىكى تۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى بولغان غۇز، قوش kushi، kusan، kucha، kuci تېخىمۇ يىراقتىكى پەرغانىنىڭ قەدىمكى پايتەختى kusan ، يەنە تېخىمۇ ئۆتۈپ kushan قاتارلىقلارنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، يۇقىرىقى يەر ناملىرىنىڭ تەلەپپۇز جەھەتتىكى يېقىنلىقى تاساددىبىيلىق ئەمەس، بۇ ياۋچىلارنىڭ قەدىمكى نامى بولغان kushi، kusi، kuti قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ قانداق؟ ئىلگىرى مەن گېرمانىيەنىڭ گوتتىنگىن ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركولوگىيە ۋە ئالتايشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدىكى (ھازىر تۈركولوگىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق تەتقىقاتى ئورنى دەپ ئۆزگەرتىلدى) داڭلىق ئالىم، ئىرانشۇناس ب. خېنىنىڭ (B. Henning)بىر پارچە (پىكىر ئېلىش شەكلىدە يېزىلغان ئىلمىي ماقالە) ماقالىسىنىڭ كومپيۇتېردا ئۇرۇلغان نۇسخىسىنى كۆرۈپ قالدىم. ماقالىدە قەدىمكى كىچىك ئاسىيا ۋە ئىككى دەريا ۋادىسىدىكى يازما يادىكارلىقلارغا ئاساسەن، مىلادىيىدىن 3000-4000 مىڭ يىللار ئىلگىرى قەدىمكى ھىندى-ياۋروپا تىللىق kuti ۋە tukri لار نىڭ (ئۇلار دائىم بىللە ھەرىكەت قىلغان) يىراق كىچىك ئاسىيا رايونىدىن شەرققە كۆچۈپ شىنجاڭ ۋە گەنسۇ ئەتراپلىرىغا كەلگەنلىكى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان. خېنىنىڭ بۇ يەردىكى «kuti» لارنىڭ ئۇلۇغ ياۋچىلار ئىكەنلىكىنى، «Tukri» لارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدىغان «توخرىلار»(Toxri, Tuxri) دەپ قارىغان.

بىر قىسىم ئالىملار يەنە قەدىمكى كىروران ئەتراپىدىن كاروشتى يېزىقى، دىنىدىن خالىي سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان نەچچە مىڭ پارچە ياغاچ ياكى بامبۇك تارشاغا يېزىلغان خەت-چەكلەر ئىچىدە يۈزگە يېقىن كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولمىغان سۆزلەرنى ئۈچىنچى خىل توخرى تىلى(توخرى تىلىC) دەپ قاراشنى ھەم بۇ تىلنى كىروران بەگلىكىنىڭ يەرلىك تىلى دەپ ئاتاش

تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ. يېقىندا شۋىتسىيە ئالىمى س. بانۇمىر (C. Banumer) نېمىس تىلىدا نەشر قىلىنغان يېڭى كىتابى «يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكى - تەكلىماكان قۇملۇقىغا كۆمۈلگەن قەدىمكى مەدەنىيەت» (2002-يىلى، ماينىز نەشرى) ناملىق كىتابىنى ئوقۇپ چىقتىم، ئۇمۇ قەدىمكى كىرورانلىكلەر سۆزلەشكەن تىلنى ئۈچىنچى خىل توخرى تىلى (توخرى تىلى C) دېيىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى قاراشنى قوبۇل قىلغان ۋە ياۋچىلارنى توخرىلارنىڭ بىر تارمىقى دەپ قارىغان، ئۇنىڭ ئەكسىچە، مەن توخرىلار ياۋچىلارنىڭ بىر تارمىقى دەپ قارايمەن. ⑤ گېرمانىيەنىڭ شىنجاڭدىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار ساھەسىدە تۆھپىسى ئەڭ چوڭ. ئۇنىڭدىن باشقا، قەدىمكى غەربىي رايوندىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىدا بىر خىل ئەبجەش سانسكرىت يېزىقىنىڭ ئىشلىتىلىشى دۇنيادا ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. بۇ يازما يادىكارلىقلار پەقەت ۋە پەقەت تارىم ئويمانلىقىدىن تېپىلغان. ئەينى ۋاقىتتا گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى كاتىبات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خ. لۈدېرس (H. Lueders) ۋە ئۇنىڭ خانىمىنىڭ (ئۇمۇ سانسكرىت تىلى مۇتەخەسسىسى) بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتى دۇنيا ھىندىشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەر بولۇپ قالغان. ھىندىستان تۇپرىقىدا يوقىلىپ كەتكەن ئەسەرلەر تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان يادىكارلىقلار ئارقىلىق نامايەن بولۇۋاتىدۇ. لۈدېرس تەشەببۇسچىلىقىدا قۇرۇلغان «شىنجاڭدىن تېپىلغان سانسكرىتچە يازما يادىكارلىقلار لۇغىتى» تەھرىر بۆلۈمى تا ھازىرغىچە گېرمانىيە ئۇنىۋېرسىتېتى شەھىرى گوتتىنگېنىدا نەتىجىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كەلمەكتە. گېرمانىيە ئالىملىرى ھىندىشۇناسلىقنىڭ موھىم تەركىبىي قىسمى بولغان شىنجاڭدىن تېپىلغان كاروشتى يېزىقى، قەندەھار تىلى(قەدىمكى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال دىئالېكتى) تەتقىقاتىدىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

شىنجاڭدىن تېپىلغان خەنزۇ يېزىقى، تىبەت يېزىقى، ئېفتالىت يېزىقى، سۇرىيە يېزىقى تەتقىقاتى ساھەسىدە پېشقەدەم ئالىم، خەنزۇشۇناس ئو. فرانكې (O. Francke) تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىغا ئەڭ دەسلەپ كىرىشكەن. يەنە بىرى ئا. فرانىك (A. Francke) تىبەت يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار جەھەتتە، ئو. خەنسىن (O. Hansen) ئاتالمىش يەتتە پارچە ئېفتالىت يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى (يېقىنقى يىللاردا ئالىملار بۇنىڭ كۇشان تىلىدىكى يازما يادىكارلىق بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراپ كېلىۋاتىدۇ) پروفېسسور رۇكېر (A. Ruecker) سۇرىيە يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئىنجىل ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا.

ئەڭ ئاخىرىدا گېرمانىيەلىك خىمىيە ئالىمى ئو. رىچتېرنىڭ (O. Richter)تۇرپاندىن تېپىلغان قەغەزلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، بۇ قەغەز ماتېرىياللىرى ئىچكىرىنىڭكىگە ئوخشاش ئۈجمىنىڭ قوۋزاقلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز يېرىنىڭ يەرلىك ماتېرىياللىرىنى خام ئەشيا قىلغان. بەزىدە قەغەز بوتقىسىنى كاتەكچىگە قۇيۇلدۇرغاندا ئۈستىدە قېپقالغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماق ئىزلىرىنىمۇ ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدىكەن، شۇنداقلا يەنە قەغەز ئۈستىگە بىر قەۋەت قاشتاشقا ئوخشاش يورۇقلۇق تارقىتىدىغان ماددا سۈركەلگەن ئىكەن.

(گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى مەركىزىنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى تەتقىقات ئەھۋالى بىلەن تونۇشماقچى بولسىڭىز «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىللىق 2-سانىدا ئېلان قىلىنغان «گېرمانىيە بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات مەركىزىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» ناملىق ماقالىنى كۆرگەيسىز(بۇ ماقالىنى «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق ئەپەندى تەرجىمە قىلىپ ئۇشبۇ ژۇرنالنىڭ 2004-يىللىق 2-سانىدا ئېلان قىلغان-تەرجىماندىن)

## ئىزاھات:

* بۇ ماقالە «مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن. ماقالىنى يېزىش جەريانىدا گابائىن خانىمنىڭ «گېرمانىيەدىكى بىرىنچى ئەۋلاد تۇرپانشۇناسلار» ناملىق

ماقالىسىدىن پايدىلاندىم.

① ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى s ۋە k ھەرپلىرىنىڭ سۆز ئىچىدىكى ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن kkentum, satem تىللىرى گۇرۇپپىسى دەپ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلىنىدۇ. ئالدىنقىسىغا غەربى ياۋرۇپا تىللىرى، كېيىنكىسىگە ھىندى، رۇس تىللىرى كىرىدۇ.

②ئارياچانتىرى بۇنى قەدىمكى ھىندى تىلىدىن toxri تىلىغا، سىڭقۇ سەلى بۇنى toxri تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

③ بۇ ماقالا فېلىڭ چېگجۇنىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە ماقالىسىدە كۆرۈلىدۇ (بۇ ماقالە 1958 ـ يىلى 〈توخرى تىلى ھەققىدە تەتقىقات〉 ناملىق ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن). بۇ خىلدىكى ماتېرىياللاردا كۆرۈلىدىغان خاننىڭ نامى Suwartep 〈〈تاگنامە〉〉 دە تىلغا ئېلىنغان 蘇發疊 غا توغرا كېلىدۇ.

④ سېئىگىنىڭ 〈〈 يەنە توخرى تىلى ھەققىدە تەتقىقات〉〉 ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ، 1937 ـ يىلى، 130،139 بەتلەر.

⑤ يېقىنقى يىللادا خەلقئارادا توخرى تىلى مەسىلىلىرى ھەققىدە يەنە بىر قېتىملىق قىزغىن بەس ـ مۇنازىرە كۆتۈرۈلدى، بۇ جەھەتتىكى مەخسۇس ئەسەرلەردىن مېي ۋېيخەننىڭ 〈〈 تارىم قەدىمكى مومىيالىرى ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى〉〉 (1995 ـ يىلى)، 〈〈شىنجاڭنىڭ مىس قوراللار ۋە دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىدىكى ئاھالىلەر〉〉 (1998 ـ يىلى). 〈〈تارىم مومىيالىرى— قەدىمكى جوڭگو ۋە غەربتىن كەلگەن ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىلەرنىڭ سىرى〉〉 (2000 ـ يىلى) ۋە ۋاڭ بىڭخۇا تۈزگەن 〈〈شىنجاڭ قەدىمكى مومىيالىرى〉〉 (2001 ـ يىلى) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

بۇ ماقالە پروفېسسورى گېڭ شىمىننىڭ مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2007 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر ۋە قازاق تىل ـ ئەدەبىياتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» ناملىق ئەسىرىدىن تەرجىمە قىلىندى.

قوشۇمچە:

ئەسلى ئاپتورى: گېڭ شىمىن (مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، جوڭگو تۈركلوگىيە ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەسى بويىچە نوپۇزلۇق ئالىم)

(تەرجىمان: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى 2009 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

ئاننا مارىيە ۋون گاباين [گېرمانىيە]

# قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى[1]

تەرجىمان: يولۋاس راشىدىن، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

## -سوغدىلار

ئوتتۇرا ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىن باشقا بىر مىللەت مەدەنىيەت جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي قوۋملار ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، مانا بۇ سوغدىلاردۇر. قەدىمكى سۇغدىيانا سەمەرقەندنىڭ 60 كىلومېتىر شەرقىدىكى پەنجىكەنت، سەمەرقەندنىڭ شىمالىدىكى ئافراسىياپ، بۇخارانىڭ غەربىي، زەرەپشاننىڭ قارشى قىرغىقىدىكى ۋاراخشا قاتارلىق يەرلەر سۇغدىلارنىڭ ماكانى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم، بۇ رايونلارنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئارقىلىق بىز سۇغدىلارنىڭ 7-8-ئەسىرلەردىكى قىياپىتى، كىيىم-كېچىكى ۋە قورال-ياراغلىرىدىن خەۋەردار بولدۇق. بۇ ھۈنەر-سەنئەتكە ماھىر، پائالىيەتچان بىر مىللەت. يىراق شەرقتىكى دۇخاننىڭ غەربىي، سەددىچىدىننىڭ ئەڭ غەربىي ئۇچىدىكى قورول ئىچىدىن ئۇلارنىڭ تىل-يېزىقى تېپىلدى. بۇ يېزىق مىلادىيە 4-ئەسىرگە تەۋە دەپ مۆلچەرلەندى. كىشىلەر لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىدىمۇ سۇغدىلار ماكان تۇتقان يەر بار دەپ قىياس قىلىشىدۇ. ئاتەشپەرەسلىك دىنى سۇغدىيانادا قايتا جانلانغان چاغدا ئۇ يەردىكى مانى دىنى، نېستورىيان دىنى ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سۇغدىلار تەس كۈنگە قالدى. بۇ ئېھتىمال مىلادىيەدىن كېيىنكى مىڭ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كۇچاردىن قۇمۇلغىچە، موڭغۇلىيە يايلاقلىرىدىن جۇڭگونىڭ چاڭئەن ۋە لوياڭ شەھەرلىرىگىچە سۇغدىلارنىڭ بارغانسېرى كۆپلەپ بارغانلىقىنىڭ سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. تۈركلەر ئۇ يەرلەردىن «سۇغدىچە» ۋە «ئۇيغۇرچە» يېزىقلارنى تاپتى. كۆك تۈركلەرنىڭ رونىك يېزىقىنىمۇ شۇلار تونۇشتۇرغان بىر خىل غەرب يېزىقى بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇر بۇددىزمىدىكى ئاساسىي ئاتالغۇلار سانسكرىتچە ئەمەس، بەلكى سۇغدىچە، تۇرپاندىن تېپىلغان ئەڭ قەدىمكى تۈركچە ھۆججەتلەرگە ئوتتۇرا سۇغدىچە تىل ئارىلاشقان. سۇغدىلار يايلاقتىكى يېرىم چارۋىچى مىللەتلەرگە بولۇپمۇ تۈركلەرگە تۇنجى تۈركۈمدىكى شەھەرلەرنى قۇرۇپ بەرگەن. بىراق، سۇغدىلار تارىم ۋادىسىدا ئۆز دۆلىتىنى قۇرماي، ئاساسەن سۇغدىيانا بىلەن جۇڭگو ئارىلىقىدا سودا-سېتىق ۋە دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى مۇھىم مەدەنىيەت تارقاتقۇچى بولۇپ قالغان. شىنجاڭ ۋە گەنسۇدىن تېپىلغان سۇغدىچە بۇددا دىنى، نېستورى دىنى، مانى دىنى ۋە ئۆرپ-ئادەتكە ئائىت ۋەسىقىلەر بولۇپ، بۇددا دىنىغا دائىر نۇرغۇنلىغان سۇغدىچە ھۆججەتلەر بىۋاسىتە خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بىراق، بۇلار ئەڭ بالدۇرقى سۇغدىچە بۇددا نوملىرى ئەمەس، پەقەت بىز بايقىغان بۇددا نوملىرى خالاس.

بېشى ئالدىنقى ساندا

ئۇنىڭدىن باشقا يايلاق رايونلىرىدىنمۇ سۇغدىچە ھۆججەتلەر تېپىلدى: قارا بالغاسۇندىن تېپىلغان مىلادىيە 832-يىلىغا ئائىت ئۇيغۇر يايلاق ئىمپېرىيەسىدىكى مۇھىم دۆلەت مەڭگۇ تېشىدا تۈركچە تېكىست ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ خەنزۇچە تېكىستنىڭ يېنىدا يەنە پۇچۇلۇپ كەتكەن سۇغدىچە يېزىق بار. سەل بۇرۇن S.كلياشتورنېي موڭغۇل يايلىقىدىنمۇ يوغان قورام تاش ئۈستىگە ئورنىتىلغان مەڭگۇ تاشنى تاپقان، بۇ مەڭگۇ تاشنىڭ تۆت يۈزىدە سۇغدىچە تېكىست بار ئىكەن. مەڭگۇ تاشنىڭ ئۈستىدە بىر چىشى بۆرە بار ئىكەن، بۆرىنىڭ تۆۋىنىدە بىر جاندار (بەلكىم ئادەم بولۇشى مۇمكىن؟) يېتىپتۇ.

بۇ تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەتنى ئىپادىلىشى مۇمكىن. بۇ مەڭگۇ تاشنى بايقىغۇچىنىڭ قارىشىچە، بۇنىڭدىن شۇ دەۋردە تۈركلەرنىڭ دۆلەت ئىشلىرىدا سوغدى يېزىقىنى قوللانغانلىق ھەم دۆلەت ئىشلىرىنى سوغدى يېزىقىدا بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن ئىكەن.

*خەنزۇلار، جۇڭگو*

تۈركلەردىن باشقا، تارىم رايونى جۇڭگو ئۈچۈن ئالاھىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە، مىلادىيىدىن 126 يىل بۇرۇن جۇڭگو پادىشاھىنىڭ ئەلچىسى جاڭ چيەن كۆپ يىللىق دىپلوماتىك سەپەر ۋە قاماقتا يېتىشلاردىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ، [1] ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇ يەردىكى خەلقلەر ھەققىدە تەپسىلىي دوكلات ئالغاچ كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جۇڭگو بىلەن تارىم رايونىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇزۇل-كېسىل ئۈزۈلۈپ باقمىدى. بىرقانچە ئەسىرلەر داۋامىدا، تارىم رايونى جۇڭگونىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلدى. چۈنكى، جۇڭگو سودا سىياسىتى ۋە ھەربىي جەھەتتە بۇ رايونغا تولىمۇ قىزىقتى. مىلادىيە 447-يىلىدىن باشلاپ، توبالار جۇڭگونىڭ شىمالىي يېرىمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇلار گەرچە خەنزۇ تىلىدا سۆزلەشمەي، ئالتاي تىلىدىلا سۆزلەشسىمۇ، تابغاچ (tābɤaɣ) دېگەن نام كېيىن «جۇڭگو»نى ئىپادىلەيدىغان ئۇيغۇرچە نام بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچى دەشت ئاتا (شاجۇ) دىن ئۆتۈپ تارىم ۋادىسىغىچە يەتكەن بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ يەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇلارنىڭ دۆلىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىدا يەنىلا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان بولۇشى، پەقەت تاشقى سىياسەت ۋە باج ئىشلىرىنىلا توبالارنىڭ ۋېي خانلىقىنىڭ تەركىبىدىكى خەنزۇ ئەمەلدارلار باشقۇرغان بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇنداق بولغاندا، خەنزۇلارنىڭ بەزى تۈزۈملىرىنىڭ تارىم رايونىغا ئىچكىرىلەپ كىرىش ۋە ئۇ يەرلەردە داۋاملىق پۇت تىرەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى بولىدۇ. تاڭ سۇلالىسى ئۆزىگە قارايدىغان بۇ رايونغا «ئەنشى» دەپ نام بەرگەن. قوچو دۆلىتى گاھىدا «غەربىي يۇرت» دەپ كەمسىتىلىدۇ. تارىم دىيارى جۇڭگوغا قارام بولمىغان چاغلاردىلا، خەنزۇلار مەدەنىيەت جەھەتتە تەسىر كۆرسەتكەن، چۈنكى، بەزى خەنزۇلار سودىگەر ۋە تېرىقچى سۈپىتىدە بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئىدى. مىلادىيە 629-يىلى شۈەنزاڭ [2] قومۇلدا ئۆز يۇرتىدىن كەلگەن ئىككى راھىبنى كۆرگەن. ئەلۋەتتە، تارىم رايونىدا خەنزۇلار بار، چۈنكى، بۇ يەردىن تۇيىن دىنى ۋە ئۆرپ-ئادەتكە، بۇددا دىنىغا دائىر نۇرغۇن ۋەسىقىلەر ۋە خەنزۇچە ياغاچ بەت باسما ماتېرىياللىرى ۋە ئازساندا مىخ مەتبەئە بۇيۇملىرىنىڭ فراگمېنتلىرى تېپىلدى.

قوچو ئۇيغۇر دۆلىتى بەش دەۋر ۋە سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مۇستەقىل بولدى. بىراق، جۇڭگو بىلەن تاشقى ئالاقە ۋە سودا مۇناسىۋىتىنى ئۈزمىدى. سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندېنىڭ دوكلاتى تولىمۇ دىققەتكە سازاۋەر [3]. مىلادىيە 981-يىلى ئۇ «قوچو ئارسلانخان» بىلەن مۇلاقەتتە بولۇپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن سۇڭ سۇلالىسىغا قايتقان. ئۇنىڭ دوكلاتى ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇرلارغا مەلۇم دەرىجىدە ھۆرمەتنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ دوكلاتىدىن قوچو ھاكىمىيىتى يېڭى سۇڭ سۇلالىسىغا پەقەت مۇۋاپىق دەرىجىدىكى ھۆرمەت نەزەرى بىلەن قارايدىغانلىقى ۋە ھەمىشە ئۆز مۇستەقىللىقىنى قوغداش كويىدا بولىدىغانلىقىنى، مۇبادا بۇنىڭغا ئامال بولغاندا، ھەتتا خىتانلارغا قارشى پىداكارلىق بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ دىپلوماتىيە ئىشلىرىدىكى جانلىقلىقى خەنزۇلاردىن قېلىشمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى باشتىن-ئاياغ ئاللىبۇرۇن يوقالغان، ھالبۇكى، بۇ ئىشقا ئىككى يۈز يىلدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار خەنزۇ ئەلچىلىرىنى

بىرمۇنچە كېچىكتۈرۈپ قوبۇل قىلىدۇ، كۆڭلىدە تاڭلىقلارنى ئۆزلىرىدىن تولىمۇ يىراق دەپ ئويلايدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ تاڭ مەدەنىيىتىگە قىزىقىشى باشتىن-ئاياغ سۇسلاشقىنى يوق.

قوچو تاڭ سۇلالىسىگە قارام بولغاندىن كېيىن،خەنزۇلارنىڭ يەر تۈزۈمى ۋە لەشكىرىي تۈزۈملىرىنى قوللاندى. ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كۆچۈرۈشنىڭ يېڭى ماھىرلىرى بولغانلىقتىن، مۇنداق تۈزۈمنى تولىمۇ ئاقىلانىلىك بىلەن قوغدايدۇ. چۈنكى يەر تۈزۈمى جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ تېخى ياخشىراق تەجرىبىسى يوق ئىدى. خەنزۇلارنىڭ كىيىنىش فورمىسى كۆك تۈركلەر ۋە كېيىن ئۇيغۇرلاردا بۇرۇنلا تەسىر قوزغىغان ئىدى. ھازىر ئەرلەر خەنزۇ كىيىملىرىنى ئازراقلا ئۆزگەرتىپ كىيىپ يۈرىدۇ، پۇقرالار ئىچىدىكى ئەرلەر ( ئاقسۆڭەكلەر ئەمەس) مۇ خەنزۇلارنىڭ چاچ شەكلىنى قوللىنىدۇ؛ چېچىنى كەينىگە تۈرۈپ، ياغلىق ياكى كەينى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان بۆك بىلەن باستۇرۇۋالىدۇ. ئۇيغۇرلار خەنزۇلارغا ئوخشاش بەدەنىنىڭ يۈز ۋە قولىدىن باشقا قىسىملىرىنى ئوچۇق قويۇش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارايدۇ. بۇددا دىنىغا چوقۇنغۇچىلار ئوڭ مۈرىسىنى يالىڭاچلىۋالىدۇ، ئۇيغۇر راھىبلار بولسا - خەنزۇ راھىبلارغا ئوخشاش - مۈرىسىنى پەقەت توندىنلا چىقىرىۋالىدۇ، ئەمما يەنە چاپان ۋە كۆينەكلەر بىلەن يېپىلىپ تۇرىدۇ. گۇناھكارغا تاقاق سېلىش توغرا كەلسە، باشقا بىر خىل جازالىتىشى، يەنى ئىشتان-كۆينەكلىرى سالدۇرۇۋېتىلىشى مۇمكىن، چۈنكى، مۇنداق ھاقارەت شۇ پۇقرانىڭ ئۆز ئىناۋىتىنى تەلتۆكۈس يوقاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش، خەنزۇلاردىمۇ مۇشۇنداق جازالاش ئۇسۇلى كەڭ تارقالغان. بىناكارلىق ئۇسلۇبىمۇ خەنزۇلارنىڭكىگە تەدرىجىي ئوخشىشىپ كەتكەن، بىر يېرى، ئۇيغۇرلار ئورۇندۇق ئىشلەتمەي، بۇرۇن يايلاقتا چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار خەنزۇلارغا ئوخشاش بۇرج-مۆچەل بويىچە يىل خاتىرىلەنگەن كالېندار قوللىنىدۇ ۋە بۇرج جۇڭگودىن قوبۇل قىلىنغان. مۆچەلنىڭ قەيەردىن قوبۇل قىلىنغانلىقى ئېنىق ئەمەس، بۇددا دىنىنىڭ ئىلاھقا چوقۇنۇش نۇرغۇن جەھەتلەردىن خەنزۇلارغا ئوخشىشىدۇ، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن كىستىگارىھا بۇددىساتۋاغا چوقۇنۇش ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ تاڭنىڭكىگە ئوخشاش كەڭ تارالغان.

بۇ رايوندىكى بولۇپمۇ ھۆكۈمرانلىرى خېلى مۇستەقىل بولغان دەشت ئاتا (دۇنخۇاڭ)دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ گەنسۇ بىلەن ئالاھىدە بىر خىل مۇناسىۋىتى بار ئىدى. دەشت ئاتادىكى توقۇنۇش پۈتكۈل جۇڭگوغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارىغانلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە، يەنى 880-يىلىغا كەلگەندە، قوچو ئۇيغۇرلىرى دەشت ئاتانى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىش كويىدا بولدى، بىراق، دەشت ئاتا دائىرلىرى 904-يىلى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قومۇل ۋە غەربىي يۇرتنى بىر مەزگىل ئىشغال قىلىۋالدى.

### *تۈبۈتلەر*

كىشىنى ئەجەبلەندۈرۈدىغىنى شۇكى، تارىم دىيارىنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ دۆلەت بولغان تۈبۈتتىن بۇرۇنراق دەۋرلەرگە دائىر يازما ماتېرىياللار قالمىغان. تۈبۈت خانلىقى 8-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كۈچەيگەندىن كېيىن شەرقىي شىمالدىكى (گەنسۇدىكى) باي-باياشات شەھەرلەرگە ۋە شىمالدىكى باياشات رايون (قوچو) غا چىش بىلەشكە باشلىدى. مىلادىيە 791-يىلى تۈبۈت، قارلۇق، ساتار بىرلەشمە قوشۇنى بەشبالىغ يېنىدا خەنزۇ ۋە ئۇيغۇرلارنى يەڭدى. شۇنداق قىلىپ، تۈبۈتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى شەرقتە دۇخانغىچە كېڭەيدى، شىمالدىكى «تۆت بالىغ» (بەشبالىغ، قوچو، كۇچار ۋە قاراشەھەر) بىر مەزگىل تۈبۈتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى، يەنى تاڭ 640-يىلى تۇرغۇزغان ئەنشى يىمىرىلدى. 848-يىلى دەشت ئاتا قايتا ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى جاڭ يىچاۋ تۈبۈتلەرنى گەنسۇنىڭ غەربىي شىمالىدىن يەنە قوغلاپ چىقاردى، 861-يىلى ئۇ تۈبۈتلەرگە قارشى يەنە ئۇرۇش قوزغىدى، بۇ قېتىم ئۇ تارىم دىيارىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشنى مەقسەت قىلدى. مىلادىيە 866-يىلى قوچو ئۇيغۇرلىرى ئۇنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئاخىرىدا تۈبۈتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئەگەر تۇرپاندىن بۇرۇنراق دەۋرلەرگە تەئەللۇق تۈبۈتچە يازما ماتېرىياللار تېپىلمىدى دېيىلسە، بۇنىڭغا بۇ بارلىق ۋەقەلەر جەريانىدا تۈركلەرنىڭ تۈبۈتلەرگە كۈچلۈك ئۆچمەنلىك بىلەن قارىغانلىقى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. يېڭىلگەن دۈشمەننىڭ ھەممە

يازما ماتېرىياللىرى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جاڭ يىچاۋنىڭ غەلىبىلىك يۈرۈشلىرى دۇخان تام رەسىملىرىنىڭ ئاساسى تېمىسى بولۇپ قالغان ئىدى.[4] ئۇسلۇب جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى جەمئىيەت ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن. كېيىن قوچو ئۇيغۇرلىرى كونا ئاداۋەتنى تىلغا ئالمىدى: 10-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن كېيىن، بۇ دۆلەت بىلەن قايتىدىن ياخشى خوپ بولۇشتى، نەتىجىدە قوچونىڭ يېڭى دەۋردە بۇددا دىنى مەزمۇن قىلىنغان تۈبۈتچە ۋەسىقىلەر ۋە ياغاچ باسما ماتېرىياللىرى ساقلىنىپ قالدى. ئاخىرىدا جەنۇب بىلەن بولغان مۇنداق يېقىنچە مۇناسىۋەت سەۋەبىدىن لاما ئىدىيىسىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىغا تەسىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

*تاڭغۇتلار، تاڭغۇت دۆلىتى*

مىلادىيە 9-ئەسىردە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەرقىدە تاڭغۇتلار يېڭى بىر كۈچ سۈپىتىدە باش كۆتۈردى ۋە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى؛ مىلادىيە 1028-يىلى ئۇلار گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنى يوقاتتى، 1038-يىلى (1023-يىلى) «تاڭغۇت ئىمپېرىيەسى» نى قۇردى، بۇ دۆلەت 1229-يىلى راسا روناق تاپتى. تۈركلەر ۋەزىيەتكە ماسلاشتى؛ 1032 ~ 1048-يىللىرىنىڭ ئارىلىقىدىلا جۇڭگو تارىخچىلىرى شۇنداق خەۋەر قىلىدۇ؛[5] ئۇيغۇر راھىبلار تاڭغۇتلارنى ئۆزى دۆلىتىگە كېلىپ، جۇڭگونىڭ ئۆزلىرىگە ئەۋەتكەن بۇددا نوملىرىنى ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان ئىدى.

تۇرپاندىن تاڭغۇتچە ۋەسىقىلەر تېپىلمىدى، ياغاچ باسما ماتېرىياللىرىمۇ يوق بولۇشى مۇمكىن. بۇ دۆلەتنىڭ مۇرەككەپ خەت شەكلى خەنزۇچە خەتكە تەقلىد قىلىنغان. تېپىلغان فراگمېنتلار ئۆز يېرىدىمۇ، قوچودىمۇ بېسىلغان ئەمەس، بەلكى شەرقتىكى تاڭ سۇلالىسىدا بېسىلغان. جۇڭگو تارىخچىلىرى خاتىرىلىگەن بۇ پاكىتلارنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكى ئېنىق. چۈنكى، تاڭغۇتچە باسما ماتېرىياللىرىنىڭ بەتلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئەينى چاغدىكى خەنزۇ ياغاچ ئويمىچىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئوخشايدۇ.[6] تاڭغۇتلاردىكى بۇددا دىنىغا ئائىت باسما ماتېرىياللار خەنزۇلارنىڭ دىپلوماتىك سوۋغىسى بولۇشى ۋە ئۇلار دىن نامىدا تەقدىم قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

مۇبادا تۇرپاندىن بەزى تاڭغۇتچە فراگمېنتلار تېپىلدى دېيىلسە، ئۇ 11-ئەسىردە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنرەك قوچودىمۇ بەزى تاڭغۇتلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قىياسنى بىر پارچە تام رەسىمى (4-رەسىم) ئىسپاتلايدۇ.[7]

*خىتان ياكى لياۋ*

مىلادىيە 4-ئەسىردىن باشلاپ، خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىدە مانجۇلارنىڭ تەركىبىدىكى خىتان دەپ ئاتىلىدىغان بىر مىللەتنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقى خاتىرىلىنىدۇ. كىشىلەر خىتانلارنى ئالتاي تىلىدا سۆزلىشىدۇ دەپ قارايدۇ. خىتانلار 10-ئەسىردە قۇدرەتلىك بىر كۈچكە ئايلىنىپ، لياۋ (خىتان) دۆلىتىنى قۇردى، بۇ دۆلەت 908-يىلدىن 1125-يىلغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. مىلادىيە 924-يىلى خىتانلار قىرغىزلارنىڭ يايلاق ئىمپېرىيەسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قوشنىسى بولغان قوچو ئۇيغۇرلىرى تەبىئىي يوسۇندا ئۇلارنى سۇڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيەسىگە ئوخشاشلا مۇھىم دۆلەت دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇرلار بىلەن خىتانلار ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىشتى. لياۋ بىلەن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى دۈشمەنلىك ھالىتىدە تۇراتتى؛ مىلادىيە 1008-يىلى لياۋ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىغا قارشى ئۇرۇش قوزغىدى ۋە بۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھىنى ئەسىر ئالدى، بۇ 20 يىلدىن كېيىن مۇشۇ دۆلەتنى يوقىتىشنىڭ تەييارلىقى بولۇپ قالدى.

قوچو ئۇيغۇرلىرى دائىمىي ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىشنىڭ ئىلھامى بىلەن لياۋ دۆلىتىدىن قۇدىلىشىشنى ئۆتۈندى. ئەمما، خىتانلار ئۇيغۇرلارنىڭ تەلىپىنى چەكتىن ئېشىپ كەتتى دەپ ھېسابلاپ تەكەببۇرلۇق بىلەن رەت قىلدى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، خىتانلار بۇ تۈركلەرگە زادىلا تەڭلىشەلمەيدۇ. تۇرپاندىن خىتانچە يېزىقتىن بىرەسىمۇ تېپىلمىدى. خىتانلارنىڭ مەدەنىيىتى زادىلا جانلانمىغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، خىتانلار يازما ھۆججەتلىرىنى ئادەتتە تولىمۇ، ئىنچىكە تارلىق بىلەن قوغدىغان، مۇنداق ئەھۋالدا خىتانلار مەدەنىيىتىنىڭ قوچو ئۇيغۇرلىرىغا قىلچە تەسىرى ئۆتمىگەندىمۇ-يوق، بۇنىڭغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، كىيىم-كېچەك

جەھەتتىكى مەلۇم ئوخشاشلىقلارنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

### ئالتۇنلار ياكى جۇرجىتلار

مىلادىيە 1125-يىلى خىتانلارنى جۇرجىتلار يەڭدى. جۇرجىتلارمۇ ئالتاي تىلىدا سۆزلىشەتتى. ئۇلار مانجۇرىيىدە «ئالتۇن» (جىن) دۆلىتىنى قۇردى. ئۇيغۇر ئەلچىلىرى بۇ يىراق دۆلەت بىلەنمۇ ئۆزئارا بېرىش-كېلىش قىلىشتى. بۇ دۆلەت 1233-يىلى يوقالغىچە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ھېچقانچە تارقالمىدى. تۇرپاندىن ئۇلارنىڭ ھېچقانداق يازما ھۆججەتلىرى تېپىلمىدى.

### قاراخىتانلار ياكى غەربىي لياۋ

خىتان (لياۋ) دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندا، ئۇلارنىڭ پادىشاھ جەمەتىدىن بىرەيلەن غەربكە قېچىپ بېرىپ مۆكۈندى. ئۇ مۇنقەرزچىلىك مالىمانچىلىقىدا 1124-يىلى بىر ۋارىس دۆلەت - قاراخىتان دۆلىتىنى قۇردى. جۇڭگولۇقلار ئۇنى غەربىي لياۋ دەپ ئاتايدۇ. بۇ دۆلەت جۇڭغارىيە ۋادىسىدا تۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلدى. غەربىي جەنۇبتا پەرغانە ۋادىسى ۋە جەنۇبتا تارىم رايونىنى بويسۇندۇردى. شۇنداق قىلىپ، قوچومۇ بۇ قارا خىتانلارنىڭ بېقىندىسى بولۇپ قالدى. قاراخىتانلار مەدەنىيىتىنىڭ تارىم رايونىغا تەسىر قىلغان-قىلمىغانلىقىغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. بۇ دۆلەت تەخمىنەن 1203-يىلى نايمان ھۆكۈمرانى كۈچلۈك تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

### موڭغۇللار

قوچو خانى بارچۇق ئارت تېكىن نايمانلارنىڭ كىشىنى بىزار قىلىدىغان ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن (نايمانلار 1204-يىلى موڭغۇللار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان) 1209-يىلى ئۆز ئىختىيارى بىلەن چىڭگىزخانغا ئەل بولدى، شۇنىڭ بىلەن «بەشىنچى ئوغۇل» لۇققا مۇشەررەپ بولدى. كېيىن ئۇنىڭ دۆلىتى چاغاتاي ئۇلۇسىغا قېتىلىپ كېتىپ، يەنە بىر قېتىم غەربتىكى دىققەت مەركىزى بولۇپ قالدى. باشتا ئۇنىڭ يېڭى ھۆكۈمرانلار بىلەن مۇناسىۋىتى ئىختىيارلىق ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن دوستانە بولدى. مۇنداق ئەھۋال بۇ كىچىككىنە بوستانلىق مىللىتى موڭغۇللارنىڭ رەھىمسىز دۇنياۋى ئورۇش يۈكىنى پۈتۈنلەي كۆتۈرەلمىگۈدەك ھالغا يەتكۈچە داۋاملاشتى.

دەسلەپكى ئۇيغۇرلار موڭغۇللارغا يېزىق ئۆگەنگۈچى ئۇستاز بولدى، 13-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، يەنە بۇددا نوملىرىنى شەرھىيلىگۈچى بولدى. چىڭگىزخان بۇ دىننى يۈزەكى چۈشىنەتتى، ئۇ ئوردىدىكى بەزى خانزادىلەرنىڭ چوڭقۇرراق ئىگىلىشىنى ئۈمىد قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ نەۋرىسى قوبلاي خانلا ئاخىرى بۇ دىنغا كىردى. موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى بۇددا دىنىغا مەلۇم دەرىجىدە قىزىقىدىغانلىقى ھەم قوچودا كۆچە كۆيدۇرۇپ تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جاي بولغانلىقى ئۈچۈن، تۇرپاندىكى تام رەسىملىرىدە موڭغۇل ساخاۋەتچىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ، بىراق موڭغۇل يېزىقى ۋە تىلىدىكى يازما ماتېرىياللار ياكى مەخسۇس موڭغۇلچە ئات قويۇلغان چۆرە-ئەتراپى تۇرۇم-تۇرۇم شەكىللىك كىيىم-كېچەكلەر بايقالمىدى. پەقەت «نەپىس رەسىم» لەردە تۇرپاندىكى بۇددا دىنىغا ئائىت ياغاچ باسما ماتېرىياللىرىنىڭ ئاز ساندىكى فراگمېنتلىرى بايقالدى. Ⅲ نومۇرلۇق، 4633، 6705، 7773، مۇنداق باسما ماتېرىياللىرىدا تېۋىنغۇچى راھىب، تۆرە ۋە خانىملارنىڭ رەسىملىرى بار. بەزى ئادەم رەسىملىرىنىڭ يېنىغا يېزىلغان بېغىشلىمىلاردا ئۇلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ۋە تەخەللۇسى بار. بۇلار خەنزۇچە خەت بىلەن يېزىلغان موڭغۇل يېزىقىدەك قىلىدۇ. بۇنىڭدىن بۇ باسما ماتېرىياللارنىڭ موڭغۇللار ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىشتىن ئاۋۋال بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

موڭغۇلچە بۇددا كىتابلىرىدا ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلارنىڭ ھەددى ھېسابى يوق. مۇنداق ئەھۋال ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە يېڭى ھۆكۈمران مىللەت ئىچىدىكى رولىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. موڭغۇل دۇنياۋى ئىمپېرىيەسىنىڭ باشقۇرغۇچى دائىرىلىرى بولۇپمۇ قۇبلايخان زامانىسىدا، باشتا بارلىق مىللەتلەرنىڭ رەئىيە-پۇقرالىرىغا باراۋەر مۇئامىلە قىلماقچى بولغان. شۇنداق بولسىمۇ، نۇرغۇن خەنزۇلار «يېڭى يايلاق ئاقسۆڭەكلىرى» گە زادىلا ياخشى نىيەتتە بولمىدى. مۇنداق ئەھۋالدىن غەزەپلەنگەن ھۆكۈمرانلاردا سىرتتىن كەلگەن ھەرقانداق ئادەمنى ئىشقا قويۇشقا رازىكى،

خەنزۇلارنى ئىشلەتمەيدىغان بىر خىل خاھىش كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن (شۇنداق بولىسمۇ، يەنىلا نۇرغۇن خەنزۇلارنىڭ ئورنى يۇقىرى ئىدى). مۇنداق ئەھۋال ئۇيغۇرلارغا پايدىلىق بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئۆرلانغانلىقىنى ۋاقتىنچە ھېس قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

تۇرپاندىن 14-ئەسىرگە ئائىت بىرنەچچە موڭغۇلچە خەت-چەكلەر ۋە ياغاچ باسما ماتېرىياللىرىنىڭ بىر تۈركۈم فراگمېنتلىرى تېپىلدى. تۇرپاندىن تېپىلغان تېرىقچىلار يازغان پۈتۈملەردە موڭغۇلچە ئىسىملار كۆپ قېتىم چېلىقتى. بۇنىڭغا قارىغاندا بۇ يەردە موڭغۇللارنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقى، ھەتتا ئاخىرىدا ئولتۇراقلىشىش تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قالغانلىقى ئېنىق، قەرز پۈتۈملىرىدىمۇ موڭغۇلچە ئىسىملارنىڭ كۆرۈلگەنلىكىدىن بۇ ھۆكۈمران مىللەتنىڭ ئۆز مىللىتىدىن بولغان پۇقرالىرى ماددىي جەھەتتە نامراتلىقتا ئۆتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئىمتىيازدىن بەھرىمان ئەمەسلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ.

ماددىي مەدەنىيەت مەسىلىسىدىمۇ ماسلىشىش ھادىسىلىرى بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇرچە ئىسمى ئەسكەرتىلگەن، ئۇسلۇب جەھەتتىن كېيىنرەك، ئېھتىمال، موڭغۇل دەۋرىگە تەئەللۇق بولغان رەسىملەردە (رەسىملەرنىڭ ئەتراپىدا تۈرلۈم-تۈرلۈم شەكىللىك كىيىم بار) ساخاۋەتچىلەرنىڭ كىيىمى ۋە چاچ شەكلىنى باشقا ماتېرىياللاردىن قارىغاندا موڭغۇلچە دەپ بىلىشكە بولىدۇ (123-بەت؛ Ⅳ كە قاراڭ). ئۇيغۇرلار كېيىنرەك موڭغۇللارنىڭ كىيىمگە ماسلاشقانمۇ ياكى موڭغۇللار كېيىنرەك ئۇيغۇرچە كىيىنگەنمۇ، بۇ ئېنىق ئەمەس، ئۇيغۇر پۇقرالىرىلا ئەمەس، ئاقسۆڭەكلەر شۇنداق پاسوندا كىيىنگەنلىكىگە قارىغاندا ئالدىنقى قىياسنىڭ ئېھتىماللىقى چوڭدەك قىلىدۇ.

*ئازساندىكى سىرتتىن كەلگەنلەر*

تارىم رايونىغا سېتىقچىلاردىن باشقا، سۈرىيىنىڭ خرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلىرىمۇ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇلاق بېشى (تۇرپان بوستانلىقىغا جايلاشقان) مەھەللىسىدىن خرىستىيان دىنى مەزمۇنىدىكى نۇرغۇن سۈرىيىچە ۋەسىقىلەرنىڭ فراگمېنتلىرى تېپىلدى، بۇنىڭ كۆپ قىسمى «ئىنجىل»نىڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. بۇ يەردىن خرىستىيان دىنىغا دائىر يازمىلارنىڭ نۇرغۇن سوغدىچە ۋە ئازراق تۈركچە فراگمېنتلىرىمۇ تېپىلدى. قارىغاندا، خرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلىرى بۇ يەرلەرگىمۇ كەلگەن (5-رەسىم)، ئۇنىڭدىن باشقا، بېزەكلىكتە «سىرتتىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ رەسىملىرىمۇ بار»، ئۇلارنىڭ ئانترو پولوگىيەلىك تىپى سۈرىيىلىكتۇر.[8]

تارىم ۋادىسىدىكى جەنۇبىي يول مىلادىيە 910-يىلدىن ئېتىبارەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قاراخانىيلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئۇلارنىڭ شىمالىدىكى بۇددا دىنى رايونلىرى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشى ۋاقتىنچە مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، موڭغۇل دەۋرىدە بارلىق چېگرىلارنىڭ ئېچىلىشى بىلەن نۇرغۇن ياقا-يۇرتلۇقلار بۇ يەرگە تۈركۈملەپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن، ئىسلام دىنىمۇ ھەرخىل مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىر ئامىل بولۇپ قالدى.

*خۇلاسە*

ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قوچودا ئۇيغۇرلار ھۆكۈمران ئورۇندىكى مىللەتتىن باشقا، غەربىي تۈرك، سوغدى، خەنزۇ، موڭغۇل، توخار، ئازساندا تۇبۇت ۋە تاڭغۇت قاتارلىق مىللەتلەر ھەم سۈرىيىلىكلەر، غەربتىن كەلگەن نىستورى مۇرتلىرى ۋە سودىگەرلەر بار ئىدى. تۇرپاندىن تېپىلغان پۈتۈملەردىكى خاس ئىسىملار (رادلوۋ، مالوۋ: «ئۇيغۇرچە يازما ھۆججەتلەر») تۈرك، خەنزۇ، موڭغۇل، ئوتتۇرا ئىران، سۈرىيە ۋە ئەرەب تىللىرىدا يېزىلغان، بۇ مۇشۇ دۆلەتنىڭ كۆپ مىللەتلىك تەركىبىنىڭ دەلىلى ھېسابلىنىدۇ، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىن باشلاپ تېخىمۇ شۇنداق بولدى، ئەمما، تۈزۈلگەن پۈتۈملەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىدى.

بۇ يەردە بۇددا دىنى ئەڭ كەڭ تارقالغان، مانى مۇرتلىرى بىلەن خرىستىيان مۇرتلىرى يوقىنىڭ ئورنىدا ئىدى. 13-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا قۇبلايخان ئىككى خرىستىيان راھىبىنى يىراق غەربكە ئەلچى قىلىپ ئېۋەتكەن؛ ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئۇيغۇر ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەردىكىلەر ئوتقا چوقۇنۇش دىنى ۋە كۆكزى تەلىماتلىرىدىنمۇ خەۋەردار ئىدى.

تارىم دىيارىدا قەشقەردىن شىمالىي يولنى بويلاپ شەرق تامان ماڭغانسېرى ھىندىستانىنىڭ

سەنئەت شەكىللىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئازىيىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا قاراشەھەردىن باشلاپ پۈتۈنلەي باشقا بىر خىل سەنئەت شەكىللىرى ئالمىشىدۇ؛ قوچودا ئېنىقلاشقا بولىدىغان ئەڭ قەدىمكى سەنئەت شەكىللىرىگە ئاساسەن خەنزۇ سەنئىتىنىڭ تامغىسى بېسىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىنرەك، تەخمىنەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، يەنە كۇچاردا ساقلىنىپ قالغان ھىندى خاھىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىن شەكىللەنگەن بىرنەچچە تۇخارچە سەنئەت ئامىللىرى ھەم پەنجىكەنتتە پەيدا بولغان سوغدىچە بەزى شەكىللەر بارلىققا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن قوچودا تۈرك-ئۇيغۇر شەكىلدىكى بىر مەدەنىيەت دەۋرى گۈللىنىپ كەتتى.

ئۇيغۇرلار ۋە ياقا يۇرتلۇقلار سوغدىچە، رونىكچە بۇددا كۆچۈرمىلىرىنىڭ ئاخىرىدا تۈركچە: «بۇ خەتنى مەن پۈتتۈم» دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. لېكىن، تۇخرىچە بىر بۇددا كۆچۈرمىسىنى بىر تۈرك شاھزادىسى ئىنئام قىلغان. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار ياقا يۇرتتىن كەلگەن تېرىقچى ۋە دىنداشلىرىغىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

لېكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يەرلىك بولمىغان ياقا يۇرتلۇقلارغا بولغان مۇناسىۋىتى مۇنداق ئەمەس. ئەگەر خەنزۇ رەسسام بۇرۇنقى بىرەر ئارخات، بىرەر يۇقىرى دەرىجىلىك راھىب ياكى مەلۇم بىر «غەربىي يۇرتلۇق (ھىندىلارنى ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ رەسىمىنى سىزماقچى بولسا، ئۇنى شۇ يەرلىك مىللەتنىڭ چىرايلىق كۆرۈنۈشىدە سىزماي، ھامان قويۇق قاش، ئورا كۆز، يوغان بۇرۇن ياكى بۇرنى ئىگىز كۆتۈرۈلگەن، تۆرۈك كۆز، ساقاللىق ۋە لەۋلىرى قېلىن قىلىپ سىزىدۇ، ئۇيغۇر رەسساملىرى مۇنداق ئەنئەنىنى بىر سىستېما قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بۇ يەردە ئۆزلىرىگە خاس يۇمۇرلۇق ۋە ساتىرىك ئۇسلۇبنى قوللىنىپ، «غەربىي يۇرت» لۇقلارنى، بولۇپمۇ ھىندىلارنى رەھىمسىز ۋە تەكەببۇر قىياپەتتە تەسۋىرلەيدۇ.

داڭلىق بۇددا ئالىمى ۋە سەيياھ شۈەنزاڭ (601-664) نىڭ تەرجىمھالىنى ئۇنىڭ مۇرىتى خۇيلى يازغان، يەنى سۈڭ تەپسىلىي بايان قىلغان. تەخمىنەن مىلادىيە 930-يىلى بۇ ئەسەر بەشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى ( šiquŋ šali ) تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئەسلى ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى ئىنتايىن يۇقىرى بولغانلىقتىن، بۇ ئۇيغۇر ئۇنى سۆزمۇ-سۆز تەرجىمە قىلماي، «نەپىس تىل» بىلەن بايان قىلماقچى بولۇپ، مەنەن تەرجىمە قىلغان ۋە قايتا ئىجاد قىلغان.[9] بىر قېتىملىق خوشلىشىش سۆھبىتىدە بەش ھىندىستانلىق ھىندى ئۇستازلار بۇددا يولىنى قوغدىغۇچىلاردۇر دەپ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاشقان. خەنزۇچە ئەسلى تېكىستىنىڭ 98-قۇرىدا: «ئەكسىچە، جوڭگو مەدەنىيەتسىز ئەل» دېيىلگەن. ئۇيغۇر تەرجىمان بۇ گەپنىڭ سالمىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ: «جوڭگو چەت-ياقا دۆلەت، بىر تۈركچە، تۈركەشچە دۆلەت» دەپ تەرجىمە قىلغان ۋە باشقا قاتتىق سۆزلەرنى ئىشلەتكەن، ئۆز رايونىنى تۆۋەن ۋە پەس كۆرىدىغان مۇنداق دائىمىي ئەھۋال خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر ھېكايەدىمۇ ئۇچرايدۇ، يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى «يەن شاھزادىسى دەن» دېگەن ھېكايەسىنىڭ 38-بېتى: «يەن بەگلىكى شىمالدىكى چەت-ياقا ۋە بىرقەدەر مەدەنىيەتسىز رايوندىكى قالاق دۆلەت» بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ. شۈەنزاڭ ھىندى ئالىملىرىغا جاۋابەن جوڭگولۇقلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى ماختاپ بەرگەن، تەربىيە كۆرگەن بۇ جوڭگولۇق نۇرغۇن ھىندىلارنىڭ پەلىپەتىش كىيىنىپ يۈرۈشلىرىدىن ھەيران قالغان. ئۇ ئۆز دۆلىتىدىكى قانۇنغا رىئايە قىلىش ئەھۋاللىرىنى، ئوردا-ھەرەمدە قانۇن، ئائىلىلەردە ئەدەب-ئەخلاق بارلىقى، كىشىلەرنىڭ سەممىي ۋە مۇلايىملىقىنى، شۇنىڭدەك ئۆز دۆلىتىنىڭ ھىندىستاندا يوق باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆككە كۆتۈرگەن. ئەگەر «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى» نىڭ مۇئەللىپى خۇيلى ئۆز مەدەنىيىتىنى ھىندى ئۇستازلىرىغا چۆكۈرۈپ ئىپادىلەپ بەرگەن دېيىلسە، ئۇيغۇر تەرجىمان تېخىمۇ يىراقلاپ كەتكەن، ئۇنىڭ خەنزۇ مۇئەللىپتىن ھېچقانداق پەرقى يوق، ھەتتا ئۇ ئۆزىنىڭ خەنزۇچە تېكىستنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى چۈشىنىدىغانلىقىنى، ھىندىلارنىڭ تۈرك ۋە تۈركەشلەرنىڭ مەدەنىيىتىدىن قىلچە خەۋەرسىز بولۇشى مۇمكىنلىكىنى تولۇقلىما سۈپىتىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ھىندىلار ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خەنزۇلاردەك ھۆرمەتلەنمەيدۇ.

قوچو-سودا كارۋانلىرى ئۆتىدىغان دۆلەت بولۇپ، قوچولۇقلار يىراق غەربتىن ھەمىشە

كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان چوڭ سودا كارۋانلىرىدىن بىرقەدەر يۇقىرى چېگرا بېجى ئالغان، ئۇيغۇرلار دىنىي خاھىش سەۋەبىدىن بۇ مۇھىم كىشىلەرنى بۇ دىنغا چوقۇنغۇچىلار دەپ قاراپ، ئىبادەتخانا رەسىملىرىدە [10] ئۇلارنى يەرلىك بايلارنىڭ كىيىملىرىنى كىيگەن قىلىپ ئەينەن سىزغان، شۇنداقتىمۇ يەرلىك بايلاردىن سەل-پەل پەرقلىنەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارنى ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ گىرۋەكسىز بۆكىنى كىيگەن ۋە ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ پوتىسىنى باغلىغان قىلىپ سىزمايتتى، مەيلى ئاددىي خەلقنىڭ ياكى ئىمتىيازلىق كىشىلەرنىڭ قىياپىتى بولسۇن، ھەممىسىنىڭ بۆكىنىڭ بۇغقۇچلىرى چېگىلمەي لەپىلدەپ تۇرغان قىلىپ سىزىلاتتى (203-بەت، 6-، 7-، 8- رەسىملەر)، يۈزىمۇ جانسىز ۋە گۇنسىز بولاتتى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ غەربتىن كەلگەنلەرگە ئادەتتىكىچە ھۆرمەت نەزەرى بىلەن قارايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىدىغىنى ۋە قايىل بولىدىغىنى خەنزۇلار ئىدى.

*قوچۇدىكى ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارنىڭ مەدەنىيەت قىممىتىنىڭ مۇمكىنچىلىكى ۋە دائىرىسى*

زامانداشلارنىڭ خاتىرىلىرى قوچۇ مەدەنىيىتىنى تەسۋىرلەشتە، كۆڭۈلدىكىدەك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، قەدىمكى تۈركلەر تارىخ ئىلمىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. تۇرپاندىن تېپىلغان بىر پارچە فراگمېنت بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ [11]. بىراق، بۇنىڭغا بىرنەچچە قۇر خەتتىن باشقا ھېچقانچە ماتېرىيال يوق، بەختكە يارىشا خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار بولغىنى بىلەن، بۇ ماتېرىياللارنىڭ ئېغىر دەرىجىدە چەكلىمىلىكى بار؛ بىرەر زامانداش خەنزۇ قوچوغا ساياھەتكە بارسا، ئاۋۋال ئۆزىگە باشقىچە تۇيۇلغان شەيئىلەرگە دىققەت قىلىدۇ ۋە بۇلارنى كېيىن ئۆزى مەنسەپكە ئولتۇرغاندا خەۋەر قىلىدۇ، مۇنداق تارىخىي ماتېرىياللارنى تارىخچىلار، سىياسەتچىلەر ياكى ستراتېگىيەچىلار ئېرىشكەن خەۋەرلەردىن مۇھىم ماتېرىيال دەپ تاللىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. مۇنداق تاللاش، تەبىئىي، بىز تەتقىق قىلماقچى بولغان مەسىلىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ۋاڭ يەندېگە ئوخشاش ئەلچىلەر قالدۇرغان ئاشۇنداق مول ماتېرىياللار كام ئۇچرايدۇ. ئۇ ۋەكىللىك قىلغان نەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنىگە ئىگە بولسىمۇ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەلىي كۈچى يوق ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ۋاڭ يەندې دەلىللىگىنىدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەتتە شەرق خەۋەرچىلىرىنىڭ پوزىتسىيىسىگە سىلىشتۇرغاندا، مۇشۇ غەرب تەرەپتىن كەلگەنلەرنى بەكرەك ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن، ۋاڭ يەندې بۇنىڭ سىرتىدا.

بۇ پەقەت خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىنلا پايدىلانغان بولۇپ سانسىز مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ھازىرقى كۈندە ئۆزلىرىنىڭ مىراسلىرىنى مۇھاكىمە قىلماقتا. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئۇلارنىڭ «تىلى»نى بىلىش.

بىز كېيىم-كېچەك، ئولتۇرۇش قىياپىتى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئالاھىدە شەكىللەنگەن بۇددا دىنى قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇشنى ئۈمىد قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز قوچۇنىڭ ئويمىچىلىق بۇيۇملىرىنى غەربتىكى كۇچار ۋە شەرقتىكى دۇخاننىڭ ئويمىچىلىق بۇيۇملىرى بىلەن سېلىشتۇرىمىز، بىراق، قوچۇنىڭ مىللەت تەركىبىنىڭ كۆپ خىللىقىنى 2-بابتا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق، شۇڭا، تېپىك ئۇيغۇرلارنى مۇئەييەن شارائىت ئاستىدىلا پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ.

ئارخېئولوگلار ئېكسپېدىتسىيىچىلەر بۇ يەردىن تىنىك تۇرغان غايەت زور قۇرۇلۇشلارنىڭ قالدۇقلىرىنى ۋە چىدامىلىق ماتېرىياللار بىلەن سېلىنغان كۆلىمى كىچىكرەك قۇرۇلۇشلارنى بايقىدى، بۇلار بۇرۇنقى قەلئە، ئۆتكەل، قەسىر، يامۇل، بۇتخانا، ئىبادەتخانا ۋە بايلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ خارابىلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوششاق شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇلىرىنىڭ ئىزنالىرى يوق، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى سېرىق توپىلىق يەرلەرگە كولانغان، گەرەم بولسا ياكى ئاددىي كېسەك ۋە سوقما تام بىلەن سېلىنغان بولسا، بىرەر يۈز يىلغا بارا-بارمايلا ئۇلارنىڭ ئىز-تىزى قالمايدۇ. مۇنداق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئاز ياكى يوقلۇقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. رەسىملەردە تەسۋىرلەنگەن قۇرۇلۇشلارنىمۇ مۇھىم بولمىغان تۇرالغۇلارنىڭ دەلىلى قىلىشقا بولىدۇ. نامراتلار بۇرۇن ئاساسەن

بۇددا رىۋايەتلىرىنىڭ تېمىسى قىلىنمىغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇرالغۇلىرى كامىدىن-كام تەسۋىرلەنگەن، ئويمىچىلىق بۇيۇملىرى ۋە رەسىملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا بۇ دىنغا چوقۇنۇش سورۇنلىرى تەسۋىرلەنگەن.

تۇرپاننىڭ هاۋاسى بەك قۇرغاق بولغاچقا، بەزى كۈندىلىك بۇيۇملارنىڭ قالدۇقلىرى ئوبدان ساقلانغان، ئوڭاي سۇنىدىغان ماتېرىياللاردىن ياسالغان بۇيۇملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۇزۇلغان، ئوغرىلانغان ياكى ۋەيران قىلىۋېتىلگەن. لېكىن، رەسىملەردە تەسۋىرلەنگەنلىرى بەزىدە تولۇقلىما ماتېرىيال بولالايدۇ.

تەسۋىرلەنگەن پىرسوناژ ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى چۈشەندۈرگەندە، ئۇلار زامانداش پىرسوناژلارمۇ قانداق، يىراق ئۆتمۈشتە ئۆتكەن كىشىلەرمۇ ياكى ھۆر-پەرىلەرمۇ ئەمەس دېگەنلەرنى جەزمەن ئىنچكە پەرقلەندۈرۈش كېرەك. بۇددانىڭ ئولتۇرۇش قىياپىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇرۇش قىياپىتىگە ئوخشىمايدۇ، يىراق ئۆتمۈشتە ئۆتكەن ئارخاتنىڭ كىيىم-كېچەكمۇ ھازىرقى زاماندىكى راھىبلارنىڭ كىيىم-كېچەككە ئوخشىمايدۇ.

دەرۋەقە، 9-ئەسىردىن بۇرۇن، يەنى ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىقىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە قوچو سىياسىي جەھەتتە ياكى مەدەنىيەت جەھەتتە بىرنەچچە گۈللەنگەن مەزگىلنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىدى. بۇ دەۋردە بالدۇرقى دەۋرلەردىنمۇ مول ماتېرىياللار قالغان. ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن سۈي سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت بىر پارچە رەسىم تېپىلدى [12]، ئۇنىڭدا قەدىمكى شەكىلدىكى ھارۋا سىزىلغان، تەبىئىيكى نوقۇل ھالدا مۇنداق ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا بولمايدۇ. بىراق، ئارخېئولوگىيەلىك ئوبيېكتنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرىگە دىققەت قىلىش كېرەك، چۈنكى قېزىۋالغۇچى ھازىرقى زامان ئارخېئولوگىيەلىك قىممىتىنى بىلمەيدۇ، ئەينى چاغدا قازغۇچىلار ئارخېئولوگ ئەمەس، بەلكى شەرق تىلشۇناسلىرى، ياكى ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيەچىلەرگە ئوخشاش «بۇددانىڭ ئىزلىرى» نى ئىزدىگۈچى ئىخلاسمەن بۇددا راھىبلىرى ئىدى. بىز يەنە نىسبىي خرونولوگىيە ئىلمىنى ئىگىلەپ، مەدەنىيەت قاتلاملىرىنى بىلىشنىڭ تولۇقلىمىسى قىلىشىمىز كېرەك. E. ۋالد سىمىد [13] كۇچارنىڭ «توخار» دەۋرى بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىنرەك بولغان ئۇيغۇر-خەنزۇ دەۋرىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي شىمالىغىچە تارقالغان ھىند مەدەنىيىتىدىن پەرقلەندۈرگەن؛ كېيىنكىسى بولۇپمۇ تۇرپاندا بىر مەزگىل كەڭ تارالغان. ئەگەر بۈگۈن تۇرپان («قوچو شەھىرى توغرىسىدا»، Ⅲ، 1-بەت) دىكى بىر رەسىمدىن ئادەتتە بۇ يەردە ئەمەس، كۇچاردا ئۇچرايدىغان بىر خىل قۇرۇلۇش شەكلى بايقالدى دېيىلسە، ياكى تۇرپان («قوچو شەھىرى توغرىسىدا»، XⅦ، 1-بەت) دىكى بىر رەسىمدە غەربتە تارقالغىنىغا ئوخشاش كىيىم كىيگەن ساخاۋەتچىلەر تەسۋىرلەنگەن دېيىلسە، ئۇ ھالدا، بۇ ئىككى رەسىم ئۇيغۇرلاردىن ئىلگىرىكى دەۋرگە ئائىت رەسىملەر بولۇشى مۇمكىن، بۇ دەۋرگە بولسا تۇخرى دەۋرىنىڭ تامغىسى بېسىلغان.

ئۇسلۇبىنى چۈشەندۈرگەندە ۋە ئۇنىڭ خرونولوگىيەلىك قىممىتىنى باھالىغاندا، ئىككى خاتا ئامىلنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك.

تۇرپان [14] ۋە قەدىمكى تۇمشۇقتىن [15] بۇرۇن بەزى لاي ھەيكەل ۋە پورترېتلارنىڭ ئايرىم بۆلەكلىرى قۇيۇلغان قېلىپلار تېپىلدى. بۇ قېلىپلار ئەينى چاغدا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرغان ھەۋەس-قىزىقىشلاردىن ئۇزۇنراق ئىشلىتىلگەن. بۇ ھەيكەلتاراشلىق بۇيۇملىرىنىڭ ئىبادەتخانىلاردىن تېپىلغان رەسىملەردىن قەدىمىيرەك ئىكەنلىكىنىڭ سەۋەبى. شۇنىڭ ئۈچۈن، رەسىم ھەيكەلتاراشلىق بۇيۇملىرىدىن ئىلگىرىراق شەكىل بولۇشى مۇمكىن.

بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمىزنى ئاددىيراق قىلىپ ئېيتساق، تام رەسىملىرى ئادەتتە بەزى سەنئەتكارلارنىڭ ئەسلى لايىھىسى بويىچە سىزىلمايدۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆلچىمى كىچىكرەك ئەندىزىلەر بويىچە سىزىلىدۇ. بۇ ئەندىزە بويىچە ئۇنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى چوڭايتىلىدۇ، چوڭايتىلغان بۇ ئەندىزىلەر تامغا چاپلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تامدا ھەرخىل شەكىللەر بارلىققا كېلىدۇ، بۇ پىرسوناژ رەسىملىرىنى رەتلىك ۋە دەسلەپكى پىكىرگە ئۇيغۇن جايلاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بىر پارچە چوڭ تام رەسىمى كوللېكتىپ خىزمەتنىڭ بۋسى ھېسابلىنىدۇ، ئىستانبۇل سارىيىدىكى ئاندۇرون گۈزەل سەنئەت مەكتىپى نۇرغۇن ئىختىساسلىق ياش رەسساملارنى

يېتىشتۇرۇپ چىقتى.[16] ئۇلار ئۆزىگە خاس نەپىس رەسساملىق ماھارەتلىرى ۋە ئارتۇقچىلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىدۇ. تۇبۇتلەردىكى ئىلاھىي ئوبرازلارنى ئۈچ كىشى سىزىپ پۈتتۈرىدۇ؛ بىرىنچى كىشى ئىزناسىنى سىزىپ چىقىرىدۇ، ئىككىنچىسى رەڭ بېرىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۇستا بىرسى ھەرخىل رەڭلەر بىلەن ئىزنالارنىڭ سىزىقلىرىنى سىزىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىلاھىي ئوبراز خۇددىي راستتەكلا بولىدۇ. قوچودىكى رەسىملەرمۇ شۇنداق سىزىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا بىر مىسال كەلتۈرەيلى.

سىددارتانىڭ ئۆيدىن ئايرىلىشى تەسۋىرلەنگەن بىر پارچە رەسىمدە بىر ئاتلىق كىشى بولۇپ[17]، ئاتنىڭ بېشى ئىگىز، كۆزلىرى نۇرلۇق، قۇلاقلىرى بەكمۇ كىچىك سىزىلغان. قىزىل، سارغۇچ، قىزغۇچ سېرىق رەڭلەر ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان رەڭلەر ئىچىدە سىددارتادىن ئىلاھىي نۇرلار چېچىلىپ تۇرىدۇ، بۇدساتىۋانىڭ يۈزى ئاجايىپ چىرايلىق سىزىلغان. ئۇ ئوڭ قولى بىلەن ئەمەس، سول قولى بىلەن ئىشارە قىلىپ تۇرىدۇ؛ شەرق ۋە غەربتە ئومۇملاشقان ھەرقانداق ئادەتنىڭ ئەكسىچە، ئاتنىڭ نوقتا بېغىنى (چۇلۋۇرىنى) ئوڭ قولى بىلەن تۇتقان. ئەمما، بىز تەپسىلىي كۆزەتسەك، ئۇ چۇلۋۇرنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتقان قىلىپ سىزىلغان بولسىمۇ، كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا سول قولى بىلەن تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى بايقاشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن بۇدساتىۋانىڭ يۈزى ۋە ئاتنىڭ بېشىنى بىر ئۇستا رەسسام سىزغانلىقى، كېيىن نائۇستا رەسسام تەنىنىڭ مۇھىم بولمىغان باشقا قىسىملىرىنى سىزىپ پۈتتۈرگەنلىكىنى كۆرۈشكە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاشۇنداق كۈلكىلىك خاتالىق كېلىپ چىققان.

تۆۋەندە ھەرقايسى قىسىملىرى ئەندىزە بويىچە ئىشلەنگەن بىر مىسالنى كۆرىمىز. تۇرپاندىكى بىر تام رەسىمدە[18] نېرۋانا ئۆلگەندە كىشىلەر يۈرەكنى ئەزگۈدەك مەرسىيە ئوقۇۋاتقانلىقى سىزىلغان. بۇنىڭ ئەكسىچە، تۆۋەندە چوڭقۇر خىيالغا پاتقان بىر راھىب ئاق (ماتەم كىيىمىنىڭ رەڭگى) يەكتىكىنى تارتىپ بېشىغا ئورىۋالغان، يۈزىدىكى بىرنەچچە تال قورۇق ئۇنىڭ چوڭقۇر قايغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. بىراق مۇشۇنداق يۈز شەكلى ۋە بەدەن قىياپىتى ۋاراخشادىكى بىر تام رەسىمدىمۇ ئۇچرايدۇ.[19] ئىسرىقداننىڭ يېنىدىكى ئىككىنچى كىشىمۇ ئاۋۋۇ راھىبقا ئوخشاشلا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ يۈزى شەرق رەسسامى سىزغانغا ئوخشاش تۇرىدۇ، دەرۋەقە ئۇ بېشىغا يەكتىكىنى ئورىۋالمىغان. چاچلىرى بۇدرە سىزىلغان. زاڭىقىدا بىرنەچچە تال چېچى ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. ئويلاپ باقايلى، ناۋادا بۇ ئىككى رەسىم بىر-بىرىدىن مۇستەقىل سىزىلمىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ تولىمۇ ھەيران قالارلىق ئىش بولۇر ئىدى، بۇ يەردە بۇ سەنئەتكارلارنىڭ مۇناسىۋىتى نۇرغۇن چەكتىن ھالقىپ كەتكەن، ھەتتا ئۇلاردا ئوخشىمىغان دىنلاردىكى پەرق مەۋجۇت.

پۈتكۈل ئۇيغۇر خوكۈمرانلىقى دەۋرىنى، يەنى نۇرغۇن ئەسىرلەرنى بىر ئۇسلۇب ئاساسىدا چۈشەندۈردۇق. بىز كەلگۈسىدىكى دۇخانشۇناسلارنىڭ تۇرپاندىكى رەسىم ۋە ھەيكەللەرنىڭ بىر قىسمىنى يەرلىك كىشىلەر ئەمەس، خەنزۇ سەنئەتكارلار ئىشلىگەن-ئىشلىمىگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. زادى قايسىلىرى قوچو سۇغدىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئىكەنلىكىنىمۇ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن، ئۆزىمىزنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئانچە ئىشەنچلىك بولمىغان نىسبىي يىلنامە ئاساسىدا، كېيىنكى يەنى ئۇيغۇر خوكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى رەسىملەردىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارىمىز. بۇ يەرنىڭ كۆپ مىللەتلىك تەركىبىنى نەزەردە تۇتۇپ، تام رەسىملىرىدىكى يېزىقلار ئۈستىدە ئويدان ئويلىنىش كېرەك. پەقەت ئەڭ دەسلەپكى يېزىقلا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەڭ دەسلەپكى يېزىقلارنىڭ شۇ رەسىمنى سىزىش ئۈستىدە ئويلانغاندا، ئىنچىكە پىلانلىنىپ ئالدىن ئويلانغان رامكا ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ، ئەگەر بىر تېۋىنغۇچى ئۇيغۇر-خەنزۇ ئۇسلۇبىدا سىزىلىپ، يېنىغا تۈركىي تىلدا يېزىلغان بېغىشلىمىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمى ۋە نامى قوشۇپ قويۇلغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا ھېچقانداق ئاساس يوق[20]، بېشىغا قەدىمكى پارسلارنىڭ تاجىنى كىيگەن بىر رەسىمنىڭ يېنىغا bu man tapqu turmis bilga bag (بۇ مەن، تاپقۇ تۇرمىش بىلگە بەگدۇرمەن) رەسىمنىڭ يەنە بىر يۈزىگە tonguz yil sakizic tort yangiqa bu urxarqa ...kalmi (تۇڭگۇز

يىلى 8-ئاينىڭ 4-كۈنى بۇ ئىبادەتخانىغا كەلگەندە.....) دېگەن سۆزلەر رەتسىز يېزىلغان. كېيىنكى بېغىشلىمىدىكى خەتلەر ئالدىدىكىسىگە ئوخشىمايدۇ؛ لېكىن، پەقەت ئالدىدىكى بېغىشلىملا تېۋىنغۇچىنى پەرقلەندۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇ كىشى بەرگەن سەدىقىسى بەدىلىگە دىنىي تۆھپىدىن بەھرىمان بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچى بېغىشلىما مۇھىم ئەمەس (يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 30-بەت)، بىر ئايالنىڭ رەسىمى يېنىغا ogrunc tegin tngrim korki (ئۆگرۈنچ تېگىن تەڭرىمنىڭ رەسىمى) دېگەن بىر قۇر خەت تۈجۈبىلەپ يېزىلغان. بۇ دائىم ئۇچرايدىغان بېغىشلىما شەكلى، بۇ ئىككى خىل ئەھۋالدا پەقەت ئۇيغۇرلارنىلا كۆرستىدۇ.

ئەكسىچە، ئۈچ نەپەر تۇتۇڭ (Tutung) نىڭ مىللەت تەركىبىنى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. [21] قىممەت كاسايا (يەڭسىز تون) لارنى كىيگەن بۇ ئۈچ كىشى خەنزۇ-ئۇيغۇر ئۇسلۇبىدا سىزىلغان، سىزىلىشمۇ ئوخشىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بېغىشلىملىرى خەنزۇچىمۇ، ئۇيغۇرچىمۇ يېزىلغان، بەزىلىرىنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش بولۇپ: «بۇ جانابى تۇتۇڭ ۋاپخۇي (vaphui) نىڭ رەسىمى» دېيىلگەن، ۋاپخۇي سىنخۇي (sinhui) ياكى چىتۇڭ (citung) دېگەن گەپ، خەنزۇچىدا پەقەت «....نىڭ رەسىمى» لا دېيىلگەن. بۇ راھىبلار خەنزۇمۇ ياكى تۈركمۇ(ئۇيغۇرمۇ)؟ تۈركچە يېزىق تىك يېزىلىدۇ. ئۇنى توغرا يېزىش ئۇسۇلى ھەربىر قۇرنى ئالدىنقى قۇرنىڭ ئوڭ تەرىپىگە يېزىشتىن ئىبارەت، ئەكسىچە، خەنزۇچىمۇ شۇنداق يېزىلغان. بۇ مۇشۇ تىلغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تونۇمۇ بىمەنىلىك. خەنزۇچە تىك قۇر بويىچە ھەربىر قۇرى، ئالدىنقى قۇرنى بويلاپ ئوڭدىن سولغا يېزىلىشى كېرەك، شۇڭلاشقا بۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. ئۇلار ئۆز تىلىنىڭ توغرا يېزىلىش ئۇسۇلىغا ئەمەل قىلغان. بىراق، پىنكىسىنىڭ ئەسىرىدە (49 -بەت) مۇ بىر «چىنجۇلۇق ئۇيغۇر» (گەنسۇ) ۋاپخۇي راھىب تىلغا ئېلىنغان. بۇ كىشى 1025-يىلى جۇڭگو پادىشاھىنىڭ مەۋلۇت سوۋغىسى ئۈچۈن 10 ئات تەقدىم قىلغان. ئۇ مۇشۇ رەسىمدىكى ئۈچ كىشىگە ئوخشاش، سۆسۈن رەڭلىك كىيىم كىيگەن. ئۇنى تۇرپاندىن چىققان رەسىمدىكى ئاتاقلىق راھىبلارغا ئوخشاش شەخس دېيىشكە بولامدۇ؟

ئۇيغۇر بولمىغان كىشىلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىسمىغا دىققەت قىلىش كېرەك. ئۇيغۇرلار كۆپىنچە تۈركچە ئىسىملارنى قوللىنىدۇ. دەرۋەقە، راھىبلار بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇلار ئېھتىمال توخارلارنىڭ ئاللىقاچان يوقالغان سانسكرىتچە ئىسىملىرىنى ياكى كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان جۇڭگولۇق پېشۋالارنىڭ ئىسمىنى قوللىنىشى مۇمكىن. سۇغدىلار ۋە ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرچە كىيىم كىيىپ، تۈركچە ئىسىم قوللىنامدۇ- يوق، بۇنى تېخى بىلمەيمىز. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ چىرايى پەرق قىلىدۇ.

سەدىقىچىلەرنىڭ كىيىمى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇلار بەزىدە مودا كىيىملەرنى كىيىدۇ. بۇنىڭ ئۇلارنىڭ مىللىي تەركىبىنى چۈشەندۈرۈشتە قىلچە ئەھمىيىتى يوق. مەسىلەن، دۇجىستان (ئاففانىستان) [22] ۋە يۇقىرى يېنىسەي بويلىرىدىكى قىياتاش رەسىملىرىدىن كۇچار توخارلىرىدەك قايرىما ياقىلىق كۆينەك كىيگەن قىياپەتتىكى كىشىلەر بايقالدى. [23] لېكىن، ئەگەر ئوخشاش كىيىم، ئاددى بۆك ۋە بەلباغنىڭ يېنىغا تۈركچە ئىسىم ۋە بىرقەدەر يۇقىرى نام يېزىلغان بولسا، بۇ كىشىنى ئۇيغۇر دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ (11-، 12-بابقا قاراڭ). شۇڭا، ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. يېنىغا ئىسىم يېزىلمىغان كامدىن -كام دەللەشكە بولىدىغان كىيىملەر نەزەرگە ئېلىنمىسىمۇ بولىدۇ.

يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىمى ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي بىلىشكە ۋە ئىسمى يېزىلمىغان بولسىمۇ ئەمما، ئۇنى ستاتىستىكا جەھەتتىن ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ئادىتى دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر خىل سورۇنلاردا ئولتۇرۇش قىياپىتى، بەدىنى ۋە قولىدىن باشقا قىسمى ئېچىلىپ قالسا نومۇس قىلىش كەيپىياتى قاتارلىقلار قايىل قىلىش كۈچى كۈچلۈك ئاساسلاردۇر. بېزەكلىكتىكى ئىقتىدا قىلىش سورۇنىدا مەيدىسى ئوچۇق بەزى راھىبلار بار. بۇ سورۇندىن قارىغاندا، بۇ كىشىلەر ھەرگىزمۇ زاماندىش ئۇيغۇر راھىبلار ياكى خەنزۇ راھىبلار ئەمەس، بۇ يەردە تەسۋىرلەنگەنلەرنى بەزى ئارخاتلار، يەنى سىرتتىن كەلگەن بۇرۇنقى يۇقىرى دەرىجىلىك راھىبلار دېگەن ياخشىراق.

نۇرغۇن كىيىم قالدۇقلىرى ھازىرغىچە

ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، «نەپىس رەسىم» لەردىنمۇ كۆرۈشكە بولىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ يىل دەۋرىنى بېكىتمەك تەس، رەسىملەردىكى كىيىملەرنى، بىز بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىمى دەپ ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمىز.

ئەپسۇسكى، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىن ئازغىنە ئامىللارنىلا ئىلغاپ ئالالايمىز. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئامىللار كېيىنكى بەزى تەتقىقاتلارنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

---

## ئىزاھات:

[1] ئو. فرانكې : «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك ۋە سكىفلار ھەققىدە جۇڭگودىكى تارىخىي ماتېرىياللار» ، 15-بەت.

[2] بېلى، 24-بەت؛ 50-بەتتىن پايدىلىنىشقىمۇ بولىدۇ.

[3] «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490-جىلد، «قوچو تەزكىرىسى»

[4] «جۇڭگو سەنئىتى» 2-سان، 17-بەت ۋە 65-بەت؛ مۇنداق تام رەسىملىرىنىڭ باشقا قىسىملىرى؛ «دۇخان تام رەسىملىرى»، 1957-يىلى، 33-بەت، - جۇڭگودا ئالدىنقى خەن دەۋرىدىن باشلاپلا جەڭ مەيدانى تەسۋىرلىنىدىغان ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن ئىدى، دۇۋىنداك: «ئاخبارات»، 34-، 1938-يىلى 264-بەتكە قاراڭ.

[5] E پىنكىس، 115-بەت.

[6] ئا.ۋون گابائىن : «تۇرپاندىن يىغىۋېلىنغان بۇيۇملار ئىچىدىكى باسما ماتېرىياللار»، 35-بەتنىڭ ئاخىرى، «جەدۋەللەر» 14.

[7] «ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىلغان بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە دائىر قەدىمىي بۇيۇملار» Ⅲ ، 19 - 4-رەسىم.

[8] غەربىنىڭ خىرىستىيان مۇرتلىرى بولۇشى مۇمكىن، 7-باب - 5-رەسىم؛ سۈرىيىلىك سودىگەرلەر؛ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 28-بەت.

[9] ئا.ۋون گابائىن : «شۈەنزاڭ تەرجىمىھالىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى» ، 8-بەتنىڭ ئاخىرى، «يۇن شاھزادىسى دەن»؛ H. فرانكې، 1969، 38-بەت.

[10] «قوچو » ، 22-بەت - 6، 7، 8-رەسىملەر.

[11] لېكوك: «بىر پارچە مانىچە فراگمېنت» .

[12] ستەيىن : «ئاسىيانىڭ ئىچكى رايونلىرى» ، 3-توم، 107-بەت.

[13] «گاندارا، كۇچار، تۇرپان»

[14] فۇجىئېدا : «بىر ياپونىيە مۈلكى؛ گرېك شەكلىدە ئولتۇرغان بۇت»؛ دۇخاندىن تېپىلغان.

[15] خانېس، 55-بەت: «قېلىپتا قويۇلغان يۈز شەكلى»

(16) گوۋېي :« تۈركىيىدىكى گۈزەل سەنئەت مەكتىپى»

(17) Ⅶ ، 32-بەت.

(18) ئاندرېۋس ، X X Ⅶ .

(19) شىشكىن، X Ⅳ

(20) «قوچو» ، 38-بەت.

(21) يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 16-بەت.

(22) خاككىن قاتارلىقلار: «1933-1940-يىللىرى ئافغانىستاندىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقاتلار» ، 57-بەت، 202-رەسىم.

(23) ئاپپېلگرېن - كىۋالو : « قەدىمكى ئالتاي سەنئىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ، 343-بەت.

(تەرجىمانلار: شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتىنىڭ پيونسونېرى، دۇنسېنت،
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى)

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

# «تارىخ جەرىدەئى» جەدىدە ۋە تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

ئابلاھەت ئابدۇقادىر

تۇرپانشۇناسلىق - ئاتاقلىق تارىخشۇناس جى شيەنلىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «دۇنخۇاڭشۇناسلىق ۋە تۇرپانشۇناسلىقنىڭ جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ۋە رولى» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىدا: «تۇرپانشۇناسلىق دېگەن بۇ ئاتالغۇ يېڭى بىر ئاتالغۇ بولۇپ، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەرب ۋە شەرقنىڭ بىر قىسىم ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى، شىنجاڭنىڭ تۇرپان رايونىدىن زور مىقداردىكى يازما ماتېرىياللار، ھۆججەتلەرنى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتكەن. نۇرغۇن ئەللەردىكى ئالىملار مۇشۇ ساھەدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ ساھە بىردەك ‹تۇرپانشۇناسلىق› دەپ ئاتالغان. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىۋېرسال ئىلىمدىن ئىبارەت» [1] دەپ كۆرسەتكىنىدەك، نۇرغۇنلىغان جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرىنىڭ دىققەت ئېتىۋارىغا ۋە ئۇنىڭغا بېغىشلانغان يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە سازاۋەر بولۇپ كەلدى.

شۇ ئالىم-تەتقىقاتچىلار ئىچىدە «تارىخ خەمسە شەرقىي» دەك شاھانە ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى بولغان قۇربان غەلى خەلىدي ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

قۇربان غەلى خەلىدى 1829-، 1830-يىللىرى (ھىجرىيە 1245-يىلى) جۇڭگونىڭ تارباغاتاي ۋىلايىتى كۆرشى رايونى روسىيە تەۋەسىدىكى ئاياگۆز ناھىيىسىدە بىر تاتار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1913-يىللىرى (ھىجرىيە 1331-يىلى) 84 يېشىدا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چۆچەك شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن [2] بولۇپ، ئۇنىڭ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇننى تۇتىدىغان ئەسىرى «تارىخ جەرىدەئى جەدىدە» («تارىخي يېڭى خاتىرىلەر») دۇر.

قۇربان غەلى خەلىدى بۇ ئەسەرنى ۋىجدانىي بۇرچ سۈپىتىدە مىلادىيە 1887-يىلى (ھىجرىيە 1304-يىلى) تارىم ۋە جۇڭغار ۋادىسىدىكى خەلقنىڭ شۇنداقلا بۇ خەلق ياشاۋاتقان شەھەر، يۇرت-مەھەللىرىنىڭ تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىش مەقسىتىدە يازغان. ئەسەرنىڭ يېزىلىشىدىكى بۇنداق مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى ئەسەر باشلانمىسىدىكى ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «خۇسۇسەن تۈركىستاننىڭ شەرقىدە، تاتارستان، ئۆزبېكىستان، شىنجاڭ ۋە بۇخارائى سەغىير (قەشقەر) ھازىر ئالتە شەھەر دەپ ئاتالغان مەشھۇر رايونلار بار. ئۇلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن بۇيان قانچە قېتىملاپ بۆلۈندىلەر، ئۆز-ئارا بولغان سوقۇش بالالىرى ۋە باشقا ئىشلار سەۋەبلىك تارىخ ئەسكەرتىشلىرىدىن پۈتۈنلەي سىرتتا بوش قالغان. خەلقى قايسى ۋاقىتتا مۇسۇلمان بولغان، ئىسلامدىن بۇرۇن قايسى ھالدا بولغان، ئىسلام كەلگىچە قۇرۇلغان كونا ھۆكۈمەتلەر ھەققىدە ئاۋام خەلق پۈتۈنلەي خەۋەرسىز بولۇپ، ئايرىم كىشىلەردىن باشقا كۆپچىلىكى تولۇق بىر نەرسە بىلمەيدۇ» [3] دېگەن سۆزلەردىن كۆرۈۋالالايمىز.

ئاپتور بۇ ئەسەرنى چوڭ-كىچىك 17 بۆلۈمچىگە بۆلۈپ يازغان. ئەسەردە ئوتتۇرا ئەسىر مۇسۇلمانلارنىڭ شەرقىدە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى بويىچە «ھەممىدىن شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دېگەن جۈملە بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئەسەردە قويۇق دىنىي كەيپىياتنىڭ بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى ئاپتورنىڭ ئۆزى ئىسلام دىنىنىڭ چوڭ موللىسى ئىدى.

ئاپتور بۇ ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسلانغان ھالدا سەئىدىيە خاندانلىقى، ئاپپاق خوجا ھاكىمىيىتى، جۇڭغارلار ۋە ياقۇپ بەگ دەۋرىدىكى بىر قىسىم ئەھۋاللار، خۇيزۇ قوزغىلىڭى، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ زوزۇڭتاڭ، ليۇجىنتاڭلارنىڭ باشچىلىقىدا تارىم جۇڭغار ۋادىسىغا ئەسكەر

باشلاپ كىرىشى ۋە كىرگەندىن كېيىنكى خەلق تۇرمۇشى، شۇنداقلا ماناس، سانجى، ئۈرۈمچى، ئارتبالىق (داۋانچىلىك)، تۇرپان، ئاستانە، مۇرتۇق، لۈكچۈن، دىغار قاتارلىق يۇرتلار ۋە بىر قىسىم مەشھۇر مازارلار ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، ئەسەر يالغۇز تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىدىلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ئۆزگىچە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئەسەردە سەئىدىيە دەۋرىگە تەۋە جەمئىي تۆت پارچە يارلىق بېرىلگەن بۇلار:

1. سەئىدىيە خانلىرىدىن مىلادىيە 1501 ـ 1543 ـ يىلغىچە مۇغۇلىستان تەختىدە ئولتۇرۇپ ئاساسلىقى تۇرپان، قارا شەھەر قاتارلىق رايونلارنى باشقۇرغان، ئىنىسى سەئىد خان قۇرغان يەكەن سەئىدىيە خانلىقىغا گاھى ۋاقىتلاردا بېقىنغان ۋە گاھى ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرغان سۇلتان ئەخمەت خاننىڭ چوڭ ئوغلى ـ سۇلتان مەنسۇرخاننىڭ سۇلتان ئالىپ ئاتا مازىرىغا شەيخ تەيىنلەش يۈزىسىدىن چۈشۈرگەن يارلىقى.

2. موغۇلىستان پادىشاھلىرىنىڭ بىرى سۇلتان يۇنۇس خاننىڭ ئوغلى، 1487 ـ يىلى موغۇلىستانغا پادىشاھ بولۇپ ئاقسۇ، كۇچار، قاراشەھەر، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى باشقۇرغان، ئاقسۇدا ۋاپات بولۇپ شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. سۇلتان ئەخمەت خاننىڭ سۇلتان ئالىپ ئاتا مازىرى ھەققىدە چۈشۈرگەن روشەنلەشتۈرۈش، ئېزاھلاش خاراكتېرىنى ئالغان بىر پارچە ۋەخپە ھۆججىتى.

3. 1490 ـ يىلى تۇرپاندا تۇغۇلۇپ 1514 ـ يىلى سەئىدىيە خانلىقى تەختىگە چىقىپ يەكەننى پايتەخت قىلغان، 1533 ـ يىلى ۋاپات بولغان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىد خاننىڭ سۇلتان ئالىپ ئاتا مازىرىغا شەيخ تەيىنلىگەنلىك توغرىسىدىكى يارلىقى.

4. مىلادىيە 1638 ـ يىلى تەختكە چىققان يەركەن خانلىقىنىڭ 9 ـ سۇلتانى ئابدۇللا خاننىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ـ تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلارنى باشقۇرىدىغان قاراندى سۇلتان ـ سۇلتان باباخان غازىنىڭ ئەسھەبۇلكەھنى غارىغا شەيخ تەيىنلەش توغرىسىدا چۈشۈرگەن يارلىقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇ يارلىقلار ئۆز نۆۋىتىدە مۇھىم تارىخىي ھۆججەت سۈپىتىدە ئەينى دەۋرىدىكى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى، جەمئىيەت ئەھۋالىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئەسەردە تۇرپان ۋە لۈكچۈن خوجىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى، نەسەبى ھەققىدە بىر قەدەر تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە ئەسەر ئاپتورى بولغان قۇربان غەلىي خەلىدى ئىمىن غوجىدىن باشلانغان تۇرپان خوجىلىرى نەسەبىنى بىرقەدەر تەپسىلىي يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىدۇ.

ئەسەردە تۇرپان تەۋەسىدىكى مىلىك ئۆيلەر ھەققىدىمۇ مەلۇماتلار بېرىلگەن بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭ سانىنى «ئۈچيۈز ئەتراپىدا» دەپ مۆلچەرلەيدۇ.

ئاپتور ئەسىرىدە زامانىسىدىكى دەۋرداش ئالىم ئۆلىمالارنىڭ ئەھۋاللىرىدىنمۇ خەۋەر بەرگەن. ئەلۋەتتە، بۇ ئاپتورنىڭ ساياھەت يۆلىنىشى بولغان تۇرپان، قومۇل تەرەپلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. بۇ مەلۇماتلار موللا موسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى»، «تارىخىي ئەمىنىيە» سىدىكى ئالىم ئۆلىما ۋە شەخسلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرىدۇ ۋە تولۇقلايدۇ. مەسىلەن، قۇربان غەلى خەلىدى «تارىخ جەرىدەئى جەدىدە» نىڭ «ئەسھەبۇلكەھنى» بۆلۈمىدە: ئەسھەبۇلكەھنى شەيخلىرىدىن «پولات شەيخ ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى جاھىللىق بىلەن ھۆججەتتە يېزىلغان ئۈچ ۋەزىپىنى ئۆز ئالدىغا تارتىپ ئالغانلىقتىن 1303 ـ يىلى (مىلادىيە 1886 ـ يىلى ) كۈچەك موللا ۋە موللا مۆلۈكنىڭ ئەۋلادلىرى شەيخلىق تالىشىپ، ئۆزئارا جاڭجاللىشىپ، ئەرز قىلىشىپ مۇشۇ پولات شەيخكە شېرىك بولغان. نەزىر ـ سەدىقە ۋە ۋەخفىلەردىن كەلگەن كىرىملەرنى 17 شەيخ ئۆزئارا بۆلىشىدۇ. لېكىن پولات شەيخ ھەممىسىگە رەئىسلىك ئورنىدىن پايدىلىنىپ كىرىمنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ. قالغان يېرىمى باشقىلارغا بۆلۈپ بېرىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ داۋالىرى ھازىرغا قەدەر تۈگىمىگەن ئىكەن. ھۆكۈم پولات شەيخنىڭ پايدىسىغا بولىدىكەن دېگەن سۆز تارىلىپ يۈرىدۇ» دەپ يازغان. موللا موسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» (ئۇيغۇرچە نەشرى 575 ـ بەت) سىدە «ئەسھەبۇلكەھفنىڭ شەيخلىرىدىن مۇللا پولات شەيخ دېگەن ئەزىز، مۆتىۋەر، باي بىر كىشى بار ئىدى، ئۇنى ئاق ئۆيلۈك قىلىپ ئاقسۇدا

توختاتتى» دېگەن مەلۇمات بولۇپ، ھەر ئىككىلا ئەسەردە ئوخشاش بىر شەخس تىلغا ئېلىنغان. ھەر ئىككى ئەسەر مەزمۇنىنى بىرلەشتۈرگەندە شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، پولات شەيخ دەۋادا شەك-شۈبھىسىز يېڭىلگەن. ئاق ئۆيلۈك قىلىش ئۆي-ۋاق، مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ ياكى باشقىلارغا بۆلۈپ بېرىلىپ بالا-چاقىسى، ئائىلىسى بويىچە باشقا يۇرتقا سۈرگۈن قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، پولات شەيخ مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ تۇرپاندىن ئاقسۇغا سۈرگۈن قىلىنغان.

قۇربان غەلى خەلىدى يازغان «تارىخ جەرىدەئى جەدىدە» نىڭ «ئەسھەبۇلكەھف» بۆلۈمىچىسى بىلەن موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» سىدىكى «ئەسھەبۇلكەھف» ھەققىدىكى بايانلار زور ئوخشاشلىققا ئىگە بولۇپ، بۇ ھەر ئىككىلا ئاپتورنىڭ ئەسھەبۇلكەھف ھەققىدىكى بايانلارنى يېزىشتا ئوخشاش بىر (يازما ياكى ئاغزاكى) مەنبەدىن پايدىلانغانلىق ئېھتىماللىنى چەتكە قاقمايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەسەردە ئەسھەبۇلكەھف مازىرى، ئالىپ مازىرى، قارا ساقال خوجا مازىرى، ھەزرىتى خوجە سەئىد ۋاققاس ۋە مۇخفىل تىرئانداز ھەزرەتلىرى مازىرى قاتارلىق بىرنەچچە مازارنىڭ شەكىللىنىش ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ مەلۇماتلار شىنجاڭغا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتېرىياللىق رول ئوينايدۇ.

---

ئىزاھات:

① ئەركىن ئەرشىدىن: «تۇرپانشۇناسلىق ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا» ، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ، 2001-يىللىق 1-سان، 9-بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

ئەسلىسى : جى شيەنلىڭ: «دۇنخۇڭشۇناسلىق ۋە تۇرپانشۇناسلىقنىڭ جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ۋە رولى» ، «قىزىل بايراق» ژۇرنىلىنىڭ 1986-يىللىق 3-سان.

② قۇربان غەلى خەلىدىنىڭ تۇغۇلغان جايى ۋە يىلى توغرىسىدىكى بۇ مەلۇمات ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندىنىڭ شۇ كىتاپچىغا يېزىپ بەرگەن «قۇربان غەلى خەلىدى ۋە ئۇنىڭ يول خاتىرىسى ‹تارىخي يېڭى خاتىرىلەر› » ناملىق كىرىش سۆز ئورنىدىكى ماقالىسىدىن ئېلىندى.

قۇربان غەلى خەلىدىنىڭ تۇغۇلغان يىلى ۋە جايى توغرىسىدا ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان قاراشمۇ مەۋجۇت بولۇپ، ئابدۇرېھىم مۇھەممەت « قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1988-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان «قۇربان غەلى خەلىد ۋە ‹تارىخي خەمسە شەرقىي› » ناملىق ماقالىسىدە: «تارىخشۇناسنىڭ تولۇق ئىسمى - ئىمام قۇربان غەلىي ھاجى خەلىدىي بولۇپ، مىلادىيە 1846-يىلى، ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چۆچەك ناھىيەسىدە بىر تاتار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان.

③ قۇربان غەلى خەلىدى «تارىخ جەرىدەئى جەدىدە» ، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەجىت ئەبۇزەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989-يىلى 10-ئاي 1-نەشرى، 3-، 4- بەت.

(ئاپتور: خوتەن ناھىيە گولاخما يېزا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)
تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# تۇرپاندىن تېپىلغان مىس كۆرگۈ (ئەينەك) لەر

ئابدۇگۇل ئابلىمىت

مىس كۆرگۈ بىر خىل تەبىئىي مېتال - تۇچتىن پايدىلىنىپ ياسالغان كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا پەردازلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى ئىككى چوڭ سىستېمىغا بۆلۈنگەن. بىرى غەربىي ئاسىيا - ياۋروپا قاتارلىق جايلاردا ئىشلىتىلگەن مىس كۆرگۈلەر، بۇلار يۇمۇلاق شەكىلدە بولۇپ، بىرقەدەر ئۇزۇنراق تۇتقۇچى بار. يەنە بىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە شەرقىي ئاسىيا رايونىدىكى دۆلەتلەردە ئىشلىتىلگەن مىس كۆرگۈلەرنىڭ شەكلى يۇمۇلاق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ تۇتقۇچى يوق.

ئىنسانلار جەمئىيىتى پەيدا بولۇپ خېلى بىر مەزگىللەرگىچە ئەينەكسىز ئۆتكەن. بۇ جەرياندا ئۇلار كۆل سۇلىرى، ئېقىن سۇلارغا چۈشكەن شولىسىغا قاراپ پەردازلانغان، دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزلىرىنى پەردازلاشقا ئۆزلىرىنىڭ يۈز قىسمىنى كۆرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان نەرسىنىڭ كەملىكىنى ۋە جىددىي زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىشقان، ئۆز ئەيىپلىرىنى يوشۇرۇشتا ئەينەكنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىپ، كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ شولىسىنى كۆرەلەيدىغان، ئەيىپلىرىنى كۆرەلەيدىغان بىرەر بۇيۇمنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنى گۈزەللەشتۈرۈش توغرىلىق ئۇزۇن مۇددەت ئىزدەنگەن، شۇنداق قىلىپ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز مىس كۆرگۈ (ئەينەك) نى كەشىپ قىلغان. مىس كۆرگۈنىڭ زادى قاچان، قەيەردە پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا بىرەر يازما مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. مىس كۆرگۈ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي پەردازسىز تۇرمۇشتىن زامانىۋي مەدەنىيەتلىك تۇرمۇشقا ئۆتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بۇ مىس كۆرگۈلەرنى ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىللەرگىچە ئىشلەتكەن. ھازىرقى چىرايلىق، كۆركەم ئەينەكلەر پەيدا بولغاندىن كېيىن، بۇ مىس كۆرگۈلەر ئۆزىنىڭ تارىخىي رولىنى تاماملىغان. ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردە دەۋرى ئوخشاش بولمىغان ھەرخىل ياسالغان مىس كۆرگۈلەر تېپىلدى. تۆۋەندە تۇرپاندىن تېپىلغان بىر قىسىم مىس كۆرگۈلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن ھەم كەسىپداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

**1. ياڭخي قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان مىس كۆرگۈلەر**

بۇ مىس كۆرگۈ 2004 - يىلى پىچان ناھىيەسىنىڭ ياڭخي قەدىمي قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان. دىئامېترى 6.8 سانتىمېتر، قىزىل مىستىن ياسالغان، يۈزى سىدام، يۇمۇلاق شەكىلدە، كەينى تەرىپىدە كۆۋرۈك شەكلىگە ئوخشايدىغان تۇتقۇچى بار بولۇپ، قومۇلدىكى يانبۇلاق قەدىمكى قەبرىستانلىقى ۋە ئاقسۇ قىزىل سۇ ئامبىرى قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان مىس كۆرگۈلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. خېلى سىپتا ياسالغان بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت توپىنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ تۇرغان بولغاچقا ئېغىر دەرىجىدە داتلىشىپ كەتكەن.

**2. ھايۋانات رەسىمى چۈشۈرۈلگەن ئويما يېزىقلىق مىس كۆرگۈ**

بۇ مىس كۆرگۈ 2005 - يىلى تۇرپان شەھىرىدىكى مۇنار قەبرىستانلىقى 311 - نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان. ھايۋانات رەسىمى چۈشۈرۈلگەن مىس كۆرگۈ ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىن تېپىلغان. لېكىن رەسىم مەزمۇنى ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ دىئامېترى 9.5 سانتىمېتر، قېلىنلىقى 0.74 سانتىمېتر، مىستا قۇيۇپ ياسالغان، ئوتتۇرىسىدا يۇمۇلاق تۇتقۇچى بار. قوش كۆپۈنكى تارىغا ئوخشايدىغان

نەقىشلەر ئەينەكنىڭ يۈزىنى ئىچكى ۋە تاشقى ئىككى رايونغا بۆلگەن، ئىچكى رايونىدىكى تۇتقۇچنىڭ ئەتراپىغا تۆت ھايۋاننىڭ بىر-بىرىنى قوغلىشىۋاتقان رەسىمى چۈشۈرۈلگەن، مىس كۆزگۈلەرنىڭ كەينىگە خاسىيەتلىك ھايۋانلارنىڭ نەقىشى چۈشۈرۈلۈشى تاڭ دەۋرىدىن تارتىپ باشلانغان بولۇپ، بۇ دەۋردە ياسالغان ئەينەكلەر قاتتىق ھەم پارقىراقلىقى ياخشى، رەڭگى چىرايلىق، نۇر قايتۇرۇلۇشى يۇقىرى بولغان. ئوتتۇرىدىكى تۇتقۇچنىڭ يېنىغا تۆت دانە ھايۋاننىڭ نەقىشى ئويۇلغان بولۇپ، ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ قوغلىشىۋاتقان ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇلارنىڭ زادى قانداق ھايۋان ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. سىرتقى تەرىپىگە ئويما يېزىق ئويۇلغان بولۇپ، جەمئىي 20 دانە خەت بار، ئۇلارنىڭ مەنىسىنى ھازىرچە چۈشەنگىلى بولمىدى. شىنجاڭدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە بۇنداق ئويما يېزىق بار مىس كۆزگۈ ئاز ئۇچرايدۇ. مىس كۆزگۈ 1400 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە، كۇي جەمەتى قوچو خانلىقى دەۋرلىرىگە توغرا كېلىدۇ.

**3. ئۈزۈم رەسىمى چۈشۈرۈلگەن مىس كۆزگۈ**

بۇ مىس كۆزگۈ 2004-يىلى تۇرپاننىڭ قارا غوجا يېزىسى باداملىق قەبرىستانلىقى 36-نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان. دىئامېتىرى 9.5 سانتىمېتىر، گىرۋىكىنىڭ قېلىنلىقى 0.7 سانتىمېتىر، يۇمىلاق شەكىلدە، ئوتتۇرىسىدا يۇمىلاق تۇتقۇچى بار. ئەينەكنىڭ قىرىغا ئىككى يۇمىلاق تۈز كەتكەن ھەرە چىشىغا ئوخشايدىغان نەقىش ۋە يۇمىلاق چېكىتلەر زىننەتلەنگەن. ئىككى رەت تار كىرىچ نەقىشى كەينى يۈزىنى ئىچكى ۋە تاشقى ئىككى قىسىمغا ئايرىۋەتكەن، ئىچكى رايونغا يېقىن بولغان تۇتقۇچنىڭ يېنى بىر يۆگەم تۇتاش ياي شەكىلدىكى نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن. ياي شەكىلدىكى نەقىش بىلەن تار كىرىچ نەقىشى ئارىسىدا بىر ساپاق مەي باغلاپ پىشقان ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم يوپۇرمىقى بار، سىرتىدا چىرمىشىپ كەتكەن تامغا يامىشىدىغان ئوت - چۆپ نەقىشى بېرىلگەن بولۇپ، بەشبالىق قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان ئۈزۈم رەسىمى نەقىش قىلىنغان مىس كۆزگۈگە ئوخشاش بولۇپ، دەۋرى تاڭ دەۋرلىرىگە توغرا كېلىدۇ.

**4. ئەگرى تۇتقۇچلۇق مىس كۆزگۈ**

بۇ مىس كۆزگۈ 1995-يىلى تۇرپان يارغول قەدىمكى شەھىرى شىمالى غولىنىڭ شىمالىدىكى 16-نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان. مىس كۆزگۈنىڭ دىئامېتىرى 6.2 سانتىمېتىر، تۇتقۇچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.2 سانتىمېتىر، ئۇنىڭ رەڭگى كۆك رەڭدە، شەكلى يۇمىلاق، S ھەرپى شەكلىگە ئوخشايدىغان تۇتقۇچى بار، كەينى تەرىپىدە ھىلال ئاي شەكلىدىكى ئويما نەقىش بار، ئوتتۇرىسىدا يۇمىلاق تۆشۈكى بار. بۇ مىس كۆزگۈ ئۇزۇن يىللار توپىنىڭ ئارىسىدا كۆمۈلۈپ تۇرغان بولغاچقا، ئېغىر دەرىجىدە داتلىشىپ كەتكەن.

**5. يۇلتۇز، بۇلۇت شەكىللىك نەقىش چۈشۈرۈلگەن مىس كۆزگۈ**

بۇ مىس كۆزگۈ 1996-يىلى يارغول قەدىمكى شەھىرى غەربىي غول قەبرىستانلىقى 1-نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان. مىس كۆزگۈنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان، مىستا قۇيۇپ ياسالغان. ئوتتۇرىسىدا يۇمىلاق تۇتقۇچ تەگلىكى، 8 دانە مىخ بىلەن ئەگرى سىزىقچىلار ئۆزئارا تۇتاشقان، تەگلىكنىڭ سىرتىدا تار شەكىللىك نەقىشى ۋە تۆت دانە بىر-بىرى بىلەن قارىشىپ تۇرىدىغان ياي شەكلىدىكى نەقىش بار، سىرتقى چەمبەردە 16 دانە تۇتاش ياي شەكىللىك چەمبەر ۋە قىسقا يانتۇ شەكىللىك نەقىشى بار. قىسقا قىيپاش شەكىللىك نەقىش بىلەن تار شەكىللىك نەقىشى ئوتتۇرىسىدا تۆت دانە يۇمىلاق شەكىللىك تەگلىك تۆت گۇرۇپپا يۇلتۇز، بۇلۇت شەكىللىرى نەقىشى بار. ھەربىر گۇرۇپپىدا ئالتە دانە كىچىك ئەگرى-بۈگرى بۇلۇت نەقىشى ئۆزئارا تۇتىشىپ كەتكەن. ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى دىئامېتىرى 11 سانتىمېتىر.

**6. سىدام يۈزلۈك مىس كۆزگۈ**

بۇ مىس كۆزگۈ 1980-يىلى تۇرپان ئايدىڭكۆل قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان. نېپىز،

چېقىلىپ كەتكەن. دىئامېتىرى 7 سانتىمېتىر، ئەينەكنىڭ يېنىنىڭ بىر يېرىدە 3 دانە تۆشۈكى بار. بۇ مىس كۆرگۈ بېجىرىم ساقلىنالمىغان. ئۇزاق زامان توپىنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ تۇرغاچقا، ئېغىر دەرىجىدە داتلىشىپ، رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەن. توپا ئىچىدىن قازغاندا بۇيۇمنىڭ بەزى جايلىرى چېقىلىپ كەتكەن. ئەينەككە ھېچقانداق نەرسىنىڭ نەقىشى بېرىلمىگەن.

7. مىس كۆرگۈ پارچىلىرى

بۇ مىس كۆرگۈنىڭ پارچىسى 1980-يىلى ئايدىڭكۆل قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان. ئەسلىدە يۇملاق شەكىلدىكى مىس كۆرگۈنىڭ بىر پارچىسى قالغان. يېنىنىڭ قېلىنلىقى 0.8 سانتىمېتىر، كەسمە يۈزى ئۈچ قات بولۇپ، ئوتتۇرا بىر قەۋىتىنىڭ قېلىنلىقى 0.4 سانتىمېتىر، ئەينەكنىڭ كەينىدە ياي شەكىلدىكى گىرۋىكى بولۇپ، ئىككى رەت ئەينەككە تەۋە. ئەڭ كەڭلىرى 0.4 سانتىمېتىر، گىرۋىكىدە نەقىش بار. بۇ مىس كۆرگۈنىڭ دەۋرى بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ مىس كۆرگۈمۇ ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى توپا ئاستىدا كۆمۈلۈپ تۇرۇپ داتلىشىپ كەتكەن. مىس كۆرگۈ سىدام بولۇپ، ھېچقانداق رەسىم، شەكىل، نەقىش بېرىلمىگەن.

مىس كۆرگۈ ئىنسانلار قەدىمكى زاماندا كەشىپ قىلىپ ئىشلەتكەن بىر خىل تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇپ، گۈزەللىككە ئىنتىلگەنلىكىنىڭ ھەمدە گۈزەللىككە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر. تۇرپاندىن تېپىلغان مىس كۆرگۈلەر سان جەھەتتە باشقا رايونلاردىن قېزىۋېلىنغان مىس كۆرگۈلەردىن كۆپ، بۇلار ئېھتىمال يىپەك يولىنى بويلاپ باشقا رايونلاردىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. يەنە بەزىلىرى مۇشۇ يۇرتتا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرى ياسىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ شەكلى ھەرخىل، ئەكس ئېتىلگەن مەزمۇنلار مول، ئويمىلار جانلىق بولۇپ، ئۇلارغا ناھايىتى يۇقىرى ھەم سۈپەتلىك ھۈنەر-سەنئەت ماھارىتى سىڭدۈرۈلگەن. مىس كۆرگۈلەرنىڭ نەقىشى ئويما ئۇسۇلدا چېكىلگەن بولۇپ، مىسنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. تۇرپاندىن بايقالغان بۇ مىس كۆرگۈلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ، جۈملىدىن تۇرپاننىڭ برونزا (مېتال) دىن پايدىلىنىپ ھەرخىل ئەسۋابلارنى ياساش تېخنىكىلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئەمەلىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

(ئاپتور تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىدا )
تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

# تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ئاخىرەتلىك قەغەز بويۇملار ھەققىدە

بۇخەلچەم باھاۋۇدۇن

ھازىرغىچە تۇرپان دىيارىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش - قېزىشلار نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، تۇرپاندىكى ئاستانە، يارغول، قارا غوجا قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن ھەر خىل تىل - يېزىقلاردا يېزىلغان زور مىقداردىكى كىتاب - دەستۇرلار، باغلام - باغلام قولىيازما يادىكارلىقلار، ھېساب - كىتاب دەپتەرلىرى ھەمدە ھەربىي، دىنىي، سىياسىي، ئىقتىساد، ئەدەبىي ئەسەرلەر پراگمېنتلىرى تېپىلىپلا قالماي، بەلكى ئاخىرەتلىك بويۇم تەرىقىسىدە قەغەزدىن ياسالغان پۇل، ئاياق، قالپاق، بۆك، چاپان، ئىشتان(تامبال)، تاۋۇت(گۇەنسەي)، ھەرخىل گۈل - نۇسخىلار چىقىرىپ ياسالغان يەلپۈگۈچ، يۈزلۈك(نىقاب)، تۆرلۈك بەدىئىي سەنئەت بويۇملىرىمۇ كۆپلەپ تېپىلدى.

تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قەبرىگە ئۆلگۈچى بىلەن بىللە ئاخىرەتلىك بويۇم قويۇپ دەپنە قىلىش ئادىتى ناھايىتى قەدىمدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قائىدىسى ئاساسەن ئىككى خىل بولىدىكەن. بىر خىلى ئەمەلىي قوللىنىدىغان بۇيۇملار، يەنى ئۆلگۈچىنى ئوراپ قاچىلايدىغانغا لازىملىق جەسەت ساندۇقى، يۈزنى ياپىدىغان يۈزلۈك، جەسەتنى كېپەنلەپ ساندۇققا سالىدىغان كېپەنلىك قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار ئاددى ياسىلىدىكەن ھەمدە كېيىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن سەل ئالاھىدىرەك ياسىلىدىكەن. يەنە بىر خىلى سىمۋول خاراكتېرلىك بۇيۇملار بولۇپ، مەلۇم نەرسىگە سىمۋۇل قىلىنغان مەنانى ئىپادىلەيدىكەن. مەسىلەن، لوپنۇر ناھىيەسىدىكى يىڭپەن قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى مىسال ئالساق، 15 - نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان7 - نومۇرلۇق ئاخىرەتلىك چاپاننىڭ ئۇزۇنلىقى ئاران 22.2 سانتىمېتىر، يېڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 11.4 سانتىمېتىرلا كېلىدۇ. بۇ ئەسلىدە چوڭ چاپانغا سىمۋۇل قىلىنغان بولۇپ، قېزىۋېلىنغاندا بۇ چاپان ئۆلگۈچىنىڭ كۆكرىكىگە قويۇپ قويۇلغان. 15 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى 8 - نومۇرلۇق ئاخىرەتلىك چاپاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 26.8 سانتىمېتىر، ئىككى يېڭىنى ئاچقاندىكى ئۇزۇنلۇقى 44.9 سانتىمېتىر بولۇپ، قېزىۋېلىنغاندا بۇ چاپان ئۆلگۈچىنىڭ بېشى ئۈستىگە قويۇپ قويۇلغان.دېمەك، ئېسىل توقۇلما بويۇملاردىن تىكىلگەن بۇ ئىككى دانە كىچىك چاپان ئەسلىدە چوڭ چاپانلارغا سىمۋول قىلىنىپ تىكىلگەن بولۇپ، ئۇ ئالەمگە كىيىم بىلەن كەتتى، دېگەن مەقسەتتە ئاخىرەتلىك بويۇم سىمۋولىدا ئۈزۈتۈلگان①.

ئەمما تۇرپاندىكى ئاستانە، قارا غوجا قەبرىستانلىقى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان قەغەزدىن ياسالغان ئاخىرەتلىك كىيىملەر بىلەن ئاياقلار ئۇنداق سىمۋول خاراكتېرىدە كىچىكلىتىلگەن ئەمەس، بەلكى جەسەتنى كېپەنلىگەندە مەرھۇمنىڭ ئۈچىسىغا كىيدۈرۈلگەن ھالەتتە.

ئۈستى ئۇچۇق مۇزېي دەپ تەرىپلىنىدىغان، قويندىن ھەممە جاۋاھىراتلار تېپىلىدىغان قارا غوجا، ئاستانە قەبرىستانلىقى ھازىرغىچە كۆپ قېتىملاپ قېزىلدى. بۇ جايدىكى تۈركۈم - تۈركۈم قەبرىلەردىن تېپىلغان ھەمدە قەغەزنى خام ئەشيا قىلىپ، ساپ قەغەزدىن ياسالغان مېيىت ئۈزىتىشتىكى ئاخىرەتلىك بويۇملار كۈندىلىك تۇرمۇش بويۇملىرىنى ئاساس، سوۋغا - سالام بۇيۇملىرىنى قوشۇمچە قىلغان. كۈندىلىك بۇيۇملاردىن ئاساسلىقى كىيىم - كېچەك،زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى، باش كىيىملىرى، بۆك، قالپاق، شىلەپە قاتارلىقلار كۆپرەك. ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان قەغەزدىن ياسالغان ئاياق، ئۆتۈكلەرنىڭ چوڭلىقى كىشىلەر كىيىدىغان ھەقىقىي خۇروم ئاياغلار بىلەن ئوخشاش. گەرچە ئۇنىڭ خام ئەشياسى قەغەز بولسىمۇ، ئەمما بىر قات قەغەزدىنلا ياسالغان نېپىز ئاياق بولماستىن، بەلكى قەغەزنى نەچچە

قاتلاپ، بىر-بىرىنى شىلىم بىلەن يەملەپ قېلىنلىتىپ، ئاياقلارنىڭ قىرغىقى بىلەن چەمنى يىپ-يىڭنە بىلەن قوشۇپ تىكىپ، خۇددى كۆن، خروم ئاياقلارنى تىككەندەكلا پۇختا، ھەم، سىپتە قىلىپ تەييارلىغان. ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان كىيىم-كېچەكلەرگە قارىغاندا، قەغەز دەسلەپتە ھەر خىل توقۇلما بۇيۇملاردىن تىكىلگەن كىيىملەرگە ئەستەرلىك (پەۋاز) قىلىپ ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم. مەسىلەن، ئاستانىدىكى مىلادىيە 384- يىلىغا خاس 305-نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان كاناپ رەختتىن تىكىلگەن يالاڭ ئاياقنىڭ ئىچىگە بىر قات قەغەزدىن ئەستەرلىك قىلىنغان②. كېيىنچە قەغەزنى ئاساس قىلىپ، قەغەزدىن تىكىلگەن ئاياقلارنىڭ ئۈستىگە بىر قات شايى، يىپەك يەملەنگەن. مەسىلەن، 382- نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان بىر قەغەز ئاياق ئەسلىدە خەت يېزىلغان كونا قەغەزلەرنى قاتلاپ، ئاياق شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قات قىزىل، ئاق رەڭدار شايى يىپەك يەملەنگەن. ئاياق ياسىغان قەغەز ئەسلىدە مۇھىم يازما يادىكارلىق بولۇپ، ئۇنىڭ يېزىلغان ۋاقتى مىلادىيە 424-يىلى مىلادىيە 441-يىلىغىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدىكەن③. ئاستانىدىكى 360- نومۇرلۇق قەبرىدىن بىر قەغەز ئاياق چىققان. ئاياقنىڭ ئۇچى ئۇچلۇق، ئېغىزى يۇملاق بولۇپ، بۇ قەغەز ئاياقنىڭ ئۈستىگە نېپىز بىر قات شايى يىپەك يەملەنگەن. ئاياق يېنى بىلەن چەمى ئىنچىكە يىپ بىلەن تۈجۈپىلەپ تىكىلىپ ناھايىتى سىپتا، چىرايلىق ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن. بۇ قەغەز ئاياقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 26.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 8.5 سانتىمېتىر بولۇپ، 8 پارچە يازما يادىكارلىقنى قاتلاپ ئاياق شەكلىگە كەلتۈرۈش بىلەن تەييارلانغان. بۇ ئاياققا ئىشلىتىلگەن قەغەز (يەنى يازما يادىكارلىق) ئىچىدە «مۇھاكىمە ۋە بايان. بەگلىكلەرنى ئىدارە قىلىش» (論語·公治長) مۇبار ئىكەن ④.

ئاستانە ۋە قاراغوجا قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان يەنە بىر مۇنچە قەغەزدىن ياسالغان ئاياقلارغا شايى-يىپەكلەر يۈزلۈك قىلىنماستىن، بەلكى ياساپ پۈتتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۈستىگە رەڭ بېرىپ بويىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلگەن. مەسىلەن، ئاستانە ۋە قارا غوجا قەبرىستانلىقىدىكى جىن سۇلالىسى (265-420-يىل) دىن جەنۇبىي شىمالىي سۇلالىلەر (420-581-يىل) دەۋرلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرلەرگە خاس قەبرىلەردىن تېپىلغان قەغەز ئاياقلارنىڭ ئۈستىگە رەڭ بېرىلىپ چىرايلىق بويالغان⑥. (304-439-يىل) دىن دەسلەپكى تاڭ دەۋرى مىلادىيە 7-ئەسىرلەرگىچە بولغان دەۋرلەرگە خاس ئاستانە 389- نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان قەغەزدىن ياسالغان ئاياق ناھايىتى چىرايلىق ھەم پۇختا ئىشلەنگەن. ئۇنىڭ چەمى ئىككى قات ئاق قەغەزنى قاتلاپ، قايچا بىلەن كېسىپ چىقىرىلغان. ئاياقنىڭ تېگى بىلەن چەمى شايى يىپ-يىڭنە بىلەن تۈجۈپىلەپ تىكىلىپ خۇددى قېلىپتا قۇيغاندەكلا سىپتا ئىشلەنگەن. ئاندىن ئاياق ئۈستىگە قارا رەڭ بېرىلگەن ۋە ئاق، سېرىق رەڭلەردە سىزىقچىلەر چىقىرىلغان. ئاياق ئىچىگە قىزىل رەڭلىك چېكىتلەر چېكىلگەن. ئەپسۇسكى، بۇ ئېسىل قەغەز ئاياق ئەينەن ساقلىنىپ قالالمىغان. ئۇنىڭ قالدۇقىنىڭ ھازىرقى ئۇزۇنلۇقى 5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 9 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 6 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ ئاياق تېپىلغان قەبرىگە يانداش بولغان 387-نومۇرلۇق قەبرىدىنمۇ بىر دانە قەغەز ئاياق تېپىلغان بولۇپ، ئۇ ئىككى قات قەغەزنى يەملەپ بىرىكتۈرۈلۈپ تىكىلگەن ھەمدە ئاياق ئۈستىگە قارا رەڭ بېرىلگەن. بۇ ئاياقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 16 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 10 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 6 سانتىمېتىر بولۇپ، ناھايىتى نەپىس ياسالغان⑥.

ئاستانىدىن مىلادىيە 643-يىلىغا خاس 301- نومۇرلۇق قەبرىدىن قۇرۇپ كەتكەن ئۈچ جەسەت تېپىلغان. يەنە ئاستانىدىن 653-يىلىغا خاس 302- نومۇرلۇق قەبرىدىنمۇ قۇرۇپ كەتكەن بىر جەسەت تېپىلغان بولۇپ، بۇ 4 دانە جەسەتنىڭ ھەممىسىنىڭ پۇتىغا قەغەزدىن ياسالغان ئاياقلار كىيدۈرۈلگەن. بۇ ئاياق كەندىردىن ياسالغان قەغەزلەرنى قايچا بىلەن تەكشى كېسىپ، ئاياق بىلەن چەملەرنى ئىنچىكە شايى يىپ بىلەن تۈجۈپىلەپ تىكىپ بىرىكتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە رەڭ بېرىپ ئىشلەنگەن. ئاياقلارغا قەغەز ۋە يىپتىن باشقا ھېچقانداق توقۇلما بۇيۇملار ئىشلىتىلمىگەن بولۇپ، ساپ قەغەزدىنلا ياسالغان⑦.

ئارخېئولوگلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇنداق ساپ قەغەزدىن ياسالغان ئاياقلارنىڭ

ئۈستىگە قارا رەڭ بېرىش ئۇنىڭ كۆن، خىروم ئاياق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش بولسا، رەڭلىك گۈل-نەقىشلەرنىڭ سىزىپ قويۇلۇشى رەڭدار توقۇلما رەختلەرگە تەقلىد قىلىنغان مەنىدە ئىكەن.

ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، تۇرپاندىكى مەشھۇر ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن يەنە قەغەزدە ياسالغان كۆركەم ئۆتۈكلەرمۇ تېپىلغان. بۇنداق قەغەز ئۆتۈكلەرنىڭ ھۈنەر-سەنئىتى ئالاھىدە بولغان، چۈنكى قەغەزلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە ئېنى ئۆتۈكنىڭ قونجى، باشلىقى ۋە پاشنىسىگە يەتمىگەچكە، ئۆتۈكنىڭ قونجىنى ئايرىم، باشلىقىنى ئايرىم، چەمىنى ئايرىم قەغەزلەردىن ياساپ، ئاندىن ئۇلارنى يەملەپ، تىكىپ بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق پۈتتۈرگەن.

مەسىلەن، ئاستانىدىكى 363-نومۇرلۇق قەبرىدىن بىر پاي ئۆتۈك تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ قونجىنىڭ ئېگىزلىكى 21 سانتىمېتىر كېلىدىكەن. بۇ ئۆتۈك ئاۋۋال قەغەزلەرنى يەملەپ بىرىكتۈرۈپ، ئۇنى قايچا بىلەن ئاۋايلاپ كېسىپ ئۆتۈك ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، ئاندىن كەندىر يىپ بىلەن تىكىپ مىيتىنىڭ پۇتىغا كىيدۈرۈپ قويۇلغان ئىكەن. ئەمما ئۆتۈك تىكىلگەن قەغەز ئەسلىدە تۆت خىل كىتاب قەغىزىدىن ياسالغان بولۇپ، كىتابلار ئىچىدە «مۇھاكىمە ۋە بايان، جېڭ جەمەتى شەرھى» (《論語·鄭注氏》) ناملىق كىتابمۇ بار⑧.

ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن يۇقىرىقىدەك قەغەز ئاياق، قەغەز ئۆتۈكلەر تېپىلىپلا قالماي يەنە قەغەزدىن ياسالغان تاج، بۆك، شىلەپە قاتارلىق باش كىيىملەرمۇ تېپىلغان.

مەسىلەن، 1986-يىلى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان قوچو يەنچاڭنىڭ 16-يىلى (576-يىلى) دىن 662-يىلىغىچە بولغان ئارىلىققا مەنسۇپ 7-نومۇرلۇق قەبرىدىن بىر جەسەت تېپىلغان. ئۇ جەسەت پۇتىغا قەغەز ئاياق، بېشىغا قەغەز بۆك كىيگەن ھالەتتە بايقالغان. يانداش قەبرىلەردىنمۇ بۇنداق قەغەز باش كىيىملەر خېلى كۆپ تېپىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 368-نومۇرلۇق قەبرىدىن قەغەزدىن ياسالغان بىر دانە بۆك تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 13 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 19 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۆكنىڭ چوققىسى ۋە چۆرىسى ئىككى قات قەغەزنى يەملەپ بىرىكتۈرۈپ، قاتلاپ، قايچا بىلەن كېسىپ چىقىرىلغان ھەمدە چىگە يىپ بىلەن تۈجۈپىلەپ تىكىلگەن. 387-نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان قەغەز بۆكنىڭ ئېگىزلىكى 12 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 16 سانتىمېتىر كېلىدۇ. يۇمىلاق شەكىللىك، ئىككى قات ئاق قەغەزنى يەملەپ، قايچا بىلەن كېسىپ، يىپ بىلەن تىكىپ ئۈستىنى قارا رەڭدە بويىغان⑨.

ئاستانە ۋە قارا غوجا قاتارلىق قەبرىستانلىقلاردىن تېپىلغان قەغەزدىن ياسالغان ئاياق، ئۆتۈك، كەمەر، بۆك، شىلەپە، تاج قاتارلىقلار قەغەزلەرنى قاتلاش، كېسىش، يەملەش، تىكىش قاتارلىق ئىنچىكە، نەپىس ھۈنەر-سەنئەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى پۇختا، ھەم، سىپتا، نەپىس، چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. بۇلار گەرچە چەم-كۆن، خىروم ۋە شايى، يىپەك، ئەتلەس، دۇردۇن قاتارلىق كىيىم-كېچەك ماتېرىياللىرىغا تەقلىد قىلىنىپ ياسالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرپان دىيارىدا ئاياق ۋە كىيىم تىكىدىغان تېرە ھەم ھەر خىل توقۇلما بۇيۇملارنىڭ كەملىكىدىن، يوقلۇقىدىن ياكى قىسلىقىدىن شۇنداق قىلىنغان ئەمەس، بەلكى مېيىت ئۇزاتقاندا ئاخىرەتلىك بويۇم سۈپىتىدە مەرھۇم بىلەن بىللە يەرلىككە قويۇپ، مەرھۇم ئۇ ئالەمگە بارغاندا ئۇنى داۋاملىق ئىشلەتكەي، دېگەن مەنىدىكى ئۆرپ-ئادەت سۈپىتىدە شۇنداق قىلىنغانلىقى مەلۇم.

ئاستانە ۋە قارا غوجا قەبرىستانلىقىدىن يەنە قەغەزدىن ياسالغان جەسەت ساندۇقى، يوتقان، يەلپۈگۈچ، پۇل ۋە سوۋغا-سالام بويۇملىرىمۇ تېپىلغان. مەسىلەن، ئاستانىدىن 769-يىلىغا خاس 506-نومۇرلۇق قەبرىدىن قەغەزدىن ياسالغان بىر جەسەت ساندۇقى تېپىلغان. ئارخېئولوگلار ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى ئۇزۇنلۇقى 2.3 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 0.46 سانتىمېتىر كەلگەن. بۇ جەسەت ساندۇقى قەغەزلەرنى يەملەپ بىرىكتۈرۈپ، رىئال تۇرمۇشتىكى جەسەت ساندۇقى چوڭلۇقىدا ياسىغان. بۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن كونا قەغەز تيەنباۋ يىللىرىدا يېزىلغان ئات يەم-خەشىكىگە ئائىت ھېساب-كىتاب دەپتىرى ئىكەن⑩. جەسەت ساندۇقلىرى ئادەتتە ياغاچ ياكى تاشتىن ياسىلىدۇ. ئۇ جەسەتنى قوغداپ، تېز چىرىپ كېتىشىنىڭ ياكى يىرتقۇچ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ

بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلايدۇ. شۇنداقلا مەرھۇمنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە سالاھىيىتىنى بەلگىلەيدۇ. ئەمما قەغەز جەسەت ساندۇقى نېپىز، ئاجىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ پۇل خەجلەنمەيدۇ. بىراق ئەسكى - تۈسكى قەغەزلەردىن قۇراشتۇرۇپ ياسالغان جەسەت ساندۇقى پۇلسىز، نامرات، ئاجىز گادايلار ئۈچۈن مېيىت ئۈزىتىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى بولسا كېرەك.

ئاستانىدىكى 509 - نومۇرلۇق قەبرىدىن ئوخشاش بىر جۈپ قەغەز يوتقان تېپىلغان بولۇپ، ئۇ كەيپۈەن يىللىرىدىكى ھۆججەت ۋە ئارخىپ ماتېرىياللىرىدىن ياسالغان. يەنە بىر مۇنچە قەبرىلەردىمۇ يۇقىرىقىدەك قەغەز يوتقانلارنىڭ چىرىپ كەتكەن قالدۇقلىرى بايقالغان.

ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن يەنە مەرھۇم بىلەن بىللە قويۇلغان ئاخىرەتلىك بويۇم سۈپىتىدىكى قەغەز پۇللارمۇ تېپىلغان. مەسىلەن، 1914 - يىلى ئەنگلىيەلىك مارك - ئاۋرېل ستەيىن 3 - قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيە سەپىرىدە تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن باغلام - باغلام قەغەز پۇللارنى تاپقان [11]. يەنە ئازادلىقتىن كېيىن تاكى ھازىرغىچە ئاستانىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش، تەكشۈرۈشلەردىمۇ نۇرغۇن قەغەز پۇللار تېپىلغان. بولۇپمۇ ئاستانىدىكى 2 - 3 - مەزگىللەرگە خاس بولغان، دەۋر جەھەتتە جىن سۇلالىسى دەۋرىدىن جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر ۋە دەسلەپكى تاڭ دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەزگىللەرگە خاس قەبرىلەردىن تېپىلغان قەغەز پۇللارنىڭ سانى خېلى كۆپ. ئارخېئولوگلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئاستانىدىكى 521 - نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان قەغەز پۇللارنىڭ دەۋرى ئەڭ بالدۇر ئىكەن [12]. ستەيىن تاپقان قەغەز پۇللارنىڭ دەۋرى مىلادىيە 667 - يىلىغا توغرا كېلىدىكەن. تۇرپاندىكى ئاستانە ۋە قارا غوجا قەبرىستانلىقىدىكى مۇشۇ دەۋرگە خاس قەبرىلەردىنمۇ يەنە بىر مۇنچە قەغەز پۇللار تېپىلغان [13].

مەلۇمكى، قەغەز پۇل — ئادەتتە روھ - ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا ئاتاپ كۆيدۈرۈلىدىغان قەغەز بۇيۇم، قەغەز پۇل كۆيدۈرۈش بىلەن جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتى ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك. روھ - ئەرۋاھلارغا ئاتاپ قەغەز كۆيدۈرۈش ئېھتىمال بۇددىزم ئەقىدىلىرىنىڭ دىيارىمىزغا كىرىپ كېلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئىزاھلاپ ئۆتۈش لازىمكى، تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان، پۈتۈنلەي قەغەزدىن ياسالغان ئاياق، ئۆتۈك، چاپان، يەلپۈگۈچ، جەسەت ساندۇقى، يوتقان، بۆك، شىلەپە، تاج، پۇل قاتارلىق بۇيۇملار قەدىمكى تۇرپان دىيارىنىڭ قەغەزچىلىك سانائىتى ۋە ھۈنەر - سەنئىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

قەغەز - جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان ئۇلۇغ تارىخى تۆھپىلىرىنىڭ بىرى. دۇنيادا قەغەز ئەڭ بۇرۇن جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ۋە تارىم ۋادىسىدا ئىشلىتىلگەن. غەربىي يۇرتتا قەغەز ئىشلىتىش مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1 - ئەسىرلەردىلا باشلانغان.

ئارخېئولوگىيەلىك بايقىلىشلارغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان، لوپنۇر، خوتەن، كۇسەن، قاراشەھەر، نىيە قاتارلىق جايلاردىن مىلادىيە 1 - ئەسىردىن 15 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرگە مەنسۇپ قەدىمكى ئاھالاردىن دائىملىق يوسۇندا ۋە ھەر خىل نىسبەتتە قەغەز ئەۋرىشكىلىرى تېپىلىدى. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كروراندىكى خارابىلىكتىن يىلنامىسى يېزىلغان قەغەز كىتابلارنىڭ پارچىلىرى، مەسىلەن، مىلادىيە 252 - يىلى، مىلادىيە 265 - يىلى، 4 - يىلى مىلادىيە 310 - يىلى دېگەندەك يىلنامىسى يېزىلغان ۋەسىقىلەر ھەم مىلادىيە 266 - يىلىدىن 268 - يىلىغىچە دېگەندەك تارشا پۈتۈكلەر [14] تېپىلدى. تۇرپاندىكى مىلادىيە 265 - ، 907 - يىللارغا تەئەللۇق قەبرىلەردىن بىر قېتىمدىلا 1000 پارچىدىن ئارتۇق قەغەز خەت - چەك چىققان.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئارخېئولوگلار تۇرپان، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمگاھلاردىن يەنە نۇرغۇن قوليازمىلارنىڭ پارچىلىرىنى تاپتى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر قەدىمىي بولغىنى مىلادىيە296 - يىلى دىكى «بىر قانچە بۇددا نومىنىڭ جەۋھىرى» نىڭ قوليازما جىلدىنىڭ قالدۇق پارچىسى، مىلادىيە 304 - 436 - يىللارغا تەۋە بۇددا كالاملىرىمۇ بار. تۇرپاندىكى قوچو خانلىقى (مىلادىيە 460 - 640 - يىللار) دەۋرىگە تەۋە قەبرىلەردىن

قەغەزدىن ياسالغان تۈرلۈك بويۇملار، مەسىلەن، قەغەزدىن قىيىلغان رەسىم، قەغەزگە سىزىلغان رەسىم، قەغەزدىن ياسالغان قالپاق، كەش، بەلۋاغ قاتارلىق دەپىنە بويۇملىرى تېپىلدى[15].

تۇرپان ۋادىسىدىن تېپىلغان قەغەزلەرگە دىيارىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا دائىر ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەنلىرىمۇ بار. (تۇرپان ۋادىسىدىن تېپىلغان قەغەزلەرگە شىنجاڭدىكى قەدىمكى يەرلىك مىللەتلەر ئىشلەتكەن قوچو يېزىقى، كۇسەن يېزىقى، خوتەن ساك يېزىقى، سوغدى يېزىقلىرىدا يېزىلغان خەت-چەكلەر پۈتۈلگەن. يەنە خەنزۇ يېزىقى ۋە بۇددا نوم-سوترىلىرى ۋە ئايەتلەر يېزىلغان). قەغەزگە يېزىلغان خەت-چەكلەر مەزمۇنى بوز يەر ئاچقانلىق ئەھۋالى، ھەربىي تەمىنات، ھېسابات دەپتەرلىرى، ئالاقە، خەت-چەك، تېبابەتچىلىك رېستىپلىرى، دىنىي مەزمۇندىكى كالاملار قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تۇرپاندىن تېپىلغان قەغەزلەرنىڭ ياسىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەنلەرنىڭ بايانىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى ئىككى خىل ماتېرىيالدىن تەركىب تاپقان. بىرى، كەندىر ۋە ئاق كەندىر تالالىرى بولۇپ، يەنە بىرى، ئۈجمە قوۋزاقلىرى تالالىرىدىن ئىبارەت. يەنە باشقا خام ئەشيا بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلەنگەنلىرى بولغان.

قەغەز ئەۋرىشكىلىرىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى قەغەزلەر ئىشقارلىق قەغەز بوتقىسى خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدا پىچاقتا كېسىلگەن ئىزلارنىڭ بارلىقى ھەمدە زىچلىق دەرىجىسىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. بۇ، قەغەز خام ئەشياسىنىڭ پىچاق بىلەن توغرالغانلىقى، شۇلتا سۈيۈقلۇقى بىلەن قايىنىتىلغانلىقى ۋە ئۇغىدا تولۇق سوقۇلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ[16].

قەغەز ياساش تېخنىكىسىدىن قارىغاندا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان مىلادىيە 265-909-يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ قەدىمكى قەغەزلەر ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، رەخت سىزىقلىق قەغەز، يەنە بىرى، چىغ سىزىقلىق قەغەزدىن ئىبارەت[17].

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملار قەغەزچىلىك ساھەسىدە بىر يۈرۈش ئۇسۇل-چارىگە ئىگە ئىدى. قەغەزنى «كاناپ ياكى ئات قۇيرۇقى، مەشۇت، چىگە قاتارلىق قىل يىپلارىدىن تور توقۇپ، ئۇنى تۆت كېرىگۈچ ياغاچ جازىغا مەھكەم بېكىتىپ، قېلىپ ياساپ، كالا بوتقىسىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، سۈيىنى ئېقىتىپ تۆگەتكەندىن كېيىن ھاسىل بولغان شىلىمسىمان پەردىسىنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسىغان، يەنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغاندا قەغەز بولۇپ چىقاتتى.»[18]

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملار قەغەزچىلىك ھۈنىرىنى بارغانسېرى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارغان. قەغەز تالالىرىنىڭ تەكشىلىكىمۇ ئىسلاھ قىلىنغان؛ سۈتلۈك (ئېرىغدىلىش) دەرىجىسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، ئۆسۈملۈك يىلىمىمۇ قوشۇلغان. ياخشى سۈپەتلىك پەردە گۈللۈك قەغەز، شۇنىڭدەك ئەتىقە قەغەز، ئاقارتىلغان قەغەز بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئىشلەنگەن قەغەز ھېسابلىنىدۇ؛ ئاندىن يەنە كراخمال ۋە ھايۋان سۆڭەك يىلىمى قوشۇلغان رەڭلىك رەسىم قەغىزىمۇ بار، بۇنداق قەغەز دىنىي ئەقىدە مۇناسىۋىتى بىلەن ياكى كۆيىدىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن سېرىق بويالغان. 317-420-يىللاردىن 618-907-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان تەخمىنەن 500 يىل ئىچىدە قەغەزچىلىك زور دەرىجىدە راۋاجلانغان؛ مەھسۇلاتى، سۈپىتى ۋە تېخنىكا جەھەتلەردە ئۇچقاندەك تەرەققى قىلغان[19].

بولۇپمۇ يارغول شەھىرى، قوچو شەھىرى قاتارلىق يىپەك يولىدىكى مۇھىم سودا ئالماشتۇرۇش شەھەر مەركەزلىرىدە كۆپلىگەن قەغەز ياساش كارخانىلىرى (ئۇستىخانىلىرى)بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ ئەمما شەرق-غەرب خەلقئارا سودا ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغان.

قىسقىسى، دىيارىمىزنىڭ قەغەزچىلىك مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان تۇرپان دىيارىدا قەغەزچىلىك ناھايىتى تەرەققىي قىلغان ھەم گۈللەنگەن بولۇپ، ئۇ ھەر خىل يازما، باسما ئېھتىياجىنى تەمىنلەپلا قالماي، بەلكى مېيىت ئۇزىتىدىغاندا جەسەت بىلەن بىللە قويۇلىدىغان ھەر خىل ئاخىرەتلىك بويۇملارنى ياساشنىمۇ مۇھىم ماددى ئاساس بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن. نۇگىلاشقا بۇ جايدا دەپىنە بۇيۇملار ئىچىدە قەغەزنىڭ كۆپ ئىشلىتىلگەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

## ئىزاھات:


① شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «شىنجاڭ لوپنوردىكى يىڭپەن قەبرىستانلىقى 15 ـ نومۇرلۇق قەبرىنى قېزىشتىن قىسقىچە دوكلات»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە 1999 ـ يىلى 1 ـ سان.

④ ليۇخۇڭلياڭ «تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقتىكى 360 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر»، «ئارخېئولوگىيە»، خەنزۇچە، 1991 ـ يىل 1 ـ سان.

⑦② شىنجاڭ مۇزېيى: «تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىنىڭ شىمالىي رايونىدىكى قەبرىلەرنى قېزىشتىن دوكلات»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە 1960 ـ يىلى 6 ـ سان.

③ تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى: «تۇرپاندىن تېپىلغان 16 پادىشاھلىق دەۋرىگە خاس ۋەسىقىلەر»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» خەنزۇچە، 1983 ـ يىلى 1 ـ سان.

⑤شىنجاڭ مۇزېيى: «تۇرپان ناھىيىسىدىكى ئاستانە ـ قاراغوجا قەدىمكى قەبرىلىرىنى قېزىشتىن دوكلات»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 1973 ـ يىلى 10 ـ سان.

⑥ تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى: «1986 ـ يىلىدىكى تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قېزىشتىن دوكلات»، «ئارخېئولوگىيە»، خەنزۇچە، 1992 ـ يىلى2 ـ سان.

⑧ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي: «تۇرپان ئاستانىدىكى 363 ـ نومۇرلۇق قەبرىنى قېزىشتىن دوكلات»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 1972 ـ يىلى 2 ـ سان.

⑨ «1986 ـ يىلى شىنجاڭ تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىشتىن دوكلات»، «ئارخېئولوگىيە»، خەنزۇچە 1992 ـ يىلى 2 ـ سان.

⑩⑫ «1973 ـ يىلى تۇرپاندىكى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قېزىشتىن دوكلات»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 1975 ـ يىلى 7 ـ سان.

⑪ «جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا تارىخى» 5 ـ توم، چيەنسۇ نىجۇەن 1 ـ قىسىم «قەغەز ۋە مەتبەئە»، پەن نەشرىياتى، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 91 ـ بەت.

⑬ «تۇرپان ناھىيەسىدىكى ئاستانە ـ قاراغوجا قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قېزىشتىن دوكلات»، «ئارخېئولوگىيە» 1973 ـ يىلى 10 ـ سان.

⑭⑮ مۇشۇنىڭ: «يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلاردىن شىنجاڭنىڭ قەدىمكى پەن ـ تېخنىكىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1982 ـ يىلى 9 ـ سان، 4 ـ بەت. ژۇرنالنىڭ قوشۇمچىسى.

ياسىن ھوشۇر: «غەربىي يۇرتتا قەغەزنىڭ دەسلەپكى ئىشلىتىلىشى ۋە غەربكە تارقىلىشى»، «ئاسىيا كىندىكى» 2000 ـ يىل12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى.

⑯ شۇ بەيفۇ: «قەدىمكى دەۋردە قەغەزچىلىك ۋە مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى»، «شىنجاڭ ئەدەبىياتى»، 1964 ـ يىلى 3 ـ سان87 ـ بەت.

③ياسىن ھوشۇر ماقالىسى «ئاسىيا كىندىكى» 2000 ـ يىل12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىكى سانى.

⑰ فەن جىنشىڭ: «شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى قەغەزلەر ئۈستىدە تەتقىقات»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1973 ـ يىلى 10 ـ سان. شۇنداقلا مۇ شۇنىيىڭنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ماقالىسى.

⑱⑲ ئا.م.سايرامى: «قەدىمكى ئۇيغۇر قەغەزچىلىكى توغرىسىدا»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1988 ـ يىل6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى سانى.


(ئاپتور: «شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى»تەھرىراتىدىن)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

راشمان (گېرمانىيە)

# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان نوملاردىكى «بۆز» نامى

تەرجىمان: ھەبىبۇللا خەلىۋۇللا

قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى boz دېگەن ئاتالغۇ پاختا رەخت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. ئېسېدىي (H. Ecsedy) ۋە رونا تاس (A. Rona-Tas) لار ئىلگىرى بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىپ ئۆتكەنىدى.[1] مەن تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقىلەردىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن تىلشۇناسلىق ھادىسىسى ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سانكىت - پېتېربۇرگ، پارىژ، كيوتو ۋە ئىستانبۇللاردا ساقلىنىۋاتقان تۇرپاندىن تېپىلغان يادىكارلىقلار بولۇپمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن پايدىلاندىم.

مەن ئالدى بىلەن شىنجاڭدا كېۋەزنىڭ تېرىلىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار، بولۇپمۇ خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردىكى خاتىرىلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەي.

مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى بىر قانچە ئەسىرگە ئائىت بولغان كاروشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە كۆپلىگەن يىپ توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ ناملىرى خاتىرىلەنگەن[2] بولسىمۇ، لېكىن كېۋەزگە دائىر بىرەر سۆزمۇ ئۇچرىمايدۇ. شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار بىزنى بۇ رايوندىن شەرقىي خەن دەۋرى (200-25 يىللار) دە يەنى پاختا توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىگە دائىر ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. 1959 - يىلى نىيە ناھىيەسى ئەتراپىدىن شەرقىي خەن دەۋرىگە ئائىت بىر قەبرە قېزىۋېلىندى. قەبرىدىن پاختىلىق ئاق ئىشتان كىيگەن بىر ئەر جەسەت تېپىلدى. ئۇنىڭدىن سىرت ئۇ جايدىن يەنە بىر پارچە پاختىلىق ئايالچە قولياغلىق ۋە ئىككى پارچە ئاق - كۆك رەڭلىك چاقماق داستىخان تېپىلدى. 1964 - يىلى 265-420 يىللارغا ئائىت پاختىلىق كىيىم كىيدۈرگەن ياغاچ ھەيكەل قېزىۋېلىندى. 1968 - يىلى قوچو شەھىرى 309 - نومۇرلۇق قەبرىدىن بىر پارچە رەخت، 551 - نومۇرلۇق قەبرىدىن 60 تاياق پاختا رەخت تىلغا ئېلىنغان. قەرز ئېلىش ۋەسىقىدىن بىرى قېزىۋېلىندى[3].

552 - 506 - يىللاردىكى تارىخ خاتىرىلەنگەن «لياڭنامە» (ئاپتور 637 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ 54 - جىلدىدا قوچو دۆلىتىنىڭ يەنى تۇرپان رايونىنىڭ پاختا رەخت ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن.

قوچو........كېۋەز تېرىش ئومۇملاشقان، كېۋەز غوزەكلىرى ناھايىتى كۆپ. غوزەكتىكى پاختىلار شۇنداق ئىنچىكە بولغاچقا «ياۋا كېۋەز» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. خەلقلىرى پاختىدىن رەخت توقۇيدۇ. توقۇلغان رەختلەر شۇنداق يۇمشاق ۋە ئاق كېلىدۇ. سودا ئالماشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ بۆلەك بايانمۇ يەنە «جەنۇبىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 79 - جىلدىدا ئۇچرايدۇ. تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن كۇسەنلىك راھىب شۈەنيىڭنىڭ «نوملار شەرھىيسى» دېگەن ئەسىرىدە Karpasa(كېۋەز) دېگەن ئاتالغۇنى 白叠毛 (ئاق كېۋەزى) دەپ يەشكەن[4]. 白叠毛 دېگەن ئاتالغۇ «كارپاسا» (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا Kapaz دەپ يېزىلىدۇ) دېگەن سۆزگە ئۇيغۇن كەلسىمۇ، لېكىن Kapaz دېگەن ئاتالغۇ پاختا توقۇلما بۇيۇمنى كۆرسەتمەستىن كېۋەزنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆز كېيىن 白叠毛 دېگەن ئاتالغۇنى بىلدۈرگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا پاختا رەختنى بىلدۈرىدىغان ئەڭ توغرا سۆز - boz دېگەن سۆزدۇر.

شەرقىي تۈرك خانلىقى دەۋرىدە، دۇران قاغان (600-588 يىللار) تاڭ سۇلالىسىگە كۆپ

قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەغدىم قىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بۆز (㲲) مۇ بولغان. پېللىئوت (Paul Pelliot) نىڭ كۆرسىتىشىچە، «㲲» دېگەن سۆز قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى boz (پاختا رەخت) دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەن[5].

1966 - يىلى ئاستىلنە قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان بىر قەبرىدىن تېپىلغان ھۆججەتتە چاڭئەن ئەتراپىغا جايلاشقان خۇەيجىيۇ سارىيىغا پاختىلىق تاغار ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىشلار خاتىرىلەنگەن[6]. سۇڭ سۇلالىسى (960-1279 يىللار) دەۋرىگە كەلگەندە، بۆز يەنىلا گەنسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ سۇڭ سۇلالىسىگە تەغدىم قىلىدىغان سوۋغا-سالام بۇيۇمى بولغان[7]. جوڭگۇ - چەتئەل پادىشاھلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سوۋغا-سالام بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسى ئېسىل بۇيۇملاردۇر. شۇنداق قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار بۆزنى قىممەتلىك بۇيۇم دەپ قارىغان[8].

قەشقەر رايونىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ يەردە كېۋەز تېرىلغان يەنى ئەرەب كېۋىزى تېرىلغان[9]. تۆۋەندە مەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان نوملاردىكى boz (㲲) ئاتالغۇسى ئۈستىدە مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتمەكچى.

1. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئارىيا - [سارۋا-] تاتاگاتا - ئۇسنىسا - سىتاتاپاترا - ناما - ئاپاراجىتا - دارانى Arya-[Sarva]tathagata- dharani)» boz دا[10] «(SitataPatra-nama aParajita-Usnisa (㲲) دېگەن سۆزنى، شۇنداقلا toz (ئاق قېيىن دەرىخى قاسىرىقى)، **yapirrag** (دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرمىقى)، **kagda** (قەغەز) ۋە **ban** (خەت يازىدىغان ياغاچ تاختاي) قاتارلىق سۆزلەرنى دارانى بۇ نومغا يېزىپ قالدۇرغان. بۇ يەردىكى boz (㲲) ئاتالغۇسى خەنزۇچە نۇسخىدىكى 白疊毛 گە ماس كېلىدۇ.

2. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ 7 - جىلدىدا تۆت پارچە خەت-چەك خاتىرىلەنگەن[11]. بۇنىڭ ئىككى پارچىسى تەغدىم قىلىنغان سوۋغاتلار يېزىلغان شۈەنزاڭغا ئەۋەتىلگەن خەت چەكلەردۇر. 1-پارچىسىدا «بىر پارچە بۆز»، 2-پارچىسىدە «2 پارچە بۆز» دەپ تىلغا ئېلىنغان. 4-پارچىسىدە، شۈەنزاڭنىڭ ھىندىستانلىق راجنادېرا (Rrajnadera) غا تەشەككۇر ئېيتىپ «بىر پارچە بۆز» تەغدىم قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن[12]. 2-پارچىسى خەنزۇچە قىسقا -مۇمىلىلىك بىۋاستە تەرجىمە خەت-چېكى بولۇپ، ئانچە توغرا بولمىغان.

3. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ساختا نوم «سەككىز يۈكمەك يارۇق سۇترا)» (SaKiz yuKmaK Yaruq Sutra)»[13] دا بۆزنىڭ خۇسۇسىيىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان بىر ئابزاس جۈملە خاتىرىلەنگەن.

دۇنيادىكى مېردىئان، كەڭلىكتە ئوخشاش يىپەك، كىمخاپ، پاختا رەختلەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ، بىر گەۋدە بولۇپ كىيىملىك ۋە باشقا تۇرمۇش لازىمەتلىرىگە ئايلىنىدۇ.

«تونۇش»نى مېرىدىئان سىزىقى، ئەقىل-پاراسەت-بىلىمنى كەڭلىك سىزىقى دەپ قارىساق، ئۇلار ئۆزئارا تەسىر قىلىشىپ، بۇددانىڭ كىشىلەرنى ئەقىل-پاراسەتكە ئۈندەيدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ يەردىكى بۆز، يىپەك، كىمخاپقا ئوخشاش توقۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كىيىم تىككىلى ۋە باشقا نەرسىلەرگىمۇ ئىشلەتكىلى بولغاچقا، كىشىلەر تەبئىيكى ئۇنى ئەتىۋالايدۇ. تەرجىمان ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى پىششىق بىلگەچكە ئۇنى ئەينى ۋاقىتتا كىيىمسىز بۇيۇم دەپ بايان قىلدى. بۇ نومنىڭ خەنزۇچە ئەسلى نۇسخىسىدا بىز بايقىغۇدەك چۈشىنىكسىز مەزمۇنلار يوق.

4. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى»[14] دە boz دېگەن ئاتالغۇ ئۇچرايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەزمۇنى ئۇزۇن مەزگىلگىچە يېشىلمىدى. پېتىر زىيمى (Peter Zieme) ئۇنى تۆۋەندىكىدەك يېشىپ ئوقۇدى: boz b[i]ntatu qars toqiyur ئۇلار بۆز، bintatu ۋە يۇڭ رەخت توقۇدى.

بۇ جۈملە خېلى ياخشى يېشىپ ئوقۇلغان، خەنزۇچە ئەسلى نومدا پەقەتلا يىپ ئىگىرىپ رەخت توقۇشلا بايان قىلىنغان، ئەمما ئەسلىدىكى ماتېرىيالدا تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان.

5. 10 - ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر پىر-كالانى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ Tutung Singqo Sali خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلغان «سۇۋارناپىرابخاسا سۇترا (SuvarnaPrabhasa-Sutra)» دىمۇ boz ئاتالغۇسى ئىككى قېتىم تىلغا ئېلىنغان. ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىكى boz دېگەن سۆز خەنزۇچە ئەسلى

سۇترىدا «服» خېتى بىلەنلا ئىزاھلىنىپ، كىيىم دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. باشقا مەنىلەرنى بىلدۈرمىگەن، سۇترىدا ئېيتىلىشىچە، ئەگەر بىرەيلەن تاشپاقىنىڭ يۇمران تۈكىدىن بىر سۈپەتلىك يۇمشاق پاختىلىق كىيىم كىيسە قىشتىن سالامەت ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ، شۇنداق بولغاندا ئۇ بۇددانىڭ مۇقەددەس نەرسىسىگە ئېرىشىشنى تەلەپ قىلالايدۇ[11].

«سۇۋارناپرابخاسا سۇترا» دا يەنە بىر رەسسامنۇ تىلغا ئېلىنغان. ئۇ يېگى بىر ئاق پاختا رەختكە دانىشمەننىڭ رەسىمىنى سىزغان. خەنزۇچە ئەسلى سۇترىدا كېپەز ياكى پاختا «白疊毛»دەپ يېزىلغان.

بۇنىڭدىن سىرت، تۆۋەندىكى 5 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نوم ۋاراقچىلەردىمۇ boz نىڭ رەسىم سىزىشقا ماتېرىيال قىلىنغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

6. تېخى ئېلان قىلىنمىغان Mainz724-نومۇرلۇق ۋەسىقىدە boz Kazm-ayuK yurung-is (پۈتمىگەن ئاق بۆز كىيىم) نى بۇدساتۋانىڭ رەسىمىنى سىزىشقا ماتېرىيال قىلىنغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

7. بۈگۈنگىچە تېخى ئېلان قىلىنمىغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئاۋالوكتېسۋارا سۇترا»نىڭ فىراگمېنتىدا ئاۋالوكتېسۋارا بۇدساتۋانىڭ رەسىمى تەسۋىرلىگەن ۋاقتىدا boz ئاتالغۇسى تىلغا ئېلىنغان. خەنزۇچە ئەسلى رەسىمدىمۇ ئوخشاشلا 毛白疊 دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىدا رەسىمگە لازىملىق بۆزنىڭ ئۆلچىمى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان.

بۇ بۆزنىڭ كەڭلىكى 10 ئاير (16 ئىنگىلىز سۇڭ) ياكى ئاير (32 ئىنگىلىز سۇڭ).

خەنزۇچە ئەسلى سۇترىدىمۇ ئوخشاش يېزىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىدا يەنە مۇنداق يېزىلغان.

ئەگەر سۈپەتلىك چوڭ پارچە بۆز بولمىسا، بىر پارچە ئاق شايى ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ......بۇدساتۋانىڭ رەسىمىنى بۆزگە سىزىش لازىم.

بۇ جۈملە خەنزۇچە نۇسخىسىدا ئۇچرىمايدۇ.

8. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئابىدارما كوشاۋاردى شاشترغا ئەنخۇينىڭ بەرگەن شەرھىيسى» دە، boz ئاتالغۇسى كىيىم «衣»ئورنىدا كەلگەن.

9. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت (Maitrisimit)» نىڭ 3-، 4-بۆلۈمىدە boz ئاتالغۇسى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ساكيامۇنىنىڭ خانىشى ئەقىل-پاراسەتلىك جودام (喬達米) ئۆزى قول سېلىپ، يىپ ئىگىرىپ پاكىز، سېپتا ۋە ئېسىل boz دەپ ئاتالغان قىممەتلىك رەختنى توقۇپ چىقىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ئالدىدا ئۇ يەنە ئۆزى ئۇرۇق تېرىپ، ئوتىنى ئوتاپ، سۇغۇرۇپ يىغىۋالغانىدى. ئارقىدىن ئۇ پاختىنى يۇيۇپ توقۇپ چىقتى. ئۇ بۇددىغا ۋاكالىتەن بۆلارنى قىلغانىدى. كىمكى بۆزنى بۇددا كىيدۈرسە شۇ كىشىنىڭ چىرايى ئالتۇندەك نۇرلىنىدىغانلىقىدىن شۇنداقلا بۇددالارنىڭ دانىشمەنگە ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ھېكايەدە مايترىنىڭ بۆزنى بۇددا تەغدىم قىلىپ خوشلاشقانلىقى بايان قىلىنغان. بۆزنىڭ ئۆزى ئالتۇن رەڭگىدەك ناھايىتى قىممەتلىك بۇيۇم بولغاچقا kosiboz دەپ ئاتالغان .

«مايترى سىمىت »نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى توخرى تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان. لېكىن مەن توخرى تىلىدىن boz ئاتالغۇسىغا ماس كېلىدىغان سۆزنى تاپالمىدىم .

10. ئارات (R. R. Arat) تۈزگەن «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى شېئىرلار» (EsKi Turk Siliri) دىكى بىر كۇپلېت شېئىر (No. 11, or 8212-10) دا boz نى راھىبلارنىڭ تونىغا ماتېرىيال قىلغانلىقى، بۇ ماتېرىيالنىڭ قىممەتلىك ۋە ئېسىل ئىكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان نوملاردا بۆز ئاتالغۇسى تىلغا ئېلىنغان. شۇنداقلا كۆرسەتكەن ۋەسىقىلەردىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، بۆز نەپىس توقۇلۇپ، بۇد- بۇدساتۋا ۋە راھىبلارغا كىيىم قىلىپ تىكىلگەن. روشەنكى، بۆز زۆرۈر بولغان بىر خىل قىممەتلىك رەختكە ئايلانغان.

ۋەسىقىلەردىن boz atly Kas ۋە Kas «سانسكرىت تىلىدا Kasi دەپ يېزىلغان بولۇپ، دۆلىتىدە ئىشلەپ چىقىرىدىغان قىممەتلىك توقۇلما بۇيۇم، ئەلا سۈپەتلىك بۆزدۇر» دېگەن ناملار كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۆزنى «سىرتتىن كەلگەن پاختا رەخت» دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نوملارنى

خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان ۋاقىتتا boz (勃) ئاتالغۇسى ئادەتتە «白𣰆毛» بىلەن ئالمىشىپ يېزىلىدۇ. بەزىدە «衣» ، «服» ئاتالغۇلىرىنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ. تەرجىمانلارنىڭ بۆزنى قىممەتلىك بۇيۇم دەپ قارىشىنى بىلىش ئانچە تەس ئەمەس. بۇ بۆزنىڭ ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ قىممەتلىك بۇيۇم سۈپىتىدە سوۋغا-سالام قىلىدىغان سوۋغىسىغا، ھەتتا بۇددساتۋالارغا تەغدىم قىلىدىغان بۇيۇمغا ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## ئىزاھات:

[1] ئېبېدىي: «بۆز - ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرگە تەغدىم قىلىنغان رەخت ( Boz_an Exotic Cloth in the. Chenese Imperial court)» ، «قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى (Altorientalische Forschungen)» 3-نومۇر، 1975-يىلى، 153-143 بەتلەر؛ رونا تاس: «ئالتاي دۇنياسىدىكى بۆز (Boz in the Altaic world )» ، «قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى» ، 3-نومۇر، 1975-يىلى، 163-155 بەتلەر.

[2] لۇدېرس (H. luders): «قەدىمكى شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى (Textilien im Alten TurKistan)» ، بېرلىن، 1936-يىلى.

[3][4][5] سابىت: «ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلاردىن شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى كېۋەزنىڭ تېرىلىشى ۋە پاختا توقۇمىچىلىقىغا نەزەر» ، «ئارخېئولوگىيە» ، 1973-يىللىق 10-سان، 51-48 بەتلەر.

[6][7] پېللىئوت: «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسىگە ئىزاھات» ، «(Notes on Marco Polo)» ، 1-توم، پارىژ، 1959-يىل، 433-بەت.

[8] پىللئوت: «ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسىدىكى توققۇز ئىزاھات ( Neuf notes sur des question d Asie Centrale)» ، «تۇڭباۋ (Toung Pao)» ، 26-نومۇر، 1929-يىل، 216-بەت.

[9] پىنكس(E. PinKs): «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ( Die Uiguren von Kan-chou in der)» ، ۋېيسبادېن، 26-،49-،98-96 بەتلەر.

[10][11] گە ئوخشاش، 153-بەت.

[12] مۇللېر (F.W.K.Müller): «قەدىمكى ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى (Uigurica)» ، 2-توم، 1910-يىلى، 71-70 بەتلەر.

[13] گابائىن (A. Von Gabain): «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالىدا تىلغا ئېلىنغان خەت-چەكلەر (BrieFe der. Uigurischen Huen_tsang BiograPHie)» ، «پرۇسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ژۇرنىلى ( Abhandlungen dedr PreuBischen AKademie der WissenschaFten)» ، تىل-تارىخ تەتقىقات بۆلۈمى، 1938-يىلى 29-نومۇر، 375-، 376-، 384-بەتلەر.

[14] باڭ (W. Bang)، گابائىن، راخماتى (R.R. Rachmati): «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى سەككىز يۈكمەك يارۇق سۇترا (Das buddhistische Sutra SaKiz YuKmaK)» ، «پرۇسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى (Sitzungsberichte der PreuBisdhen AKademie der. WissenchaFten)» ، تىل-تارىخ تەتقىقات بۆلۈمى، 1934-يىل 139-138 بەتلەر.

[15] خاملتون (J R. Hamilton): «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى تېگىننىڭ ھېكايەسى ( Le conte Bouddhique du bou et du Mauvais Prince et version Ouigoure)» ، پارىژ، 1971-يىلى، ① رونا تاس ماقالىسى، 158-157 بەتلەرگە قاراڭ.

[16] زىيمى: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى سۇۋارناپرابخاسا سۇترا (" Zolotoj blesk " Ovtoroj Surty)» ، «تۈركشۇناسلىق (Turcologica)» ، لېنىنگراد، 1976-يىلى، 342-بەت.

(مەزكۇر ئەسەر «دۇنخۇاڭ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1998-يىللىق 1-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى )

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

هامادا ماسامى (ياپونىيە)

# قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ئالتۇن يارۇق» زادى قەيەردە كۆچۈرۈلگەن؟

رۇسىيەلىك تۈركولوگ سېرگېي مالوف 1910-يىلى سۇجوۋ (قەدىمكى ئۇيغۇرچە، ھازىرقى مەيبۇلاق جيۇچۇەن) ئەتراپىدا قولغا چۈشۈرگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ئالتۇن يارۇق» تا كۆچۈرۈلگەن يەر نامى بىلەن بۇتخانا نامى تىلغا ئېلىنغان. بۇ ماقالەمدە بۇ ئىككى نامنى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار ئارقىلىق تەھقىقلەش بىلەن بىرگە ، «ئالتۇن يارۇق» نىڭ كۆچۈرۈلۈشىدىكى ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئايدىڭلاشتۇرماقچىمەن، ئاۋۋال مالوف «ئالتۇن يارۇق» نى قولغا چۈشۈرگەن جاينى مۇقىملاشتۇرۇۋالاي.

مالوف 235 ۋاراقلىق قوليازمىنى رۇس كالىندارى بويىچە 1910-يىلى 5-ئاينىڭ 3-كۈنى يەنى مىلادىيە 1910-يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنى سۇجۇ ئەتراپىدىكى «ۋەنشگۇ» دىكى بۇتخانىدىن تاپتىم دەيدۇ. ئۇ يەنە ئامبال لى دىڭباگدىن 132 ۋاراقنى سېتىۋالدىم. يەنە دوتەي تىڭدۇڭ 30 ۋارىقنى ھەدىيە قىلدى دەيدۇ① . بۇ يەردىكى بىر مەسىلە «ۋەنشگۇ» نىڭ قەيەرلىكى، مالوف «ۋەنشگۇ» نى سېرىق ئۇيغۇرلار «ئىنفەن » دەيدىكەن دەيدۇ، ھەم ئۆزى تۈزگەن سېرىق ئۇيغۇر سۆزلىكىدە: « ئىنفەن، سۇجۇنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 12 چاقىرىم كېلىدىغان يەردىكى بۇتخانىنىڭ نامى» دەپ ئىزاھلىغان. سوجۇنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 13 كىلومېتر كېلىدىغان ئورۇن دەل ۋېنشۇشەن (مانجۇ سىرى تېغى 文殊山) تاش كېمىر بۇتخانىلاردۇر. مالوفمۇ «ۋەنشگۇ» تاغدا نۇرغۇن يېڭى سېلىنغان بۇتخانىلار ۋە قەدىمكى تاشكېمىر بۇتخانىلار بارلىقىنى تىلغا ئالغان. «ۋېنشگۇ» نىڭ ۋېنشۇشەن ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا ھەم تەلەپپۇزنىڭ ئوخشاشلىقىغا قاراپمۇ بىلگىلى بولىدۇ. يەنى سېرىق ئۇيغۇرلار سۆزلىكىدىكى «ۋەنگۇەن» دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە 文官 (قەلەمدار ياكى مۇلكىي ئەمەلدار) دىن ئۆتنە ئېلىنغانلىقىنى، خەنزۇچە ئورتاق تىلدىكى «ۋېن» نى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ «ۋۇن» دەپ تەلەپپۇز قىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. «ۋەنشى» نىڭ ۋېنشۇ （文殊） دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنىدىغانلىقىدا شۈبھە يوق. «گۇ» نىڭ «كوۋ» (□) ئىكەنلىكى ھەققىدە چيەنلۇڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2-يىلى دىباچە يېزىپ قايتا تۈزۈلگەن «سۇجۇنىڭ يېڭى تەزكىرىسى» ② (تۆۋەندە قىسقارتىپ «يېڭى تەزكىرە» دەپ ئاتايمەن) نىڭ 14-جىلدىدا چېڭ شىسۇي （程世綏） نىڭ 觀文殊□道場歌 («ۋېنشۇكوۋدىكى بۇتخانا قوشىقىغا») دېگەن شېئىرىدىن ئايدىڭلاشتۇرىۋالغىلى بولىدۇ. مالوفنىڭ ئۇ يەرگە بارغان ۋاقتى سېرىق ئۇيغۇر قاتارلىق بۇددا ئەقىدىسىدىكى خەلقلەر «بۇددا تەۋەللۇد بايرىمى» ئۈچۈن ۋېنشۇشەنگە تاۋاپقا يىغىلىدىغان مەزگىلى بولۇپ، بۇ سۇجۇلۇقلارنىڭ قەدىمىي ئادىتى، مالوفنىڭ «ئالتۇن يارۇق» نى تاپقان جايى دەل ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن بۇيان ۋېنشۇشەنگە بولغان باغلىنىشلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئەمدى ماقالەمنىڭ تېمىسى بولمىش ئەسلى تېمىگە كېلەيلى؛ «ئالتۇن يارۇق» نىڭ بېشىدا

مۇنداق بىر كىرىشمە بار:

Tay çiŋ kokaŋşi y(e)g(i)rmi altinç otçuqtai oot Qutluğ tawişqan küy qua wifarğa tayaqliq bilgä taluy şabi, ratna W(a)çirniŋ ötükiŋä tuŋ kuwän sosaqinta onunç ay y(e)g(i)rmi törti qutluğ kün üzä bitiyu tolu bolti.

(تەرجىمىسى: بۈيۈك چىڭ ئېلى كاگشى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 26 - يىلى ئوچاقتىكى ئوتتەك قۇتلۇق توشقان يىلى گۈيخۇا بۇتخانىسىغا تەۋە بىلگە تالۇي شابى، راتنا ۋاچىرنىڭ ئۆتۈنىشىگە ئاساسەن، تۇڭ كۇۋەن يېزىسىدا 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قۇتلۇق كۈندە يېزىپ تۈگەتتىم) بۇ يەردىكى مەسىلە «گۈيخۇا بۇتخانىسى» بىلەن «تۇڭ كۇۋەن يېزىسى» دېگەننى ئايدىڭلاشتۇرۇش، مالوف كېيىنكى تەتقىقاتلىرىدا «تۇڭ كۇۋەن» نى «دۇنخۇاڭ» (敦煌) نىڭ ترانسكرىپىيەسى دەپ ئويلاپ قالغان. «دۇنخۇاڭ» دىكى «خۇاڭ» خېتىنىڭ ترانسكرىپىيەسى ك بىلەن خ، ن بىلەن ڭ نىڭ ئۆزگىرىشى مۇمكىن؟ يەنە كېلىپ كاگشى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 26 - يىلى شاجۇ (沙州، قەدىمكى ئۇيغۇرچە) ئەمەس، دۇنخۇاڭ دېگەن نام قوللىنىلغانمۇ؟ يەنە دۇنخۇاڭدا «گۈيخۇا بۇتخانىسى» دېگەن ئىبادەتخانىنىڭ بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولامدۇ؟

پروفېسسور ئېنوكى كازۇئو تونۇشتۇرغان «يېڭى تەزكىرە» تۇڭ كۇۋەننىڭ دۇنخۇاڭ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ، «يېڭى تەزكىرە» دە «گۈيخۇا بۇتخانىسى» ھەققىدە مۇنداق بايان بار:

«گۈيخۇا بۇتخانىسى ([illegible]華寺) دۇڭ گۇەن (東關) دە[3]، قامىللىق ئەل ئۇستازى پىياشىرى (必牙失力) نىڭ ئوغلى بايان بولاد (拜言蔔剌) سالدۇرغان. بايان بولادنىڭ ئاتىسى قامىلدا تۇرىدىكەن. چېڭخۇا سەلتەنەت دەۋرى (1465 - 1487) دە تۇرپانلىق سۇلتان ئۇۋەيس بىلەن سۇلتان ئەلى ئۇلارنى بولاڭ - تالاڭ قىلىپ قامىلدا تۇرغۇسىز قىلىۋەتكەن. بېگدى سەلتەنەت دەۋرى ( 1506 - 1520) نىڭ باشلىرىدا بايان بولاد قەبىلىسىنى باشلاپ سۇجۇغا بەيئەت قىلىپ كەلگەندە ئولپان تاپشۇرۇشقا ئىجازەت بېرىلگەن. ھازىرقى تۇتۇقبەگ زاجىب بىلەن بايان بولاد كونا - يېڭى قارا مۇسۇلمان ئىككى تائىپە بىلەن ئۇيغۇر بىر تائىپە بەدەۋىيلەرنى ئىدارە قىلىۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن شەھەرنىڭ شەرقىگە بۇتخانا سالدۇرۇپ گۈيخۇا بۇتخانىسى دەپ ئاتىغان. بايان بولادنىڭ ئەمرى بويىچە بۇتخانا سېلىنىپ نام قويۇلغان.

پروفېسسور ئېنوكى كازۇئونىڭ بايان قىلغىنىدەك دۇڭ گۇەن (東關) بولسا سۇجۇ شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى بىر جاي. چېڭخۇا سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 12 - يىلى (مىلادىيە 1466 - يىل) باش مۇپەتتىش شۇ تىڭجاڭ (徐廷章) نىڭ دۇڭ گۇەننى كېڭەيتىپ ياساتقانلىقى، «يېڭى تەزكىرە » نىڭ خەرىتىسىدە ئېنىق تەسۋىرلەنگەن. سۇلتان ئۇۋەيس بولسا سۇلتان ئەلى ئۆلگەندىن كېيىن تۇرپانغا ھۆكۈمران بولغان كىشى. پروفېسسور ئېنوكى : «تۇتۇقبەگ بولغان بايان بولاد قامىلنىڭ تۇتۇقبېگى ئەنىق بولادنى كۆرسىتىدۇ» دېگىنى توغرا بولمىغان. «يېڭى تەزكىرە» نىڭ باشقا مەزمۇنلىرىدا «ئەل ئۇستازى بايان بولاد» دەپ ئاتىلىپ، ئاتىسىنىڭ راھىبلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇدا جوتېنىنىڭ ئېنىقلىغىنىدەك[4] ئەنىق بولادنىڭ ئاتىسى بولسا ساداقەت - ئىتائەتمەن تۆرە توغان تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى باقمۇردۇر. «يېڭى تەزكىرە» دىكى بايانلاردىن زاجىبنىڭ ئوردا خاتىرىلىرىدىكى زاجى بولاد ئىكەنلىكى ۋە ئەنىق بولادنىڭ ئوغلى

ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بولادنىڭ سۇجۇغا قېچىپ چىقىپ قومۇلدىكى تۇتۇقبەگلىك مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلىشى 1523-يىلىدىن كېيىنكى ئىش.

«يېڭى تەزكىرە» نىڭ «گۇيخۇا بۇتخانىسى» نىڭ بايانىغا ئۇلاپ يەنە بىر گۇيخۇا بۇتخانىسى ھەققىدە يەنى : «گۇيخۇا بۇتخانىسى (忄帚化寺) دۆڭ گۈەندە. مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭتوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 8-يىلى سېلىنغان. شۇنجى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 13-يىلى قايتا ياسالغان. يوڭجېڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10-يىلى يەنە ياسالغان. قۇرۇلۇش تاماملانمىغان»[5] دەپ خاتىرىلەنگەن. جېڭتوڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10-يىلى (مىلادىيە 1513) ئەنىق بولاد ئۇيغۇرلارنى باشلاپ قومۇلدىن سۇجۇغا كۆچكەن يىل، ئەتراپى 2.5 چاقىرىمچە كېلىدىغان دۆڭ گۈەندە تەلەپپۇز قىلىنىشى ئوخشاش ئىككى بۇتخانىنىڭ بولىشى ناتايىن، كويخۇاسى - 忄帚華寺 بىلەن 忄帚化寺 ئەمەلىيەتتە بىر بۇتخانا، دەسلەپ 忄帚華寺 دەپ ئاتىلىپ كېيىن 忄帚化寺 غا ئۆزگەرتىلگەنمۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇر كۆچمەنلەر سالغان بۇتخانا ھېچبولمىغاندا، يوڭجېڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 10-يىلى (مىلادىيە 1732) غىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. شۇڭا بۇ يەردىكى كاڭشى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 26-يىلى (مىلادىيە 1687) دەپ خاتىرىلەنگەن. «ئالتۇن يارۇق» تىكى «تولڭ كۇۋەن» بولسا «دۆڭ گۈەن» ھازىرقى مەيبۇلاق (酒泉) ئىكەنلىكى ئېنىق، «گۇيخۇا بۇتخانىسى» نىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىدىكى پەرققە ئاساسەن گەپ كەتمەس.

## ئىزاھات:

① 1913-يىلى رادلوف بىلەن مالوف نەشر قىلدۇرغان «ئالتۇن يارۇق». مەن بۇ ماقالەمدە پۇتۇنلەي مۇشۇ نۇسخىسىدىن پايدىلاندىم.

② ئېنوكى كازۇئو: «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى سۇجۇ» («يىپەك يولىنىڭ تارىخىدىن » دېگەن توپلامغا كىرگۈزۈلگەن). كېنبون نەشرىياتى، 1979-يىلى ياپونچە نەشرى، 163- 164-بەتلەر

③ قامىل- ھازىرقى قومۇلنى كۆرسىتىدۇ.

④ ئودا جوتېن : «مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى قومۇل خانلىرى ھەققىدە»، («شەرقىيات مەجمۇئەسى 22-توپلام، 1-سان، 23-بەت)

⑤ «يېڭى تەزكىرە» 5-جىلد.

كونو كازىكو تۈزگەن: «مىڭ-چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى سىياسەت ۋە جەمئىيەت»
(كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى گۇمانىتار پەنلەر تەتقىقات ئورنى نەشرى) دېگەن ياپونچە كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى.

ياپونچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئۆمەرجان نۇرى
تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

ھۈسەيىن سالمان (تۈركىيە)

# قوچودىن تېپىلغان بىر پارچە مانى دىنى ھۆججىتى ۋە ئۇنىڭ تۈرك تارىخىدىكى ئەھمىيىتى

تەرجىمان: يۈسۈپجان ياسىن

مەلۇم بولغىنىدەك، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى تېز سۈرئەتتە داۋاملاشتى، ئىلىم ھەيئەتلىرى كەينى-كەينىدىن تۇرپانغا باردى ۋە مول ۋەسىقە كوللېكسىيونىغا ئېرىشىپ قايتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىنگلىز ۋە فرانسۇز تەتقىقاتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە گېرمان تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىن ئا. ۋون لېكوكمۇ مۇھىم دىنىي ھۆججەتلەرنى ئېلىپ قايتقان ئىدى. كۆپ قىسمى مانى دىنىغا ئائىت بولغان بۇ ھۆججەتلەرنى كاشىفى ئېلان قىلدى[1]. تۇرپان قوچو (ئىدىقۇت شەھىرى) دىكى مانى دىنى خارابىلىرى ئارىسىدىكى بىر گۈمبەز ئاستىدىن تېپىلغان تۆت پارچە لەۋھە ھالىتىدىكى 11 پارچە ھۆججەت ئاپتورنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا سىناق خاراكتېرىدىكى بىر تەرجىمە شەكلى بىلەن تۇنجى قېتىم 1912-يىلى تونۇتۇلدى. دەسلەپكى بۇ تەرجىمىدىكى دىققەتنى تارتىدىغان نۇقتىلاردىن بىرى «مانى تېكىستلىرى - I» گە يازغان كىرىش سۆزدە ئا. ۋون لېكوكنىڭ تېكىستلەردە ئىسمى ئۇچرايدىغان توخارىستانلىق ئۇلۇغ موچاكنى «قارابالغاسۇن مەڭگۈ تېشى» دا ئىسمى تىلغا ئېلىنىدىغان مۇجا بىلەن بىر كىشى دەپ قارىغانلىقى ئىدى. «مانى تېكىستلىرى - I» دىكى تېكىستلەر ھەققىدە كېيىن نوپۇزلۇق تۈركولوگلاردىن ۋ. باڭ بىلەن ئا. ۋون گاباتىن تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئا. ۋون گاباتىن خانىم بۇ تېكىستلەرنى تىل ۋە تارىخ نۇقتىسىدىن تەكرار قولغا ئېلىپ، ئا. ۋون لېكوك ھەل قىلالمىغان بەزى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇردى. لېكىن بۇ ئەمگەك تىل جەھەتتىن قىسقىچە بىر تونۇشتۇرۇش، تارىخ جەھەتتىن بولسا ئانا مەنبەلەرگە تولۇق تايانمىغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان بىر تەتقىقات ھېسابلىناتتى[2]. ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان بۇ ماقالە دوكتور سائادەت چاغاتاي تەرىپىدىن «كۆكتۈركلەرنىڭ تارىخىغا بىر نەزەر» دېگەن نام بىلەن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىندى ۋە ئىككى قىسمىغا بۆلۈپ ئېلان قىلىندى[3]. كېيىنكى قىسمىدا ئاپتور تېمىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك «T. II. D. 171» نومۇرلۇق ۋەسىقىنى قولغا ئېلىپ، تېكىستتە ئۇچرايدىغان مانى دىنىدىكى رەسمىي ئۇنۋانلارنى ناھايىتى ياخشى ئېنىقلىغان. «مانى تېكىستلىرى - III» تىكى باشقا بىر تېكىستنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ ۋەسىقىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

مەملىكىتىمىزدىمۇ «مانى تېكىستلىرى - I» ھەققىدە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. فۇئاد كۆسەرائىف بۇ تېكىستلەرنى گېرمانچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلدى[4]. ئا. ۋون لېكوكنىڭ يازغان كىرىش سۆزىنىڭ كەينىگە تەرجىماننىڭ يازغان كىرىش سۆزى قوشۇلغان. تۆت لەۋھە ھالىتىدىكى 11 پارچە ھۆججەتنى چۈشەندۈرۈشتە 45 ئىزاھات بىلەن بىر لۇغەت ئىشلەنگەن، ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا تېكىستنىڭ فوتوكوپىيىسى قوشۇپ بېرىلگەن. تەرجىماننىڭ ئۆز بىلىمى ۋە ئىمكانىيىتى دائىرىسىدە يېرىم ئەسىر بۇرۇن قىلغان بۇ تەرجىمە تېكىستى قايتىدىن قولغا ئېلىنىپ تەكرار تەرجىمە قىلىشقا تېگىشلىكتۇر.

«مانى تېكىستلىرى - I» كۇللىياتىدىكى تېكىستلەردىن بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدىغىنى «T. II. D. 171.» نومۇرلۇق تېكىست. كاشىفىنىڭ دېگىنىدەك، بىر دۇئا تېكىستىدىن ئىبارەت بولغان بۇ پارچە يەنە بەزى تارىخىي مەلۇماتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئا. ۋون لېكوكتىن كېيىن بۇ تېكىستنى ئەڭ ئاۋۋال تەتقىق قىلغان ئا. ۋون گاباتىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بەزى يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، تىل جەھەتتە تېكىستنى تولۇق شەرھىيلىمىگىنىدەك، تارىخىي جەھەتتىن بەرگەن ئېنىقلىمىسىدا 10-ئەسىردىكى ئىسلام

جۇغراپىيىچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئارخېئولوگىيەلىك جەھەتتىكى قېدىرىش دوكلاتلىرىغا نەزەرىنى ئاغدۇرمىغانلىقى ئۈچۈن تېكىستنى چۈشەندۈرۈشتە چوڭ بىر بوشلۇق پەيدا قىلغان. تۈركچىگە قىلىنغان تەرجىمىسىدە بولسا تىل جەھەتتىن سادىر قىلىنغان خاتالىقلار بىلەن بىرلىكتە ئىزاھاتلاردا (37 ـ ۋە 41 ـ نومۇرلۇق )بېرىلگەن تارىخىي مەلۇماتلارمۇ ئەمەلىيەتتىن ناھايىتى يىراقلىشىپ كەتكەن بىر خىل تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت ئىدى.

« T.II.D.171» نومۇرلۇق تېكىست يەنە تۈرك تارىخى جەھەتتىنمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ 8 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا مەيدانغا كەلگەن قارلۇق دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ھازىرغا قەدەر ھېچقانداق بىر تارىخچى بۇ ۋەسىقە تەتقىقاتى بىلەن مەشغۇل بولمىغاچقا، تېكىستنىڭ بۇ تەرىپىنى قولغا ئالغانلار چىقمىدى. بىز بۇ نۇقتىنى نەزەرگە ئېلىپ، بۇ تېكىستنى ھەر جەھەتتىن تەكرار قولغا ئېلىپ تونۇتماقچى بولدۇق. تىل جەھەتتىن بىرەر خاتالىقنى سادىر قىلماسلىق ۋە ئوقۇرمەنلەر ئالدىدا خىجىلچىلىقتا قالماسلىق ئۈچۈن ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ تەتقىقاتچىلىرىدىن جەۋدەت ئەرالىپ ئالىشىكنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتۇق. شۇ سەۋەبلىك ياش تەتقىقاتچىمىزغا تەشەككۇر ئېيتىشنى بۇ يەردە بىر بۇرچ دەپ بىلىمىز. تېكىستنى تارىخىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىشتىن بۇرۇن ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەھقىقلىشىگە قولايلىق يارىتىش مەقسىتىدە ھۆججەتنىڭ ئەسلى تېكىستى بىلەن بۈگۈنكى تىلغا قىلىنغان تەرجىمىسىنى بېرىشنى ئۇيغۇن دەپ قارىدۇق.

T.II.D.171

ئارقا يۈز ئوڭ تەرەپ (تېمىسى بوزۇلغان )

| ئەسلى تېكىست | تەرجىمىسى |
|---|---|
| 1. yme uluğ ilig ezrua | 1. ئۇلۇغ ھۆكۈمدار ئەزرۇئا[5] |
| 2. t(e)ngri atı-nga.... | 2. تەڭرى نامى بىلەن. ..... |
| 3. yme ağazlanmış boltı (ulu)ğ | 3. باشلاندى ،ئۇلۇغ |
| 4. öğrünçün yme bitil(miş) | 4. مەمنۇنىيەت بىلەن يېزىلدى |
| 5. boltı ağır s(e)vinçi-n yme | 5. زور خۇشاللىق بىلەن |
| 6. amtı tükel türlüg itigi-n | 6. ئەمدى پۈتۈنلەي زور غەيرەت بىلەن |
| 7. bitilmiş boltı u(l)uğ yi(r)de | 7. يېزىلدى. ئۇلۇغ ئورۇندا |
| 8. uy(a)tmakı-n bu.... | 8. خىجىللىق بىلەن بۇ. .. |
| 9. t(n)gri t(e)ngridem u.... | 9. مۇقەددەس تەڭرى |
| 10. nom bitig. kim yme bar//i.ök | 10. مۇقەددەس كىتابىدۇركى ئۇ ، |
| 11. tolu erüş öküş türlüg | 11. ناھايىتى نۇرغۇن ،ناھايىتى كۆپ خىل |
| 12...t..(üz)ülterig udguru- | 12. ...روھنى ئويغىتار |
| 13. -glı. Köngülüg açığlı yme | 13. ۋە كۆڭۈلنى ئېچىپ |
| 14. kögüzüg y(a)rutuğlı köni kirtül | 14. قەلبنى نۇرلاندۇرىدۇ ،توغرا ،خاتىرىجەم |
| 15. anglag törülüg üç ödki | 15. ئاڭلىق ،سۈننى[6] ئۈچ زاماندا |
| 16. adıtlağ ödürtlüg yürüglüg | 16. ئايرىپ تاللاپ تۈپتۈز ماڭغان |
| 17. tirig öz birikli y(a)ruk t(e)ngri | 17. جانلىق، ھاياتلىق بىرىدۇكى ئۇ نۇرلۇق تەڭرى |
| 18. yiri-nge tegürdeçi. Noşda | 18. ھوزۇرىغا ئېرىشتۈرگۈچىدۇر ،ئابى ھايات شەربىتىدىن |
| 19. tatağlağrak t(e)engri-dem bilge | 19. تېخىمۇ لەززەتلىك ئىلاھى |
| 20. bilig. yme edgü ödke | 20. بىلىمدۇر. ۋە ياخشى زامان ۋە |
| 21. koluka .yme irülüg edgü | 21. ياخشى دەۋردە ،ھەم ئۇيغۇن ،ياخشى |
| 22. künke, yme alkatmış | 22. كۈندە ھەم مۇبارەك |
| 23. aika. yme yigedmiş kutluğ | 23. ئايدا ۋە مۇزەپپەر قۇتلۇق |

| | |
|---|---|
| 24.يىلدا ۋە مەدھىيىلەنگەن ئۇلۇغ | 24. yılka. yme ögütmüş alkatmış |
| 25.ئەسكەر تۈرك مىللىتى. ئارغۇ ،تالاس | 25. ç(e)ri(ğ) Türk ulus, argu, tlas |
| 26.ۋادىسى ئىچىدە. يۇقىرى -تۆۋەن | 26. kügöz içi-nte. yme yokaru kodı |
| 27.ئوڭ -سول تەرەپتە نامى چىققان ۋە | 27. ilgerü kirü atı iştilmiş yme |
| 28.شۆھرىتى يېيىلغان شانلىق ئۇلۇس | 28. küsi sorulmuş kutluğ ulus |
| 29.ئېتىبارلىق ،ئېسىل ۋە نەسلى پاك مىللەت | 29. y(a)raşlağ altun aruğu ulus |
| 30.كاسۇ ،يەگەنكەنت ،ئوردۇكەنت، چىگىل | 30. kasu, ygenknt ordu-knt çigi(ı) |
| 31.شەھىرى. ئىلاھى قۇتلۇق تەڭرىنىڭ | 31. balıg nom kutı t(e)ngri- ni -ng |
| 32.ھۇزۇرىدا [7]ماردا سپاند[8]تەڭرى - | 32. ornanguusı, mrdaspnt t(e)ngri |
| 33.لەرنىڭ ئۆيى ،پاكىز نۇرلۇق | 33. lern(i)ng otaçılıkı, arığ y(a)ruk |
| 34.كۈچلۈك پەرىشتىلەرنىڭ | 34. küçlüg, prişti-lern(i)ng |
| 35.مەنزىلى ،پاكىز ،ساپ | 35. konğusı, arığ torug süzük |
| 36.مانى مەملىكەتلىرىدە ۋە ئۇنىڭ | 36. mani-stanlar içi-nte .yme |
| 37.ئۇلۇغ مىللىتىگە سائادەت بەرگەن | 37. Kara bodunı kutluğ ötmiş. |

## ئارقا يۈزى سول تەرەپ

| تەرجىمىسى | |
|---|---|
| 1....غالىپ پەرىشتە | 1. ötmüş yigedmiş prişti.... |
| 2.ئېتىبارلىق ،شانلىق ،مەشھۇر تەڭرى | 2. ayağlağ tatağlağ atlağ t(e)ngri |
| 3.ئۇستاز ۋاكخمان كخار يازد تويىن | 3. m(a) w(a)khm(a)n khiar y(a)zd (t)oin-n |
| 4.توخارىستانلىق ئۇلۇغ باش راھىب | 4. tokrıdaki uluğ moçak |
| 5.....ۋە ئېسىل ئارغۇ | 5. ....yme (a)ltun argu |
| 6...مىللىتى كاسۇ خانى ،ئوردۇ | 6. ....(ul)us kasu khanı ordu |
| 7.چىگىل كەنت بېگى ،ئۇلۇغ تۈركلەرنىڭ | 7. çigil k(e)nt erkliği uluğ Türkdün |
| 8.قوغدىغۇچىسى. چىگىل ئارسلان ئىل تىرگۈگ | 8. praşdanaki çigil arslan iltirgüg |
| 9.ئالپ بۇرگۇچان ئالپ تارخان بەگ | 9. alp burguçan alp t(a)ekhan beg |
| 10.تەختكە چىقىش مۇناسىۋىتى بىلەن | 10. ilentük erksintük oğurınta |
| 11.ھازىر (ئۇنىڭغا )ئېسەنلىك (ۋە ) | 11. yme amtı bolzun esengu-ü |
| 12.ئالقىش بولسۇن. تۆزۈ نوم ئارقىسىغا | 12. alkis, tozu nom arkasi-nga |
| 13.مەمنۇنىيەت بىلەن سۆيۈن - | 13. yme ögirmek s(e)vinmek |
| 14.-سۇن. نوم پراشداناكلىرى[9]بىلەن | 14. bolzun nom praşdan(a)kların üze |
| 15.كۈچلۈك ۋە ئىشەنچلىك | 15. yme kutadmak kıvadmak |
| 16.بولسۇن. تۆزۈ ئۆدرۈلمىش[10] | 16. bolzun, tözü ödrülmüş |
| 17.پاك دىندارلارغا ۋە | 17. arıg dıntarlarka, yme |
| 18.غەلىبە قىلسۇن ۋە غالىپ كەلسۇن | 18. yigetmek utmak bolzun, |
| 19.مەن نامرات (ئېتىبارسىز )بىتىكچى ئاغدۇق | 19. manga ağduk kharı bitgeçi-i |
| 20.ئۇستاز ئىشويازد[11] ئىسا پەيغەمبەر ،ماخىستاك[12] ھەققىدە | 20. m(a)r işoy(a)zd makhistak üze |
| 21.زور ئىشتىياق | 21. kim yme uluğ amranmakı-n |
| 22.ۋە كۈچلۈك ئارزۇ بىلەن يازدىم. | 22. ağır küsüşün bitidim |
| 23.گۇناھلاردىن خالاس بولسۇن | 23. yazukda boşunmağ bolzun. Kamağ barça |
| 24.بارلىق سۆيۈملۈك، ئىجەشلىك ئىنگوشاكلارغا[13] | 24. s(e)vüg üzütlüg n(i) goşaklarka |
| 25.ۋە پۈتۈن ساپ ۋۇجۇدىمىز | 25. yme tüzün barça et özümüz |
| 26.تامامەن ساغلام بولسۇن | 26. bütününün kadakı-n turzun |

| | |
|---|---|
| 27.سالامەت ۋە ئامان ـئېسەن تۇرايلى | 27. igsizi_n adasızı _n turalım |
| 28.ۋە كۆڭلىمىز ،كۆكسىمىز | 28. yme köngülümüz kögüsümüz |
| 29.دائىم غەمسىز ۋە قايغۇسىز | 29. turkaru busuşsunuz kadgusuz |
| 30.تۇرسۇن ،بارلىق ياخشى ئىشلارغا | 30. un turzun. Barça edgü kılınçka |
| 31.تەييار تۇرايلى. روھىمىز | 31. tükellig bolalım. Üzütümüz |
| 32.قۇتۇلۇپ ،ئازاد بولسۇن | 32. kurtulmak boşunmağ yigedmek |
| 33.ۋە بۇنىڭغا ئېرىشىپ تەڭرى ھوزۇرىغا لايىق | 33. utmak t(e)ngri yiri_nte tegimlig |
| 34.بولسۇن. .... | 34. // bolzun..... bu çevçeve |
| 35.مەڭگۈگە. ... | 35. m(e)ngigü..... içindeki metin |
| 36.مۇشۇنداق. ... | 36. inçe ........ silinmiştir |
| 37.بولسۇن. .... | 37. bolzun |

ھۆججەتكە تارىخىي جەھەتتىن باھا بېرىپ ئۆتكىنىمىزدەك ،بۇ ھۆججەت بىر دۇئا تېكىستى ئىدى. دىنىي ھۆججەتلەردە تارىخىي ھۆججەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا دائىم يوشۇرۇن ئىپادە قىلىش ۋە ئېنىقسىزلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. باشقىچە ئىپادە قىلغاندا بىر تارىخىي ھۆججەتتە كۆرۈلگەن يەر ،شەخس ۋە ۋاقىت ئىبارىسى دىنىي ھۆججەتلەردە كۆرۈلمەيدۇ. بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى بولغان ئاغدۇق بىر دىندار ئادەم بولۇپ ،ئۇ تۆتىنچى دەرىجىدىكى مانى دىنىي راھىبى ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمدارلىق گورۇھى بىلەن قايسى دەرىجىدە يېقىن بىر مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقى بىزگە نامەلەم. ئاپتورنىڭ بىلىملىك ۋە مەدەنىيەتلىك بىر شەخس ئىكەنلىكى ئېنىق. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇسلۇبىدىن ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىقتىدارىنىڭمۇ كۆچكۈك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز. يېڭى قۇرۇلغان بىر دۆلەتنى تونۇشتۇرغاندا ۋە تۈرك دۇنياسىنى تەسۋىرلىگەندە تاللىغان سۆزلىرى ئۇنىڭ ئادەتتىكى بىر ئەدەبىياتچىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاپتور ھەققىدىكى قىسقىچە چۈشەنچىمىزنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرىمىز. ئەمدى ۋەسىقىدە ئۇچرايدىغان جۇغراپىيەلىك ئورۇنلارنى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ مۇھىم مەنبەلىرىدىكى مەلۇماتلار ئاساسىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

ئارغۇ-تالاس ۋادىسى ؛بۇ ئىسىم «171 .T.II.D» نىڭ ئارقا يۈزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە 25- ،26 -قۇرلاردا ئۇچرايدۇ. ئۆز دەۋرىنىڭ مەنبەلىرىدىن ئېنىقلىشىمىزچە، بۇ يەر تالاس (تاراز )شەھىرى بىلەن بالاساغۇن ئارىسىدىكى رايون ئىدى. 11-ئەسىردە ياشىغان لۇغەتشۇناس مەھمۇد كاشغەرى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ «تالاس بىلەن بالاساغۇننىڭ ئارىسىدىكى شەھەرلەر ئارغۇ دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ يەر ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان »[14] دېيىش ئارقىلىق بۇ ۋادىنى خېلى ئېنىق تەرىپلىگەن. ۋادىنىڭ باشلىنىش يېرى بولغان تالاس ياكى تاراز شەھىرى جۇغراپىيەلىك ئېنىقلىملارغا ئاساسلانغاندا، تالاس دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىغا يېقىن بىر يەردە ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا ئىككى تالاس شەھىرى بار ئىدى. بۇنىڭ بىرى چوڭ تالاس دېيىلەتتى. يەنە بىرى مۇسۇلمانلار چېگرىسىدا ئىدى.[15] «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك » نى تەرجىمە قىلغان بېسىم ئاتالاينىڭ چۈشەندۈرگىنىدەك ،بۇنى كىچىك تالاش شەھىرى دەپ ئاتاش توغرا ئىدى. 10-ئەسىردىكى ئىسلام جۇغراپىيەچىلىرىدىن مەقدىسى تارازنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ :«تاراز چوڭ ،مۇستەھكەم ،بوك-باراقسان ،ئاۋات ،ئەتراپىدا خەندەكلىرى ۋە چوڭ دەرۋازىلىرى بار بىر شەھەردۇر. ئاۋات بىر رابازى (شەھەرنىڭ قەلئە ۋە سېپىل تېمى سىرتىدىكى قىسمى )،شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان چوڭ بىر دەريا بار. شەھەرنىڭ بىر قىسمى بۇ دەريانىڭ ئارقىسىغا جايلاشقان. بۇ يەردە كىچىكلەر بار. جامەسى بازار ئىچىگە سېلىنغان»[16] يەنە شۇنى ئەسلەپ ئۆتىشىمىز كېرەككى، مىلادىيە 751-يىلىدىكى تالاس ئۇرۇشىمۇ بۇ شەھەرگە يېقىن يەردە يۈز بەرگەن ئىدى. ۋادىنىڭ يەنە بىر ئۇچى ھېساپلانغان بالاساغۇنمۇ مەشھۇر بىر شەھەر بولۇپ ،قاراخانىيلار تەرىپىدىن پايتەخت قىلىنغان ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا ،بۇ شەھەر پايتەخت قىلىنغاچقا «قۇز ئوردۇ» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالغان.[17]

بىز ئۈچۈن يەنە بىر مەنبە ھېساپلانغان مەقدىسىنىڭ ئەسىرىدە بالاساغۇننىڭ چوڭ ۋە نوپۇسى كۆپ بىر شەھەر ئىكەنلىكى ئىپادە قىلىنىدۇ. [18] تالاس - ئارغۇ ۋادىسى 8-11-ئەسىرلەردە مۇھىم ئولتۇراق مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ ماقالىمىزدا بىرئازدىن كېيىن تىلغا ئېلىنىدىغان شەھەرلەر بۇ ۋادىغا جايلاشقىنىدەك، ئاسپارا ۋە توقماق قاتارلىق نامى مەشھۇر شەھەرلەرمۇ يەنە بۇ رايوندا ئىدى.

كاسۇ - ھۆججەتنىڭ ئارقا يۈزى ئوڭ تەرەپ 30-قۇرىدا، ئارقا يۈزى سول تەرەپ 6-قۇرىدا ئۇچرايدۇ. بىز تەتقىق قىلغان جۇغراپىيەلىك ئورۇنلار ئىچىدىكى كاسۇ شەھىرى ھەققىدە ئېرىشكەن مەلۇماتىمىز ناھايىتى مۇجمەل [19]. كاسۇ 8-ئەسىردە كىچىك بىر شەھەر ئىدى. 11-ئەسىردە، يەنى مەھمۇد كاشغەرى دەۋرىدە ئاھالىسى بۇ شەھەرنى تەرك ئەتكەن.

يەگانكەنت - ھۆججەتنىڭ ئارقا يۈزى ئوڭ تەرەپ 30-قۇرىدا ئۇچرايدۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئورنىنى بىزگە ئىسلام جۇغراپىيەچىسى مەقدىسى ئەڭ ياخشى تەرىپلەپ بېرىدۇ. ئوترار (ئەۋلىيا ئاتا) بىلەن تاراز ئارىسىدىكى شەھەرلەر ساناپ ئۆتۈلگەندە ئاشۇ لىنىيىدىكى يەگانكەنتنىڭمۇ ئىسمى ئۇچرايدۇ[20]. مەقدىسى بۇ شەھەرنى «يەگانكەنت چوڭ ۋە گۈزەل بىر شەھەر ئىدى. بۇ يەر قارا خاننىڭ شەھىرىدۇر. بۇ زاتنىڭ قورغىنى ۋە قەبرىسى بۇ يەردە »[21] دەپ تەرىپلىگەن.

ئوردۇكەنت - ئارقا يۈزى ئوڭ تەرەپ 30-قۇر بىلەن ئارقا يۈزى سول تەرەپ 6-قۇردا ئۇچرايدۇ. بۇ توختىلىش زۆرۈر بولغان ئەڭ مۇھىم شەھەر. مەلۇم بولغىنىدەك، قەدىمكى تۈرك دۆلەتلىرىدە ئوردۇكەنت دۆلەت مەركىزى قىلىنغان شەھەر ئىدى. بۇ ئالاھىدىلىكى تۈپەيلىدىن بەزى تەرجىمانلار تەرىپىدىن ئوردۇكەنت قەشقەر بىلەن بىر شەھەر دەپ قارالماقتا. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ دېگىنىدەك، ئوردۇكەنت بالاساغۇنغا يېقىن بىر شەھەر ئىدى[22]. باشقا بىر مەنبە بىلەن تەمسىلىگەن مەقدىسى بولسا بىرئاز ئېنىق قىلىپ ئوردۇكەنت بىلەن بالاساغۇننىڭ ئارىسىدا ناۋىكاتنىڭ جايلاشقانلىقىنى يازغان [23]. ئەمدى بىرئازدىن كېيىن بېرىدىغان يىپ ئۇچى قىلىش ئۈچۈن مەقدىسىنىڭ ئوردۇكەنت ھەققىدىكى مەلۇماتىنى تولۇق كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. يەنى مەقدىسى مۇنداق يازغان «ئوردۇكەنت تۈركمەنلەرنىڭ ھۆكۈمدارى تۇرىدىغان كىچىك بىر يەر. بۇ ھۆكۈمدار ئىسبىجابنىڭ خوجايىنىغا (ئېھتىمال سامانى ھۆكۈمدارى بولسا كېرەك) سوغات يوللاپ تۇرىدۇ. تۈركمەن ھۆكۈمدارىنىڭ (قارلۇق ھۆكۈمدارى بولۇشى چوڭ ئېھتىماللىققا ئىگە) سارىيى قەلئە ئىچىگە جايلاشقان »[24].

ئارخېئولوگلار بۈگۈن يەنىلا ئوردۇكەنتنىڭ ئورنى ھەققىدە ئىزدەنمەكتە. ھازىر مەسىلىنى 8-ئەسىردىن بۇرۇنقى ۋاقىتتىن باشلاپ قولغا ئالىمىز. جۇڭگو يىلنامىلىرىنى ئاقتۇرغىنىمىزدا بۇ يەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا سېرىق تۈركەشلەر دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئۇچەلەنىڭ 8-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا توقماقنىڭ غەربىي شىمالى (سۇياب ؟) دا بازا قۇرغانلىقىنى ۋە كېيىن توقماقنى قولغا كىرگۈزۈپ ئۆزىگە پايتەخت قىلغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز[25]. زامانىمىزدىكى تەتقىقاتچىلاردىن گ.گلاۋسون سۇياب شەھىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ئاق پېشىم خارابىلىرىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يەنە كېلىپ بۇ يەردە تۈركەش خاقانىغا ئائىت دەسلەپكى پۇللار تېپىلدى[26]. توقماقنىڭ بالاساغۇنغا ناھايىتى يېقىنلىقى تەسەۋۋۇر قىلىنسا، يۇقىرىدىكى جۇڭگو مەنبەلىرىنىڭ مەلۇماتىنىمۇ نەزەرگە ئېلىپ مەھمۇد كاشغەرى تەرىپىدىن بالاساغۇنغا يېقىن بىر شەھەر دەپ كۆرسىتىلگەن ئوردۇكەنتنىڭ توقماقنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى ياكى ئۇنىڭغا ناھايىتى يېقىن بىر شەھەر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتكە يېقىنلاشقان بولىمىز. پىكرىمىزنى كۈچەيتىدىغان باشقا بىر خۇسۇس 10-ۋە 11-ئەسىردە رايونلارنى خېلى كەڭ دەرىجىدە تونۇشتۇرغان مەھمۇد كاشغەرى بىلەن مەقدىسىنىڭ ئەسىرىدە توقماق دېگەن شەھەر نامىنىڭ ئۇچرىماسلىقىدۇر. بۇ تۈركەشلەردىن كېيىن قارلۇق دۆلىتىگە مەركەز بولغان ئوردۇكەنتنىڭ قاراخانىيلار خانىدانىغا مەركەز بولغان بالاساغۇننىڭ گۈللىنىشى نەتىجىسىدە خارابلىشىپ نوپۇسىنىڭ ئازىيىشىدىن شەكىللەنگەن بىر ئەھۋال ھېساپلانماسمۇ؟ پىكرىمىزنى قۇۋۋەتلەيدىغان باشقا بىر تەتقىقات 10-ئەسىردە يېزىلغان ئاپتورى نامەلۇم جۇغراپىيە ئەسىرى «ھودۇدۇل ئالەم » نى نەشر قىلغان مىنورسكىينىڭ مۇشۇ خىل قاراشتا بولغانلىقىدۇر[27]. ھېلىمۇ داۋام قىلىۋاتقان ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقاتلار مەسىلىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرىدۇ.

چىگىلكەنت - ئارقا يۈزى ئۇلۇغ تەرەپ 30- قۇردا ۋە ئارقا يۈزى سول تەرەپ 7-قۇردا ئۇچرايدۇ. ھۆججەتتە ئاخىرىدا تىلغا ئېلىنغان شەھەر چىگىلكەنتتۇر. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئەسىرىدە چىگىلكەنت تالاس (تاراز) نىڭ يېنىدىكى بىر شەھەرچە سۈپىتىدە تەرىپلىنىدۇ[28]. مەقدىسى بولسا بۇنىڭغا يېقىن بىر شەكىلدە، لېكىن بىرئاز كەڭ دائىرىدە مەلۇمات بېرىپ، چىگىلكەنتنىڭ تارازدىن بىر ئۇنلەملىك يىراقلىقتا جايلاشقانلىقىنى، ئەتراپىنىڭ سېپىل بىلەن قورشالغانلىقىنى، بىر قەلئەسىنىڭ بارلىقىنى ۋە جامەسىنىڭ بازار ئىچىگە جايلاشقانلىقىنى يازغان[30].

ئارغۇ قەبىلىسى - ئارقا يۈزى سول تەرەپ 5-، 6-قۇرلاردا ئۇچرايدۇ. ھۆججەتتە ئىسمى خاراكتىرلەندۇرۇلۇپ «ئۇلۇغ ئارغۇ مىللىتى» شەكلىدە ئاتالغان بۇ قەبىلە 8-ئەسىردە ناھايىتى مۇھىم بىر سىياسىي توپ ئىدى. مەھمۇد كاشغەرى بۇ قوۋمنىڭ تىلى ھەققىدە ناھايىتى كەڭ مەلۇمات بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كىچىكرەك قەبىلىلىرى ۋە ئارىلاشقان سىياسىي ۋەقەلىرى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمىگەن. ئۇلارنىڭ جايلاشقان جۇغراپىيەلىك ئورنى سۈپىتىدە بالاساغۇن بىلەن تاراز ئارىسىدىكى رايونلار كۆرسىتىلگەن[31]. لېكىن ئۇنىڭدىن ئىككى ئەسىر كېيىن ياشىغان جامال قارشى بۇ يەرنى تېخىمۇ شەرققە سۈرۈپ، ئىلى ۋادىسىنى ئارغۇ مەملىكىتى دەپ ئاتىغان[32]. 8-ئەسىردىن 13-ئەسىرگە قەدەر بولغان مەنبەلەردە بىز ئۇچراتقان ئورتاق ئالاھىدىلىك شۇكى، ھەر ئىككى رايوندا ئارغۇ دېگەن قەبىلە ئىسمى كۆرۈلمەيدۇ، كۆپىنچە قارلۇق تۈركلىرىنىڭ ئولتۇراقلاشقان يېرى كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ئەجەبا ئارغۇ ئىسمى قارلۇقلارغا بېغىشلانغان بىر سۈپەت سۆزىمىدۇر، دېگەن سوئال كاللىمىزغا كېلىدۇ. بىر مۇنچە تۈرك قەبىلىلىرىگە بېرىلگەن «تۈركمەن» ئۇنۋانىغا ئوخشاش بۇنىڭمۇ بېرىلگەن مۇشۇنداق بىر نام ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ئارغۇلار قارلۇقلارنى تەشكىل قىلغان قەبىلىلەر ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى ياكى ئەڭ كىچىك قەبىلىلەردىن بىرى بولغان بولسا ئىدى، 10-ئەسىردىكى ئىسلام جۇغراپىيەچىلىرى ئۇلار ھەققىدە چۇقۇم مەلۇمات بېرەتتى. بىز بۇ مەسىلىنىڭ تىل تەتقىقاتلىرى ئارقىلىق خېلىلا ئايدىڭلىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ۋەسىقىدە ئىسمى ئۇچرايدىغان يەر ناملىرى بىر-بىرىگە ناھايىتى يېقىن جايلارنىڭ نامى بولۇپ، بۇ يەرلەر ئومۇمەن ئىسسىق كۆل بىلەن تاراز ئارىسىغا جايلاشقان ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ رايوندا رۇس ئارخېئولوگلىرى قىدىرىش ئېلىپ بارماقتا. ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە تۈرك دۇنياسىغا ئائىت دەستلەپكى پۇللار بۇ رايوندىن تېپىلدى. بۇ رايون ئەينى ۋاقىتتا غەربىي تۈركلەر ۋە ئۇلار قۇرغان تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ تېررىتورىيەسى ئىچىدىكى يەرلەر ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردىمۇ ۋەسىقىدە ئىسمى ئۇچرايدىغان شەھەرلەرگە ئائىت تېخىمۇ كۆپرەك ئەسەرلەرنىڭ تېپىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ۋەسىقىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى مەسىلىسى - يۇقىرىدا كۆرۈلگىنىدەك، ۋەسىقىدە مەلۇم بىر دەۋرگە ئائىت خاتىرە ئۇچرىمايدۇ. ۋەسىقىنىڭ يېزىلغان دەۋرى ھەققىدە ئا.ۋون. گاباغىننىڭ ئېلىپ بارغان ئىنچىكە بىر تەتقىقاتى مەسىلىنى زور دەرىجىدە ھەل قىلىپ بەردى. بىز سۆز ئېچىۋاتقان بۇ ۋەسىقىنىڭ سىرتىدا ئا.ۋون گابائىن «مانى تېكىستلىرى - III» كە كىرگۈزۈلگەن باشقا بىر ۋەسىقىدە ئۇيغۇر ھۆكۈمدارى بۆگۈ قاغان (مىلادىيە 759-780-يىللار) بىلەن ئۆتتۈكەن ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ رەسمىي كاتىپلىقىنى قىلغان ئاغدۇقنىڭ ئىسمىنىڭ ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە بۇنى بىر چىقىش نۇقتىسى قىلىپ ئاسانلا بىر يول بىلەن ئىل تۇتمۇش ئۇنۋانىدا ئاتالغان بۆگۈ قاغان، ئاغدۇق ۋە ئارسلان ئىل تىرگۈگىنىڭ بىر دەۋردە ياشىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قارلۇقلارنىڭ مىلادىيە 766-يىلىدىن ئېتىبارەن بۇرۇنقى تۈركەشلەرنىڭ يېرىدە يەرلەشكەنلىكىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ۋەسىقىمۇ مىلادىيە 766-780-يىللار ئارىسىدا يېزىلغان بولۇشى كېرەك. كۆرۈلگىنىدەك، ھۆججەتنىڭ مەزمۇنى بۈگۈنكى تىلىمىز بىلەن ئېيتقاندا بىر تەبرىك تېلېگراممىسى خاراكتېرىدە ئىدى. بەلكىم ئاغدۇق تۇنجى بولۇپ تەختكە چىققان بىر تۈرك بېگىگە ۋە خەلقىگە بۆگۈ قاغان نامىدىن بەخت - سائادەت ۋە ئۇتۇق تىلىگەن بولسا كېرەك. ناھايىتى ئېنىق مەلۇمكى، بۇ خىل قۇتلۇقلاش ھەر دەۋردە بولغان ۋە

قايسى دۆلەتتە بولسۇن، ھۆكۈمدار سەلتەنەت سۈرۈشكە باشلىغان يىلى قۇتلۇقلانغان، بۇ ئەنئەنىگە ئاساسەن بىزمۇ ئارسلان ئىل تىرگۈگنى تەبرىكلىگەن بۇ ۋەسىقىنى مىلادىيە 766-يىلى يېزىلغان دەپ قارايمىز.

ۋەسىقىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى — ئوتتۇرا ئەسىر تۈرك دۆلەتلىرىگە ئائىت يازما ئەسەرلەرنىڭ ئازلىقى ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغان بىر ھەقىقەتتۇر. بۇنىڭغا يەنە 13-ئەسىردە موڭغۇل ئىستىلاسى پەيدا قىلغان ۋەيرانچىلىقنى قوشساق بۇ ساھەدىكى بوشلۇقنىڭ ئۆزلىگىدىن كېڭەيگەنلىكىنى كۆرىمىز. شۇ سەۋەبلىك ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسىم دائىرسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ۋەسىقە 8-ئەسىرگە ئائىت ئادەمىيەت دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرگەن بىر قېيىققا ئوخشايدۇ. پارچە ھالەتتە بولسىمۇ بۇ ھۆججەتنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، بۇ دەۋرگە ئائىت تۈرك دۇنياسىغا قوشنا بولغان دۆلەتلەرنىڭ قالدۇرغان ئەسەرلىرى ئارىسىدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە مىلادىيە 751-يىلىدىكى تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن جۇڭگو ئىمپېرىيەسى بۇ رايوندىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغانلىقتىن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئائىت مەلۇماتلارنى بېرىدىغان جۇڭگو يىلنامىلىرىدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىمىزنىڭ قالمىغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدىغان بولساق قولىمىزدىكى مانى دىنى تېكىستلىرىنىڭ قىممىتى ئۆزلۈگىدىن يۇقىرى كۆتۈرىلىدۇ ۋە شۇ دەۋرگە ئائىت مەلۇم بىر خىل ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىيال بىلەن ئوخشاش قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

«شىنە-ئۇسۇ مەڭگۈ تېشى» دا ئېنىق كۆرۈلگىنىدەك، مىلادىيە 745-يىلى كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى بىلەن تۈرك دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن باشلانغان كۈرەش خېلىلا شىددەتلىك بولدى. ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان بىر يىل سەلتەنەت سۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مويۇنچورنىڭ پۈتۈن ھاياتى ئۆتۈكەندىكى تەختنى قوغداش ئۈچۈن باسمىل ۋە قارلۇقلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش بىلەن ئۆتتى. مەڭگۈ تاشتىكى ئىپادىلەردىن بۇ كۈرەش مەزگىلىدە ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى مەلۇم بولسىمۇ ،بۇ ئىككى رەقىپتىن قارلۇقلار ھەر ۋاقىت ئۇيغۇرلارنىڭ قورقۇنچلۇق چۈشىگە ئايلانغان. باشقا بىر مەنبەدە، مەسىلەن، «قارابالغاسۇن مەڭگۈ تېشى» دا بۇنى ئېنىق كۆرىمىز. مىلادىيە 766-يىلى بۇ رەھىمسىز دۈشمەننىڭ خېلىلا يىراقتىكى تۈركەش زېمىنىنى قولغا كىرگۈزۈپ ئۇيغۇرلاردىن يىراقلىشىشى روھىي ئەندىشە ئىچىدە تۇرىۋاتقان ئۆتۈكەننىڭ بۇ يېڭى ھۆكۈمرانلىرىغا ئەركىن بىر نەپەس ئېلىش پۇرسىتى بەردى. بەلكىم ئۇلار خوشاللىقتا چۆمگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ جەھەتتىن قارايدىغان بولساق ۋەسىقە بىزگە پىسخىلوگىيەلىك بىر كەيپىياتنىمۇ ئەكىس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

بىز تۈرلۈك نۇقتىلاردىن قولغا ئېلىپ تونۇتۇشقا تىرىشقان بۇ مانى دىنى ھۆججىتى مەۋجۇت ھالات ئېتىبارى بىلەن قارلۇق دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان تۇنجى ۋە ئاخىرقى ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ.

## ئىزاھات:

(1) coq, Turkische Manichaica aus Chotscho, APAW, I, Berlin, 1912, II, 1919, III, 1922.

(2) A. von Gabain, Steppe und stad im Leben der altesten Turken , Der islam, cilt 29, Berlin, 1949, s. 30-62.

(3) A. Von Gabain, Göktürklerin tarihine bir bakış , D.T.C.F. Dergisi, cilt II, say 5, Ankara, 1944, s. 685-695. D.T.C.F. Dergisi, cilt VIII, say 3, Ankara, 1950, s. 373-379.

(4) Turkçe manı el yazmaları , Turkçeye çeviren Fuad Köseraif, Istanbul, 1936.

(5) ئەزرۇئا - بىر ئىلاھنىڭ ئىسمى ،يەنە بىر ئىسمى زېرۋان .ئاھمەت جافەرئوغلۇ :«قەدىمكى ئۇيغۇر تۈركچىسى سۆزلۈكى » ،1968-يىلى ،ئىستانبۇل ،79-بەت .

(6) بىر نەرسىنىڭ دەسلەپتە ئوتتۇرغا چىققان، ئەڭ پاكىز ئەڭ ساپ شەكلى دېگەن مەنىدە .

(7) ئەركىن تەرجىمە قىلىشقا توغرا كەلسە ،بۇ تېكست كاسۇ ،يەگانىكەنت ،ئوردۇكەنت ۋە چىگىلكەنت شەھەرلىرىنىڭ تەگرىنىڭ ئىلاھىي ھوزۇرىدا (مەملىكىتىدە )ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلىدۇ .

(8) مارداسپاند - مانى دىنىدىكى تەگرىلەردىن بىرىنىڭ ئىسمى .جافەرئوغلۇ ،يۇقىرىقى ئەسەر 127، -128-بەتلەر .

(9) مانى دىنىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك بىر دىنى ئۇنۋان .ئا.ۋون گابائىن ،يۇقىرىقى ئەسەر .

(10) مانى دىنىدە ئۈچۈنچى دەرىجىلىك بىر دىنى ئۇنۋان .ئا ۋون گابائىن ،يۇقىرىقى ئەسەر .

(11) ئىشويازد- ئىسا پەيغەمبەرنى كۆرسىتىدۇ .جافەرئوغلۇ ،يۇقىرىقى ئەسەر 100-بەت .

(12) ماخستاك - مانى دىنىدە تۆتىنچى دەرىجىلىك دىنىي ئۇنۋان .

(13) نىگوشاك - مانى دىنىدە بەشىنچى دەرىجىدىكى دىنىي ئۇنۋان .ئا .ۋون گابائىن ،يۇقىرىقى ئەسەر .

(14) Kaşgarlı Mahmud, Divanu Lugat-it Turk, Cilt I, s. 127.

(15) Kaşgarlı Mahmud, Divanu Lugat-it Turk, Cilt I, s. 366.

(16) Makdisi, Ahsen el- takasim fi marifet el ekalim, De Goeje neşri, Lieden- Bril, 1877, s. 274. Dr. Ramazan şeşen, slam Co rafyac lar na göre Turkler ve Turk ulkeleri, Ankara, 1985, s. 252.

(17) Kaşgarlı Mahmud, Divanu Lugat-it Turk, Cilt I, s .124.

(18) Makdisi, aynı eser, s. 275. şeşen, aynı eser, s. 253

(19) Kaşgarlı Mahmud, Divanu Lugat-it Turk, Cilt III, s .124.

(20) Makdisi, aynı eser, s. 263. şeşen, aynı eser, s. 248.

(21) Makdisi, aynı eser, s. 274.

(22) Kaşgarlı Mahmud, aynı eser, Cilt I, s .124

(23) Makdisi, aynı eser, s. 263.

(24) Makdisi, aynı eser, s. 275.

(25) E. Chavannes, Dokuments sur les Tou-kiue Occidentaux, Paris, 1941, s. 79.

(26) Emel Esin, Turk sanat tarihinde Karahanlı devrinin mevkii, VI. Turk tarih kongresi, Kongreye sunulan bildiriler, Ankara, 1967, s. 102.

(27) udud ul al -Alam, ıng neşri, Minorsky, London, 1937, s. 299.

(28) Kaşgarlı Mahmud, aynı eser, Cilt I, s .393.

(29) ئۇنلەمە - ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۇ ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى ھەققىدە ھازىرچە ئېنىقلىما بەرگىدەك مەلۇماتنى ئۇچرىتالمىدۇق.

(30) Makdisi, aynı eser, s. 274-275.

(31) Kaşgarlı Mahmud, aynı eser, Cilt I, s.127.

(32) A. Von Gabain, Göktürklerin tarihine bir bakış, D.T.C.F. Dergisi, cilt VIII, sayı 3, Ankara, 1950, s. 374 .

(33) A. Von Gabain, aynı eser, s.375.

[تۈرك تارىخى قۇرۇمى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «بەللەتەن» ژۇرنىلىنىڭ 1988-يىل 202-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى]

(تەرجىمان: ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە).
تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

# ئەسھابۇلكەھف قىسسىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

«ئەسھابۇل كەھف قىسسىسى» ناملىق تەزكىرە خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىقىدىكى قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش، پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان مۇھەممەد سادىق قەشقەر [1] نىڭ «تەزكىرەئى ھەزرەتى ئەسھابۇلكەھف» ناملىق قولىيازمىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى. بۇ قولىيازما خوتەننىڭ پاتلىق سامان قەغىزىگە خەتتە تەئلىق نۇسخىدا يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي تۆت ماۋزۇچاق بويىچە بايان قىلىنغان، 85 ۋاراق، 170 بەت (كىتابنىڭ باش ۋە ئاخىرقى قىسمىدا 70 بەت ئەرەبچە ئايەتلەر بار)، ئېگىزلىكى 19 سانتىمېتر، كەڭلىكى 11.5 سانتىمېتر. ھەربىر بەتتە 9 قۇردىن خەت يېزىلغان بولۇپ، تېكىستنىڭ ئىگىلىگەن ئورنىنىڭ ئېگىزلىكى 12.5 سانتىمېتر، كەڭلىكى 7 سانتىمېتر، ئەتراپى قوش سىزىقلىق رامكا شەكلىدە قىزىل سىيادا نەقىشلەنگەن. تېكىستلەر قارا سىيادا، ماۋزۇچاقلار ۋە قىسمەن نام-ئاتالغۇ، سۆز-ئىبارىلەر قىزىل سىيادا قۇمۇش قەلەم بىلەن يېزىلغان. كىتاب جىگەر رەڭ كۆن بىلەن مۇقاۋىلانغان، مۇقاۋا يۈزىدە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋىي ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن چىرايلىق نەقىشلەر بار.

### مۇقەددىمە ئىپتىداسى

بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم (ھەممىدىن مېھرىبان-شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئۇلۇغ تەڭرىگە چەكسىز مەدھىيە ماختاشلار ۋە سان-ساناقسىز تەشەككۈرلەر بولسۇن. تەڭرى ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئىلاھى قۇدرىتىنى ئاشكارە قىلىش ئۈچۈن بارلىق مەۋجۇداتنى يوقلۇق باياۋانىدىن مەۋجۇدلۇق شەھرىستانىغا كەلتۈردى. جۈملىدىن ئىنسانغا شان-شەرەپ ۋە ئۇلۇغلۇق لىباسلىرىنى كىيدۈرۈپ، بارچە مەۋجۇدات ئىچىدە ئۇنى ھەممىدىن ئەزىز قىلدى. ئىنسان ئەۋلادىدىن بەزىلىرىگە مەخسۇس ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ بېشىغا سەلتەنەت ۋە بەخت-سائادەت تاجىنى كىيدۈردى. پەيغەمبەرلىك تەختىگە ئولتۇغۇزۇپ، ھۆكۈمىنى ھەر ئىككى ئالەمگە يۈرۈتكۈزدى. بەزىلەرنى ئالاھىدە ئىلتىپات بىلەن ئەۋلىيالىق دەرىجىسىگە يەتكۈزۈپ، ئازغۇنلۇق باياۋانىدا قالغان سەرگەردانلارنى يولغا كىرگۈزۈپ، مۇۋەپپەقىيەت مەنزىلىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن يولباشچى قىلدى. ئادالەتلىك سۇلتانلار ۋە كامالەتكە يەتكەن قوماندانلارنىڭ كۆرۈنۈشتىكى ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئىدارە قىلىش ۋاستىسى بىلەن دىن مەملىكىتىگە زىننەت ۋە گۈزەللىك بېرىپ، تەرتىپ-ئىنتىزامنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ ئىنسانى ۋە ئادالەت ئىنسابى تۇغ-ئەلەملىرىنىڭ سايىسىدا ئاۋام-پۇقرالارنى ھەۋادىسلارنىڭ ئاپىتىدىن مۇھاپىزەت قىلىپ، ئەل ئىچىدە تېنچ-ئامانلىق، ئاسايىشلىق ۋە ئىنتىزامنى پەيدا قىلدى. ئاجىز-بىچارىلەر ۋە يېتىم-يىگانىلەرنىڭ ئادىل-پادىشاھلار، پەزىلەتلىك سەردارلار ھەققىدە قىلغان دۇئا-تەلەپلىرىنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ-مەقبۇللۇق [1] دەرگاھىغا يەتكۈزدى. ئىلىمگە ئەمەل قىلغۇچى ئۆلىمالار كامالەت ھاسىل قىلغان پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ پەند-نەسىھەتلىرى، ۋەز-مەرىپەتلىرى بىلەن ئاۋام خەلقنى ئىسلام

ئەھكاملىرىدا مۇقىم ۋە مۇستەھكام قىلىپ، ئازغۇنلۇق - گۇمراھلىق زۇلمىتىدىن ھىدايەت ۋە مۇۋەپپەقىيەت بۇلىقىنىڭ بېشىغا يەتكۈزدى.

پۈتكۈل كائىناتنىڭ خوجىسى، جەمئىي مەۋجۇداتنىڭ جەۋھىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەددى-ھېسابسىز دۇئا ۋە سالاملار بولسۇن.

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلەتلىرىگە ، ھەقىقىي ئىبادەتلىرىگە جانلار پىدا بولسۇن. ئۇ پەيغەمبەرلىك مەجلىسىنىڭ نۇرلۇق چىرىغى، ئەنبىيالىق ئاسمىنىنىڭ پارلاق قۇياشى، پەيغەمبەرلەر تائىبىسىنىڭ پېشۋاسى، پاك كىشىلەرنىڭ سەردارىدۇر. «كۇنتۇ نەبىيەن ۋە ئادەمە بەينۇل مائى ۋەلۇتەيىن» (ئادەم ئەلەيھىسسالام سۇ بىلەن تۇپراق قوشۇلۇپ لاي ھالەتتىلا مۇھەممەد سەن پەيغەمبەر روھىتىدا ئىدىڭ) دېگەن ئايەت ئۇنىڭ ھەممىسىدىن قەدىمىيلىكىگە، ھەممىدىن شەرەپلىك ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئادەمدۇر، لېكىن پۈتكۈل ئادەملەرنىڭ ئۇلۇغراقى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ جان بېغىشلىغۇچى ۋە روھنى ياشناتقۇچى لەۋلىرىدىن مەلۇمدۇر. بۇ مەزمۇننى نەۋائى تەخەللۇسلۇق ھەزرىتى ئەمىر ئەلىشىر [2]

بېيت:

بۇلارنىڭ ئەفزەلى يارانى سەرۋەر [3] ،
ئەبۇ بەكر [4] ، ئۆمەر [5] ، ئۇسمانۇ [6] ھەيدەر [7] ،
بۇ فەقىرلار ئەفقەرى [8] ۋە ھەقىرلار [9] ئەھەقەرى
[10] يەنى مۇھەممەد سادىق قەشقەرى.

مۇنداق بايان قىلغان.

بېيت:

تۇرفە بۇ كىم بۇل - بەشەر كەلدى ئاتالارغە ئاتا،

لېكىن ئەبۇل قاسىم دېدى پەرزەنت ئانى بىۋەھمۇ - بىيىم.

(مەنىسى: ئاجايىپ ئىش، ئادەم ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئاتىلارنىڭ ئاتىسى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەبۇلقاسىم [2]نى ھېچقانداق ئەندىشە-ۋەھىمە قىلمايلا پەرزەنتىم) دېدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، سۆھبەتداشلىرى ۋە دوست-بۇرادەرلىرىگە مىڭلارچە سالام ۋە دۇئالار بولسۇن. ئۇلارنىڭ ھەربىرى گۇمراھلىق باياۋانىدا قالغان سەرگەردانلارنىڭ يولباشچىسى، جاھالەت زىندانىدا قالغان مەھبۇسلارنىڭ زۇلۇم - زىندانىدىن قۇتۇلدۇرغان ئاچقۇچى. كېچىلەرنى يورۇتقۇچى تولۇن ئاي - جاھانىنەماسىدۇر. بۇ مەزمۇن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە «ئەسھابى كەنجۇم بىئەييھۇم ئىقتىدەيتۇم ئىيتىدەيتۇم» (مېنىڭ ساھەبىلىرىم خۇددى يۇلتۇزلارغا ئوخشاش قايسى بىرىگە ئەگەشسەڭلار توغرا يولنى تاپقان بولىسىلەر) دەپ بايان قىلىنغان.

---

[1] مەقبۇل ، مەقۇل بولغان، قوبۇل قىلىنغان.
[2] ئەبۇلقاسىم - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى (سۈپىتى)
[3] سەرۋەر - يولباشچى، رەئىس، يېتەكچى.
[4] بەكىر - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن تۆت دوستىنىڭ بىرى.
[5] 19-ئىزاھقا قاراڭ.
[6] ئوسمان - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن تۆت دوستىنىڭ بىرى.
[7] ھەيدەر - باتۇر، كۈچلۈك، (ھەزرەتى ئەلىنى دېمەكچى)
[8] ئەفقەر - بەك پېقىر، يوقسۇل.
[9] ھەقىر - بىچارە، مىسكىن، سار سىلغان.
[10] ئەھەق - ئەڭ لايىق، ئەڭ تېگىشلىك.

# ھەزرەتى ئەسھابۇلكەھفنىڭ قىسسىلىرى

زامانىمىزنىڭ ئەمىرى مېھرى - ۋاپا، ئىنساپ - دىيانەت، رەھىم - شەپقەت بابىدا ھاكىم - سۇلتانلار ئىچىدە كەمدىن - كەم تېپىلىدىغان ئەزىز كىشى بولۇپ، ئۇ زات مەنىكى بۇ كەمىنە (مۇھەممەد سادىق قەشقەرى) دىن: ئۇشبۇ ئەسھابۇلكەھفنى ھەققىدە خەلق ئىچىدە رىۋايەتلەر كەڭ تارقالغان، بۇ ھەقتە تارىخ كىتابلىرىدا يېزىپ قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئالاھىدە قىلىپ بىرەر رىسالە خاراكتېرلىك مەخسۇس ئەسەر يېزىلغىنى يوق. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ھەسەب - نەسەبلىرى توغرىسىدىكى ئەھۋاللار بايان قىلىنغان ئالاھىدە بىر مەجمۇئە قىلغان بولسىڭىز، دەپ ئىلتىماس قىلغان ئىدى. ئۇ ئەمىرنىڭ مۇبارەك ئىسىم - شەرىپىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، ياخشى ئەخلاق - پەزىلىتىنى ئىززەتلەپ ۋە ئالىي بىلىپ، ئىلتىجا - ئىلتىماسىنى خارلىق تۈپرىقىغا تاشلاشنى ھەم ئېتىبارسىزلىق بىلەن قاراشنى مۇناسىپ ۋە راۋا كۆرمەي، ئەسھابۇلكەھفنى توغرىلىق بىر رىسالە تۈزۈپ چىقىشتەك مۇشكۈل ئىشقا تۇتۇش قىلىپ، ئۆزەمنى كىنايە ئوقلىرىنىڭ نىشانىغا قاراپ ئېتىشقا مەجبۇرلاپ، مەزكۇر ئەسەرنى يېزىپ قولدىن چىقىرىشقا بىجانىدىل كىرىشتىم.

مەنىكى بۇ كەمىنە يازماقچى بولۇۋاتقان ئەسھابۇلكەھفنى توغرىلىق سائادەتلىك تەڭرىمۇ ئۆز كالامىدا ئېيتقان ئىكەن. ئۆزەم ئاپىرىدە قىلماقچى بولغان بۇ رىسالىغا تەڭرىنىڭ كالامى مەزمۇنلىرىنى، شۇنىڭدەك «تەفسىرى قازى بەيزاۋى» [3]، «تەپسىر ھۈسنى»، «تەپسىر جەلالى» [4]، «تارىخي تەبەرى» [5]، «تارىخي بەرگەزى جاھان كۇشاي» [6]، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» [7]، «شەرھى ئەرۋاھ»، «مۇفتاھۇل جىنان» [8] قاتارلىق نوپۇزلۇق ئەسەرلەردىن ھەم باشقا كىتابلاردىن ئالاقىدار مەزمۇنلارنى ئېلىپ جەملەپ، ئۇلارنىڭ (ئەسھابۇلكەھفنىڭ) ھەسەب - نەسەبلىرىنى، ئىش - ئەھۋاللىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى توغرىلىق ئىختىلاپلار بار ئەسەرلەرنى، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى، خاسىيەتلىرىنى ۋە ئون سەككىز خىل خىسلىتىنى ئالاھىدە بايان قىلدىم.

مەزكۇر رىسالىنى تىلى بارلارنىڭ ئوقۇپ، قۇلىقى بارلارنىڭ ئاڭلاپ ساۋاب تېپىشىنى ھەمدە مەنىكى بۇ ئاجىز، مىسكىنگە دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەھلى دانىشمەن، ئالىم - ئۆلىمالاردىن ئۆتۈنۈش - ئىلتىماسىم شۇكى، ئەگەردە مەزكۇر تەزكىرىدە بىرەر مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز خاتالىق ياكى سەۋەنلىك سادىر بولۇپ قالغان بولسا، ھەر قايسىلىرىنىڭ كەچۈرۈم ئېتەكلىرى بىلەن يوشۇرۇپ، كۆيۈنۈش ۋە خەيرىخاھلىق قەلەمتۇراشلىرى بىلەن تۈزۈتۈپ، مۇۋاپىق ئۆزگەرتىش ۋە تەھرىر قىلىشلىرىنى ئۈمىد ۋە ئارزۇ قىلىمەن. شۇنداق قىلغانلار ئەلۋەتتە مەرھەمەتلىك تەڭرىنىڭ ئەجرى مۇكاپاتىغا ۋە ئەھلى خالايىقنىڭ كۆپتىن - كۆپ رەھمەت - تەشەككۈرلىرىگە نائىل بولغۇسىدۇر.

بۇ تەزكىرىنى تەڭرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ كالامى بىلەن باشلىدىم: ئەي مۇھەممەد، سەن ئەسھابۇل كەھفتىن گۇمان قىلۇرسەنمۇ؟ ئەسھابۇل رەقىمنىڭ راست ئىكەنلىكى ئەجرىمىز ۋە قۇدرىتىمىز بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قانچىلىك ۋاقىت ياشايدىغانلىقى، تۇل ئۆمرى دېگەندەكلەر پۈتكۈل ئاسمان - زېمىننى، تاغ ۋە دېڭىزنى، باشقا تۈرلۈك - تۈمەن خىل سان - ساناقسىز مەخلۇقاتلارنى

ياراتقانلىقىمىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھەيران قالارلىق ۋە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، يوق نەرسىلەرنى پەيدا قىلىش ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس.

بۇ قىسسىلەر ئەسھابۇلكەھنى ھەققىدىكى ئاجايىپ ۋەقەلەر ۋە قىسمەتلەردىن ئىبارەت. «كەھف» دەپ غارغا ئېيتىلىدۇ. «رەقىم» دېگەن تاغنىڭ ئىسمى ياكى شۇ غارنىڭ ئەتراپىدىكى چۆل - باياۋاننىڭ ۋە ياكى ئۇلارنىڭ (ئەسھابۇلكەھفنىڭ) ئىسىملىرى پۈتۈلگەن لەۋھەنىڭ ئىسمىدۇر.

بەزى رىۋايەتلەردە نەقىل كەلتۈرۈلىشىچە، رەقىم ئەسھابۇلكەھنى بولماستىن بەلكى باشقا بىر تائىپە بولۇپ، ئۈچ كىشى ئىدى. ساۋابلىق ئىزلىگۈچى بۇ ئۈچ مۆمىن كىشى بىر - بىرلىرىگە ھەمراھ بولۇپ ئوتۇن ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىققان ئىدى. كۈتۈلمىگەندە تۇيۇقسىز قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە پاناھ جاي ئىزدەپ يۈرۈپ بىر غارنى تاپتى ۋە قېچىپ شۇنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى. بوراندا غارنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن يوغان بىر قورام تاش يىقىلىپ چۈشۈپ ئۇلار كىرىۋالغان غارنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى ھەمراھلىرىغا ئېيتتى:

بۇرادەرلەر، ھەر بىرىمىز بىردىن قىلغان ياخشى ئىشىمىزنى بايان قىلىشايلى، ياخشى ئىشلىرىمىزنى تىلغا ئالساق، تەڭرى ئۇنىڭ بەرىكىتىدىن بىزگە رەھىم قىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

— ئاردىن بىرىنچى كىشى سۆز باشلىدى.

— مەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئىش ئۈچۈن مەدىكار ئىشلەتتىم. ئۇلاردىن بىرى چۈشكە يېقىن كېلىپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، باشقىلىرى كۈن بويى ئىشلىگەن ئىشقا باراۋەر كەلگۈدەك ئىشلارنى قىلدى. ئىش تۈگىگەندە پۈتۈن كۈن ئىشلىگەنلەرگە ھەققىنى تولۇق بەردىم، كېيىن كەلگىنىگە باشقىلاردىن ئازراق بەردىم. ئۇ مەدىكار بۇنىڭدىن خاپا بولۇپ ھەققىنى ئالماي كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ ھەققىنى ئۆيگە تاشلاپ قويدۇم. بىر كۈنى ئىشىك ئالدىدىن كارۋان ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىكەن، ھېلىقى مەدىكارنىڭ ھەققىنى ئېلىپ چىقىپ بىر بوتىلاغ سېتىۋالدىم. ئۇنى نەسىللەندۈرۈپ تۇرىۋىدىم ناھايىتى كۆپىيىپ كەتتى (ئېنىق سانىنى تەڭرى تائالا بىلىدۇ). كۆپ ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى ناتونۇش بىر كىشى كەلدى، ئۇ بەك زەئىپ ۋە قېرى كىشى ئىدى، مەن ئۇنى تونۇماپتىمەن. ئۇ ماڭا: «مېنىڭ سىزدە ھەق ئېلىشىم بار ئىدى» دېگەن چاغدىلا مەن ئۇنى تونۇدۇم ۋە تۆگىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بەردىم. ئەي، تەڭرىم، ئەگەر بۇ قىلغان ئىشىم سېنىڭ نەزىرىڭدە خالىس بولغان بولسا بىزگە كۈشادىلىق ئاتا قىلغايسەن، — دېدى.

بۇ چاغدا تاغ ئازراق يېرىلىپ ئۇلار يورۇقلۇقنى كۆردى. تەڭرىنىڭ بۇ دۆلەت - شاپائىتىدىن ئۇلار بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى.

ئىككىنچى بىر كىشى سۆز باشلىدى:

— مېنىڭ مال - دۇنيايىم ۋە ئاشلىقىم ناھايىتى كۆپ ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە خەلق ئارىسىدا ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ قاتتىق قەھەتچىلىك بولدى. بىر كۈنى دەرمانسىز ياشقىنا بىر ئايال كېلىپ مېنىڭدىن ئاشلىق سورىدى. مەن ئۇنىڭغا قەسەم قىلىپ: «مېنىڭ بىلەن بىر تەكىيگە باش قويمىساڭ، ساڭا ئاشلىق، بەرمەيمەن» دېدىم. ھېلىقى ئايال بۇ تەلىپىمگە نارازى بولۇپ كېتىپ قالدى. ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۈچ قېتىم كەلدى - يۇ ئۈمىدسىزلىنىپ قايتىپ كەتتى. ئۇ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن بۇ سۆزلەرنى كۈيۈسىگە ئېيتىپتۇ. كۈيۈسى ئۇنىڭغا: «نېمىشقا رازى بولمايسەن؟ جانىنى ساقلاپ قېلىشقا ئامالسىز قالغان ئەھۋالدا،

ئىلاجىسىزلىقتىن ماقۇل بولۇپ پەرياد چەكسەكمۇ راۋا بولۇر دەپتۇ. ئۇ ئايال مېنىڭ قېشىمغا كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. مەن ئايال بىلەن بىر تەكىيگە باش قويماقچى بولدۇم. ئەمما، ئۇنىڭ تېنى تىترەپ كەتتى، بۇ چاغدا مەن ئۇنىڭدىن: «نېمە بولدى؟ نېمىشقا تىترەيسەن؟» دەپ سورىدىم. ئۇ ئايال: «تەڭرىنىڭ ئالدىدا زىنا قىلىشتىن قورقىۋاتىمەن» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: سەن مۇھتاجلىقتا زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ تۇرۇغلۇق تەڭرىدىن قورقىدىكەنسەن، مەن ھېچنەرسىدىن قىسلماي كەڭتاشا ۋە شاد - خورام ئۆتىۋاتقان تۇرۇپ ھەجەپ تەڭرىدىن قورقماپتىمەن» دەپ ئۆزۈمگە تەنبىھ بەردىم ۋە ھارام پۇلنىڭ مېھرىدىن كېچىپ ئۇ ئايالنىڭ تىلىگىنىنى بېرىپ يولغا سالدىم. ئەي تەڭرى، ئەگەر بۇ قىلغان ئىشىم سېنىڭ نەزەرىڭدە خالىس بولغان بولسا بىزگە رەھىم قىلىپ كۆشادلىق ئاتا قىلغايسەن، - دېدى.

بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ تىلىكى راۋا تېپىپ غارنىڭ ئىچى خېلىلا يورۇپ ھەتتا بىر - بىرىنى تونۇشتى.

ئۈچىنچى كىشى سۆز باشلىدى:

— مېنىڭ ئاتا - ئانام بار بولۇپ، ئۇلار ياشانغان ۋە ئاجىز ئىدى. مېنىڭ بىر ئۆچكەم بار ئىدى. ئاتا - ئانامنىڭ تامىقىنى دائىم ئۆچكە سۈتى بىلەن تەييارلاپ بېرەتتىم. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئوتلاققا ئۆچكىنى ئوتلاتقىلى ئېلىپ چىقاتتىم. بىر كۈنى سىرتتىن قايتىپ كەلسەم، قېلىن قار يېغىپ قاتتىق سوغۇق بولۇپ كەتتى. ئۆچكىنى سېغىپ سۈتلۈك چاي تەييارلاپ، جامغا ئۇسۇپ ئېلىپ كەلسەم، ئۇلار ئىككىسى قاتتىق ئۇيقۇدا يېتىپتۇ، ئويغىتىشقا پېتىنالمىدىم. ئۇلارنى ئويغاتسام ئۇيقىسى قېچىپ ئارامى بۇزۇلغىدەك دەپ ئويلاپ، جامنى يەردىمۇ قويماستىن تاڭ ئاتقۇچە قولۇمدا تۇتۇپ ئولتۇردۇم، جامدىكى سۈتمۇ مۇزلاپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئويغانغاندا سۈتنى ئىسسىتىپ بەردىم. ئەي تەڭرىم، ئەگەر بۇ قىلغان ئىشىم نەزەرىڭدە خالىس بولغان بولسا بىزگە نىجاتلىق ئاتا قىلغايسەن، - دېدى.

بۇ چاغدا غارنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ، ئۇلار نىجاتلىق تاپتى.

بۇ رىۋايەتنى نەئمان بىننى بەشەر رەزىيالل ئەنھۇ (تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ھەدىس مەزمۇنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ رىۋايەت قىلىدۇ.

ئەمما «تەپسىر قازى بەيزاۋى» دە نەقىل كەلتۈرۈلىشىچە، «ئەسھابۇلكەھف» توغرىسىدىكى قىسسىلەردە ئىختىلاپلار بار. دەقيانۇس ھەققىدىكى رىۋايەتلەردىمۇ ئوخشاشلا ئىختىلاپ بار. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، دەقيانۇس ئەسلىدە مۇسۇلمان ئىدى. يەنە بەزىلەر ئۇ بىر پادىچى ئىدى، — دەيدۇ.

بىر كۈنى ئوتلاۋاتقان بىر قوينىڭ پۇتى بىر يەرگە پېتىپ قالدى ۋە بىر تۆشۈك پەيدا بولدى. دەقيانۇس بۇ تۆشۈكنى چوڭقۇرلاپ كولاپ بىر تاختا - لەۋھەنى تاپتى، لەۋھەدىكى خەتلەر ناھايىتى ناچار ۋە رەتسىز پۈتۈلگەن ئىدى. ئۇ ئۆزى ھەر قانچە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ ئۇنىڭدىكى خەتلەرنى ئوقۇيالمىدى. باشقا كىشىلەرگە كۆرسىتىپ باقتى، ئۇلارمۇ ئوقۇيالمىدى. ئاخىرى بىرەيلەن پالانى رەستىدە بىر ھۆكۈما زاھىت كىشى بار، بۇ خەتلەرنى شۇ كىشىلا ئوقۇيالايدۇ، دېگەن خەۋەرنى دەقيانۇسقا يەتكۈزدى. دەقيانۇس لەۋھەنى ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتى. ئۇ ھۆكۈما زاھىت بىر قاراپلا سورىدى:

— ئېتىڭ دەقيانۇسمۇ؟

— ئاۋۋال بۇ لەۋھەدىكى خەتنى ئوقۇغىن.

— بۇ خەتنىڭ ساڭا ھېچقانداق پايدىسى يوق، مەنمۇ ئوقۇمايلا قوياي.

— ئوقۇپ بەرسەڭ نېمە بولاتتى، — يالۋۇرۇپ تۇرىۋالدى دەقيانۇس.

— بۇنىڭ ماڭا قىلچىلىك پايدىسى يوق، چۈنكى بۇ خەتنى ئوقۇغىنىم گوياكى ئۆز قاتىلىمغا ئۆلۈم خېتىمنى ئوقۇپ بەرگىنىمگە ئوخشاشلا بىر ئىش. ساڭا پايدىسى يوقلۇقىدىكى سەۋەب شۇكى، سەن ئاقىۋەتتە خۇدالىق دەۋاسى قىلىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ لەۋھەنى يەنە ئۆز جايىغا ئېلىپ بېرىپ قويغىن، — دېدى زاھىت كىشى.

ئاخىرى، دەقيانۇس زاھىتنىڭ ئۈنىمغىنىغا قويماستىن خەتنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى. لەۋھەگە: «بۇ لەۋھەنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن قىرىق گەز يىراقلىقتىكى يەرنى كولىساڭ، بىر پارچە تاش كۆرۈنىدۇ. ئۇ تاشنى كۆتەرسەڭ ئاستىدا بىر ئىشىك نامايەن بولىدۇ. ئۇ ئىشىككە ناھايىتى پۇختا تىلسىملىق قۇلۇپ سېلىنغان بولۇپ، ئۇنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەگەر بۇ ئىسمنى (ئىسمى ئەزەمنى) ئوقۇسا قۇلۇپقا بىر كىلىت ھازىر بولىدۇ، شۇ كىلىت بىلەن قۇلۇپنى ئېچىپ ئىچىگە كىرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە چوڭ توققۇز خەزىنە بار. ئەي، بۇ يەرگە كەلگۈچى! ئەمدى سەن بۇ كاتتا خەزىنىگە ئىگە بولىسەن. مال - دۇنيالىق بولۇپ، بۇ يۇرتقا پادىشاھ بولىسەن. بۇ خەزىنە ئاقىۋەتتە سېنى خۇدالىق دەۋاسى قىلدۇرۇپ كاپىرلىق بىلەن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدۇرىدۇ» ، دەپ پۈتۈلگەنىدى.

دەقيانۇسنىڭ بۇ خەزىنە لەۋھەسىنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلاپ خۇشال بولغىنىدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ:

— نەدىمۇ بەندە خۇدا بولىدىغان ۋە خۇدالىق دەۋاسى قىلىدىغان ئىش بولسۇن؟ — دېدى ھەمدە زاھىتنى ھەمراھ بولۇپ ئۇ يەرگە ئۆزى بىلەن بىللە بېرىشقا ئۈندىدى ۋە ئۇنى خەزىنىگە شېرىك قىلىشقا ۋەدە بەردى. زاھىت:

— سەن ئۆزەڭ يالغۇز بارغىن، بولمىسا مېنى ئېلىپ بارغىنىڭغا پۇشايمان قىلىپ مېنى ئۆلتۈرىۋېتىسەن، — دەپ ئۇنىماي تۇرىۋالدى.

دەقيانۇس زاھىتنى بىللە بېرىشقا قايتا - قايتا ئۈندىدى ۋە:

—مەن بارغىنىم بىلەن تاپالمايمەن، خەزىنە دېگەن چەكلىك، ساناقلىقلا بولىدۇ، — دەپ ئۇنىڭ ئايىقىغا يىقىلىپ يالۋۇردى،

— مەن ھەرگىز سىزگە ۋاپاسىزلىق قىلمايمەن، — دەپ قەسەم قىلدى.

ئاخىرى، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن زاھىت دەقيانۇسقا ھەمراھ بولۇپ ئۇ يەرگە باردى. ئۇلار لەۋھەدىكى كۆرسەتمىلەر بويىچە خەزىنىنى تاپتى. دەقيانۇسقا ھەربىر خەزىنە ئىچىدە تۈرلۈك-تۈمەن، خىلمۇ خىل ئاجايىپ جاۋاھىراتلارنىڭ بارلىقىنى؛ ئالتۇن - كۈمۈش، لەئلى - ياقۇت، ئۈنچە-مەرۋايىت، گۆھەر - تىللا دېگەنلەرنىڭ ھېسابسىز ۋە سانسىز ئىكەنلىكىنى كۆردى. ھەر قانداق بىر كىشى ئۆمرىدە بۇنداق ھەددى ھېسابسىز بايلىقنى كۆرۈپ باقمىغان ھەم ئاڭلاپمۇ باقمىغان بولغىيدى. مانا شۇ چاغدا دەقيانۇسنى شەيتان: «زاھىتنى ئۆلتۈرۈپ خەزىنىنى يالغۇز ئالغىن» دەپ ۋەسۋەسە قىلىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا زاھىتمۇ دەقيانۇسنىڭ نىيىتى بۇزۇلىۋاتقانلىقىنى، ئەلپازىدا ئۆزگىچە ئالامەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشقا باشلىغانلىقىنى بايقىدى ۋە ئۇنىڭغا يالۋۇردى:

— مېنى ئۆلتۈرمىگىن، بۇ سىرنى ھېچ كىشىگە ئېيتمايمەن.

— بۇ خەزىنىدىن ماڭا ياخشىلىق كەلمەيدۇ، باشقىلارغا ئاشكارلىنىپ قالىدىغانلا بولسا ماڭا ھېچنەرسە تەگمەيدۇ. بۇنىڭ چارىسى شۇكى، سېنى ئۆلتۈرىمەن. شۇنچە يىللاردىن بېرى پادىچىلىق قىلىپ يۈرۈپ مىڭ تەسلىكتە تاپقان خەزىنىگە سېنى شېرىك قىلغىلى بولمايدۇ، دېدى - دە، يوغان بىر تاش بىلەن زاھىت كىشىنى ئۇردى.

زاھىت تاش ئاستىدا يەنجىلىپ جىنىدىن ئايرىلدى. دەقيانۇس خەزىنىگە يالغۇز ئىگە بولۇپ بىردىنلا بېيىدى ۋە ئەينى زامانىدىكى رۇم شەھىرى [9] گە پادىشاھ بولۇپ خۇدالىق دەۋاسى قىلدى.

ئەمما مەشھۇر كىتابلاردا، دەقيانۇس ئەسلىدە پادىشاھ ئىدى، دەپ بايان قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ «تارىخىي تەبەرى» دە نەقىل كەلتۈرۈلىشىچە، دەقيانۇس يۇنان [10] پادىشاھلىرىدىن ئىدى. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن [11]دىن كېيىن رۇمغا يۇنانلىقلار پادىشاھ بولغانىدى. بىر قانچە دەۋرلەردىن كېيىن رۇمغا يەنە رۇملۇقلار ئۆزلىرى پادىشاھ بولدى.

«تەپسىر ھۆسىنى» دا نەقىل كەلتۈرۈلىشىچە، رۇم مەملىكىتىنى دەقيانۇس بويسۇندۇرغاندىن كېيىن تاكى ئەفسۇس شەھىرى بىنا بولغانغا قەدەر، دەقيانۇس ئۇ يەردە تاختىلارنى ياسىتىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇتلارنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئەفسۇس شەھىرىنىڭ خەلقىنى بۇتقا سەجدە قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ بۇتقا سەجدە قىلغان خەلق ھالاكەتتىن ئامان قالدى، كىمكى ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلمىسا، شۇ كىشى ئۆلتۈرۈلدى. ئالتە نەپەر جاھان كەزگۈچى يىگىت شۇ شەھەرنىڭ مەشھۇر، ئۇلۇغ ۋە ئېسىل نەسەبلىك كىشىلىرىدىن ئىدى. ئۇلار خىلۋەت جايدىن ماكان تۇتۇپ دۇئا ۋە مۇناجاتلار بىلەن مەشغۇل بولدى؛ تەڭرىدىن زالىم دەقيانۇسنىڭ شەھىرىدىن ئۆزلىرىنى ئامان - ئېسەن قىلىشنى تىلىدى. ئۇلارنىڭ دۇئالىرى ئىجابەت بولدى.

قىسسە، بۇ جاھان كەزگۈچىلەرنىڭ خىلۋەت بىر جايدىن ماكان تۇتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان دەقيانۇس ئۇلارنى ئۆز دەرگاھىدا ھازىر قىلىپ قاتتىق جازالىدى. ئەمما بۇ جاھان كەزگۈچى يىگىتلەر ئىسلامغا سادىق ۋە ئىمانى مۇستەھكەم بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇتقا سەجدە قىلىشنى ھەرگىز خالىمىدى. بۇ ئىشتىن دەقيانۇس دەرغەزەپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ شاھانە لىباسلىرىنى سالدۇرۇشقا پەرمان چۈشۈردى. ئەمما ئۇلار ئوتتۇرىدا مەزمۇت تۇرۇپ مەردانە ھالدا ئۆز دىنى - ئېتىقادلىرىنى ئاشكارلىدى. بۇ چاغدا دەقيانۇس:

— سىزلەر تېخى ياش، گۆدەك بولغانلىقتىن ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيسىزلەر. مېنىڭ يولۇمنى قوبۇل قىلىش توغرىلىق بىر قارارغا كېلىشىڭىزلەرگە ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىمەن. ۋاقتىنى غەنىمەت بىلگەيسىزلەر. شۇنداق قىلىسىڭىزلار ئىززەت - ئابرۇيىڭىزلار بىلەن باياشات ياشايسىزلەر، — دېدى.

دەقيانۇس ئۇ شەھەردىن يەنە بىر مەقسەد ئۈچۈن باشقا ياققا يول ئالدى.

ئۇلار پۇرسەت - ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، بۇ يەردىن كېتىش توغرىلىق ئۆز ئارا كېڭەش قىلىشتى، ھەممىسىنىڭ ئۆيلىغانلىرى بىر يەردىن چىقتى. ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى پەرزەنتلىرىگە سوغا - سالاملارنى راسلاپ ۋە ئۇنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇلارنى خېلى يەرگىچە بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى. ئۇلار تاغ تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى.

شەھەرگە يېقىن كېلىدىغان جايدا بىر تاغ بار ئىدى. ئۇلار شۇ تەرەپكە يېقىنلاپ بارغاندا، يولدا بىر قويچى ئۇچرىدى. ئۇ سورىدى:

— قەيەرگە بارىسىزلەر؟

— تەڭرىنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمىز.

— مەنمۇ سىزلەر بىلەن بىللە باراي، قەيەرگىلا بارسىڭىزلار مەنمۇ بىللە بارىمەن.

— بىز زالىم دەقيانۇسنىڭ قولىدىن قېچىپ چىقتۇق، بىز يوشۇرۇنىدەك بىرەر خىلۋەت جاينى تاپالۇرسەنمۇ؟

— ئالدىمىزدىكى مۇشۇ تاغ ئىچىدە بىر غار بار، ئۇنىڭ ئىچى ئاجايىپ كەڭتاشا ۋە قاراڭغۇ. ئىچىگە كىرىۋالغان كىشىنى ئىزدەپ

تېپىش مۈمكىن ئەمەس. ھەر قېتىم بوران چىققاندا، مەن قويلىرىمنى شۇ غارنىڭ ئىچىگە سولايمەن. سىلەر شۇ يەرگە يوشۇرۇنۇڭلار. مەن قويلارنى ئېگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ كېلىمەن، — دېدى قويچى.

— ئۇزۇن ئۆتمەيلا پادىچى قويلارنى ئېگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ قايتىپ كەلدى ۋە ئۇلارنى غار تەرەپكە باشلاپ ماڭدى.

— بۇ قويچىنىڭ بىر ئىتى بار ئىدى، ئىتمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇلار ئىتنى ھەر قانچە توسقان ۋە قوغلىغان بولسىمۇ، ئىت قايتمىدى. ئۇلار قوللىرىغا تاياق - تاشلارنى ئېلىپ: «بۇ ھاۋشۇپ بىزنى باشقىلارغا تويغۇزۇپ قويىدۇ، ئۇرۇپ دۇمبالايلى» دېيىشىپ ئىتنى تازا ئۇردى.

— بۇ چاغدا تەڭرى تائالا ئىتقا زۇۋان ئاتا قىلدى. ئىت ناھايىتى يېقىملىق ئاۋاز بىلەن ئۇلارغا:

— ئەي، جاھان كەزگۈچى يىگىتلەر، مېنى نېمە ئۈچۈن ئۇرۇۋىسىلەر ۋە يولۇمدىن توسىسىلەر؟ تەڭرى تائالا سىزلەرنى قانداق ياراتقان بولسا، مېنىمۇ شۇنداق ياراتقان، ئۇ مېنىڭمۇ پەرۋەردىگارىم. مەنمۇ تەڭرىنى ئىزدەپ بارىمەن، مېنى توسماڭلار، ھەم قوغلىماڭلار، مەندىن ئەسىرىمەڭلار، مەنمۇ سىزلەرگە ئاۋارىچىلىق كەلتۈرمەيمەن. ئەكسىچە، سىزلەر ئۇخلىسىڭىزلار مەن پاسسىبانلىق قىلىپ بېرىمەن، — دېدى.

ئىتمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ماڭدى.

بۇ جاھان كەزگۈچى يىگىتلەر ئىتنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەسىرلەندى. ئۇلارنىڭ نىيەت - ئىقبالى ۋە ئەقىدە - ئىخلاسلىرى بىر يەردىن چىقتى، گۇمانلىرى يېشىلدى ۋە ئاپ - ئاشكارا بولدى. شۇ سەۋەبلىك، مەردانە قىياپەتتە چىن ئىخلاسى ۋە ساداقىتى بىلەن مەزمۇت قەدەملەر تاشلاپ غار تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئەمما، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسەردە بايان قىلىنىشىچە، رۇم مەملىكىتىدە دەقيانۇس ئاتلىق بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇنىڭ ھەيۋىسى دەھشەت، مال - دۇنياسى ھېسابسىز، چەۋەنداز - لەشكەرلىرى سانسىز ۋە سەرخىل ئىدى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇنىڭغا: «پالانى زېمىننىڭ پادىشاھى سىزگە قارشى چىقىپ لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى.

دەقيانۇس شۇئانلا دۆلەت ئەركانلىرى ۋە كاتتىلار بىلەن لەشكەر باشلاپ چىقتى ۋە ئۇ پادىشاھقا قاتتىق ئۇرۇۋۇش ئارقىلىق ئېغىر زەربە بەردى، ئېلىشىش ئارقىلىق، ئۇ پادىشاھنى ئۆلتۈردى ھەمدە بارلىق مال - دۇنياسىنى ئولجا - غەنىمەت ئالدى. ئۇ پادىشاھنىڭ ئالتە ئوغلى بار بولۇپ، لەشكەرلىرى بىلەن بىللە كەلگەن ئىدى، ئۇلارنى ئەسىر ئېلىپ رۇمغا كەلتۈردى.

دەقيانۇس بۇ ئالتە شاھزادىنى ھەر دائىم ئۆزىنىڭ قېشىدا تۇتۇپ ياخشى ئاسرىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى ئالاھىدە خىزمەتكە تەيىنلىدى. بۇ ئالتەيلەننىڭ ئىچىدە بىرەيلەننى خاس جىسمىنى، نىجاستىنى تازىلاشقا تەيىنلىگەن ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزى ھەددىدىن زىيادە سېمىز بولغانلىقى ۋە ئولتۇرۇپ - قوپۇشتا كالاكپايلىشىپ كەتكەنلىكتىن، خاس مۇلازىم بولمىسا ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى. بۇ شاھزادىلەر بۇنداقلارنىڭ ھاجەت - خىزمەتلىرىنى تولۇق ۋە نۇقسانسىز ئورۇنلىيالايتتى. ئەمما تەڭرى ئىنساپ - تەۋپىق كارامەت قىلغان دىنىي - ئىسلامنىڭ نۇرىنى كۆڭۈللىرىدە شام قىلغانلىقتىن، مەزكۇر كىشىلەر بۇ يەردىن قېچىپ كېتىشكە پۇرسەت تاپالماي يۈرگەنىدى.

بىر كۈنى ئۇلار ۋاقتىنى غەنىمەت بىلىپ قېچىپ كەتتى. ئەسھابۇلكەھف دېيىلگەنلەر مانا مۇشۇ شاھزادىلەردۇر.

يەنە بەزى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇ جاھان كەزگۈچى يىگىتلەرنىڭ قېچىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، دەقيانۇس خۇدالىق دەۋاسى قىلدى. شۇ شەھەردىكى بەزى خەلقلەرنى ھۆكۈمرانلىق نوپۇزىغا تايىنىپ ئۆزىگە سەجدە قىلدۇردى.

بىر كۈنى دەقيانۇس نىجاسەتنى تازىلاشقا كىشى زۆرۈر بولۇپ قالدى. شۇ كۈنى بۇ ئوغۇل (خاس مۇلازىم) ئۇ يەردە يوق ئىدى، ئىزلىگەن بولسىمۇ تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن: «ئۇنى قەيەردە كۆرسەڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار» دەپ پەرمان قىلدى.

بۇ ئوغۇل ئېيتتى:

— خۇدالىق دەۋاسى قىلغان كىشى كۆپلەپ ياخشى سۈپەتلەرگە مۇھتاج بولىدۇ.

يەنە بىرى ئېيتتى:

— كىشى ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ ۋە قاچىدۇ. ئۇ ئىزلىسىمۇ تاپالماي، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارلايدۇ. بۇنداق ئاجىز زەئىپ كىشىنى ھەرگىز خۇدا دېگىلى بولمايدۇ، خۇدالىققا يارىمايدۇ، دېيىشىپ ئويلىنىپ - ئويلىنىپ: «ئاسمان زېمىندا پەقەت بىرلا خۇدا باركى، كىشىلەر شۇنىڭغىلا ئەقىدە قىلىدۇ، تەڭرىنىڭ بىرلا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، ئۇنى ھەممە ئەيىپ - نۇقساندىن پاك ۋە خالى دەپ بىلىدۇ. شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز ۋە ئۈمىدىمىز كامىلكى، تەڭرى بىزنى بۇ مەلئۇننىڭ شەھرىدىن خالاس قىلىپ ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە مەشغۇل ۋە مۇشەررەپ قىلىدۇ» دېيىشىدۇ.

يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، دەقيانۇس پاشا - چۈش كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇ بىر كۈنى ئۇخلىغانىدى، چۈش تېرىكتۈرۈپ ئارام بەرمەي ئۇنى بەك خاپا قىلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ خاس خىزمىتىگە تەيىنلەنگەن مۇلازىم-غۇلام ھازىر ئەمەس ئىدى. ئۇنى چاقىرتقان بولسىمۇ، تېپىلمىدى. دەقيانۇس: «ئۇ غۇلامنى قەيەردە تاپساڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار» دەپ پەرمان قىلدى.

بىرەيلەن كېلىپ بۇ توغرىلىق يىگىتكە خەۋەر يەتكۈزدى. ئۇلار بىر يەرگە جەم بولۇپ ئۆز ئارا: — چۈشىنىڭ چېقىشىدىن قۇتۇلالماي يۈرگەن بەندە قانداقمۇ خۇدا بولالىسۇن؟ - دېيىشتى.

ئۇ ئالتە بۇرادەر شۇ كېچىسى جەم بولدى، ئۇلار: «بىزگە ئېنىقكى، ئۇ كاپىر (دەقيانۇس)» ھەرگىز خۇدا ئەمەس. ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش ئاجىز، زەئىپ ۋە ھاجەتمەن بىر بەندە. لېكىن بىز ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدۇق. ئەمدى قەيەرگىلا قاچساق بىللە قاچايلى» دېيىشىپ غار تەرەپنى نىشان قىلدى.

ئۇلار كېتىۋېتىپ يولدا قويچى بىلەن ئىتنى ئۇچراتتى ۋە ئاخىرىغىچە بىللە بولدى.

ئۇلار دەسلەپتە ئۈچ كىشى بولۇپ، بىرى لەنتى دەقيانۇسنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. ئۇ بىر كۈنى دەقيانۇسنىڭ خىزمىتىگە كەلمىگەن ئىدى، دەقيانۇس ئۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقلانغانىدى.

بۇلاردىن بىرىنچىسىنىڭ ئېتى مەكسەلمىنا، ئىككىنچىسىنىڭ ئېتى يەملەيخا، ئۈچىنچىسىنىڭ ئېتى شەملەيخا ئىدى. بەزىلەر بىرىنچىسىنى قالۇس ئىدى، دەيدۇ. بۇ ئۈچەيلەن ئۇ يەردىن قېچىشنى نىيەت قىلدى. يەملەيخا:

— ھازىر قېچىشقا تېخى پۇرسەت كەلمىدى. ناۋادا دەقيانۇس گۇي[1] ئويناشقا ئېلىپ چىقسا بىزمۇ بارايلى، بىز توپنى مەيداندىن سىرتقا ئېلىپ كېتەيلى ۋە توپنىڭ باھانىسى بىلەن قېچىپ كېتەيلى، — دېدى.

دەقيانۇس ئادەتتە ھەر يىلدا بىر قېتىم ئۇلارنىڭ شەيتان توپ ئويىنىشىغا پەرمان چۈشۈرەتتى، ئۆزى بولسا تەختتە ئولتۇرۇپ تاماشا كۆرەتتى.

قىسسە، بۇ قېتىم ئۇلاردىن بىرسى مەيدانغا چۈشكەندىن كېيىن، مەيدان ئىچىدە تۇرغان توپنى چەۋگەن بىلەن ئۇردى ۋە

قاڭقىپ سىرتقا چىقىرىۋەتتى. توپ ئويناشتىكى بۇنداق ئۇستىلىق ۋە ماھارەت دەقيانۇسنى بەك خۇشال قىلىۋەتتى بولغاي ئۇ بۇيرۇق قىلىپ:

— ئۇنى كەلتۈرۈڭلار، تارتۇق ئىنئام بېرىمەن، — دېدى.

— بۇ ياققا كەلگىن، ساڭا ئىنئام بەرگىدەك، — دەپ چاقىرىشتى دەقيانۇسنىڭ ئەتىراپىدىكىلەر.

— بىزگە تارتۇق ئىنئامىنىڭ كېرىكى يوق، بىز ئىنئامىمىزنى .تاپتۇق، — دېيىشتى ئۇلار.

ئۇ چەۋگەن بىلەن توپنى يەنە ئۇرۇپ يۇمۇلتا - يۇمۇلتا يىراقلاپ كېتىۋەردى. بۇرادەرلىرىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ تاكى ئىككى پەرسەڭ[②] يەرگىچە بېرىۋالدى. ھېچكىم ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىشىگە توسالغۇ بولالمىدى. ئۇلار ناھايىتى تېزلىك بىلەن چەت جايغا بېرىۋالدى. چاپان - تونلىرىنى سېلىپ قويىچىغا بەردى ۋە چوپان - قويچىلارنىڭ كىيىملىرىدىن كىيىۋالدى. ئاندىن ئۆزلىرىنى يوشۇرۇنۇش ئۈچۈن سەپىرىنى داۋام قىلدى.

ئۇلار كېتىۋاتقاندا، يولدا قويچى ئۇچرىدى، ئاخىرى ئىتمۇ زوۋانغا كەلدى.

قىسسە، جاھان كەزگۈچى بۇ ئالتە يىگىت قويچى ۋە ئىت مەردانىلىك بىلەن غارنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار نەزەر سېلىپ گۈمبەز شەكىللىك، ئاغزى كىچىك، ئىچى كامار ۋە كەڭتاشا، ھەيۋەتلىك غارنى كۆردى ھەمدە بۇ غارنىڭ ئىچىگە كىردى. ئازغۇن دەقيانۇسنىڭ شەھىرىدىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ چىقىپ خاتىرجەم ھالدا ياتتى. ئىت بۇ جاھان كەزگۈچى يىگىتلەرنىڭ يېتىۋالغانلىقىنى كۆردى، ئۇمۇ غارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتتى ۋە ئۇيقۇغا كەتتى. تەڭرى ئۇلارنىڭ روھلىرىنى بەدەن قەپەزلىرىدىن ئېلىپ كۆك - ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى، روھى مەقاملىرىنى[③] تەن قەپەزلىرى ئىچىدە باقى قىلدى.

دەقيانۇس ئەفسۇس شەھىرىگە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى سۈرۈشتە قىلدى. چاپارمەنلەر:

— ئەي پادىشاھ، بۇ جاھان كەزگۈچى يىگىتلەر ئوزۇق - تۈلۈك ۋە لازىمەتلىكلىرىنى غەملەپ تاغ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ، — دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلدى.

دەقيانۇس بارلىق ئەل - خالايىقنى باشلاپ بېرىپ، ئۇلارنى غار ئىچىدە ئۇخلاۋاتقان ھالەتتە كۆردى ۋە ئويغاتتى، ئۇلار ئويغاندى.

دەقيانۇس پەرمان چۈشۈرۈپ: «ئۇلارنى كۆرمەڭلار، غارنىڭ ئاغزىنى تاش بىلەن مەھكەم ئېتىڭلار، ئۇلار مۇشۇ غارنىڭ ئىچىدە قالسۇن!» دېدى.

كەلگەنلەر غارنىڭ ئاغزىنى يوغان قورام تاشلار بىلەن پۇختا قوپۇرۇپ، سىرتىنى سۇۋاپ بولۇپ قايتىپ كەتتى.

دەقيانۇسنىڭ يېقىن - يورۇقلىرى ئىچىدە بىر ئاقكۆڭۈل، مۆمىن كىشى بار ئىدى. ئۇ بۇ جاھان كەزگۈچى يىگىتلەرنىڭ ئىسىملىرىنى، ئەھۋاللىرىنى بىر تاش لەۋھە ياساپ، ئۇنىڭغا نەقىش قىلىپ پۈتۈپ، غارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئولتۇرغۇزدى. ئۇ تاشقا: بۇ جايغا كەلگەن كىشى ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار بولۇپ قالسۇن، دېگەن خەتلەرنى پۈتكەنىدى.

### II ئەمدى ئەسھابۇلكەھفنىڭ قىسسىلىرىنى «قۇرئان مەسجىد» ۋە باشقا كالاملار ئارقىلىق بايان قىلىمىز

بولۇپمۇ «تەفسىرى قازى بەيزاۋىي» ۋە «تەپسىر ھۈسەينى» قاتارلىق ئەسەرلەردە شۇنداق بايان قىلىنىدۇكى، ئايەتتە: چۈنكى بۇ مەشھۇر رۇمنىڭ جاھان كەزگۈچى يىگىتلىرى خىلۋەت جايدىكى غاردا ماكان تۇتۇشنى نىيەت قىلىپ، شۇ يەرگە باردى.

ئۇلار: «ئەي پەرۋەردىگار، بىزلەرگە رەھىم قىلىپ گۇناھىمىزنى كەچۈرگىن، رىزقى ـ نەسىۋىمىز يېتىپ تۇرسۇن ياكى دۈشمەندىن ئامان بولايلى، بىزنى ئىماندا قىلغىن. بىزنى كۇپۇرلىقتىن خالى قىلغايسەن» دېيىشتى. يەنە ئايەتتە: «ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى پەردىلەنگەن، ئۇلار ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلىمايدۇ، ئۇلارنى غار ئىچىدە ئۇزاق ۋاقىت ئۇخلاتتۇق ۋە مەخپىي تۇتتۇق. ئۇلارنىڭ قانچىلىك ۋاقىت ئۇخلىغانلىقىنى بىلمەيمىز. يۇقىرىدا ئۇلارنىڭ غار ئىچىدە قانچىلىك ئۇخلىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەندى. ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز.» دېيىلىدۇ. يەنە ئايەتتە: «ئەي مۇھەممەد، ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى ۋە ۋەقەلىرىنى راستلىق بىلەن ئويلاپ كۆر. بۇ جاھان كەزگۈچى ئەسھابىلارنى ئىمانغا كەلتۈردى. ئۇلارنى پەرۋەردىگارغا باغلاپ دىلىنى چىڭ قىلدۇق. ئۇلارنىڭ دىللىرىنى سىر قىلىپ ئۇلۇغ ۋەتىنىگە مايىل قىلدۇق. ئۇلارنى ئائىلىلىرىدىن يىراق، مال ـ دۇنيادىن خالى قىلدۇق، زالىم دەقيانۇسقا ھەقىقەتنى سۆزلەشنى راۋا كۆرىدىغان قىلدۇق» دېيىلىدۇ. يەنە ئايەتتە: «بۇ قوۋملىرىمىز ئەفسۇس خەلقى دەقيانۇسنىڭ سىياسىتىدىن قورقۇپ، خۇدادىن ئۆزگە خۇدا تۇتتى ۋە ئۇنىڭغا سەجدە قىلدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇلارنىڭ بەختلىك بولىدىغانلىقى توغرىلىق ئىسپات يوق. ئەگەر ئۇلارنىڭ خۇداسى بولغان بولسا ئۇلۇغ قۇدرىتى بولماسمىدى؟ دېيىلىدۇ. بۇ توغرىلىق بۇ ئايەتتە شۇنىڭغا بىشارەت باركى، ھەر قانداق نەرسىگە ئىسلام دىنىدا دەلىل باردۇر. بىر خۇدادىن باشقا تەقلىدىي خۇدا ياساش شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.

كىم زالىم بولۇپ، تەڭرىگە شەك كەلتۈرسە، ئۇ كاززاپنىڭ دوزاختا شېرىك بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. بۇ جاھان كەزگۈچىلەر بەزىلەرگە خىتاب قىلىپ ئېيتتىكى: قاچان دەقيانۇستىن رۇخسەت سوراپ ئېھتىيات قىلدىڭلار ۋە خۇدادىن باشقا مەبۇتلاردىن ئۆزۈڭلارنى قاچۇردۇڭلار، دېيىلىدۇ.

ئەمدى غارغا قايتىپ شۇ يەرنى ماكان تۇتۇڭلار. پەرۋەدىگايىڭلار سىلەرنىڭ رىزقى ـ روزۇڭلارنى مول قىلىپ بېرىدۇ. سىلەرگە بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆز نېسىۋەڭلارغا يارىشا ئۈلۈشىڭلار بېرىلىدۇ. سىلەر ئۆز ئىشىڭلار بەدىلىگە يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك نېسىۋە ئالىسىلەر.

بۇ خىتاب ھەزرىتى سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگىدۇر ياكى ھەر بىر كىشىگىدۇر.

كۈن چىققان چاغدا ئاپتاپ غارنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلاپ ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. كۈن پاتىدىغان چاغدا ئاپتاپ غارنىڭ سول تەرىپىدىن باشلاپ ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. كۈن نۇرى ئۇلارغا چۈشمەيدۇ. ئۇلار قاراڭغۇدا بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەيدۇ. بۇ جاھان كەزگۈچىلەر ئەنە شۇ غارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوچۇقچىلىق يېرىدە تۇرىدۇ. ئىككى تەرىپىگە ئاپتاپ چۈشۈپ، يەرگە ۋە ئۇلارغا چۈشمەيدۇ. چۈنكى غارنىڭ ئاغزى سەتارە[4] ھەفتىنىنىڭ ئۇدۇلىدا بولغاچقا، ئاپتاپ سەرەتان[5] بۇرجىدا يۆتكەلسە، دەسلەپتە غارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە، ئاندىن يۆتكىلىپ غارنىڭ سول تەرىپىگە چۈشىدۇ. چۈنكى كۈن سەرەتان پەسلىدە شەرق ۋە شىمالنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يۆتكىلىپ شىمال بىلەن غەربىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرىدۇ. شۇڭا كۈن نۇرى ئۇلارغا چۈشمەستىن، ئىككى تەرىپىگە چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ تېنىگە راھەت شامىلى تېگىپ تۇرىدۇ. بۇ غار ئاپتاپ ھارارىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئوخشاش غەم ـ ئەندىشە ۋە تەشۋىشلەردىن خالى ۋە ئاماندۇر.

ئەسھابۇلكەھفىنىڭ غار ئىچىدىن ماكان تۇتۇشى ئاپتاپنىڭ غارغا يانتۇ چۈشكەن ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھالنىڭ توختىماي دەۋر قىلىپ تۇرۇشى ئۇلارنىڭ مەشھۇر ۋە

ئۇلۇغلىقىدىن، ھەرقانداق بىر كىشى ياخشى ئىش قىلسا، تەڭرى ئۇ كىشىگە ئىنساپ ئاتا قىلىدۇ ۋە توغرا يولنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى توغرا يولنى تېپىۋالىدۇ. تەڭرى ئۇنى نىجادلىققا ۋە ياخشىلىققا باشلاپ، توغرا يولدىن ئاداشتۇرمايدۇ، بەس. ئۇنداق بولمىسا، ئۇ كىشى ھەرقانداق دوستىنى ۋە ياخشىلىق قىلغۇچىنى ھەرگىز تاپالمايدۇ. سەن ئۇلارنى ئويغاق دەپ گۇمان قىلىشىڭ مۇمكىن. ۋەھالەنكى، ئۇلار ئۇخلىغۇچىلاردۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئويغاق ئادەمنىڭ كۆزىدەك يۆتكىلىپ ئويغاق ئادەمدەك ياتىدۇ. ئۇلارغا تەگمىگىن. مەن ئۇلارنى ئوڭغا ۋە سولغا ئۆرۈپ قويىمەن.

ئىبنى ئابباس[12] رەزىياللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ھەر ئالتە ئايدا پەرىشتىلەر ئەۋەتىلىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارنى ئوڭغا ۋە سولغا ئۆرۈپ قويىدۇ. بەزىلەر ھەر يىلى روزى - رامزاندا بىر قېتىم ئۆرۈپ قويىدۇ، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا ھەر كۈندە بىر قېتىم ئۆرۈپ قويىدۇ، ئىتى ئىككى ئالدى پۇتىنى ئۇزۇن سوزۇپ غارنىڭ ئۇدۇلىدا يەر بېغىرلاپ ياتىدۇ. بۇ ئىتنىڭ رەڭگى سېرىق، قىزىل ياكى توپا رەڭ ئىدى، دەيدۇ.

«زاۋالمىز» ناملىق كىتابتا رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ ئىتنىڭ بېشى قىزىل، گەۋدىسى قارا، قورسىقى ئاق، قۇيرۇقى تىك ئىدى. ئەگەر ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ قارايدىغان بولساڭ، شۇ ھامان ئۇلاردىن ئەيمىنىپ يۈزۈڭنى قاچۇرۇپ قېچىپ كېتىشكە ئالدىرايسەن. ھېچكىممۇ ئۇلارغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق، چاچلىرى بەك ئۆسۈپ كەتكەن، تەنلىرى ھاڭ قاتقان، يالىڭاچ ۋە سۇرلۇك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياتقان جايى قاپ - قاراڭغۇ جايدۇر.

خۇاجە مۇئاۋىيە[13] رەزىياللاھۇ ئەنھۇ رۇمغا غازات قىلىش سەپىرىدە ئەسھابۇلكەھف غارىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن. ئۇ: «ئەگەر غارنىڭ ئىچى يورۇق بولغان بولسا بىز ئۇلارنى كۆرگەن بولاتتۇق» دەيدۇ. ئىبنى ئابباس ئۇلارغا: «سىزلەرنىڭ نىيىتىڭلار توغرا بولماپتۇ. ئۇلارنى كۆرۈش مەنئىي قىلىنغان. تەڭرى ئۆز كالامىدا سىزگە ئوخشاش قارام كىشىلەرگە قارىتا ئۇلارنى كۆرمەسلىكنى ئېيتقان» دەپ ئېيتتى.

خۇاجە مۇئاۋىيە ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى مۇۋاپىق كۆرمەي، ئۇ يەرگە بىر نەچچە كىشىنى ئەۋەتتى. ئۇلار غارغا يېتىپ بېرىپ تۇرۇشىغا بىر ئاسىي - سىرلىق شامال ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلدى. خۇاجە مۇئاۋىيە ئۆزىنىڭ قىلغىنىغا كۆپ پۇشايمان قىلدى.

مىھراج ® كېچىسى ھەزرىتى سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دوزاخنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭغا جاندىن ئۆتكۈدەك ئازاب تارتىۋاتقان گۇناھكارلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى كۆرسەتكەندە قورقماي، تۈرلۈك خەۋپ - خەتەرلەر يېتىدىغان ئىشلارنى كۆرسەتكەندە قورقۇشىدىكى سەۋەب نېمە؟ بۇنىڭغا جاۋاب شۇكى، ھەق سۇبھانە ۋە تائالا ئۆز كارامىتىنى ئۇلارغا كۆرسەتكەن. ھېچقانداق بىر ئىنساننىڭ ئۇلارنىڭ دىدارىنى كۆرۈشىنىڭ ھاجىتى يوق. تەڭرىنىڭ ئۆزىمۇ: «ئەگەر ئۇلارنى كۆرۈشنى خالاپ قالساڭلار كۆرەلمەيسەن، بەلكى ئەكسىچە ئۇلاردىن قاچىسەن، لېكىن مەن كۆرسەتمەكچى بولسام كۆرىسەن. ئۇلارنى كېچىدە مەخپىي قىلىپ كۆرسەتكۈچى مەن بولىمەن، دەيدۇ. ئۇلارنى كامال - قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلسۇن، دەپ ئۇخلاتقان ئىدۇق. يەنە شۇ مەقسەتتە ئويغاتتۇق.

ئۇلار سوئال قىلىشىپ ئۆز ئارا تونۇشىدۇ. ئۆز ئەھۋاللىرىنى ۋە بولۇپ ئۆتكەن ھەممە ئىشلارنى بىلىدۇ، دېيىلىدۇ. پەزىلەتلىك ئۇلۇغ تەڭرىمگە خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ غار ئىچىدە

قانچە ۋاقىت ياتقانلىقىنى سورىغاندا، بەزىلىرى: «بىر كۈن ياكى يېرىم كۈن ياتقاندۇرمىز» دېدى. بەزىلەر بۇ ھەقتە: «پەرۋەردىگارىڭلار ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. سىلەرنىڭ قانچىلىك ۋاقىت ياتقانلىقىڭلارغا ئۇنىڭ ئۆزى گۇۋاھ ئىكەنلىكى ئېيتىلىدۇ» دەپ ئېيتتى.

غاردىكىلەر بامدات ۋاقتى بىلەن ئويغاندى. جۈمە ۋاقتى (كۈنى) بولغاندا ئۇلار: «بىر كۈن ياكى يېرىم كۈن يېتىپتىمىز» دېدى-يۇ، بىراق، تىرناقلىرى بىلەن چاچلىرىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكىگە قاراپ خىيال سۈرۈشتى ۋە: «تەڭرى ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. ئۆتكەن بىر ۋاقىت بىر سىردۇر» دېدى. ھۆسنى جامالىڭلارنى پاك-پاكىزە تۇتۇپ بۇ ئەفسۇس شەھىرىگە قاراپ بېقىڭلار. بۇ ئەفسۇس شەھىرىدە قانچە پاكىزە بولساڭلار ئۇلارنىڭ غىزا-تائاملىرىمۇ شۇنچە مېزىلىك ۋە ياخشى بولىدۇ. ئۇلار سىلەرگە رىزىق-تائامنى پاساھەتلىك سۆزلەر بىلەن خەۋەر قىلىپ كەلتۈرىدۇ. ئەمما بۇنى ھېچكىمگە تىنمىغايسىلەر، ناۋادا دەقيانۇس بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قېلىپ تونۇۋالسا سىلەرگە قەست قىلىدۇ. سىلەرنى ئۆز مەملىكىتىگە قايتۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا سىلەر ھەرگىز ئەركىنلىك ۋە نىجاتلىق تاپالمايسىلەر. ئۇلارنىڭ مەملىكىتىگە بېرىپ قالساڭلار بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ ئازاب-ئوقۇبەتكە قالىسىلەر، دېيىلىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەقىللىقراقى يەملەيخا ئىدى. ئۇ بۇ نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلىپ ئەفسۇس شەھىرىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ شەھەرگە يېقىنلاپ باردى ۋە كۆردىكى، خەلقنىڭ تۇرقى-سىياقى، ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ئۆزگىچىلا بولۇپ كەتكەن. ئۇ بۇ ھالنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ ناھايىتى تەئەججۈپلەندى ۋە شەھەرنىڭ ئىچىگە كىردى. ناماز دېگەر ۋاقتى بولغاندا، يۇرتنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ بىلگەچ نان ئېلىش ئۈچۈن بىر ناۋاينىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا دەقيانۇسنىڭ پۇلىدىن سۇندى. ناۋاي بۇ پۇللارنى كۆرۈپ: بۇ كىشىگە خەزىنە ئۇچرىغانلىقىنى، پۇللارغا دەقيانۇسنىڭ ئىسمى نەقىش قىلىپ پۈتۈلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ مىقدارى يەتتە مىسقال ئون پۇل ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. پۇل خۇددى شەتراەنجىنىڭ[7] ئاستى تەرىپىگە ئوخشاش ئىدى. ناۋاي ئۇنىڭدىن سورىدى:

— بۇ پۇللارنى قەيەردىن تاپتىڭ؟

— بۇ مۇشۇ شەھەرنىڭ پۇلى، مۇشۇ پادىشاھنىڭ نامىغا سوقۇلغان.

— بۇ پادىشاھنىڭ بۇنداق پۇلى يوق.

— بۇ پۇللار ئۇلۇغ دەقيانۇسنىڭ پۇلى بولۇپ، ئۇ پادىشاھ بولغاندا سوقۇلغان.

— دەقيانۇس دېگەن كىم بولىدۇ؟ مەن ئۇنى بىلمەيدىكەنمەنغۇ، بىزنىڭ پادىشاھىمىز پالانى كىشى بولىدۇ.

ئۇ پادىشاھنىڭ دىنى قايسى؟ كىمگە ئېتىقاد قىلىدۇ؟

— ئەيسا ئەلەيھىسسالام [14] نىڭ دىنىدا بولۇپ، تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىدۇ.

بۇ ۋەقە ناھايىتى تېزلا رەستە-بازاردىكى ھەممە كىشىگە تارقالدى. ئەل-خالايىق ھەممىسى كېلىپ پۇللارنى كۆرۈپ بۇ كىشىگە خەزىنە ئۇچراپتۇ، دېيىشتى. يەملەيخا يېنىدا قېپقالغان پۇللارنىمۇ چىقىرىپ ئۇلارغا كۆرسەتتى. ئاخىرى ئۇلار يەملەيخانى تۇتۇپ پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇشتى. بۇ چاغدا يەملەيخا:

— تۈنۈگۈنلا ئاتامنىڭ ئۆيىدىن چىققان ئىدىم، بۈگۈن بازارغا كەلدىم، — دېدى.

كىشىلەر ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى سورىغان ئىدى، يەملەيخا ئېيتىپ بەردى. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۇنىڭ ئاتىسىنى تونۇيدىغان بىرەرسىمۇ چىقمىدى، ئۇلار يەملەيخانى

يالغانچىغا چىقاردى، يەملەيخا قاتتىق دەرغەزەپ بولۇپ:

- مېنى دەقيانۇسنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭلار. بىزنىڭ ئىشىمىزنىڭ ھەممىسىدىن ئۇنىڭ خەۋىرى بار، - دېدى.

ھەممە كىشىلەر ئۇنى مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى:

- دەقيانۇس ئۆلگىلى ئۈچ يۈز يىلدىن ئاشقان تۇرسا، سەن بىزنى قەستەن ئەخمەق قىلىۋاتىسەن. يەملەيخا:

- سىلەر مېنى بوزەك ئېتىۋاتىسىلەر. تۈنۈگۈن بىر نەچچە كىشى دەقيانۇستىن قورقۇپ قېچىپ تاغدىكى غار ئىچىگە كىرىۋالغان ئىدۇق، ئۇزۇقىمىز قالمىغانلىقتىن، ئۇلار بۈگۈن مېنى ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. بۇنىڭدىن ئۆزگە ئىشلارنى بىلمەيمەن.

قىسسە: كىشىلەر يەملەيخانى پادىشاھنىڭ قېشىغا ئاپاردى ۋە بۇ ۋەقەنىڭ جەريانىنى باشتىن باشلاپ تەپسىلى بايان قىلىپ بەردى. پادىشاھ بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى، پۇللارنى كۆردى. «ئىنجىل» [15]شۇناسلار بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

- بۇ ئاتىپلەر كەھىف (غار كىشىلىرى) دۇر. ئۇلار ئەيسا ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى غار ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كەتكەن. «تەۋرات» [16]تا ھەق سۇبھانە ۋەتائالا ئۇلارنى ياد قىلغان.

ئۇلار «ئىنجىل» دىمۇ زىكرى قىلىنىدۇ. ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ دەقيانۇستىن قېچىپ غارغا كىرىپ ئۇخلىغانلىقىنى، ئۈچ يۈز يىلدىن كېيىن ئويغىنىدىغانلىقى توغرىلىق خەۋەر بەرگەنىكەن. بىز ئەجداتلىرىمىز ئاغزىدىن ئۇلار ھەققىدە كۆپتىن - كۆپ ئاڭلاپ كەلگەن، بىز ئۇلارنىڭ ئويغىنىپ چىقىشىغا بەكمۇ ئىنتىزار ئىدۇق. لېكىن ئۇلارنىڭ قايسى تاغ ۋە قايسى غاردا ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتۇق، - دېدى.

پادىشاھ يەملەيخاغا دېدى:

- ئەي جاھان كەزگۈچى يىگىت! ساڭا خوش - خەۋەر ئېيتايكى، دەقيانۇس ئۆلگەن! سىلەر غار ئىچىگە كىرىپ كەتكىلى ئۈچ يۈز توققۇز يىل بولدى. تەڭرى زېمىنغا پەيغەمبەر كەلتۈردى ۋە ئاسماندىن كىتاب ئەۋەتتى. سىلەر بۇ كىتابتا ياد قىلىنىپسىلەر ئەلھەمدۇلىللا، بىز مۇسۇلمان دىنى بولغان ئەيسانىڭ دىنىدا (؟) دۇرمىز، تەڭرىگە تائەت - ئىبادەت قىلىمىز. سېنىڭ باشقا ھەمراھلىرىڭ قەيەردە؟

- ئۇلار غارنىڭ ئىچىدە.

پادىشاھ قەتئىلەشتى. ئۇ شەھەردىكى بارلىق خەلقنى باشلاپ يەملەيخانى ئېلىپ غارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

يەملەيخا ئۇلارغا دېدى.

- سىلەر مۇشۇ يەردە توختاپ قېلىڭلار. ھەمراھلىرىمنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى يوق بولغانلىقتىن، دەقيانۇس كەلگەن بولسا بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، دەپ ئەندىشە قىلىدۇ. شۇڭا مەن ئاۋۋال غارغا كىرىپ سىلەرنىڭ كەلگەنلىكىڭلاردىن ئۇلارغا خەۋەر بېرەي. ئۇلار چوقۇم بۇنىڭدىن خوشال بولۇپ، ئۇ قاراڭغۇ جايدىن غارنىڭ سىرتىغا چىقىدۇ.

پادىشاھ ماقۇل بولدى. يەملەيخا غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

جاھان كەزگۈچى يىگىتلەر يەملەيخانى كۆردى ۋە ئۇنىڭدىن سورىدى: - نېمە ئىش بولدى؟

يەملەيخا يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ جەريانىنى ئۇلارغا تەپسىلى بايان قىلىپ بەردى. ئۇ يەنە ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى، «ئىنجىل» قىسسىنى ۋە پادىشاھنىڭ شەھەر خەلقنى باشلاپ غارنىڭ ئالدىغا كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

بۇلاردىن مەكسەلمىنا ئۇلارنىڭ يولباشچىسى ئىدى. ئۇلار بىللە

مەسلىھەتلىشىپ كېڭەش قىلىش ئارقىلىق مۇنداق پىكىرگە كەلدى: پادىشاھ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز يوق، بىزگە پەقەت مۇشۇ غار بولسىلا بولدى. ئەمدى بۇ غارنىڭ سىرتىغا چىقمايمىز، ھەرقانداق ئىنسانىنىڭ دىدارىنى كۆرمەيمىز. بۇ - بىزنىڭ ئەقىدىمىز.

ئۇلار دۇئاغا قول كۆتۈردى: ئەي تەڭرى، بىزنى ئىنسانلاردىن ساقلىغىن، سېنىڭدىن ئۆزگىسىنى تونۇمايمىز.

تەڭرى ئۇلارغا يەنە ئۇيقۇ ئاتا قىلدى. ئۇلار يەنە بۇرۇنقىدەك خورەك تارتىپ ئۇخلاپ قالدى. ئىتى ئويغىنىپ كەتكەن ئىدى، ئۇمۇ ئۇلارنىڭ ئۇخلىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ قالدى.

پادىشاھ ئۆزى باشلاپ كەلگەن كىشىلەر بىلەن بىللە غارنىڭ ئالدىدا ئۇلارنى ساقلىدى. كېچە بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋەردى. ئەتىسى چۈش ۋاقتى بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، شۇ چاققىچە يەملىخا غاردىن چىقمىدى.

قىسسە، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، يەملىخا غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دەرھاللا غارنىڭ ئاغزىغا كېلىپ دەقيانۇسنىڭ زامانىسىدا ئۇلار ھەققىدىكى ئەھۋاللار نەقىشلىنىپ غار ئىشىكىگە ئورنىتىلغان لەۋھەنى كۆردى. پادىشاھ ئۇنى ئوقۇپ بۇ جاھانكەزگۈچىلەرگە بولغان ساداقىتى ئاشتى ۋە قولىغا ھاسا ئېلىپ غارغا كىردى. غار ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ چىرايىنىڭ كۈن نۇرىدەك نۇرلۇق، پاكىزە، لىباس - كىيىملىرىنىڭ يېپيېڭى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالدى. پادىشاھ سالام قىلدى. ئۇلارمۇ جاۋاب سالام قىلدى. بۇ جاھان كەزگۈچىلەر پادىشاھقا دۇئا قىلدى ۋە يەنە ئۆز جايلىرىغا بېرىپ يېتىۋالدى. ئۇلارنىڭ روھى جىسمى كۆككە - تەڭرى دەرگاھىغا راۋان بولدى. يەنە كەلتۈرۈپتۇلەركى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئويغاتتۇق. بۇ شەھەرنىڭ شۇ چاغدىكى پادىشاھى تەندەرۇس ئىدى. ئۇ جاھان كەزگۈچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇلارغا ئىبرەت قىلدۇق. بىلىش كېرەككى، تەڭرىنىڭ ۋەدىسى راستۇر. قىيامەتتە بولىدىغان ئىشلارغا شۈبھىلىنىشكە بولمايدۇ، دېيىلىدۇ. چۈنكى ئەينى زاماندىكى خەلقلەر ئۆز ئارا جېدەل - نىزالار قىلىشقانلىقتىن، ئۇلار قىيامەتتە يېڭىدىن تىرىلىدۇ ياكى تىرىلمەيدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، تەڭرى ئەرۋاھلارنىڭ روھلىرىنى قىيامەت كۈنى ئۇچراشتۇرسىمۇ، لېكىن تەنلىرىنى ئۇچراشتۇرمايدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قىيامەت كۈنى بەدەنلىرى روھلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ ھەمدە مۇشۇ ئالەمدىكىدەك تىرىلىدۇ.

تەڭرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئەسھابۇلكەھفنى تەمسىل قىلىپ، روھلىرىنى تېنىدىن ئايرىپ ئۇلارنى ئۈچ يۈز توققۇز يىل كەمچىلىك - گۇناھلاردىن ساقلاپ روھلىرىنى يەنە ئۇلارغا قوشقان ئۇلۇغ كارامەت ئىگىسى. ئۇنىڭ ئىنسان نەسلىنى تامام يوقىتىپ قىيامەت كۈنى يەنە روھلىرىنى ئەۋەتىپ ئۇلارغا جان كىرگۈزەلىشى ھەيران قالارلىق ئاجايىپ ئىش ئەمەس.

«تەپسىر ئىمام شەئبلى»دا نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە، ھەزرىتى رىسالەت بەنا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: ئەسھابۇلكەھفنى كۆرۈش ۋە ئۇلاردىن دۇئا ئىلتىماس قىلىش، دېگەن ئەرز بولدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام [17] كېلىپ ئېيتتىكى: يا رەسۇلۇللا، سىز ئۇلارنى بۇ دۇنيادا كۆرەلمەيسىز. ئۇلارنىڭ نۇرلۇق جامالى قىيامەتكە مەنسۇپتۇر. ئەمما ساھابىلىرىڭىزدىن تۆت كىشىنى ئەۋەتسىڭىز، ئۇلار بېرىپ ئۇلارنىمۇ دىنىي-ئىسلامغا دەۋەت-دالالەت

قىلسۇن، ئۇلارمۇ سىزنىڭ ئۈممەتلىرىڭىزدىن بولسۇن. ئانھەزرەت سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم (تەڭرىنىڭ سالاملىرى ۋە مەدھىيىلىرى ئۇنىڭغا بولسۇن) ئېيتتىكى: يا بۇرادەر، يول ئۇزۇن تۇرسا، ئۇلارنى قانداق ئەۋەتىمەن؟ جىبرئىل ئەلەيھىسسالام ئېيتتىكى: مۇبارەك ئېتىكىڭىزنى يېيىڭ؛ ئەمرۇل مۆئمىن ئەبۇ بەكرى سىدىق[18]، ئۆمەر ئەلفارۇق[19]، ئوسمان زەۋۇلنەۋرىن[20] ۋە ئەلى ئەمۇرتەزىلەر[21]نى چاقىرىڭ. بۇ تۆت كىشى مۇبارەك ئېتىكىڭىزنىڭ تۆت بۇرجىكىدە ئولتۇرسۇن. ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام[22]نىڭ تەگدىشى يوق خاسىيەتلىك شاملى سىزگىمۇ مەنسەپتۇر. ئۇنىڭغا ئەمىر قىلسىڭىز ئۇلارنى غارغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. ئانھەزرەت سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم شۇ بويىچە ئىش قىلدى. خاسىيەتلىك شامال بۇ تۆت دوست-چاھار يارنى كۆككە كۆتىرىپ ئېلىپ مېڭىپ غارنىڭ ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇلار غارنىڭ ئاغزىدىكى تاشنى كۆتۈرۈپ ئېلىۋېتىۋىدى، غارنىڭ ئىچى يورۇدى. يىراقتىن ئادەملەرنىڭ تىۋىشى كەلگەندە ئۇزۇراپ ياتقان ئىت دەسلەپتە ئۇلارغا قاراپ قاۋاپ ھەملە قىلدى. ئۇلار يېقىنلاپ كەلگەندە بولسا قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ، بېشى بىلەن غارنى كۆرسىتىپ كىرىشنى ئىما قىلدى. ئۇلار غارغا كىرىپ: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللا ۋە بەرەكاتە، دېدى. تەڭرى ئۇلارنىڭ روھلىرىنى يەنە جىسىملىرىغا قوشتى. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ جاۋاب سالام بەردى. كەلگەنلەر: ئابدۇللا ئىبىن مۇھەممەد تەڭرىنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى، سىلەرگە سالام ئېيتتى، دېدى بۇ جاھان كەزگۈچىلەرمۇ: بارلىق سالام ۋە ھەمدۇ-سانالىرىمىز مۇھەممەد رەسۇلىللا سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە بولسۇن، -دېدى.

بۇ تۆت دوست ئۇلارنى دىنى ئىسلامغا ئۈندىدى. ئۇلار بۇنى قوبۇل تۇتۇپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولدى. قىيامەت كۈنىمۇ بۇ ئۈممەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئۇلار ئانھەزرەت سەللالھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە قايىل بولدى ۋە ئىمان كەلتۈردى. ئۇلار ئۇنىڭغا تەشەككۈر سالاملىرىنى ئېيتىپ يەنە ئۆز جايلىرىغا بېرىپ يېتىپ قالدى.

ئىمام ھادى ئاخىر زامان بولغاندا ئۇلار بىلەن دىدار كۆرۈشىدۇ، ئۇلار يەنە تىرىلىپ ئەسلىدىكى ھالەتلىرىگە كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئىمام ھادى ئۇلارغا سالام بېرىدۇ، ئۇلارمۇ ئۇنىڭغا جاۋاب سالام بېرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇلۇغلار قاتارىدا قىيامەتكىچە مەشھۇر بولىدۇ.

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئىمام ھادىنىڭ ئىككى يۈز تۆرلۈك خىسلەت-ئالاھىدىلىكى بار بولۇپ، ئەزان تۇۋلاش شۇنىڭ بىر جۈملىسىدىن. مەھدىنىڭ بېشىدا بىر پارچە ئاق بولۇت ئۇنىڭغا سايە چۈشۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ بولۇتنىڭ ئۈستىدە بىر پەرىشتە: ئەي خالايىق، ئاخىر زاماندىكى ئىمام ھادى دېگەن مۇشۇ كىشى بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئىشىنىڭلار ۋە ئىقرار قىلىڭلار، ئۇنىڭ توغرا يولغا باشلايدىغانلىقى راستۇر، دەپ نىدا قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر نىشانە-ئالامىتى شۇكى، ئەسھابۇلكەھفلەر ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ ئۇنىڭغا يار-يۆلەكتە بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىمام ھادى پۈتۈن ئاسمان زېمىننى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ. ھەرقانداق بىر شەھەرگە كەلگەندە، ئەگەر ئۇ شەھەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمايدىكەن، ئۇ چاغدا ئەسھابۇلكەھىف كىشىلىرى دەرغەزەپكە كېلىپ ئۇ شەھەرنىڭ سوقما-سېپىللىرى ھەرقانچە پۇختا ۋە مەزمۇت بولسىمۇ ئاتلاپ ئۆتۈپ بىمالال كىرىپ كېتىدۇ، بۇنداق چاغدا ئۇلار چاھار تەكبىرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي تەكرالايدۇ. ئۇلار چاھار تەكبىر ئېيتىپ ماڭسا ھەرقانچە مۇستەھكەم مۇداپىئە ۋە كۆپ

لەشكەر بولسىمۇ، ئۇلار توسالغۇ بولالمايدۇ، بەلكى ئۇلارغا زەربە بېرىدۇ ۋە ۋەيران قىلىدۇ. ئىمام ھادىنىڭ ۋاقتىدا ئەركىنلىككە ئېرىشمىگەن ھېچكىم قالمايدۇ، ئىمام ھادىنىڭ ۋە ئەسھابۇلكەھفنىڭ شاراپەتلىرىدىن ھەتتاكى قويچى - چوپانلارنىڭ ئاۋازلىرى ھەر تەرەپتە ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. نەقىلدە كەلتۈرۈلۈشىچە، پادىشاھ تەندۇرۇس يەملەيخا بىلەن بىللە قوۋملىرى ئارىسىغا كەلگەن ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇلاردىن بەزىلىرى: پاناھلىنىڭلار، ئۇلارنىڭ غارى پەقەت شۇلارنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولۇپ، خەلقلەرلا ئۇ يەردە ئولتۇرىدۇ ۋە ئۇ يەرنى شەھەر قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگايى ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى مەخلۇقاتنىڭ ئالىملىرى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ ۋە بۇ توغرىلىق ئۇلارغا يېتەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار يۇقىرى تۇرىدۇ. ئۇلار ئۇ خەلقلەرنى ئۆز دىنلىرى بىلەن بېسىپ چۈشىدۇ، يەنى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ قۇدرىتىگە قايىل بولىدۇ، دېدى. ئۇلار: ھەرقانداق بىر ئىشنى شەرىئەتكە ئۇيغۇن قىلىمىز، دېدى، دېيىلىدۇ.

ئۇلار ئۆزلىرىگە بىر مەسچىت ياساپ ناماز ئۆتەيمەكچى بولدى. ئۇلار ئۇ مەسچىت ئىچىدە دۇئا قىلسا قىلغان دۇئالىرىنىڭ بەرىكىتىدىن تىلىگەن تىلەكلىرى قوبۇل بولىدۇ ۋە ئىجابەت بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنىڭ بەلگە-ئالامىتى. نەقىلدە: ئارقىدىنلا جۇھۇتلار: ئۇ ئەسھابۇلكەھف ئۈچ كىشى بولۇپ، تۆتىنچىسى ئىت دەيدۇ. تەرسالار[⑧]بولسا ئەسھابۇلكەھف بەش كىشى بولۇپ، ئالتىنچىسى ئىت دەيدۇ، دېيىلىدۇ. ئانھەزرەت سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زامانىسىدا بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا ئەنە شۇنداق ئىككى خىل پىكىر ئىختىلاپى بار ئىدى. بۇ ئىككىلا تائىپىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ خىيالى-پەرەزلىرى ۋە كۆرگەن چۈشلىرىگە ئاساسلىنىپ شۇنداق دېيىشكەن.

ئەمدى مۇسۇلمانلار بولسا ئەسھابۇلكەھفنى يەتتە بولۇپ، سەككىزىنچىسى ئىت، دەيدۇ. بۇ خىل قاراش جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق رەسۇل ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلۈپ، ئۇنىڭدىن ئۇلارغا (مۇسۇلمانلارغا) يەتكۈزۈلگەن خەۋەردۇر. تەڭرىنىڭ كالامىدىمۇ ئىما - ئىشارەت بېرىلىپ، بۇ خىل قاراشنىڭ توغرىلىقىغا بىر ئايەت نازىل قىلىنغان، بۇ ئايەت: ئەي مۇھەممەد، سەن مېنىڭ پەرۋەردىگايىم ھەممىنى بىلگۈچىدۇر دېگىن، دېگەندىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ئەھدىسىگە باشقىلار گۇمان - شەك كەلتۈرۈپ ئاغزىغا كەلگەننى دەيدۇ. ئەمما مېنىڭ پەرۋەردىگايىم بولسا ھەممىنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ ئېيتىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەق ۋە راستتۇر. ئۆزگىلەر بولسا ھەممىنى ئۇنداق ئاسان بىلىپ كېتەلمىگەن پەيغەمبەر ۋە بىلگۈچى ئەمەس. ئەسھابۇلكەھف كىشىلىرىنى بىلگۈچى پەقەت پەيغەمبەرلا بولۇپ، بۇنى ئىبنى ئابباس رەزىيالللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان. ئۇلۇغ ساھابىلەر: بىزمۇ ئوخشاشلا تەڭرى زىكرى قىلغان ساداقەتمەن مۇخلىسلاردىن تۇرۇپ، ئۇ جاھان كەزگۈچى يىگىتلەرنىڭ سانى قانچە ئىكەنلىكىنى بىزمۇ ئېنىق بىلمەيمىز، دېگەن.

شۇ سەۋەبتىن، ھەزرىتى ئەلى ئەلمۇرتەزى كەرەمۇللانىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئەسھابۇلكەھف يەتتە كىشى بولۇپ، سەككىزىنچىسى ئىت. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى: يەملەيخا، مەكسەلمىنا، مەسلەينا دېگەن بۇ ئۈچى پادىشاھنىڭ سول قول ۋەزىرلىرى، يەتتىنچىسى چوپان (قويچى) بولۇپ، ئۇنىڭ ئىتى مەرتومۇس (بەزىلەر ئۇنىڭ ئىتىنى كەستىيونەس ئىدى، دەيدۇ). ئىتنىڭ ئىسمى بولسا قەتمىر، شەھىرىنىڭ ئېتى ئەفسۇس ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا بەزى رىۋايەتلەردە،

ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزگىچە قىلىپ پۈتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن توغرا پۈتۈلگىنى «تەپسىر ھۈسىنى» دا يېزىلغانلىرىدىن ئىبارەت.

ئەھلى ئالىملار ئارىسىدا ئەسھابۇلكەھفنى توغرىلىق تالاش - تارتىشلارمۇ خېلىلا كۆپ. ئۇلاردىن بەزىلىرى: ئەسھابۇلكەھف گەرچە مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ زېمىن يۈزىدە يەتتە ئىقلىم[23]دىكى يەتتە ئورۇندا بولۇپ، ئالەم ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى بىلەن بىنا بولۇپ، كەھف ئۇلارنىڭ خالى - خىلۋەتخانىسى ھەمدە تائەت - ئىبادەتخانىسىدىن ئىبارەت، ئىتتى ناھايىتى چىرايلىق بىر ھايۋان، دەيدۇ. يەنە بەزىلىرىنىڭ نەزىرىدە بولسا بۇ ئەسھابۇلكەھف بىر سىرلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ قەدىمە ئەقىل، ئەسەر خەفى ۋە ۋەخپى قاتارلىق ئۈچ چىرايلىق تائىپىدىن ئىبارەت روھتۇر. دەقيانۇس بولسا زورلىغۇچىدۇر.

نەقىلدە: بولدى قىل، ئەي مۇھەممەد، تالاشمىغىن. بۇ جاھان كەزگۈچى يىگىتلەر توغرىلىق ئەگەر تەرسالار بىلەن جوھۇتلار ئۆز ئارا تالىشىپ قالسا ئۇ ھالدا ئۇلار توغرىلىق قۇرئاندا مەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن، سەنمۇ ئويلىنىپ تۇرمايلا تالاشقىن. ھەتتا ئۇلارغا ئۇلار (ئەسھابۇلكەھف) توغرىلىق سۆزلەپ بەرگىن. ئۇلارنىڭ ھاماقەتلىكىنى ۋە نادانلىقىنى دورىما. ئۇلارنى سۆزىگە كىرگۈزىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپمۇ يۈرمە. يەنى بۇ توغرىلىق ئۇلاردىن سورىما. چۈنكى ئۇ تەرسالار ۋە جوھۇتلارنىڭ ھېچقايسىسى بىر نەرسىنى بىلىدىغان كىشىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ نادانلىقىنى ئىزھار قىلىمەن ۋە بىلدۈرىمەن دەپ ئۇنى - بۇنى سوراپ رىيازەت چېكىپمۇ كەتمە. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سوئاللار ھىممەتلىك ئۇلۇغ كىشىنىڭ كۆركەم خۇلقىغا ۋە خۇشخۇيلۇقىغا زىتتۇر، دېيىلىدۇ. يەنە نەقىلدە: ئەي مۇھەممەد، ھەرگىز ھېچكىمگە ھېچنەرسىنى ئۇقتۇرىمەن دېمىگىن. ئەگەر تەڭرى خالىسا مەن ئۇنى ئورۇنلىغۇچى بولىمەن، دېگىن. چۈنكى مەن ئۇنى ئاشكارا قىلىمەن، دېيىلىدۇ.

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى شۇكى، يەھۇدىلاردىن قۇرەيشلەر سوراپتۇ: بىزنىڭ قەبىلىمىزدىن مەھمۇد ئىسىملىك بىر كىشى مەن ئاخىر زامان پەيغەمبەرىمەن دەيدۇ. بىز ئۇنىڭ پەيغەمبەر ياكى پەيغەمبەر ئەمەسلىكىنى بىلمەيمىز. سىزلەردە تەڭرىنىڭ كىتابى بار، ئۇ كىتابتا ئاخىر زامان پەيغەمبەرىدىن بېشارەت بەرگەندۇ. ئۇ كىشىنىڭ پەيغەمبەرلىكى راستمۇ ياكى راست ئەمەسمۇ؟ ئۇلارغا جوھۇتلار: ئۇنىڭدىن روھنىڭ ھەقىقىتى قەيەردە؟ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن قانداق ئۆتكەن كىشى؟ ئەسھابۇلكەھف قانداق كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ سانى قانچە؟ دېگەنلەرنى سوراڭلار، دەيدۇ. قۇرەيشلەر بۇ ئۈچ سوئالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپتۇ. پەيغەمبىرىمىز: ئەتە كەلسەڭلار شۇ چاغدا جاۋاب بېرەي دەپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ. ئىنشائاللا (تەڭرى ئاسان قىلغۇچىدۇر). ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىن مەقسىتى — ئەتىسىگىچە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كەلسە، ئۇنىڭدىن سوراپ ئاندىن جاۋاب بېرىش ئىدى. ۋەھى نەچچە كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن كەلدى. بۇ ھەقتە بەزىلەر ئون بەش كۈن ئۆتتى دېسە، بەزىلەر ئون يەتتە كۈن ئۆتتى دەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر توپتوغرا قىرىق كۈن، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياكى كەم ۋاقىت ئۆتمىدى، دەيدۇ.

بۇ جەرياندا قۇرەيشلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كۆپ تاپا - تەنىلەر قىلدى، ھەر كۈنى كېلىپ پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلدى ۋە يالغانچىغا چىقاردى. بەزىلەر ئۇنى مۇتلەق پەيغەمبەر ئەمەس، بەلكى ئەكسىچە يالغانچى - كاززاپ ئىكەن دېدى؛ يەنە بەزىلەر بولسا ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكى راست، تەڭرى ئۇنىڭغا يۈكسەك مەنسەپ -

مەرتىۋە ئاتا قىلدى، پەيغەمبەرلىكنى ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كۆرۈپ مەنسۇپ قىلدى، دېدى.

ئانەزرەت سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بەكمۇ خىجالەتچىلىكتە قالدى. ئۇ خىجىل بولغىنىدىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي يۈردى، تۆۋە - ئىستىغپار ئوقۇپ دائىم مۇناجاتتا بولدى، نېمە سەۋەنلىك سادىر قىلغانلىقىنى بىلەلمىدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بىر ئايەت نازىل بولۇپ ئاشكارا بولدى. ۋەللاھۇ ئەئلەم (تەگرى ھەممىنى بىلگۈچىدۇر).

III بۇ باپتا ئەسھابۇلكەھف توغرىلىق سۆزلىنىدۇ[24]

بۇ سائادەتلىك مۇقەددەس كىشىلەرنىڭ ياتقان ئورنى كەھف تۇرپان غارى دەپ ئاتالغان ۋىلايەتنىڭ كونا تۇرپان ئىسمى بىلەن مەشھۇر شەھىرىنىڭ شەرقى جەنۇب تەرىپىدە. تەخمىنەن تۆت تاش يىراقلىقتا ئاستانە قەلئەسى بار بولۇپ، ئاستانىدىن ئىككى تاش — ئوتتۇز يول كېلىدىغان يەردە تۇيۇق دېگەن بىر يۇرت بار. ئەۋلىيالارنىڭ ياتقان غارى ئەنە شۇ يەردە.

«غار»، «كەھف» دېگەن بۇ ئىككى سۆز بىر مەنىدە بولۇپ، «تاغ كامىرى» دېگەن سۆز. ئۆڭكۈر زور بولسا كەھف، كىچىكرەك بولسا غار دېيىلىدۇ. «رەھۇلبايان»دا: كەھف دېگەن غارلاردىكى كەڭ غار، ئەگەر كىچىكرەك بولمىسا غار دېيىلمەيدۇ، دېيىلگەن.

بۇ غارنىڭ ئەڭ دەسلەپ مەلۇم بولۇشى جاھىلىيەت زامانىسىدا بولۇپ، شۇ دەۋر كىشىلىرى ئۆز ئادەتلىرى بويىچە ھۆرمەتلەپ تاۋاپ ئىبادەت قىلىپ كەلگەن ئىكەن. سۇلتان سىدىق بۇغراخان [25] دەۋرىدە ئىسلام دىنىغا كىرگەن زامانلاردا، ئىسلام ئەسكەرلىرى غارنىڭ تارىخىدىن ياكى يېڭى ئىمارەت ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىز بولغانلىقتىن بۇددالار بۇتخانىسى دەپ قاراپ يېنىدىكى ئۆي - ئىمارەتلىرى بىلەن بىرگە بۇزۇپ تاشلىغان ئىكەن. شۇ چاغدا غارنىڭ ئىچىگە كىرگەن كىشىلەرگە بەزى ئاجايىپ ئىشلار كۆرۈنگەنمىش.

بۇ سۆزلەر خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ سورۇن - يىغىلىشلاردا سۆزلىنە - سۆزلىنە يۇقىرى تەبىقىدىكى باشلىقلارنىڭ قۇلاقلىرىغا يېتىپتۇ. ئۇلار بۇ غارنىڭ نېمە سەۋەبتىن زىيارەت - تاۋاپ ئورنى بولۇپ قالغانلىقىنى بۇرۇنقى ئىشلاردىن خەۋىرى بار كىشىلەردىن ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ سوراپتۇ.

ئۇلارنىڭ سوئالىغا يەرلىك كىشىلەر: بىز شەيخلەردىن سورىساق، ئۇلار: «ئاڭلىشىمىزچە، بۇرۇنقى زاماندا بۇ يۇرتتىكى كىشىلەر تاغلارنى ئويۇپ ئۆي ياساپ، تاغلىرىنى شەھەر، سەھرالىرىنى باغ قىلىپ ياشاپ كەلگەن. بىر قانچە دەۋرلەر ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارغا يېقىن ئەتراپقا بەدىۋى - كۆچمەن خەلقلەر كېلىپ، ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى يايلاق، قىشلاق قىلىشىپ ۋە بۇلاپ-تالاپ خاتىرجەملىكنى يوقاتقان. ئاخىرى بۇ بەدىۋىلەرنىڭ زۇلمىغا چىداشقا ھالى قالماي، مىڭ يىلدىن ئارتۇق ياشىغان يۇرتىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

ئۇزاق ئۆتمەي، كۆچمەنلەر مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن بۇ يەردىن ۋاز كەچكەن، كۆچمەنلەر كېتىپ يەرلەر بوش قالغانلىقتىن، يەرلىك خەلق يەنە قايتىپ كېلىپ ئورۇنلاشقان، يەرلىك خەلق قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنە ئاۋالقىدەك تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە ياشىغان.

كېيىنچە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن دورغۇن ئىسىملىك بىر دانىشمەن، ئەقىللىق كىشى چىقىپ كۆپچىلىككە قاراپ: بىز بۇنداق ئۆيلىرىمىز تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە، تېرىلغۇ ۋە باغلىرىمىز پەستىكى سەھرالاردا بولۇپ

ياشاۋرىشىمىز توغرا ئەمەس. ئەگەر يەنە دۈشمەن كېلىپ باغ ۋە يەرلىرىمىزنىڭ يولىنى توسۇپ، ئۆيلىرىمىز بىلەن ئىككى ئوتتۇرىغا كىرىۋالسا، ئۇ چاغدا ئەھۋالىمىز يەنە ئاۋالقىدەك مۈشكۈللۈكتە قالىدۇ - دە، يەنە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز باغ ۋە تېرىلغۇ قىلغان يەرلىرىمىزگە كۆچۈپ بېرىپ، ئۆيلىرىمىزنىڭ ئەتراپىنى سېپىل بىلەن قورشاپ ئۆزىمىزنى قوغداشنى بىلسەك، دۈشمەن بىزنى يېڭەلمەيدۇ، دەپ مەسلىھەت كۆرسىتىپتۇ.

ئۇنىڭ پىكرىنى ھەممەيلەن ماقۇل كۆرۈپتۇ ۋە ئالدى بىلەن ئاستانا شەھىرىنى قۇرۇپتۇ. شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ سوقما - سېپىللارنى سوقۇپتۇ، تاغ ئۆڭكۈرلىرىدىكى ئۆيلىرىدىن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كۆچۈپ كېلىپ جەمئىيەت بولۇپتۇ ۋە بىر ياخشى شەھەر بىنا بولۇپتۇ. ئاندىن مەزكۇر دورغۇن ئۇلارغا خان ئورنىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىپتۇ. ئۇنىڭ باللىرىمۇ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا خان بولۇپتۇ. ئېقىن سۇلىرى يېتىشمىگەنلىكتىن، كارىز قېزىشنى ئادەت قىلىپ تۇرمۇشنى ياخشىلاپتۇ.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئۆزلىرىنىڭ تىنچ - خاتىرجەملىكىنى ساقلاپ تۇرغاندا، ھىندىستان ياكى ئەجەم [26] پادىشاھلىرىدىن بىرسى ئەسكەر ئەۋەتىپ قورشىۋالغانلىقى توغرىلىق ئۆكۈزخانغا خەۋەر يېتىپتۇ. ئۆكۈزخان [27] ئۆزىمۇ ياكى ئوغلىمۇ ئەيتاۋۇر دورغىننىڭ قىزىنى ئالغان كۈيئوغۇل ئىكەن. ئۇ (ئۆكۈزخان) ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتكەنلىكتىن، دۈشمەننى يېڭىپ كۆپ ئولجىلارنى ئېلىپ غەلىبە قىلىپتۇ.

شۇ بويىچە ئۇلارنىڭ قورقۇنچاقلىقى باتۇرلۇققا ئايلىنىپتۇ. قەدىمى يەتكەن يەردىكى مەيلى كۆچمەن، مەيلى شەھەرلىك بولسۇن ماللىرىنى بۇلاپ - تالاپتۇ، ئادەملىرىنى ئەسىر ئېلىپ، چېتىپ ھەيدەپ قول قىلىپتۇ ۋە بۇ ئىشتىن كۆپ پايدا تېپىپتۇ. ئۇلار ئاۋالقى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ھۈنەرلىرىنى تاشلاپ، سوقۇش قىلىش يولىغا كىرىشىپتۇ. ئاز ۋاقىت ئىچىدە خەلقى كۆپىيىپ دۆلىتى تەرەققىي تېپىپتۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرپان شەھىرىنى قۇرۇپتۇ. ئۇنى پايتەخت قىلىپ كۆپ زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن، سىرتتىن بىر زالىم پادىشاھ ئۇلارنى باشقۇرۇپ تەختكە چىقىپتۇ - دە، دۆلىتىدىن مەغرۇرلىنىپ خۇدالىق دەۋاسى قىلىپتۇ، كىشىلەرنى ئۆزىگە چوقۇنۇشقا مەجبۇرلاپتۇ. ئەمرىگە بويسۇنمىغانلارنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈپتۇ. جەبرى - زۇلۇم ئارقىلىق خەلقنى ئۆزىگە كۆندۈرۈپتۇ. بەزىلەر بويسۇنۇپتۇ، يەنە بەزىلەر شۈبھە - گۇمان بىلەن نائىلاج ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ ئۇنىڭغا خۇدا دەپ سەجدە قىلىپتۇ.

بۇ ئارىلىقتا، شۇ شەھەرنىڭ ئابرويلۇق ئادەملىرىدىن ياكى پادىشاھنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن ئالتە يىگىت ئۇنىڭغا بويسۇنماي تاغقا چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇلارغا يولدا بىر قويچى ئىتى بىلەن قوشۇلۇپتۇ ۋە بىللە ئاشۇ غارغا كىرىپ كېتىپتۇ، غاردا ئۈچ يۈز يىل ئۇخلاپ ئاندىن ئويغىنىپتۇ. ئۇلار كىشىلەرگە تۇيۇلۇپ قالغانلىقتىن كېيىن، يەنە ئاشۇ غاردا ئۇخلاپ قېلىپتۇ.

ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللىرى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ھۆرمەتكە ۋە ئىززەتكە لايىق كۆرۈپ، غارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بىنالارنى ياسىغان، بارا - بارا تاۋاپ قىلىشىپ ئىبادەتخانىغا ئايلاندۇرغان. بۇ غارنىڭ ئۆتمۈشى ئاشۇنداق، دەپ سۆزنى تۈگەتكەن.

بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئەجەپلىنىپ تۈرلۈك پىكىرلەرنى ئويلاپ، بەلكى قۇرئاندا ئېيتىلغان ئەسھابۇلكەھفنىڭ غارى شۇ بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ھېكايىنىڭ مەزمۇنى پۈتۈنلەي شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. تەگرىگە

ئىشەنگەن كىشى دىنسىز بۇتپەرەس، قولىدا بولىسمۇ خورلۇقتا، پەسىلىكتە بولمايدۇ، بارلىق كىشىلەر ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولارمىش دېيىشىسمۇ، لېكىن ئېنىق شۇنداق دەپ قارار قىلىنمىغان. خان، ۋەزىرلەر بۇنىڭغا ئىشەنمەي ۋە ئۇنى بىلىشكە شەيخلەرنى قويماي كەلسىمۇ، ئۇزلىرىنى نادانلىق تارىخىدا ئىشەنگەن مانى دىنى [28]دا بولغانلىرىدىن كۆرە يەتتە ئەۋلىيانىڭ قويچى ئەۋلادى ياكى يەملەيخانىڭ ئۇرۇغ تارمىقىدىن دەپ تالىشىدۇ.

ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، غارغا ھەيران بولۇپ شەيخ دەرىجىسىدە ھۆرمەتلەنگەن بىرسى ئاشۇ قىتمىرگە يوپۇق ياپقان؛ ئۆتكەن - كەچكەن يولۇچى ۋە زىيارەت قىلغۇچىلارغا ئاتتىن چۈشۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن شەرتلىك ئورۇن بەلگىلىگەن.

بەزى كىشىلەر غارغا كۆگۈل بۆلمەي ۋە شەيخنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىماي ئاتتىن چۈشمەي ئەدەبسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، بىر قانچىسى ئۆز جېنىدىن ئايرىلغان، بىر قانچىلىرى ئۆلمىگەن بولسىمۇ ئۆلگىدەك بالا - قازاغا يولۇققانلىق كارامەتلىرىنى كۆرگەنلىكىنى سۆزلىشىدۇ. بۇنى ئاڭلىغانلار توپ - توپ بولۇپ كېلىپ - كېتىپ تۇرغان ۋە تۈركۈم - تۈركۈملەپ كېلىپ ساياھەت قىلغان. شۇڭا ئەسھابۇلكەھفنى نەچچە يۈز يىلدىن بېرى مۇشۇ ئادەت بويىچە زىيارەت ئورنى بولۇپ قالغان.

شۇ زامانلاردا غارغا خىزمەت قىلىپ ئۆتكەنلەرنىڭ قالدۇق ئىزلىرى تۈرلۈك سوقۇش - جاڭجاللار سەۋەبىدىن يوقىلىپ تۈگىگەن. ئاخىرقى چاغلاردىكى خانلاردىن سۇلتان باباخان غازى [29] بىر بۇيرۇق يېزىپ دەسلەپكى ئىسلام دەۋرىدە غارغا مەسئۇل بولغان ئاۋۋالقى شەيخنىڭ نەسلىدىن بولغان موللا قومۇش ئوغلى خوجا ئەييۇپ دېگەن كىشىنىڭ قولىغا بەرگەن، ئەييۇپ مۆتىۋەللى بولغاندىن كېيىن غارنىڭ ئىشكى ئالدىغا بىر ئۆي سېلىپ ياخشى قارىغان. ئۇنىڭ قولىدىكى ئىسپات بۇيرۇق تۆۋەندە كۆرسىتىلىدۇ. مەن ئۇنى ئۆز پېتى ئارتۇق - كەم قىلىپ قويماي كۆچۈرۈپ ئالدىم.

ئىسپات تۆۋەندىكىچە:

«ھەممىنى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

مەن ئەبۇلفەتىخ سۇلتان سەئىد باباخان باھادىر غازى سۆزۈم تۆۋەندىكىچە:

سەلتەنەتىمىز ئادىللىقتىن ئاداشمىغان مۇبارەك كۈنلەردە ئالىي دەرىجىلىك ساھىپقىران، ئەرەب - ئەجەم سۇلتانلىرىنىڭ كۈچلىكى، مۇسۇلمان قەبىلىلىرى دۇنياسىنىڭ كۆز نۇرى، ئەلنىڭ ئەمىنلىككە ئىبادەت قىلىشىغا نېسىپ قىلغۇچى، جەمشىد[30]، فەرىدۇن[31]لارنىڭ نۇرلۇق، خۇسراۋا[32]، ئىسكەندەر، سۇلايمانلاردەك ئاق قوللۇق، باتۇر شۇئارلىق، كىشىلەرگە بەخت بەرگۈچى مۇبارەك، سەلتەنەتىمىزدە قېرىنداشلارنىڭ شانلىق يىغىلىشىدا ئۇلۇغ قۇدرەتلىك، كۆن نۇرىدەك ئادىللىقىمىز بىلەن پەرزەنتلىرىمىزگە، پادىشاھلىقىمىزدىكى شانلىق ئەمەلدارلارلىرىمىزغا، ياخشى پىكىرلىك ۋەزىرلىرىمىزگە، يۇقىرى دەرىجىلىك غۇلاملىرىمىزغا، ھۆرمەتكە لايىق قازى، ئىمام، شەرىئەتنى تۇتقۇچىلارغا ھەم بارلىق شەيخ ھەم ئاۋاملارغا مەلۇم بولسۇن! خوجا ئەييۇپ، موللا قومۇش سەبەب ئوغلى كۈچىك ۋە موللا مۆلۈكتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ئائىلە كىشىسىنى ھەزرەت سۇلتان مۇقەددەس ئەسھابۇلكەھفنىڭ خىزمەتلىرىدە بولۇشىغا خۇسراۋدەك، ئىلتىپات كۆرسەتتۇق. بىرسىنى چىراغچى، بىرسىنى تازىلىققا قارىغۇچى، يەنە بىرسىنى كۆزەتچىلىككە بەلگىلەپ تارخان[9] قىلدۇق. بۇ ئوغۇللىرىدىن - ئوغۇللىرىغا قەدەر ۋە قىزلىرىدىن - قىزلىرىغا قەدەر تارخان دەپ تونۇلسۇن. تاھارەتلىك ئىچقىن

سۇلىرىنى ھەم قىسمىسۇن، تىنىچ كۆڭۈللىرى بىلەن خاتىرجەم دۇئادا بولسۇن دەپ تارخان قىلدۇق. بۇ ئالىي بۇيرۇقىمىزنى كۆرگەندىن كېيىن، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ھاكىم-دورغىلىرى تەيىنلەنگەن ياڭخى (يانقىر)، تۈيۇقلارنىڭ ساھىب تەكبىر قازىلىرىغا بارغان-كەلگەن، ئىشچى-كۆشچى، سۇچى، تۈگىچى ھەم بارلىق ئەمەلدارلار بۇ بەلگىلەنگەنلەرگە ھېچكىممۇ دەۋا قىلغۇچى، زورلۇق قىلغۇچى بولمىسۇن. ئالۋاڭ-ياساق، ئۆي-قونالغۇ، ھاشار-مەدىكار، ئۇۋ قۇشى، ئىشلىتىشكە ئات-ئۇلاغ، سويىدىغانغا مال سورالمىسۇن، سېلىنمىسۇن، ئالمىسۇن. كىمدە-كىم بۇ بەلگىلىمىدىكىدىن باشقىچە قىلسا، ھەق سۇبھانە ۋەتەئالانىڭ رەھمىتى، مۇھەممەت رەسۇلىللانىڭ شاپائىتى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ مەغپىرىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، ھەزرەت سۇلتان ئەسھاب تەقسىرلىرىگە تۆۋەنچىلىك قىلمىغان بولۇپ، ئادەملەر ۋە جىنلارنىڭ لەنىتىگە يولۇققۇسى. قىيامەتتە زالىملار قاتارىدا مەشھۇر بولۇپ سانىلىپ، ئازابقا ئەبەدى گىرىپتار بولغۇسى، دەپ سەلتەنەت قۇرۇلغان تۇرپان ۋىلايىتىدە ھوشۇر ئايىنىڭ چارشەنبە كۈنى تارىخ مىڭ يەتمىش سەككىزى[10]دە، چاشقان يىلى (1668) ئالىي شان نىشان يېزىلدى».

ئاخىرىدىكى «قال» سۆزىنىڭ ئاخىرىدا بىر ياكى ئىككى سۆز ئۆچۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن يېزىش مۇمكىن بولمىدى. ئالاقە ئورنىدا ئىككى چوڭ مۆھۈر-تامغا بېسىلغان بولۇپ، ھەرپلىرى، سىزىقلىرى ئۆچۈپ كەتكەچكە ئوقۇشقا مۇمكىن بولمىدى.

بۇ تەۋسىيەنامە ئەۋلاتقا يەنى قومۇش شەيخ ئوغلى موللا ئايۇپقا، ئۇنىڭ ئوغلى بوسۇغا شەيخكە، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇراخمان شەيخكە، ئۇنىڭ ئوغلى خەمىد شەيخكە، ئۇنىڭ ئوغلى نەزەر شەيخكە، ئۇنىڭ ئوغلى مىرزا شەيخكە، ئۇنىڭ ئوغلى خەلىم شەيخكە، ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد شەيخكە، ئۇنىڭ ئوغلى پولات شەيخكە قالغان. ھازىر ئاشۇ پولات شەيخنىڭ قولىدىدۇر.

بۇ پولات شەيخ ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى تەرسالىق بىلەن تەۋسىيەنامىدا يېزىلغان ئۈچ ۋەزىپىنى ئۆز ئالدىغا تارتىپ ئالغانلىقتىن، بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئۈچىنچى يىلى[11] كۆچىك موللا ۋە موللا مۆلۈكنىڭ ئەۋلادلىرى شەيخلىك تالىشىپ ئۆز ئارا جاڭجاڭلىشىپ، ئازارلىشىپ، شۇ پولات شەيخكە شېرىك بولغان. نەزىر-سەدىقە ۋە ۋەخپىلەردىن كەلگەن كىرىمنى ھازىرمۇ ئون يەتتە شەيخ ئۆز ئارا بۆلۈشىدىكەن. لېكىن پولات شەيخ ھەممىدە رەئىسلىك ئورنىدىن پايدىلىنىپ، كىرىمنىڭ يېرىمىنى ئۆزى ئېلىۋالىدىكەن، قالغان يېرىمى باشقىلىرىغا بۆلۈنىدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ دەۋالىرى شۇ كەمگە قەدەر تۈگىمەپتۇ. ھۆكۈم پولات شەيخنىڭ پايدىسىغا بولارمىش دېگەن سۆزلەر تارقىلىپ يۈرىدۇ.

## IV ئەسھابۇلكەھفنى ھەققىدىكى قارشى پىكىرلەر

يۇقىرىدا ئېيتىلغان سۇلتان باباخان زامانىسىدا ئىلى دىيارىدىكى زور بىر قوۋم بولغان قالماقلار تەڭرى تاغلىرىدا ياشاپ ۋە تۇرپان، ئاقسۇ، قارا شەھەر رايونلىرىنى پاراكەندە قىلىپ كەلگەنلىكتىن، ھەزرەتلىرى (ئاپپاق خوجا) بولسا كېرەك، نەچچە قېتىم قارشى چىقىپ ئۇلار بىلەن سوقۇشۇپ مەملىكىتىنى ساقلىغان بولسىمۇ، بىر مىڭ سەكسەنىنچى يىلىدىكى [12] غازاتتا خان مەرھۇم شېھىت بولدى ۋە قالماقلار قەشقەر شەھىرىگە قەدەر باردى. ئاپپاق خوجا [34] قالماقلار بىلەن بېتىم تۈزۈپ كېلىشتى.

بۇ چاغدا قالماق خانى ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قونتاجى [34] تەختىگە چىقتى. ئاپپاق خوجىنىڭ مۇردلىرىدىن مەشھۇر دىۋانە

مەشرەپ[35] قونتاجىنىڭ تۆگە باققۇچىسى بولغان ئىكەن. قالماق خانى مەشرەپنىڭ نەچچە تۈرلۈك كارامەتلىرىنى كۆرۈپ: «بۇ سەۋىيىگە قانداق يەتتىڭ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ «ھەزرەتى ئاپپاق خوجامغا خىزمەت قىلىپ يەتتىم» دەپ جاۋاب بەرگەن. قونتاجى ئىمان ئېيتىپ مەشرەپكە قىزىنى بەرگەنمىش.

شۇ چاغدا مەشرەپ ئۇنىڭغا: «ئىسلام دىنىغا كىرگىنىڭ كۇپايە. قىزىڭنىڭ كېرىكى يوق. بىر نەچچە يىل خىزمىتىڭدە بولدۇم. سەن دىنغا كىردىڭ. مەن مۇرادىمغا يەتتىم» دەپ غايىب بولغانمىش. شۇنىڭ بىلەن قونتاجى غوجامغا ئىخلاسمەن مۇرت بولغان ئىكەن.

ئاپپاق خوجا قونتاجىنىڭ ياردىمى بىلەن خوتەن شەھىرىنى ئېلىپ، پۈتۈن ئالتە شەھەر[36]گە ئىگە بولماقچى بولغان. دېمەك، ئاپپاق خوجا ھۆكۈمىتى پۈتۈنلەي مۇستەقىل ئەمەس، بەلكى قالماقلارغا بېقىندا بولغان.

قونتاجى ئۆز خەلقىدىن ئېھتىيات قىلىپ ئىمانىنى يوشۇرۇپ يۈرگەن. ئەمما ئۇنىڭ قالماقلارنى پەيدىن - پەي ئىسلامغا كىرگۈزۈش نىيىتى بارئىمىش. تەگرى ئۇلارغا جەننەتنى لايىق كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن، قونتاجىنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئۇنىڭ خەلقىمۇ دىنى ئىسلامسىز ھالىتىدە قېلىۋەرگەنمىش.

ھەزرەتى ئاپپاق يۇرت كۆرۈپ ساياھەت قىلىپ يۈرۈپ تۇرمان شەھىرىگە كەلدى. ئۇ: كىشىلەرنىڭ ئەسھابۇلكەھىف مۇشۇ يەردە دەيدىغان سۆزى بار. كۆرۈپ باقاي، دەپ غارغا قارايدىغان شەيخنىڭ چەكلىگەن يېرىدە توختىماستىن، ئېتىدىن چۈشمەي ئۆتتى. بۇنى كۆرگەن شەيخ: «توختاڭ! بىھۆرمەتلىك قىلسىڭىز ھالاك بولىسىز» دېدى. ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن، غارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئاتتىن چۈشتى. بۇنى كۆرگەن شەيخ غوجامنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ: «سىز بۇلاردىنمۇ ئۇلۇغ كىشى ئىكەنسىز، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئەۋلىيالارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغاندا بالاغا يولۇققان ئىدى» دېدى.

شۇنداق قىلىپ ئاپپاق غوجام غارنىڭ غەرب تەرىپىگە (ھازىرمۇ ھەزرىتى ئاپپاقنىڭ قەدەم جايى دېيىلىدىغان يەر بار) ئورۇن ھازىرلاپ قىرىق كۈن ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىپ، ئەسھابۇلكەھفنىڭ مۇشۇ غار ئىكەنلىكىنى كەشىپ قىلدى. ئاندىن ئۇ شەيخنى چاقىرىپ: «بۇ غارغا ياخشى قاراڭ، زىيارەت قىلغۇچىلارنى ھۆرمەتلەپ قارشى ئېلىڭ. چۈنكى ئۇلار ئەۋلىيالارنىڭ يىراق - يېقىندىن كەلگەن مېھمانلىرى، كەلگۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاغرىق كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئاتتىن چۈشىدىغان جايى يېقىنراق بولسۇن › › دەپ تاپىلىغان. شۇڭا ھازىرمۇ يۈز قەدەم قالغاندا ئۇلاغدىن چۈشىدۇ .

ئاندىن كېيىن، ئاپپاق غوجا تۇرپانغا كېلىپ ،شەھەر ھاكىمغا غارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا گۈمبەزلىك مەسچىت سېلىشنى تاپشۇرغان. تۇرپان ھاكىمى بۇيرۇقنى ئورۇنلىغان. ھازىرقى گۈمبەز شۇ تاپشۇرۇق بويىچە ھىجرىيىنىڭ بىر مىڭ بىر يۈز بىرىنچى يىلى[13] ياسىلىپ پۈتكەن ۋە موللا قۇمۇشنىڭ ئەۋلادلىرىنى بالىدىن بالىغا شەيخ بولىدۇ، ،دەپ بېكىتكەن .ئۇنىڭ تارىخى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇلدى .

غارنىڭ ئىچكىرىسىگە قىتمىردىن ئېشىپ پولات شەيختىن باشقا ھېچكىم كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ .چۈنكى غاردا بىر تۈرلۈك سۇر بولۇپ ،كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ سالىدۇ .نېملا بولمىسۇن غارنىڭ ئىچىگە كىرىمەن دەپ بارغان كىشىمۇ يۈرەكسىزلىك قىلىدۇ. غارغا كىرىپ ئەسھابۇلكەھفنىڭ قېشىدا ئۆلسەم بەخت دەپ بارغان كىشىمۇ، نە ئۆلۈشكە، نە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايمىش .

تەگرى تائالا بۇ غارغا شۇنداق ھەيۋەت بەرگەن. نەقىلدە؛ ئەگەر ئۇلارنى

(ئەسھابۇلكەھفنى) كۆرۈدىغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۇلاردىن قاتتىق قورقۇپ يۈز ئۆرۈپ، چوقۇم قاچقان بولار ئىدىڭ، دېيىلىدۇ. مۇشۇ نەقىلنىڭ دالالىتى بىلەن تەگرى ئۇلارنى كىشىگە كۆرۈنمەس ۋە مەخپىي قىلغاندۇر.

بۇ غارنىڭ شۇنداق سىرلىق بولۇشىدا ئىككى تۈرلۈك ھېكمەت بارمىش: بىرىنچىسى، قايسى ئەسىردە ۋە قاچان بولغانلىقى نامەلۇم بىر سىر. ئەگەر بىر مىللەتكە خاس دەپ قارالسا شۇ مىللەتلا ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ، باشقىلار ئېتىبارسىز قارىغان بولار ئىدى. تارىخىي ۋاقتى نامەلەم بولغانلىقى ئۈچۈن، يەھۇدى، خىرىستىيان ھەتتا ئاتەشپەرەسلەرمۇ ئۇلارنى ئۆز كىشىلىرىمىز دەپ ئىشىنىدۇ ۋە ھۆرمەت قىلىدۇ. تەگرى ئۆز ھېكمىتى بىلەن ئۇنى مۇسۇلمان ۋە غەيرى دىنىدىكىلەر ئۈچۈن سىرلىق نەرسە قىلىپ قالدۇرغانلىقى سەۋەبلىك ،خاسىيەتلىك ئورۇن ھېسابلانغان.

ئىككىنچى ھېكمىتى، ئەسھابۇلكەھفنىڭ نەق ماكانى-يەنى قەيەردە ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەر قايسى خەلقلەر ھەر قايسى جايلاردا مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان غارنى كۆرسە، ئەسھابۇلكەھف دەپ بېكىتىپ ۋە ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىپ، ئۇنى تەگرى تائالا بىلەن بەندە ئارىسىدىكى ۋاستىچى دەپ تونۇپ، دۇئالار ئوقۇپ تىلەك قىلىشىدۇ.

ئەۋلىيالار ۋە ھۆرمەتلىك كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى قايسى يەردە، قايسى ئورۇندا ئىكەنلىكى سۆزلەنسە ،ئۇلارنىڭ ئەرۋاھلىرى شۇ يەردە ھازىر بولۇپ، ئۇلارغا مەدەت ،ياردەم بېرىشكە رۇخسەت قىلىنغان ئىكەن.

تەگرى تائالا ھەر قاچان ياردەم بېرىدۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن، كىشىلەر نەچچە كۈنلۈك يىراق يەرلەردىن زىيارەت قىلىش ئۈچۈن شۇ مازارلارغا بېرىپ، شۇ يەرلەردىكى پېقىر-مىسكىنلەرگە ئۆز ھالىغا قاراپ ئازدۇر-كۆپتۇر سەدىقە بېرىشتەك ياخشى ئىش قىلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. چۈنكى تەگرى تائالا بۇ ئالەمنى سەۋەپ ئالىمى قىلىپ ياراتقان. سەۋەپلەرنىمۇ بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ۋە باغلىنىشلىق قىلغان. مەسىلەن، يولۇچى بىلەن تۇرغۇن باغلىنىشلىق. باي بىلەن نامرات باغلىنىشلىق بولغان. پۈتۈن ئالەمدىكى بارلىق نەرسىلەر ئاشۇنداق بىر قانۇنىيەت بويىچە بولۇپ كەلگەن، بۇنداق سىرلارنىڭ ھېكمىتىنى تەگرى ئۆزى بىلگۈچىدۇر. تەگرى تائالا ئايەت كەرىمەدە: بىز ھەر قانداق شەيئىنى سەۋەپ بىلەن ياراتتۇق، سەنمۇ سەۋەپ بىلەن ئىش قىل، دېگەن ئىدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ،ئەسھابۇلكەھف غارى يەتتە ئورۇندا بولۇپ، يەتتىسىلا زىيارەت قىلىنىدىكەن.

بىرىنچىسى، رۇمدا-مەرغەش ۋىلايىتىنىڭ تەرسۇس [37] شەھىرىگە يېقىن جاينىڭ ئاق دېڭىز (ئوتتۇرا دېڭىز) تۇمشۇقىدىكى لۇبنان تېغىدا يەنى پەلەستىندە، تارىخ ۋە خاتىرىلەردە يېزىلغان ئەڭ مەشھۇرى مۇشۇ شۇ.

ئىككىنچىسى، ھەدەن[38]دە دېيىلىدۇ.

ئۈچىنچىسى، غەرب تاغلىرىدىكى بىر تاغدا يەنى ماراكەشتە دېيىلىدۇ.

تۆتىنچىسى، ئەرمەنىيىدە.

بەشىنچىسى، ھىندىستان تاغلىرىنىڭ بىرىسىدە.

ئالتىنچىسى، ئىسفەھان[39]دا.

يەتتىنچىسى، چىن (جۇڭگو) مەملىكىتىدە. يەنى بىز ئېيتىپ يۈرگەن ئاشۇ غار بولۇپ يۇقىرىقى ئەڭ مەشھۇر دېگەن غاردىن قالسا، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان يەتتە ئورۇننىڭ ھەر بىرىدە ئەسھابۇلكەھف غارى دېيىلگەن غار بار بولۇپ، ھەممىسى زىيارەت قىلىپ ئەسكە ئېلىنىدۇ.

«ئەسھابۇلكەھف» دېگەن ئاتالغۇنىڭ لۇغەت مەنىسى «غار ئىگىسى» (غاردىكى

كىشىلەر) دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ مەنىدىن قارىغاندا، ھەر بىر غاردا بىرەر ئەزىز ئىبادەت قىلغان بولسا، شۇ كىشىنى غارغا قوشۇپ «ئەسھابۇلكەھىف» يەنى بۇ غاردا ئەۋلىيالار تۇرۇپ تەگرىگە ئىبادەت قىلغان ئورۇن دېگەنلا مەنا چىقىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئەسھابۇلكەھىف غارىنىڭ بىر نەچچە يەردە بولۇشىمۇ ئەجەپ ئەمەس.

ئەسھابۇلكەھفتىن باشقا غارلارنىمۇ ئىبادەت قىلغان ئەۋلىيالار كۆپ. بىز يازغان يەتتە غارنىڭ بىرسى قۇرئاندا ئېيتىلغان ئەسھابۇلكەھفنىڭ غارى بولۇپ، قالغانلىرى بىرەر ئەۋلىيانىڭ ياتقان ئورنى ياكى قەبرىسى. بۇنداق ئورۇن ياكى قەبرە بارا - بارا زىيارەت ئورنى بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن دېسەك، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن سۆزلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئوڭايراق بولىدۇ.

لېكىن سۆز بېشىدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان تۇرپاندىكى غارنىڭ قۇرئاندا ئېيتىلغان ئەسھابۇلكەھف ئىكەنلىكىنى بىر نەچچە تەرەپتىن قارىغاندا مۇۋاپىقراق كېلىدۇ. چۈنكى ئالدى بىلەن غارنىڭ ئىشىكى شەرقى - جەنۇپ تەرەپكە بۇرۇلۇشى، ئىككىنچىدىن قۇياش چىققاندا ۋە پاتقاندا شولىنىڭ غارنىڭ ئاغزىغا چۈشۈشى، ئەگەر ئالدىدىكى بىنا بولمىغاندا قۇياش ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن غەرب تەرەپتىن شولا غارغا كىرىپ، پاتقان چاغدا شىمال يەنى شەرق تەرەپتىن چىقىپ يوقىلۇر ئىدى. ئالدىغا سېلىنغان بىنا قۇياش نۇرىنى توسۇۋالغانلىقى ئۈچۈن قۇرئاندا ئېيتىلغىنىغا قارشى ئەمەس. گۇمبەزنىڭ ئىشىكى غارنىڭ ئاغزىغا ئۇدۇل بولغانلىقتىن، گۇمبەز ئىشىكىگە چۈشكەن شولا قانداقلا بولمىسۇن غارنىڭ ئىچىگە چۈشەتتى، دەپ ئويلاشقا بولىدۇ.

«روخۇلبايان» دا ئېلىنغان بىر نەقىلدە؛ كۈن چىققان چاغدا ۋە پاتقان چاغدا دەقيانۇس بېكىتىپ قويغان غارنىڭ ئىچىگە كۈن شولىسى چۈشمەيدۇ. شولا كۈن چىققاندا ئوڭغا، كۈن پاتقاندا سولغا چۈشىدۇ. بۇ غار قىبلە ئېتىۋارى بىلەن قارىغاندا غەربكە يۆلەنمەي، بەلكى شەرقى شىمالغا يۆلىنىدۇ. چۈنكى ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ قىبلىسى ئوڭدا بولسا سولغا قاراپ، قىبلىسى سولدا بولسا ئوڭغا قاراپ ناماز ئوقۇلىدۇ، دېيىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، غارغا قىبلە ئېتىۋارى بىلەن قارىغاندا، غەربىي ۋە شىمالىي تەرىپى غارنىڭ ئۆز ئېتىۋارى بىلەن قارىغاندا شەرقىي تەرىپىدۇر. چۈنكى نەقىلدە: قىبلە ئوڭدا بولسا سولدىن ئوڭغا قاراپ، ئەگەر قىبلە سولدا بولسا ئوڭغا قاراپ ناماز ئوقۇلىدۇ، دېيىلىدۇ .

ئۇلۇغلار ئايەت كەرىمىدە تۇلۇق ۋە غۇرۇپ (كۈننىڭ چىقىشى ،پېتىشى )،قەبلەز ۋە ۋال، بەئەدەززەۋال مەفھۇمىندە (كۈن ئولتۇرۇشتىن ئاۋال ۋە ئولتۇرغاندىن كېيىن ) دەيدۇ. بەزىلىرى؛ كۈن چىققان ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ غارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن؛ كۈن ئولتۇرغان ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ غارنىڭ شىمال تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن (يەنى غار)نىڭ ئىشىكى شىمال تەرەپتە بولغانلىقتىن كۈننىڭ نۇرى غارنىڭ ئىككى تەرىپىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ. تەڭرى تائالا ئۇلارنى ھۆرمەتلىگەنلىكتىن، كۈن چىققان چاغدىمۇ، كۈن ئولتۇرغاندىمۇ، ئۇنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشمەيدۇ) دېگەن مۇشۇ ئايەتنىڭ يەشمىسىنى تولۇقلاپ مىسال كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن، بىر سېرىكول ئىسترېلكىسىنى ئېچىپ تۇتقۇچىنى غارنىڭ جەنۇبىغا، يۆلىنىشىنى (ئۇچىنى) غارنىڭ ئىچكىرىسىگە قويسىڭىز، قۇياش ئۆرلىگەندە تۇتقۇچىنىڭ شەرق تەرىپىدىن چۈشكەن شولا سېرىكولنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئۇچىدىن غارغا كىرىپ، كۈن ئولتۇرغاندا سېرىكولنىڭ غەرب تەرىپىدىكى تۇتقۇچىدىن شەرق تەرىپىدىكى ئۇچىغا چۈشۈپ، ئاندىن چىقىپ ئولتۇرىدۇ.

تەڭرى تائاللانىڭ ئايەت كەرىمدە «تەقرەز ھۇم» دەپ ئېيتقان سۆزى مۇشۇ مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دېيىلىدۇ. ئەقىل - ئىدرەك كىشىلەردىن تاشقىرى بىر مەنىدە دەيدىكەن.

ئۈچىنچى، ئۆتمۈشتىكى ھېكايىلارنى نادانلىق دەۋرىدىن مۇشۇ كۈنگە قەدەر ئادەملەرنىڭ ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ سۆزلەپ كېلىشلىرى ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئاز - تولا بولسىمۇ بىلگەنلىكىگە ياكى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋاللارنى كۆرگەنلىكىگە دەلىل بولالايدۇ. ئۇنداق بولمىسا تاغلاردا شۇنچىۋالا زور غارلار، كامىر ئۆڭكۈرلەر بار تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن شۇلارنى زىيارەت ئورنى قىلمايدۇ؟ كىشىلەر قىزىقمىغان بولسا بىكاردىن - بىكار پايدىسىز غارلارغا ئىشەنمىگەن بولاتتى. «ئۇممەتىڭلار بار چاغدا قاراڭغۇلۇقتا بولماڭلار» دېگەن سۆز بار.

تۆتىنچى، ئاپپاق خوجىغا ئوخشاش پاك ئىنسان ئۇلارنىڭ غارى ئىكەنلىكىنى تەستىقلىغان.

بەشىنچى، ئۇلارنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ تىلىگەن تىلەكلەر تەڭرى تائالا تەرىپىدىن قوبۇل كۆرۈلۈشكە توغرا كەلگەن.

ئالتىنچى، ئىخلاس بىلەن قىلغان دۇئا ۋە مۇناجاتلىرى قوبۇل كۆرۈلگەن.

يەتتىنچى، ئۇلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان كىشىلەر بىر پالاكەتكە دۇچار بولغان ياكى بىر بالا - قازاغا يولۇققاندەك ئىشلارمۇ كۆرۈلگەن.

مۇشۇنداق مەساللارغا قارىغاندا مۇنازىرىنى قويۇپ، مەقسەتتە تۇرۇش ياخشىراق. چۈنكى ئايەت كەرىمدىمۇ: ئىلىم تەڭرى تائالادا، ئۇنىڭ سىرىنى بىلىدىغان سەۋىيە يوق، دېيىلىدۇ.

«مىراتۇلكا ئىنات» دېگەن كىتابتا ئىمام قەففالدىن نەقىل كەلتۈرۈپ يېزىلغان رىۋايەتتىمۇ غارنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىگە قارشى پىكىر يوق. بەلكى ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا [40] تەستىقلىغان ھېكايىدىمۇ غارنىڭ مۇشۇ يۇرتتا ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ.

مىرئاتنىڭ سۆزىدە باشتا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، ئەسھابۇلكەھفنىڭ زامانى، ماكانى ۋە بۇ توغرىلىق ھەر خىل پىكىرلەر بولغان. بەزىلەر: بۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالام[41]دىن بۇرۇن بولغانلىقتىن، مۇسا پەيغەمبەر تەۋراتتا ئېيتقان. شۇ سەۋەبتىن يەھۇدىلار مەدىنىدە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا بۇ ھەقتە سوئال قويغان دېسە، يەنە بەزىلەر: بۇ ئەۋلىيالار غارغا ھەزرىتى ئەيسا زامانىسىدىن بۇ ھەقتە سوئال قويغان دېسە، يەنە بەزىلەر: بۇ ئەۋلىيالار غارغا ھەزرىتى ئەيسا زامانىسىدىن ئاۋال كىرگەن، ئەيسامۇ ئۇلارنىڭ ئەھۋالى توغرىلىق سۆزلىگەن. ئەيسا كۆككە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلار ئويقۇدىن ئويغاندى، دەيدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر: ئۇلارنىڭ غارغا كىرىشى ئەيسا كۆككە كۆتۈرۈلۈشتىن كېيىن ئىدى دەپ تالاشسا، باشقا يەنە بىر توپ كىشىلەر: ئۇلار ئۆلمىدى، قىيامەتكە قەدەر ئۆلمەيدۇ، دەپ ئېيتىدۇ.

ئاتاغلىق ئۆلىما قەففال: «بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئۇلارنىڭ ئورنى مەلۇم بولمىسىمۇ ياتقان يەرلىرى مەلۇم دېگەن رۇملۇقلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىشكە بولمايدۇ» دەيدۇ.

ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا: پەيلاسوپ ئارىستوتېل[42] مەتالەھىن دېگەن بىر خەلق بولغان ئىدى، ئۇلاردىمۇ مۇشۇ ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدىغان بىر ۋەقە بولغان، لېكىن ئۇلار ئەسھابۇلكەھفتىن بۇرۇن بولغان، دەپ تارىختىن خەۋەر بېرىدۇ.

ئەگەر ھېكايىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئارىستوتېلنىڭ سۆزى بولسا، ئەسھابۇلكەھفتىن بۇرۇنمۇ شۇنداق بىر ئەل بولغان بولىدۇ. قۇرئاندا ئېيتىلغان

ئەسهابۇلكەھفنى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ھېكايىدىن باشقا يەنە ئاخىرقى ئەسهابۇلكەھفنى بولىدۇ. ئەگەر ھېكايىنىڭ يېرىمى ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ سۆزى بولسا، بۇنىڭ ۋاقتى نامەلۇم بولغانلىقتىن، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا بۇ تارىخنىڭ باش - ئاخىرىنى قانداق بىلگەن، دەپ ئويلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئارىستوتېلنىڭ «مەتالەھىن خەلقى» دېگەن سۆزنىڭ ئىككى تۈرلۈك مەنىسى بار: ھەمزە بىلەن بولسا مەتالەھىن - مەتافائىلۇن ۋەزنىدە ئىلەئىتخاز (ئاللاھنى تۇتقۇچىلار) بولىدۇ؛ ھەمزىسىز بولسا مەتالەھىن - مەفائۇلۇن ۋەزنىدە ئەسلى ئىككى سۆزدىن ياسالغان سۆز بولۇپ، «مەتە» بىلەن «لەھىن» دېگەن سۆزنى قوشۇپ ياسالغان سۆز بولىدۇ. «مەن»نىڭ مەنىسى تۆۋەندىن سۇ چىقىرىش بولۇپ، «لەھىن» دېگەن سۆزدىن يولۇچىلار كەلگەندە ئېلىپ كېلىنگەن سوغا - تارتۇق دېگەن مەنا چىقىدۇ. بۇنداق بولغاندا تۇرپان ۋىلايىتىگە باشقا يەرلەردىن كەلگۈچىلەر ۋىلايەتتىن قايتىشىدا سوغا - سالام ئۈچۈن ئۈزۈم، ئالما، ئانار، چىلان قاتارلىق يېمىشلەرنى ئالغاچ كېتىدىغان بولغانلىقى سەۋەبىدىن، «مەتەلەھىن» سۆزلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق يېمىشلەر قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىپ يېتىشتۈرۈلگەن دېمەكچى بولۇشى مۇمكىن دەپمۇ ئويلاشقا بولىدۇ.

چۈنكى بۇ ئەتراپنىڭ ئېقىن سۈيى يوق. كۆپچىلىكى كارىز قېزىپ سۇ چىقىرىپ تېرىلغۇ ئاچىدۇ، باغ كۆكەرتىدۇ. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر يۇقىرىقىدەك سۆز - ئىبارىلەر بىلەن سۆزلىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى خىل مەنىنىڭ قايسى بىرى بولمىسۇن يەتتە ئەۋلىيانىڭ مۇشۇ ئەلدە ئىكەنلىكىگە دەلىل - ئىسپات بولالايدۇ.

بۇ ئۆلكىنىڭ خەلقى ئىسلامغا كىرىشتىن بۇرۇن ئاتەشپەرەس ئىدى. شۇنداق ئىكەن «مەتەلەھىن» بولۇشىدا گۇمان يوق. ئىككىنچى مەسىلىگە كەلسەك، كارىز قېزىپ سۇ چىقىرىش ھەرىكەتلىرى ئىسپات بولىدۇ.

مەرھۇم پەيلاسوپ ئارىستوتېلنىڭ ئەسهابۇلكەھفنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش دېگىنىدە، ئۇلارنىڭ مۇشۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىدىندۇر.

بەلقىس ھېكايىسىدىمۇ شۇ خىلدىكى سۆزلەر بار.

بۇ تارىختىكى بىر - بىرىگە قارشى سۆزلەرگە قارىغاندا، ئەسهابۇلكەھفنى ئەيسا ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن بولغان دېگەن سۆزنى قۇۋۋەتلەيمەن. بۇنىڭغا دەلىل شۇكى، پەيلاسوپ (ئارىستوتېلنى دېمەكچى) ھەزرەت ئەيسادىن بۇرۇنقى كىشى بولۇپ، ئەسهابۇلكەھفنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدىغان بىر ئەھۋالنى سۆزلىگەن دېگەن رىۋايەت بار.

يەنە ئاۋالقى سۆزىمىزگە قايتتۇق. ئەمدىكى سۆزىمىز ئەسهابۇلكەھفنىڭ ماكانى يەنە ياتقان ئورنى. ئايەت، ھەدىسلەر بىلەن ئىسپاتلانمىغان ھەم بۇ توغرىلىق تالاش - تارتىشلاردىنمۇ قۇتۇلالمىغان ئەھۋالدا، ھەقىقەت بولسىمۇ بىر ئورۇنغا، بىر يەرگە خاس دەپ ھۆكۈم قىلساقمۇ ئېتىقادقا زىت كەلمەيدۇ.

چۈنكى، ھەربىر كىشى خىلمۇ خىل پاكىتلارغا قاراپ ئەمەلىي خۇلاسىلاش ئارقىلىق، ئۆزى كۆرگەن يەرلەرگە قاراش ئىشىنىش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئارقىسىدا توغرىلىقىغا يېقىنلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدىغان ھادىسىلەرنى، شۇنىڭغا ئوخشايدىغان غارلارنى «ئۇمۇ ئەمەس، بۇمۇ ئەمەس» دەپ ھەممىنى يالغانغا چىقىرىپ كىشىلەرنىڭ ئەقىل - پىكىرلىرىنى گۇمان قوزغاشقا سېلىشنىڭ ئۆزى - قايتا - قايتا ئىسپاتلانغان ئەسهابۇلكەھفنىڭ بارلىقىنى تامامەن يوققا چىقارغانلىق بولىدۇ. ئاۋام

خەلقىنىڭ ئىشەنچىسىنى ساقلاش ئۈچۈن، كىشىلەر قايسى يەردە بولسۇن ئەسھابۇلكەھفنىڭ غارى بار دەپ ھۆرمەتلەنسە، ئۇنى توغرا دەپ بىلىپ ۋە ماقۇل كۆرۈپ، كىشىلەرنى زىيارەت قىلىشقا قىزىقتۇرغاندا پايدا بارلىقى ھېچكىمگە يوشۇرۇن ئەمەس. خۇسۇسەن ھېكايىمىزدىكى غار بەش - ئون يىلدىن بېرى ئەمەس، بەلكى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى زىيارەت ئورنى بولۇپ كەلگەنلىكى يۇقىرىدا ئېيتىلدى.

تۇرپان دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ۋىلايەتتىكى بارلىق مۇسۇلمانلار قانچە دەۋر ۋە قانچە يۈز يىللاردىن بېرى ئۇنى ھۆرمەتلەپ ساقلاپ كەلگەن. ھەزرەتى ئاپپاق خوجىغا ئوخشاش ئاتاغلىق كىشىلەرمۇ ئۇ يەرنى زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت بەرگەن. بىر قانچە ئىسلام پادىشاھلىرى ئۇ يەرلەرنى ياساپ - تۈزەپ خىزمەت كۆرسەتكەن. شۇ چاغلاردا ئۆلىمالار ئەگەر شەرىئەتكە قارشى ئىش بولغان بولسا، خانلارنى بۇ ئىشتىن توسۇۋالمىغان بولسىمۇ، ئاۋام پۇقرانى چەكلىگەن - توسىغان بولاتتى. دېمەك، ئۇلار بۇ غارنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى بىلگەن، شۇڭا زىيارەت ئورنى قىلىشقان. شۇنداق دېسەك شەرھى ۋە تارىخلارغا مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن.

بۇرۇنقى كىتابلاردا ئەسھابۇلكەھىف رۇمدا ئۆتكەن دېگەن سۆزنى مۇشۇ رۇمچە (ئۇرۇمچى) دەپ چۈشەنگۈچىلەرمۇ ئۇزۇندىن بېرى رۇمچە شەھىرى مەركەز بولۇپ كەلگەن، بۇ يۇرتنىڭ ھاكىملىرى مۇشۇ رۇمچىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنىڭغا قاراپ بۇ ۋىلايەتنى رۇمچە ۋىلايىتى دېگەن. بۇ ئىسىم كۆپ ۋاقىت قوللىنىپ كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن، كىتاب يازغۇچىلار «چە» قوشۇمچىسىنى «چى» گە ئۆزگەرتىۋالغان دەپ بارلىق ئالتە شەھەرلىكلەر، بولۇپمۇ تۇرپانلىقلار بۇ سۆز ھەققىدىكى تالاش - تارتىشتا بەك قاتتىق دەۋالىشىدۇ. بۇ ھەقتە يۇقىرىقى «رۇمچە» دېگەن ماۋزۇدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئىدى.

مەن بۇ سۆز توغرىلىق بىر موللا بىلەن ئۇزاق سۆھبەتلەشتىم. تۇرپاندا ئەمەس باشقا ئورۇندا دېيىلگەندىكى رۇمنى رۇمچىگە سۆرەپ كېلىپ يېقىنلاشتۇرۇش توغرا ئەمەس. رۇمدىكى غارغا ھەزرەتى مۇئاۋىيە بارماقچى بولغاندا ھەزرەتى ئاببا‌س توسقان، يەنى قارشى چىققان ئىكەن. باشقا كىشىلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلار غارغا كىرمەكچى بولغاندا «بۇرۇلۇپ قاچسەن، كىرىشكە پېتىنالمايسەن» دېگەن ھېكايىلار شەرھى ۋە تارىخلاردا كۆپ ئېيتىلغان سۆزلەر. يەنە ھەزرەت مۇئاۋىيە بۇ ياققا كەلگەنمۇ - كەلمىگەنمۇ دېگەندە، مۇجىپ ئاخۇن تىزلىنىپ تۇرۇپ بەك تۆۋەن ئاۋاز بىلەن ئاستاغىنە مۇنداق جاۋاب بەردى: «مەن ئالدى بىلەن بۇ پىكىرگە قوشۇلمايمەن. چۈنكى ھېكايىلاردا بىر كىشىنىڭ سۆزى ئىسپات بولالمايدۇ. بۇنداق خەۋەرلەرنى يازغۇچىلار بىرسىدىن بىرسى پايدىلىنىپ، كۆپ كىشى ئىسپاتلىسا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن قوشۇلماقچى بولغان بولسامۇ، ھەزرەتى مۇئاۋىيە، ھەزرىتى ئاببا‌س دېيىش بىلەنلا ساھابە ئاببا‌س ياكى مۇئاۋىيە بولۇشى شەرت ئەمەس، بۇ تەرەپلەردىن سوقۇش قىلغان باشقىمۇ ئاببا‌س ياكى مۇئاۋىيە ئىسىملىك كىشىلەر بولغان بولۇشى مۇمكىن. ھەزرەت دېگەن سۆزنى قوشۇپ ساھابە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا بولمايدۇ. بۇنداق ئىسىملىك كىشىلەر ھەر بىر ئەسىردە، ھەتتا ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ كۆپ تۇرمامدۇ؟» دەپ دەلىل كۆرسەتتى.

ئىككىنچى مەسىلە: ئەسھابۇلكەھفنىڭ شەھىرى ئەفسۇس بولۇپ، بارا - بارا تارسوسقا ئۆزگەرگەن، دېگەن سۆزلەر بار. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاتالغۇلاردا ئۆزگىرىش بولۇشى بار ئىش. شۇنداق بولغاندا تارسوستىن تۇرمانغا، ئاندىن تۇرپانغا

ئۆزگەرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. تىلغا ئوڭاي بولۇشى ئۈچۈن ئۆزگەرتىلىپ كېتىدۇ. تۈرپۈنلىقلارنىڭ تىلى تۈركىي تىللارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، باشقا تۈركىي تىللارغا قارىغاندا تولۇق ئېيتماسلىق، قىسقارتىپ سۆزلەش ۋە ئۆزگەرتىپ ئىپادىلەش ئەھۋاللىرى كۆپ كۆرۈلىدۇ. ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ تۇرپان دېگەن سۆزدىكى «ر» تاۋۇشىنى تاشلاپ قويۇپ «تۇپان» دەيدۇ. شۇنداق بولغاندا، ئۇ قىياس بىلەن تارسۇس، تۇرپان دېگەن سۆزلەر ئەگەر «ف» («فا») بىلەن «س» («سىن») دەپ ئويلىغاندا، ھەرپلىرى مەخرەجدە يېقىن بولمىسىمۇ، ئىشلىتىشتە تاۋۇشداشلىق يېقىنلىقى بارلىقىنى ئويلىغاندا، تارسوس دېگەن سۆزنىڭ «س» ھەرپى «ف» ھەرپىگە ئۆزگىرىپ تارپۇس، خۇددى شۇنىڭدەك «س» ھەرپى بىلەن «ن» ھەرپىنىڭ يېقىنلىشىشىدىن تۇرپۇن بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق يوللار بىلەن تۇرپۇندىن تۇرپان بولدى دەپ پەرەز قىلىنىشاق، يەنە ئارتۇقچە دەلىل ۋە قىياسلار كېرەك بولمايدۇ.

سۆزلىگەندە تاۋۇشلار ئۆزگىرىدىغان ۋە ئالمىشىدىغان مىساللار كۆپ. مەسىلەن، ئالىپ ـ كېلىپ دېگەننى ئېپ ـ كەپ دەپمۇ ئېيتىمىز. يەنە بىر مىسال، ئەزەر بەيجاننىڭ ئىسمى ئىلگىرى ئازار بايكان دېگەن سۆز ئىكەن، بۇ سۆز ئەزەربەيجان بولۇپ ئۆزگەرگەن. بۇنىڭغا دەلىل كەلتۈرۈپ تۆۋەندىكى ھېكايە سۆزلىنىدۇ.

شەھەر قۇرۇلۇشىدا، شۇ زاماندىكى پادىشاھتىن تارتىپ ھەربىر كىشى بىر ئېتەك توپا كۆتۈرۈپ دۆۋىلىگەن. تۆكۈلگەن توپىدىن ئېگىز دۆڭ ياسالغان. شۇ دۆڭنى ئازار بايكان دەپ ئاتىغان، تۈركىي لۇغىتىدە «ئازار» ئېگىز دېگەنلىك بولىدۇ، بايكان — ئەزىم، ئۇلۇغ دېگەنلىك بولۇپ، يەنى ئۇلۇغلار، كاتتىلار مەرتىۋىسى دېگەن سۆز بولىدۇ. ئىستانبۇل شەھىرىنىڭ ئىسمىمۇ ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن كۆپ قېتىم ئۆزگەرگەن. مەسىلەن، كونستانتىنوپۇل، ئىستانبۇل، ئىسلامبۇل بولۇپمۇ ئاتالغان. ئىستانبۇلنىڭ ئورنىدا دەسلەپتە لىگوس دېگەن كىچىككىنە بىر جاي بولۇپ، كېيىن يۇنانلىقلار كېلىپ ئورۇنلاشقان بۇ جاينىڭ ئىسمى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىرانسقا ئۆزگەرگەن. كېيىن شەھەر كېڭىيىپ، مەشھۇر رۇم دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان چاغدا ئىمپېراتور كونستانتىننىڭ ئىسمىدا كونستانتىنوپول بولغان. يۇنان تىلىدا «پول» شەھەر دېگەنلىك بولىدۇ. بۇمۇ بارا ـ بارا ئىستانبۇل دەپ ئاتىلىپ كەتكەن. جۇغراپىيەلەردە يەنە تىسارگىراد، مىكلانپارد دەپمۇ ئۆزگەرتىلگەن دېگەن سۆز بار. ئىسلامغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئەرەبچە «ئىسلام» ۋە يۇنانچە «پول» دېگەن ئىككى سۆزنى قوشۇپ ئىسلامبۇل، يەنى ئىسلام شەھىرى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولغان. شۇنىڭغا ئوخشاش ماقالىمىزدىكى تورسوس تۇرپۇنغا، ئاندىن تۇرپانغا ئۆزگەرتىمگەن دېگىلىمۇ بولمايدۇ، بۇ ئىككىلا شەھەر ئەمەس، يۈزلەپ، مىڭلاپ ئۆزگەرتىلگەن يەرلەر بار ئەمەسمۇ.

بىر ئىشەنچلىك كىشىمۇ: تۇرپان شەھىرى قايسى دەۋردە قۇرۇلغان دەپ سورىغىنىمدا: «ھەقىقىتىنى ئاللاھ بىلىدۇ، لېكىن ئىككى مىڭ يىلدىن ئاشقاندۇر دەپ خۇلاسىلاشقا بولىدۇ، كونا تۇرپان دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئىسلامغا كىرگىنىگە مىڭ يىلغا يېقىن بولدى» دېدى. ئاستانە شەھىرىنىڭ تۇرپاندىنمۇ بۇرۇن ئىكەنلىكى ئېنىق، لېكىن قانچىلىك بۇرۇن ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. بۇ ۋىلايەتنىڭ ئىسلامغا كىرىشى سۇلتان بۇغراخان زامانىدا بولغان دېگۈچىلەرمۇ بار.

بۇغراخان سامانىيە سۇلالىسىنىڭ ئەمىرى نوھ بىننى مەنسۇر بىلەن دەۋرداش. ھىجرىيەنىڭ ئۈچ يۈز سەكسەنىنچى يىللىرى[10]

ئاردا سوقۇش بولۇپ ئەمىر نوھ يېڭىلىپ قاچقان. بۇغراخان تۈركلەر ئېلىگە ئاتاغلىق خان بولغان. بۇ ئەھۋاللارنى ئىككىنچى كىتابتا يازىمەن.

«ھەياتۇلھايۋان»دا، تورسوس شەھىرى ئالبىستان شەھىرىگە يېقىن خاراب بولغان بىر شەھەر. ئەسھابۇلكەھفنى غارى شۇ يەردە، دېيىلگەن. ئالبىستاندىكى «ئا» بىلەن «ل» ھەرپلىرىنى تاشلىۋەتسەك «بىستان» بولىدۇ. خاراب شەھەر دېگىنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ خارابە بولۇپ، دەقيانۇستىن قالغان قورغان دېيىلىدۇ. ئاستانە شەھىرىمۇ ئاشۇ قورغاندىن ئانچە يىراق ئەمەس. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئاستانە دېگەن ئىسىم ياكى ئالبىستان ئۆزگىرىپ ستان بولغان ياكى ھەزرىتى ئالىپ - ئاتانىڭ[43] جەسىدى شۇ يەرگە قويۇلغانلىقتىن ئاستانە دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن....

ئەسھابۇلكەھفنىڭ ۋاقتى ۋە ئورنى ھەققىدە بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان پىكىرلەر بولغىنىغا ئوخشاش، ئەھلى كىتاب سۆزلىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ سانىنىڭ نەچچە كىشى ئىكەنلىكى توغرىلىق تالاش - تارتىشلار بار.

يەھۇدىلار: ئۇلار ئۈچ كىشى ئىدى، تۆتىنچىسى ئىت دېسە، خرىستىئانلار بەش كىشى بولۇپ، ئىتى بىلەن ئالتە دېيىشىدۇ.

ئۇلارنىڭ سۆزلىرىمۇ ھەقىقىي ئەمەس بولۇپ، خىيالىي ئېيتىلغان سۆزلەر. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەرىمىزدىن، جەبرائىل ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ئاساسقا ئاساسلانغاندا، يەتتە كىشى، سەككىزىنچىسى ئىت دېيىلىدۇ.

تەڭرى قۇرئاندا دەسلەپكى ئىككى دىندىكىلەرنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ: «سەبەتە ۋە سامىنۇھۇم كەلبۇھۇم» (يەنى: يەتتە، ئىت بىلەن سەككىز ئىدى) دەيدۇ. ئەرەب گراماتىكىسىدا «ۋە» سۆزى «بىلەن» دېگەن مەنىدە، «ھۇم» سۆزى «ئۇلار» دېگەن مەنىدە. شۇنداق بولغاندا «يەتتە»، ئۇلار ئىتى بىلەن سەككىز دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ سۆزگە بارلىق شەرھىيچىلەر قوشۇلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى توغرىلىقمۇ پىكىرلەر ئاز ئەمەس. ھەزرەتى ئەلىنىڭ ئېيتىشىچە: يەملەيخا، مەكشەلىنا، مەسلىنا دېگەن بۇ ئۈچى دەقيانۇسنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرلىرى، مەرنۇش، دەربەرنۇش، شازنۇشلار سول قول ۋەزىرلىرى، چوپاننىڭ ئىسمى كىشتتۇش، ئىتنىڭ ئىسمى رىيان ئىكەن. ھەزرەتى ئىبنى ئابباسنىڭ ئېيتىشىچە: مەكسالمىنا، يەملەيخا، مارتونس، نىنوس، سارىنوس، دەۋەنىۋاس، كىشتىتونس، ئىتنىڭ ئىسمى قىتمىر ئىدى، دېيىلىدۇ.

«ئەرايىش سەئەلەبە» دە ھەزرەتى ئەلىنىڭ ئېيتىشىچە: يەملەيخا، مەكسەلمىنا، ماشخىمىنا دەقيانۇسنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرلىرى، مەترۇش، كەشتۇنش، شادنوشلار سول قول ۋەزىرلىرى ئىدى. «قامۇس» تا مەكسەلمىنا، يەملەيخا، مارتوش، بەۋالىسىن، سانىيوس، ماتنيوس، كەپەشتۇتىن دېيىلىدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ سۆزلىرىدە، مەلىخا، مەكسىنا، مارتوس، نەۋاس، ئارىتانوس، ئاۋنوس، كەندى سەلەتتيوس دېيىلسە؛ يەنە بەزىلەر: مەكسەلمىنا، يەملەيخا، مارتونس، سارىيونس، تىبونس، كەپەشتاتوش، دونەۋاس دەيدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا، مەكسالمىنا، يەملەيخا، مارتونس، يونس، سارىنوس، باتىنوس، كەشپۇتات دېيىشىدۇ.

ئىتنىڭ ئىسمى توغرىلىق يۇقىرىدا ئېيتىلغان رىيان، قىتمىر دېگەن ئىككى ئىسىمدىن باشقىمۇ ئىسىملارنى ئېيتىدىغانلار بار. ئىمام ئەۋزاھى ئىتنىڭ ئېتى سەيەر دېسە، شايبۇلئەمالى يۇمران دەيدۇ، ۋاھاپ ھەزرەتلىرى نەقىيا دەيدۇ. ئىبنى جەرىرنىڭ ئېيتىشىچە، ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئىتنىڭ ئېتى ئارسلان ئىدى. ئارسلاننى ئەرەبچىدە «كەلىب» دېمۇ ئاتايدۇ دەيدۇ. ئىتنىڭ

تۇرى، رەڭگى توغرىلىقمۇ ھەرخىل ئېيتىلىدۇ. ھەزرەتى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ تائالا سۇر ئىت دېسە، يەنە بىر رىۋايەتتە قىزغۇچ ئىت دېيىلگەن. مەقاتىل ھەزرەتلىرى سېرىق ئىت دېسە، ئىمام قۇرتابا قىزىلغا مايىل سېرىق ئىت دەيدۇ. كەلەبى رەھمەتۇللاھى تائالا ئالا رەڭلىك دېسە، يەنە بەزىلەر كۆك ئىت دەيدۇ. قارا، ئاق، قىزغۇچ، ئالا دەپ تالاشقۇچىلارمۇ ئاز ئەمەس. راستىنى تەڭرى بىلگۈچىدۇر.

غارنىڭ ئورنى يەتتە دېگەن بىلەن بەشىسىنىڭ ئىسمى بار جىسمى يوق. ھېچكىم بېرىپ زىيارەت قىلمايدۇ، شۇنداق بولسىمۇ يىراقتىن بىرەر تاغنى كۆرسە نۇرغۇن كىشىلەر بىلمەي شۇ تاغنى ياخشى يەردە ئىكەن دەپ يۈرگۈچىلەرمۇ بار. لېكىن ئېنىقى ئىككى، بىرسى رۇم ۋىلايىتىدە، ئۇ يەردىكىسى غار توغرىسىدىكى كىتابلارغا يېزىلغان بولۇپ كىشىلەرگە مەشھۇر. تۇرپاندىكىسى تىللاردا ئېيتىلىپ يۈرىدۇ، كۆڭۈلدە شۇ دەپ ئىسپاتلىنىدۇ. بۇ ئىككىلا غارنى كۆرگەن ساياھەتچىلەر غار ئەتراپىدىكى خارابىلەرنى كۆرۈپ بىر -بىرىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان يەرلىرىنى خىياللىرىدا مۆلچەرلەپ، ئەسھابۇلكەھفنىڭ ھېكايىلىرىگە مۇۋاپىق شەھەر، پادىشاھ سارىيى، پايتەخت بولغانلىقىنى، غەيرى دىنكى پادىشاھ خەلقىنى ئازابلىغانلىقىنى ۋەھاكازالارنى غارغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، ئەلۋەتتە ئېنىقى مۇشۇ دەپ ئىشىنىدۇ. ھەقىقىتىنى تەڭرى بىلگۈچىدۇر.

قايسى ئەلدە، قەيەردە بولمىسۇن ئەسھابۇلكەھف ئەلەيھى رەھىملەر، قەدىرلىك، ئۇلۇغ كىشىلەر ئىكەنلىكى ئېنىق. تەڭرى ئۇلار توغرىلىق قۇرئاندا ئېيتقان. يىلىغا ئىككى قېتىم پەرىشتىلەر ئۇلارنى ئوڭدىن سولغا، سولدىن ئوڭغا ئۆرۈپ ياتقۇزىدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭمۇ كۆرگىسى كەلگەنلىكى ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ئىشارەتتۇر.

ئىمام سەئەلەبىنىڭ ئېيتىشىچە، پەيغەمبىرىمىز ئەسھابۇلكەھفنى كۆرۈشنى تىلىگەندە، ھەق تائالا «ئەي مۇھەممەد، سەن ئۇلارنى كۆرەلمەيسەن. ساھابىلىرىڭدىن تۆت كىشىنى ئۇلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەت، سالامىڭنى يەتكۈزسۇن »دەپ خەۋەر بەرگەندە، پەيغەمبىرىمىز: «ئەي ئاللا ، مەن ئۇلارنى قانداق ئەۋەتەرمەن »دېگەن. شۇ چاغدا جەبرائىل پەرىشتە كېلىپ: «ئەي مۇھەممەد، پەشمىتىڭنى سېلىپ تۆت بۇرجىكىگە ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلىلەرنى ئولتۇرغۇز ، ھەق تائالا سۇلايماننىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلىغان يەلگە سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلاشقا قوشۇلدى »دەپ خەۋەر بېرىپتۇ .

رەسۇلۇللاھىمىزمۇ ئىشنى شۇ تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. يەلمۇ ئەمىر بويىچە ساھابەلەرنى غارغا كەلتۈرۈپتۇ. ساھابەلەر غار ئاغزىدىكى تاشنى ئېلىپ ئىچىگە كىرمەكچى بولغاندا ، ئىت ئويغىنىپ ئۇلارنى توسماقچى بولۇپتۇ، بىر ئازدىن كېيىن چاھار يارلار ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئەركىلەپ قارشى ئېلىپتۇ، ئاندىن تۆتىسى غارغا كىرىپ سالام بېرىپتۇ. ئەسھابۇلكەھف كىشىلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قارشى ئېلىپتۇ. چاھار يارلار: «ئەي يىگىتلەر ، سىزلەرگە ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرىمىز سالام ئېيتتى »دەپتۇ. يىگىتلەر سالامنى ئېلىك ئېلىپ رەسۇلۇللاھىمىزنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپتۇ. ئاندىن «رەسۇلۇللاھىمىزغا بىزنىڭدىن سالام ئېيتىڭلار »دەپ ئورۇنلىرىدا يېتىۋېلىشقا ھازىرلىنىپتۇ. ئاخىر زاماندا مەھدى چىققاندا، ئۇمۇ ئەسھابۇلكەھفكە سالام بېرىپتۇ. مەھدىنىڭ سالىمىنى ئالغانلىقتىن يەنە ئۇخلاپ قىيامەت بولغاندىلا ئورنىدىن تۇرالىغۇدەك ئىمىش .

بۇ كۆرۈشۈشتىن كېيىن، شامال چاھاريارلارنى ئارقىغا قايتۇرۇپ كېلىپتۇ، پەيغەمبىرىمىز كۆرگەنلىرىنى سورىغاندا، ئۇلار تەپسىلىي جاۋاپ بېرىپتۇ .

رەسۇلۇللاھىمىز «ئەي تەگرى، بىزنىڭ ئارىمىزنى يىراقلاشتۇرما، ساھابەلەرنى، ئەنسارلارنى ۋە ئائىلىلەرنى سۆيگەنلەرنى ئۇلارنىڭ خاسىيتى ئۈچۈن كەچۈر» دەپ دۇئا قىلدى.

تىرىكتەك ئۇخلاپ يېتىش ئەسھابۇلكەھفنىڭ خاسىيەتلىرىدىن بىرى.

بىر كىشى ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى تىلغا ئېلىپ، بىرەر ھاجەتلىرىنى تىلىسە تىلىكى قوبۇل بولىدۇ، بىر نەرسىدىن خەۋپلەنسە قۇتۇلىدۇ.

ئوت كەتكەندە بىرەر نەرسىگە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىپ ئوتقا تاشلىسا ئوت ئۆچەرمىش؛ قەغەزگە يېزىپ بۆشۈكتىكى يىغلاڭغۇ بالىنىڭ ياستۇقى ئاستىغا قويسا بالا يىغلىمايمىش.

زىرائەتكە خەۋپ بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى قەغەزگە يېزىپ ياغاچقا چېگىپ ئېتىزلىق ئوتتۇرىسىغا قادىلىدۇ؛ ھەقىقىي باش ئاغرىسا باشقا سۈرتىلىدۇ؛ پادىشاھلار بىلەن ئۇرۇشماقچى بولغاندا ئوڭ ئاياققا، بالا تۇغۇش ئۈچۈن تولغاق تۇتقاندا سول ئاياققا سۈرتۈلىدۇ.

مال - دۇنياسىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش؛ دېڭىزدا سالامەتلىك ئۈچۈنمۇ بۇ زاتلارنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىپ تۇمار قىلىپ ياندا ساقلىنىدۇ.

ئەمدى سۆز - سۆزگە، ھېكايە - ھېكايىگە ئۇلۇشۇپ ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئەھۋاللىرىنى، ئۇلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن غارغا كىرگەنلىكىنى، قانداق ئەھۋالدا ئويغىنىدىغانلىقىنى يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن شەرھىيلەرنى تەھلىل قىلىشقا ۋە ئەرەبچە سۆزلەرگە مەنا ئېيتىشقا كۈچۈم چاغلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، «تەرجىمە تەبىيان» ۋە «تەرجىمە ھايەتۇلھايۋان» قاتارلىق كىتابلارنىڭ سۆزلىرىدىن نەقىل قىلىپ يازدىم.

«ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىرەجىم» (ئاللاھدىن شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلاشنى تىلەيمەن) ئايەتتە: ئەي مۇھەممەد! ئويلاپ كۆر، ئەسھابۇلكەھفنى يەنە رەقىم بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنىڭ بىر ئاجايىپ ئايەتى. يەردىكى، كۆكتىكى ئاجايىپلار ئۇنىڭدىنمۇ ئەجەپلىنەرلىكرەك، دېيىلىدۇ.

تاغدا غار بار، رەقىم شۇ تاغدا بولۇپ، ئەسھابۇلكەھفنىڭ يۇرتى ياكى ئىتىنىڭ ئىسمى بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندىمۇ بىرەر زور تاش بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى يېزىلىپ كەھف (غار) نىڭ ئىشىكىگە قويۇلغان، دېيىلىدۇ.

بەزىلەر ئەسھابۇل ۋە رەقىم ئاخىرقى قوۋم كىشىلىرى ئىدى. ئۇلار ئۈچ كىشى ئىدى دەپ مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

ئۇلار تۇرمۇش تىرىكچىلىكى بىلەن يولغا چىققاندا، يامغۇردا قېلىپ بىر غارغا كىرىۋاپتۇ. بوران چىقىپ كېتىپ غارنىڭ ئاغزى ئېتىلىپ قېلىپتۇ. ئۇلاردىن بىرى:

— بىكار ئولتۇرمايلى، ھەر بىرىمىز بىرەر ياخشى ئىشىمىزنى سۆزلىسەك، تەگرى شۇ ياخشىلىقىمىز بەدىلىگە بۇ بالادىن قۇتقۇزار، — دەپتۇ.

شۇ چاغدا بىرسى سۆزگە كىرىشىپ دەپتۇ:

— كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئىش ئۈچۈن خىزمەتچىلەرنى ياللىدىم، بىر خىزمەتچى چۈشكە يېقىن كېلىپ قاتناشتى. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن پۈتۈن كۈن ئىشلىگۈچىلەرگە ھەققىنى بەردىم. كېيىن كەلگىنىگە باشقىلاردىن ئازراق بەردىم. ئۇ خاپا بولۇپ ھەققىنى ئالماي كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ ئالمىغان پۇلىغا بىر چىشى موزاي ئېلىپ باقتىم، نەسىللەندۈرۈپ كۆپەيتتىم.

كۆپ ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مەن تونۇمايدىغان بىر ئاجىز قېرى كىشى كېلىپ: مەن ساڭا خىزمەت قىلغان ئىدىم، ئالمىغان

ھەققىمنى بەر، دەپ سورىدى. مەنمۇ ماقۇل دەپ، ئۇنىڭ موزىيىدىن كۆپەيگەن سىيىرلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بەردىم.

ئىلاھە ئامىن، بۇ ئىشنى رازىلىقىڭ ئۈچۈن ئىشلىدىم. بىزنى بۇ بالادىن قۇتۇلدۇر، دەپ تىلەپتۇ. بۇ چاغدا ئېتىلىپ قالغان غار ئاغزىدا يورۇقلۇق كۆرۈنۈپتۇ.

ئاندىن ئىككىنچى كىشى سۆزگە كىرىشىپتۇ:

— مەن كۆپ ماللىق كىشى ئىدىم. بىر كۈنى كىشىلەرگە قورقۇنچلۇق سۆزلەرنى دەپ مال سوراپ بىر خوتۇن كىشى كەلدى. مەن ئۇنىڭغا: نەپسىڭنى ماڭا بەر، بولمىسا ھېچنەرسىنى بەرمەيمەن، دېدىم. ئۇ رازى بولماي كېتىپ قالدى.

بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە سورىغان چاغدا، يەنە ئاۋۋالقى تەكلىپنى بەردىم. ئۇ يەنە كەتتى ۋە يەنە كەلدى.

مۇشۇنداق ئۈچ قېتىم كېلىپ-كېتىپ يۈرۈپ، ئاخىرىدا بۇ ئىشنى ئىرىگە ئېيتىپتۇ. ئېرى: نېمە دەپ رازى بولمايسەن؟ بىر نەرسە ئالالىساڭ ھالىمىز ياخشىلىنىدۇ، دەپتۇ.

ئۇ كېلىپ رازىلىقىنى بىلدۈردى. ئاندىن ئۇ مېنى زورلۇق قىلىدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىپ تىترەپ كەتتى! مەن: نېمىگە تىترەيسەن دېسەم، ئۇ: تەڭرىدىن قورقىمەن، دېدى. مەن: شۇنداق قىينالغان ھالەتتە تۇرۇپ تەڭرىدىن قورققان ئىكەن، مەن راھەتتە تۇرۇپ قورقمىسام توغرا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە مەنمۇ قورقىمەن، دەپ ئۇنى قويۇۋەتتىم ۋە سورىغان نەرسىسىنى بەردىم.

ئىلاھە، مەن سېنىڭ كەچۈرۈشىڭنى ئۈمىد قىلىپ نەپسىمدىن كەچتىم. بىزنى بۇ بالادىن قۇتقازغىن، دەپ تىلىگەن ئىكەن، غارنىڭ ئىچى يورۇپ، بىر-بىرنى كۆرۈپتۇ.

ئۈچىنچى كىشى:

— مېنىڭ قېرىغان ئاتا-ئانام بار ئىدى، قويلىرىم كۆپ ئىدى. ئاۋام ئاتا-ئانامنى تويغۇزماي تۇرۇپ قويلىرىمنى باققىلى ئېلىپ چىقمايتتىم.

بىر كۈنى يامغۇر يېغىپ كەتكەنلىكتىن ئۇلارنىڭ يېنىغا بارالمىدىم. كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشتى.

قاچىغا سۈت ئېلىپ كەلسەم بوۋاي بىلەن موماي ئۇخلاپ قالغان ئىكەن. ئۇلارنى ئويغاتسام خاتىرجەملىكى بۇزۇلىدۇ دەپ، تاڭ ئاتقۇچە كۈتتىم، ئۆزلىرى ئويغانغاندا تاماقنى بەردىم.

ئىلاھە ئامىن، مەن بۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن ئىشلىدىم. بىزنى بۇ بالادىن قۇتقازغىن، دېگەندە غار ئېچىلىپ ئۈچىلىسى قۇتۇلۇپ چىقىپتۇ.

ئەسھابۇلكەھفلەرنىڭ سەۋەبلىرىدە ئىختىلاپ بار. مۇھەممەد بىننى ئىسھاق: ئىنجىلغا ئىشەنگۈچىلەر يولدىن ئېزىپ بۇزۇقچىلىققا كىرىشتى. شەيتانغا ئىشىنىپ تامامەن بۇزۇلدى، ھەتتا ئۇلار بۇتلارنىڭ ئالدىدا قۇربانلىق قىلدى. ئارىسىدا ئەيسا شەرىئىتى بىلەن يۈرگۈچىلەرمۇ بولۇپ، تەڭرىگە ئىبادەت قىلاتتى. پادىشاھنىڭ ئىسمى دەقيانۇس بولۇپ، ئۇمۇ بۇتپەرەس ئىدى. بۇتقا قۇربانلىق قىلاتتى. ئۇ ئەسھابۇلكەھفلەر تۇرغان شەھەرگە كەلگەن. ئۇ شەھەر شۇ چاغدا ئەفسۇس دەپ ئاتالغان، مەرغەش ۋىلايىتىدىكى ئالبىستان شەھىرىنىڭ يېنىدا بولۇپ، ھازىر خاراب بولغان، دەيدۇ.

بۇ خەۋەرگە قارىغاندا، ئەسھابۇلكەھفنى غارىمۇ ئالبىستاننىڭ يېنىدا.

پادىشاھ بۇ شەھەرگە كەلگەندە، ئىمانى بار كىشىلەر قېچىپ كېتىپتۇ. سەۋەبى — پادىشاھ مۇسۇلمانلارنى بۇتقا چوقۇنۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ، قارشىلىق قىلغانلارنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ، ھاياتىنى ساقلاپ قالماقچى بولغانلار دىنىدىن چىقىپتۇ، كۆنمىگەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ جەسەتلىرىنى شەھەرنىڭ سېپىلىغا ئېسىپتۇ.

غارغا كىرىۋالغان يىگىتلەر قايغۇ - ھەسرەتتە قالغان بولسىمۇ، ناماز - روزىلىرىنى تاشلىماي دۇئادا بولۇپتۇ. بۇلار رۇمنىڭ ئاتاغلىق كىشىلىرىدىن سەككىز يىگىت ئىدى.

پادىشاھ ئۇلارنى چاقىرىپ:

- بىزنىڭ بۇتلىرىمىزغا چوقۇنىشىڭلارنى بىللە ئۆتەيلى، - دەپتۇ.

ئۇلارنىڭ باشلىقى مەسكەلمىنا:

- بىزنىڭ تەڭرىمىز بار. ئۇ پۈتۈن ئاسمان - زېمىننىڭ تەڭرىسى، ئۇ ھەممىدىن ئۇلۇغ. باشقا تەڭرىگە ئىشەنمەيمىز، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئاچچىقلىنىپ:

-سىلەرگە جازا بېرىشىمنى ھېچكىم توسيالمايدۇ. لېكىن سىلەر ياخشى يىگىتلەر ئىكەنسىلەر، ئايايمەن، سىلەر ئويلىنىڭلار، ئەقلىڭلارغا كېلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، - دەپتۇ.

ئاندىن كېيىن، يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ ھايات قالغانلىرىغا كۆزلىرى يېتىپ ئۆيلىرىگە قايتىپتۇ - دە، ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپ غارغا قاراپ كېتىپتۇ ۋە شۇ يەردە ئىبادەت قىلىپتۇ. بىر ئىتى بار بولۇپ ئۇلارغا ئەگىشىپ يۈرىدىكەن.

كەھەپ ھەزرەتلىرى: دەسلەپتە ئىتى يوق ئىدى، يول بويىدا بىر ئىت ئۇچراپ قېلىپ ئەگەشتى. ئىتنى قوغلىۋەتتى، لېكىن ئىت قالمىدى. ئاشۇنداق بىر نەچچە قېتىم قوغلىۋەتسىمۇ ئىت قالمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئىت ئىككى پۇتى بىلەن تىك تۇرۇپ، دۇئا قىلغان كىشىگە ئوخشاش ئالدى پۇتلىرىنى ھاۋاغا كۆتۈرۈپ تىلغا كېلىپ: «مەندىن قورقماڭلار، مېنىڭ تەڭرىنىڭ دوستلىرىغا مۇھەببىتىم بار. سىزلەر ئۇخلىغىزلار، مەن سىزلەرنى ساقلايمەن دەپتۇ، دەيدۇ.

بەزىلەر: ئۇلار ئالتە كىشى ئىدى، كېچىدە قېچىپ كېتىۋاتقاندا بىر قويچىغا ئۇچرىدى، قويچىنىڭ ئىتى بار ئىدى. قويچىمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ غارغا كىرىپ ئىبادەتكە كىرىشتى، دەيدۇ.

ئۇلار ئالتۇن بىلەيۈزۈكلەر بىلەن زىننەتلەنگەن، چاچلىرى ئۆرۈلگەن ئىدى. بىر يىگىتنى ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ كېلىشكە قوشۇپ ئەۋەتتى، ئۇنىڭ ئىسمى يەملەيخا ئىدى. ئۇ يۇقراچە ئاددى كىيىنىپ شەھەرگە كىرىپ كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ قايتىشىدا باشقا خەۋەرلەرنى ئوقۇشۇپ سوراشتۇرسا، پادىشاھ ئۇلارنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى دەپتۇ. ئۇلار بەك قورقۇپ ھەسرەتلىنىپتۇ.

بۇ چاغدا كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغان ئىكەن. ئۆز ئارا سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندا، ھەق تەڭرى تائالا ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنى ئاڭلاشتىن توختىتىپ ئۇيقۇسىنى كەلتۈرۈپتۇ. شۇ بويىچە غاردا ئۇخلاپ كېتىپتۇ. ئىت غارنىڭ ئاغزىدا ئاياقلىرىنى سوزۇپ، بېشىنى پۇتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ يېتىپتۇ. ئۇلارنى تۇتقان ئۇيقا ئىتنىمۇ تۇتۇپتۇ - دە، ئۇخلاپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ بۇ كىشىلەرنىڭ غاردا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارنى تىرىك دەپ ئويلاپ غارنىڭ ئاغزىنى ئەتكۈزۈپ، ئۇلارنى ئاچلىقتا ئۆلسۇن دەپتۇ. ھەق تەڭرى تائالا شۇ ھالەتتە قالدۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارغا ھۆرمەت، باشقىلارغا ئىبرەت قىلغان. ئەرۋاھلىرىنى ئۇيقا ۋاپاتى بىلەن ئۆلتۈردى. پەرىشتىلەر ئۇلارنى ئوڭغا، سولغا ئۆرۈپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ.

ئۇ پادىشاھنىڭ ئېلىدە ئىككى مۇسۇلمان ئىمانىنى يوشۇرۇپ يۈرگەن ئىكەن. ئەسھابۇلكەھفنى ئۇنتۇلۇپ ئەستىن چىقىپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ نەسىل - نەسەب، ئىسىملىرىنى ۋە ئەھۋاللىرىنى ئىككى تاختايغا يېزىپ ساندۇققا سېلىپ قويۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق زامانلار ئۆتۈپتۇ. قانچە - قانچە پادىشاھلار كېلىپ -

كېتىپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ شەھەرگە بىندۇس ئىسىملىك بىر ياخشى كىشى پادىشاھ بولۇپ 68 يىل ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ زامانىسىدا كىشىلەر گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپتۇ. بىرمۇنچىسى تەڭرىنىڭ بىرلىكىگە، قىيامەتتە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن بولسا، يەنە بىرمۇنچىسى بۇ سۆزلەرنى يالغان دەپ ئىشەنمىگۈچىلەر كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ، ئىماندىن ئېزىشقا باشلاپتۇ.

تىرىكلىك قىسقىغىنا تىركلىك دۇنياسى، تىرىلىش، روھقا ئايلىنىش بولىدۇ. جەسەتكە بولمايدۇ، دېيىلىدۇ، بىندۇس بۇ ئەھۋاللاردىن كۆڭۈلسىز بولۇپ، تەڭرىگە كېچە - كۈندۈز يالۋۇرۇپ ھەقىقەتنىڭ ئېچىلىشىنى تىلىگەن ئىكەن، تەڭرى ئۇنىڭ تىلىگەن تىلىكىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئەسھابۇلكەھفنى ۋەقەسىنى بايان قىلىپ، قىيامەتنىڭ راستلىقىنى، تىرىلىشنىڭ ھەقىقەتنى كۆرسىتىپتۇ.

شۇ سەۋەبلىك، ئەفسۇس ئاھالىسىدىن ئولياس ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ كۆڭلىگە تەڭرى ئۇي سېلىپتۇ: ئۇ كىشى غارنىڭ ئېتىلگەن ئىشىكىنى بۇزۇپ ئېچىپتۇ. بۇ چاغدا ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئەسھابۇلكەھفنى ئۇيقۇدىن ئويغانغان قىياپەتتە گوياكى كېچىسى ئويقۇغا يېتىپ ئەتىسى ئويغانغانغا ئوخشاش كۆرۈنۈپ، يۈزلىرى ھەم باشقا ئەزالىرىدا ھېچقانداق بىر ئۆزگىرىش بولمىغان ھالدا كۆردى. ئۇلارنىڭ ياتقىنىغا قانچە ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ، ھەم دەقيانۇسنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا قانداق خەۋلەرگە دۇچار قىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئەسھابەلەر يەملىخاغا: سەن كىيىملىرىڭنى ئالماشتۇرۇپ شەھەرگە بېرىپ بىزگە ئوزۇقلۇق ئېلىپ كەلگەچ ئۇ يەردە نېمە ئىشلار ۋە نېمە گەپلەر بولىۋاتقانلىقىنى تىڭ-تىڭلاپ باققىن، - دەپ بۇيرىدى. يەملىخا ماقۇل بولۇپ، شەھەرگە كەلدى. ئۇ شەھەرگە كىرىپقارىسا خەلقىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى بىلدى. بۇنىڭدىن ئەجەپلىنىپ شەھەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەرۋازىسىغىچە باردى. ئۇ يەردىكى ئەھۋاللاردىن تېخىمۇ ھەيران قالدى، بۇ زادى قانداق ئىش، تۈنۈگۈنلا مۇسۇلمانلار قورقۇنچ ئىچىدە ئەيسانىڭ ئىسمىنى يوشۇرۇن مەخپىي سۆزلىشىپ يۈرەتتى، بۈگۈن بولسا ئەيسانىڭ ئىسمىنى ئاتاپ قەسەم قىلىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ-دەپ، ئاخىرى بىر كىشىدىن بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى نېمە دەپ سورىدى، ئۇ كىشى: شەھىرىمىزنىڭ ئىسمى ئېفسۇس بولىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەندە، يەلەمخا بۇنىڭغا ھەيران بولدى. ئۇ كۆڭلىدە مەن ئادىشىپ قالغان ئوخشايمەن ئەمدى مېنى ھېچكىم سەزمەستە، ماڭا بىرەر كىشى خەۋپ يەتكۈزۈشتىن بۇرۇن بۇ يەردىن لېتىپ قالاي دەپ، كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىپ ئېلىش ئۈچۈن بىر دۇكانغا بېرىپ يېنىدىن بىر تەنگە پۇل چىقىرىپ ساتقۇچىغا بەردى. دۇكان ئىگىسى ئۇ پۇلنى ئېلىپ بىرئاز ھەيران بولۇپ، ئىككىنچى سودىگەرگە كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى تەڭگە قولدىن-قولغا ئۆتۈپ، بىر ۋاقىتتا بۇ كىشى بىر كۆمۈكلۈك غەزىنە تاپقان ئوخشايدۇ دېيىشكە باشلىدى. يەملەيخا بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ، بۇلار مېنى دەقيانۇسنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ، ئۇلارغا تەنگە سىلەرنىڭ بولسۇن ماڭا كېرەك ئەمەس، مېنى ئۆز يولۇمغا قويۇپ بېرىڭلار، دەپ يالۋۇردى. ئۇلار: ئەي يىگىت، سەن نېمە ئادەمسەن؟ سەن غەزىنىنى قەيەردىن تاپتىڭ؟ بىزنى غەزىنىگە شېرىك قىلىپ، بىر ئۈلۈشتىن بەرمىسەڭ سېنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىمىز، ئۇ يەردە يالغان گەپ قىلالمايسەن، دەپ قىستاشقا باشلايدۇ. يەملەيخا ئۇلارغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي تۇرغىنىدا، ئۇنى شەھەر باشلىقلىرىنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارىدۇ. شەھەر

باشلىقلىرى توغرا نىيەتلىك كىشى ئىكەن، ئۇنىڭ بىرسىنىڭ ئىسمى بۇس، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى ئىستىيۇس ئىدى. شەھەر باشلىقلىرى تەڭگىنى، ئۇنىڭ سوقۇلىشىنى، بېزىلىشىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ: ئەي يىگىت! سەن ئۇچرىغان غەزىنە قەيەردە؟ دەپ سورىدى. يەمليخا: ماڭا ھېچقانداق غەزىنە ئۇچرىغىنى يوق، بۇ ئاتامدىن قالغان ئاقچا ئىدى. بۇ تەڭگە مۇشۇ شەھەردە سوقۇلغان. مەن ئۆزۈمگە ھەيرانمەن، مەن مۇشۇ شەھەرنىڭ ئادىمى، لېكىن ھازىر مېنى تونۇيدىغان ياكى مەن تونۇيدىغان بىرمۇ كىشىنى ئۇچراتمىدىم. مەن تونۇيدىغان بىر كىشىمۇ بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى تۈنۈگۈنلا دەقيانۇس ئىدى. ھازىر سىزلەر بۇ يۇرتنىڭ ھاكىمى بولۇپ تۇرۇپسىزلەر ، دەيدۇ. شەھەر باشلىقلىرى: ئەي يىگىت! ئۇ دەقيانۇستىن بۇيان قانچە زامانلار ئۆتۈپ كەتتى. قانچە پادىشاھلار كېلىپ ـ كەتتى، ئەمما سەن بىر ياش يىگىت تۇرساڭ؟ سەن يالغان سۆزلىمەي، توغرا جاۋاب بەر، ئۆزەڭنىڭ ئەھۋالى دېگەن سۆزۈڭگە ئۇيغۇن كەلسۇن، ـ دەيدۇ. يەمليخا: بىر قانچە يىگىت ئىدۇق، دەقيانۇس پۇقرالىرىنى بوتقا سەجدە قىلىشقا زورلىغانلىقى ئۈچۈن بىز تۈنۈگۈن قېچىپ شەھەر سىرتىدىكى بىتخلوس تېغىدىكى بىر غارغا كىرىپ يوشۇرۇندۇق، باشقا بۇرادەرلىرىم ھازىرمۇ شۇ يەردە، ئۇلار مېنى ئوزۇقلۇق ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئىدى. بىز توغرىلىق دەقيانۇس يەنە قانداق ئويلاردا بولىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەنمەن. كەلسەم ئەھۋال باشقىچە، بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ھەيرانمەن، ئىشەنمىسىڭىزلەر مەن بىلەن بىرگە غارغا بېرىڭىزلار، بۇرادەرلىرىمنى كۆرىسىزلەر، مېنىڭ سۆزۈمنىڭ راستلىقىغا ئاندىن ئىشىنىسىزلەر ـ دەيدۇ.

ئىككى شەھەر باشلىقى ھەم باشقىلار بۇ ئىشنى بىلىش ئۈچۈن ئاتلىق ـ پىيادە بولۇپ يولغا چىقتى. يەمليخا ئۇلارنى باشلاپ غارغا يېقىن كېلىدۇ. غاردىكىلەر يەمليخانىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ دەقيانۇسنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ ـ دەپ ئويلاپ، ئۆزئارا خوشلىشىپ باشلىرىغا نېمە ئىشلارنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ، نامازلىرىغا كىرىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا يەمليخا يېتىپ كېلىدۇ. بۇرادەرلىرى: ساڭا نېمە ئىش بولدى؟ نېمىگە بۇنچىلىك كېچىكتىڭ ـ دەپ سورىغاندا، يەمليخا بولغان ۋەقەلەرنى ئۇلارغا سۆزلەپ، ئىربوس ھەم ئېفسۇس خەلقىرىنىڭ ئۇلارنى كۆرۈش ئۈچۈن كېلىپ غارنىڭ تېشىدا كۈتۈپ ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. دېمەك، بۇلار ئۆزلىرىگە ئايان بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋاللار، ھەق تائالانىڭ ئايەتى ۋە قۇدرىتىنى تونۇيدىغانلار، شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئۇيقۇدا يېتىپ ئويغانلىقىنى، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىدىغانلىقىنىڭ ھەقلىقىنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكىنى، قىيامەتنىڭ بارلىقىغا ئىسپات ئىكەنلىكىنى تونۇتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەمليخانىڭ دېگىنى بويىچە ئىربوس ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى يېزىلغان ئىككى لەۋھە تاختىنى ساندۇقتىن چىقىرىپ ئوقۇپ ھەممە ئىشتىن خەۋەر تاپىدۇ. ئاللاغا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانالار ئېيتىپ، ئۆلگەندىن كېيىن، تىرىلىدىغانلىقىغا ئىشەندى. ئاندىن غاردىكىلەرنىڭ يېنىغا كىرىپ سۆزلىشىپ غاردىكىلەر بىلەن «دەقيانۇس ئارىسىدا بولغان ماجرالارنى ئاڭلايدۇ. ئېربوس پادىشاھى بىندۇسقا خەت يېزىپ ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئەھۋاللىرىدىن ئۇنى خەۋەرلەندۈرىدۇ. پادىشاھ خەتنى كۆرۈپ، ئاللاھغا شۈكرانە ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ قەدىناس، يېقىن كىشىلىرى بىلەن غاردىكىلەرنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىندۇس غاردىكىلەرنىڭ ئالدىغا مېڭىپ كېلىپ ئۇلارغا دۇئا قىلىدۇ. ئۇلارمۇ دۇئا قىلىپ، تىرىك

كىشىلەردەك كىشىلەر كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. پادىشاھ: بۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئالتۇندىن تابۇت ياساپ قويۇلسۇن، دەپ ئەمىر قىلدۇ. پادىشاھ چۈشىدە ئۇلارنى كۆرىدۇ. ئۇلار پادىشاھقا: بىز ئالتۇن-كۈمۈشتىن يارالغان بەندىلەر ئەمەس، تۇپراقتىن يارالغان، يەنە تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىمىز. بىز غاردا تۇپراق ھالىتىمىزدە قالايلى، ئاللاھ بىزنى شۇ ھالدا تىرىلدۈرۈر-، دەيدۇ. كىشىلەر ئۇلار ياتقان غاردىن سىتقا چىققاندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇلارنى يەنە مەخپىي قىلدى. ھېچ بىركىشىنىڭ ئۇ يەرگە كىرىشكە قۇدرىتى يەتمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ غارنىڭ ئالدىغا بىر مەسچىت سالدۇرۇپ، كىشىلەرگە زىيارەت ئورنى قىلىپ قويىدى، دېيىلىدۇ.

چۈشىنىكلەر:

[1] شەيتان توپ - ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئوينايدىغان توپ. يەنى ئات توپى، چەۋگەن توپ.

[2] پەرسەڭ - ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى.

[3] روھى مەقام - روھ تۇرىدىغان ئورۇن ياكى ماكان.

[4] سەتارە - يۇلتۇز.

[5] سەرەتان - قەدىمكى ئاسترونومىيە ئىلمى بويىچە ئاسماندىكى ئون ئىككى يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ بىرىنىڭ نامى يەنى ئەرەبچە 4 - ئاي، يېڭىچە ئاي ھېسابىدا ئىيونغا توغرا كېلىدۇ.

[6] مېھراج - مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ كۆككە چىقىشى.

[7] شەترەنچە - شاھمات، قاتار، دامكا.

[8] تەرسا - خرىستىئان، ناسارا دىنىدىكىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

[9] ئىمتىيازغا ئېرىشكەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئالۋاڭ - سېلىق تۆلىمەيدۇ.

[10] مىلادىيە 1667 - 1668 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

[11] مىلادىيە 1885 - 1886 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

[12] مىلادىيە 1689 - 1690 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

[13] مىلادىيە 990 - 991 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

(ئاپتورى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى)

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

## ئىزاھاتلار

[1] مۇھەممەت سادىق قەشقىرى ـ ئۇيغۇر يازما مەدەنىيەت تارىخىدا «تەزكىرەئى ئەزىزان» («ئۇلۇغلار تەزكىرىسى»)، «زۇبدەتۇل مەسائىل» («مەسىلىلەر جەۋھىرى»)، «ئادابۇس سالىھىن» («ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەب ئەخلاقلىرى»)، «قىيامەتۇل بەشەر» («ھەرخىل قىياپەتكىلەر»)، «رىسالەئى كاسىپدار» («كەسىپلەر رىسالىسى»)، «تارىخىي ئىسكەندەرىيە ۋە تاجنامەئى شاھى» («ئىسكەندەر خانلىقى تارىخى ۋە شاھلار تاجىسى»)، («تەزكىرەئى ئەسھابۇلكەھىف» «ئەسھابۇلكەھىف تەزكىرىسى») قاتارلىق بىر قاتار تارىخىي، ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلىرى ھەم «تەرجىمەئى تارىخىي تەبەرى»، (تارىخىي تەبەرىنىڭ تەرجىمىسى»)، «تەرجىمەئى تارىخىي رەشىدى» («تارىخىي رەشىدىنىڭ تەرجىمىسى») قاتارلىق ئون پارچىدىن ئارتۇق تەرجىمە ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى، قانۇنچىسى، تەرجىمانى ۋە مۇتەپەككۇر ئالىمى سۈپىتىدە جامائەتچىلىك ئارىسىدا كەڭ تونۇلغان.

مۇھەممەت سادىق قەشقىرى ھىجرىيە 1136 ـ يىلى (مىلادى 1725 ـ يىلى) قەشقەردە موللا شاھ ئەلەم ئاخۇن ئىسىملىك بىر دىنىي مۆتىۋەر كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئائىلىسىدە ئاتىسىدىن ئالغان. ئاندىن كېيىن ئۆز دەۋرىدىلا ئەمەس، بەلكى قاراخانىيلار خانلىقى (مىلادىيە 850 ـ 1212) دەۋرىدىمۇ يۇكسەك شۆھرەتكە ئىگە ئەڭ مەشھۇر ھېسابلانغان ئۈچ چوڭ مەدرىسىنىڭ بىرى ـ قەشقەر دۆلەتباغ يېزىسىدىكى «مەدرىسەئى ھامىدىيە» گە ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ بۇ مەدرىستە دىنىي ئىلىمنى ئۆگىنىشتىن تاشقىرى، يەنە ھېساب، تىل ـ ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق پەنلەرنى كەڭ دائىرىلىك ۋە پۇختا ئۆگىنىپ، ئۆز زامانىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئىلىم ئەھلىلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. ئالىم مەزكۇر مەدرىسىدە ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، قەشقەر خانلىق مەدرىسىنىڭ مۇددەرسلىكىگە تەيىنلىنىپ، بىر مەزگىل مائارىپ ساھەسىدە ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ۋە ئىلىم مۇتالىيە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن قەشقەر شەرئى مەھكىمىسىنىڭ باش قازىلىقىغا تەيىنلىنىپ شەرىئەت ئىشلىرىنى باشقۇرغان. بۇ مەزگىلدە ئالىمنىڭ شان ـ شۆھرىتى يالغۇز قەشقەرغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا كەڭ دائىرىلىك يېيىلغان. ئۇ چىقارغان ھۆكۈملەرنى ھېچبىر كىشى رەت قىلالمىغان. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بويىچە مۇرەككەپ، چىگىش بولغان ۋە ھەل قىلىش مۇمكىنچىلىكى يوق دەپ قارالغان مەسىلىلەر موللا مۇھەممەت سادىق قەشقىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا سۇنۇلغان. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ «موللا مۇھەممەت سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم» دېگەن مۆھرى پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا جامائەتچىلىك تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان.

مۇھەممەت سادىق قەشقىرى ئەينى دەۋرىدىكى يېتىلگەن دىنىي ئۆلىما، ئىختىساسلىق مائارىپچى، تالانتلىق قانۇنچى، كۈچلۈك مەرىپەتپەرۋەر ۋە تەشكىللىگۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن زامانىسىنىڭ تالانت ئىگىلىرىدىن بولغان ئادۇرېھىم نىزارى، تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى، نورۇز ئاخۇن زىيائى قاتارلىقلار بىرلىكتە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆپ كۈچ قوشقان. ھەتتا ئالىم ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئىلىم ـ پەن ئەھلىلىرىگە بولغان چوڭقۇر سېغىنىش ھەمدە ئۆز زامانىسىدىكى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئىلىم ـ پەن ئەھلىلىرىنىڭ كۆپلەپ يېتىلىشىگە چەكسىز كۆيۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن خېلى كۆپ مىقداردىكى ئالتۇنغا سېتىۋالغان ئۆزىنىڭ قىممەت باھالىق ئەتۋالىق مۈلكى ـ «مەسنەۋى شېرىف» ناملىق كىتابىنى مەخمۇت قەشقىرىنىڭ زىيارىتىگە چىققان ئەدىپلەر ۋە ئىلىم مەستانىلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن مەخمۇت قەشقىرىنىڭ قەبرىسىگە مۇتلەق ۋەخپە قىلغان. بۇنىڭدىن 165 ـ يىل مۇقەددەم (ھىجرىيە 1252 ـ يىلى، مىلادىيە 1836 ـ يىلى ) يېزىلغان ۋەخپە خېتىدىكى: «بۇ ئۇلۇغ ئەدىپكە مۇتلەق ۋەخپە قىلىنغان مەزكۇر كىتابنى ئەدىپلەر بىلەن ئىلىم ئەرباپلىرىدىن دىنىنىڭ قۇياشى، ھۆسەيىن (ئوغلى)، قىلەم ئىگىسى بولغان مەخمۇت قەشقىرىنىڭ مۇبارەك قەبرىسى ئۈستىدە ـ سۇزۇك بۇلاق ئەتراپىدا ـ ئولتۇرۇپ مۇتالىيە قىلىپ، قەلەم ئىگىسى بولغان ھەزرىتى موللام ـ دىنىنىڭ قۇياشى، ھۆسەيىن (ئوغلى) مەخمۇت قەشقىرى ـ ھەققىدە دۇئا قىلىپ قويۇشنى، مىللىتىمىزنىڭ ئەۋلادلىرىغا ۋە خەلق ئاممىسىغا ئىلىم ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ تولۇق پەزىلەتلىك بولۇشىغا تىرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن....» دېگەن مەزمۇنلار مۇئەللىپنىڭ مەرىپەتپەرۋەر، ئىلغار ئىدىيىگە ئىگە، تەرەققىپەرۋەر، خەلقپەرۋەرلىك روھى ئۈستۈن بىر شەخس ئىكەنلىكىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

128 ياشلىق ئۆمۈر چولپىنى، ئالىم، تارىخچى، مۇتەپەككۇر، قانۇنچى، مائارىپچى مۇھەممەت سادىق قەشقىرى ھىجرىيە 1266 ـ يىلى (مىلادىيە 1849 ـ يىلى)قەشقەردە بولغان بىر قېتىملىق سىياسىي توپىلاڭدا قەتلە قىلىنغان. ئۇنىڭ

جەسەدى ئاق مازار (يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى ئالدىدىكى زەرەتگارلىق) غا دەپنە قىلىنغان.

ئالىمدىن بىزگە مىراس قالغان دەسلەپكى ئىجادىي ئەمگەكلىرىدىن بىرى ـ نەسرىي شەكلىدىكى «تەزكىرەئى جاھان، تەزكىرەئى خوجا ـ جاھان» ناملىق ئەسەر بولۇپ، ئاپتور ئۇنى مىلادىيە 1817-يىلى «ەزكىرەئى ئەزىزان» نامى بىلەن داستان شەكلىدە ئۆزگەرتىپ يازغان.

بۇنىڭدىن باشقا، ئالىمنىڭ 1840-يىلى يېزىپ ئەينى دەۋرىدىكى قەشقەر ھۆكۈمرانلىرىدىن بىرى ـمىرزا ئۇسمانبەگكە تەقدىم قىلغان «زۇبدەتۇل مەسائىل» ناملىق ئەسىرىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەر بولۇپ، ئاپتور ئۇنى ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىتىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىش مەقسىتىدە يازغان.

ئاپتورنىڭ بۇ ئەسىرىدە شەرىئەت قائىدىلىرىنى مىللىي ئۆرپ-ئادەت ۋە تەلەپلەر بىلەن ئۆزئارا جىپسىلاشتۇرۇش تەشەببۇس قىلىنغان. شۇنىڭدەك، يەنە جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشى ئۈچۈن مۇۋاپىق قائىدە-تۈزۈملەرنى بەلگىلەش ۋە ئىجرا قىلىش توغرىسىدا ھۆكۈمرانلارغا ئىجادىي مەسلىھەتلەر بېرىلگەن. تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە قارىغاندا، بۇ ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن بىر خىل ئىلغارلىق بولۇپ، ئۇنى مۇقىملاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، چۈنكى ئاپتور دەۋر چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن فېئوداللىق تۈزۈم ۋە فېئوداللىق قائىدە-يوسۇنلار ئۈستىدىن ئۆزۈل ـكېسىل ئىسيان كۆتىرىشى ھەمدە ئۇن تەلتۆكۈس يوقىتىش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلۈپ ئۆز كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مۇھەممەت سادىق قەشقىرى ھەزرەتلىرىنىڭ «ئادابۇس سالىھىن»، «قىيابەتۇل بەشەر»، «رىسالەئى كاسىپدار» قاتارلىق ئەسەرلىرى كىشىلەرنى دىيانەتكە، ئەدەپ-ئەخلاققا ۋە ئىلىم-ھۈنەرگە ئۈندەيدىغان، تەربىيىۋى ئەھمىيتى چوڭقۇر نادىر ئەسەرلەر بولۇپ، ئاپتور بۇ ئەسەرلەردە ئۆزىنىڭ كىشىلىك ئەخلاققا ياتىدىغان بەزى بىر قاراشلىرىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بايان قىلغان.

ئالىم موللا مۇھەممەت سادىق قەشقىرى ئەرەب، پارس تىللىرى بويىچە ئۆز دەۋرىنىڭ يېتىلگەن تىل مۇتەخەسسىسى ئىدى. ئۇ ئەينى دەۋرىدىكى ئۆلىمالار ئارىسىدا بىرقەدەر ئومۇملاشقان قارىغۇلارچە يادىكەشلىككە ۋە «ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدا ئوقۇسا يامان بولىدۇ» دەيدىغان خۇراپىي قاراشقا قارشى ھالدا «قۇرئان» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان ۋە «قۇرئان» نىڭ تەپسىرىسى (شەرھىسى) نى تولۇق تاماملاپ بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئالىم يەنە «تارىخىي تەبەرى»، «تارىخىي رەشىدى» قاتارلىق تارىخ كىتابلىرىنى پاس تىلىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

ئالىم مۇھەممەت سادىق قەشقىرى 1846-يىلىغا كەلگەندە، 10-ئەسىردە ياشىغان ئەرەب تارىخچىسى ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەت بىننى جۇۋەير بىننى زەيت تەبەرىنىڭ ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن تارتىپ تاكى ئۆزى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئارىلىقتىكى دۇنيانىڭ ۋە رايونىمىز شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ تارىخىنى بايان قىلىدىغان تۆت توملۇق ئەسىرى ـ «تارىخىي تەبەرى» نى ئۈرنەك قىلىش ئاساسىدا «تارىخىي ئىسكەندەرىيە ۋە تاجنامەئى شاھى » ناملىق چوڭ ھەجىملىك تارىخىي ئەسەرنى يازغان. بۇ ئەسەر دەۋر رىئاللىقىغا ماسلاشقانلىقى، مەزمۇن جەھەتتىن «تارىخىي تەبەرى» گە نىسبەتەن بىر قەدەر تولۇق ۋە مۇكەممەل بولغانلىقى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ئاپتورنىڭ بۇ ئەسەرنى يارىتىشىغا ئەينى چاغدىكى قەشقەر ھۆكۈمرانلىرىدىن يۇنۇس تاجىبەگ بىننى ئىسكەندەربەگ تەشەببۇسچى بولغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر ئەسەرنىڭ نامى شۇ ھۆكۈمرانىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ئىجادىي ئەمگەكنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ ئەسەر ئۈستىدە ئاپتور ئۈچ يىل جاپالىق ئىشلىگەن. كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى: «كۆنلەرنى چىمەنلىكلەردە سەيلە قىلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى خالى يەردە ئۆتكۈزدۈم؛ باغۇ-بوستانلارنىمۇ، دەل-دەرەخلەرنىمۇ، مېۋىلەرنىمۇ كۆرمىدىم. ئۈچ يىل جەريانىدا غەيرەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، بۇ كىتابنى دەخلىسىز ۋە بىخەتەر تاماملىدىم.» دەپ كەلتۈرۈلگەن مىسرالاردىن قارىغاندا، ئاپتورنىڭ مەزكۇر ئەسەرگە قانچىلىك جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنى ئوچۇق كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ.

مۇھەممەت سادىق قەشقىرىنىڭ مۇھىم ئەمگەكلىرىدىن يەنە بىرى 1844-يىلى يېزىلغان «ھەزرىتى ئەسھابۇلكەھنى تەزكىرىسى» ناملىق ئەسەردۇر. بۇ، دىنىي رىۋايەتلەر ئاساسىدا يېزىلغان تەزكىرە خاراكتېرىدىكى ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر ئەسەر ئىسلام دىنى مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن يازما يادىكارلىقلىرىدا ئۇچرايدىغان «ئەسھابۇلكەھنى» توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى مەزمۇن قىلغان ھالدا خەلقىمىز ئارىسىدا كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن

تۇرپاندىكى مەشھۇر ئەسھابۇلكەھفنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ئاساسىي لېنىيە قىلىپ يېزىلغان.

«ئەسھابۇلكەھف تەزكىرىسى» ناملىق مەزكۇر ئەسەردە ئەسھابۇلكەھف توغرىسىدىكى ئەپسانە، رىۋايەتلەر ئوبرازلىق بەدىئىي تىل ۋاستىسى ئارقىلىق تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

بۇ ئەسەر يالغۇز تەزكىرە خاراكتېرلىك قىزىقارلىق ئەدەبىي ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەسھابۇلكەھف توغرىسىدىكى مۆجمەللىكلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش جەھەتتىمۇ مەلۇم قىممەتكە ئىگە؛ تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدا، بولۇپمۇ قەدىمكى دەۋر ۋە چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى كونا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئۆرۈن بوشىتىپ بېرىش جەريانىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ئوخشاشلا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

ئىسلام ئەدىبلىرىنىڭ ئەنئەنىۋىي يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى بويىچە يېزىلغان بۇ تەزكىرە خاراكتېرلىك ئەسەردە، تارىخىي ۋەقەلەر كۆپىنچە ئىلاھىلىق تۇمانلىرى بىلەن قاپلانغان. ئەسەردىكى ئوبرازلارمۇ رومانتىك تۇقۇلمىلار، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق يارىتىلغان، بەزى تارىخىي رېئاللىقتىن چەتنەپ مۇبالىغىچىلىككە ھەددىدىن ئارتۇق يول قويۇلغان. مەسىلەن، مىلادىيە 4-ئەسىردىن بۇرۇن تۇرپان (ئىدىقۇت) رايونىغا تارقالغان بۇددا دىنىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇددا غارى (ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ تەخمىنەن 55 كىلومېتر شەرقىدىكى تۇيۇق جىلغىسىدا) مىلادىيە 7-ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بارلىققا كېلىپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئەرەبلەر ئارىسىدا كېڭىيىپ، ئاندىن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا، جۈملىدىن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا 10-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، تۇرپان رايونىغا 14-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تارقىلىشقا باشلىغان ئىسلام دىنىنىڭ مۇتلەق يالدامىسى سۈپىتىدە بايان قىلىنغان. بۇ غار ئەمەلىيەتتە بۇددا دىنىنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، ئىسلام دىنىي تۇرپان رايونىغا تارقىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغا قەدەر، بۇ غار خەلقىمىز تەرىپىدىن «ئەسھابۇلكەھف» (ئىسلام دىنىنىڭ ساھەبىلىرىدىن بولغان يەتتە كىشىنىڭ مەڭگۈلۈك ياتقان جايى) دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. شۇڭا بۇ ئەسەرگە نىسبەتەن تارىخ ئىلمىي جەھەتتە ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چوقۇم كەسكىن تەتقىدىي مۇئامىلىدە بولۇش، ئۇنىڭدىكى بايانلارنى تارىخىي پاكىت ئورنىغا قويىۋالماسلىق لازىم.

[2] نەۋايى - ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋايى. مىلادى 1441-يىلىدىن 1501-يىلىغىچە ياشاپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋرىنى ئاچقان بۈيۈك ئالىم، مۇتەپەككۇر، شائىر، دۆلەت ۋە جامائەت ئەربابى.

[3] «تەپسىر قازى بەيزاۋى» - ئاتاقلىق شەرھىيچى ئوبۇلخەيىر ناسىرىدىن ئابدۇللا بىننى ئۆمەرۇل قازى بەيزاۋىنىڭ داڭلىق شەرھىي ئەسىرى. بۇ كىشى ئىراننىڭ بەيزا شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. شىراز شەھىرىدە قازى قۇززاتلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. بىر رىۋايەتتە ھىجرى 685-يىلى (مىلادىيە 1286-يىلى)، يەنە بىر رىۋايەتتە ھىجرى 691-يىلى (مىلادىيە 1292-يىلى) ئىراننىڭ تىبرىز شەھىرىدە ۋاپات بولغان، دېيىلىدۇ.

[4] «تەپسىر جالالى» - مۇھەممەد ئەسئەت بىننى سەئىدىدىن ئەسئەت جالالىدىن تەرىپىدىن يېزىلغان مەشھۇر شەرھىي ئەسەرنىڭ نامى. ئاپتور ئىراننىڭ داۋان دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، مىلادىيە 1502-يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ داۋان دېگەن يەردە دۇنياغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن داۋانى دەپ ئاتالغان. داۋانى ئۆز ئۆمرىدە يەنە «ئەخلاق جالالى»، «ئىسپاتى ۋاجىپ»، «ھاشىيەئى شەمسىيە»، «شەرھىي ئەقائىد» ناملىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ «ئەخلاق جالالى» ناملىق ئەسىرى ئىنگلىز تىلىغىمۇ تەرجىمە قىلىنغان.

[5] «تارىخىي تەبەرى» - مەشھۇر ئەرەب تارىخچىسى ئەبۇ جەئفار مۇھەممەد بىننى جەرىر دېگەن كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان تۆت توملۇق دۇنيا تارىخى. بۇ ئەسەردە ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتىدىن تارتىپ ئاپتورنىڭ ۋاپاتىغىچە بولغان تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ ئەرەب خەلىپىلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ قاتارلىق جايلارنىڭ تارىخى خېلى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. بۇ ئەسەر مىلادىيە 963-يىلى ئەرەب تىلىدىن پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

[6] «تارىخىي بەركازى جاھان كۇشاي» - پېرسىيە (ئىران) لىك ئالاھىدىن ئاتالىق جۇۋەينى (1226-1283-يىللار) تەرىپىدىن مىلادىيە 1252-1253-يىللىرى يېزىلغان ئەسەرنىڭ نامى. مەزكۇر ئەسەردە موڭغۇللارنىڭ باش كۆتىرىپ چىقىشى، چىڭگىزخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا قاتارلىق يەتتە ئىقلىمغا بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا قىلغان يۈرۈشلىرى ۋە بۇ رايونلارنى بويسۇندۇرۇش جەريانى، بۇ رايونلاردا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قۇرۇلغان خاندانلىقلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنغان دۇنياغا مەشھۇر ئەسەر، بۇ ئەسەر پارس تىلىدا يېزىلغان.

[7] «قىسسەسۇل ئەنبىيا» - ناسىرىددىن بورھانىددىن ئوغلى رابغۇزى تەرىپىدىن مىلادىيە 1309 - 1310 - يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان بولۇپ، 44 باپ، 72 ماۋزۇدىن تەركىب تاپقان چوڭ ھەجىملىك تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى تارىخىي رومان. مەزكۇر ئەسەردە ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر ئەۋلىيالار ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتى، پائالىيەتلىرى، كارامەتلىك سەرگۈزەشتلىرى قىزىقارلىق رىۋايەتلەر ئارقىلىق بايان قىلىپ بېرىلىدۇ.

[8] مىفتائۇل جىنان - جەننەتنىڭ ئاچقۇچى. مەزكۇر نامدىكى ئەسەرلەرنى ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭلىق بىر قىسىم ئەدىبلەر، ئۆلىمالار يازغان، بۇ ئەسەرنى، مەۋلانا نۇرىددىن ئابدۇرەھمان جامى (1492 - ، 1414 - يىللار) يازغانلىقى ئېھتىماللىققا يېقىن.

[9] رۇم شەھىرى - (1) رۇم ئەسلىدە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 753 - يىلى پادىشاھلىق تەختىگە چىققان رىم ئىمپېراتورلىقىنىڭ ئىمپېراتورى رۇمۇلوس (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 714 - يىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان ۋە ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بىر شەھەر بولۇپ، كېيىنكى مەزگىللەردە پۈتۈن رىم (روما) ئىمپېراتورلىقىنىڭ دۆلەت نامى بولۇپ قالغان ئىدى. رىم ئىمپېراتورلىقى پارچىلانغاندىن كېيىن، بۇ نام بەزىدە ئۇنىڭ غەرب تەرىپىنىڭ، بەزىدە شەرق تەرىپىنىڭ نامى بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 389 - يىلى فەرەڭلەر (ياۋروپالىقلار) ئۇنىڭ غەربىي قىسمىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، «رۇم» سۆزى ئاساسەن ئۇنىڭ شەرقىي قىسمى - ئاسىيا قىسمىنىڭ نامى بولۇپ قالدى؛ (2) ھازىرقى تۈركىيىنىڭ قەدىمكى نامى. بەزىدە رىۋايەتلەردە رۇم شەھىرىنى (ئىستانبۇلنى) رۇم بىننى ئەيس بىننى ئىسھاق ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغان، دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

[10] يۇنان - قەدىمكى يۇناننى يەنى ياۋروپا قىتئەسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان يۇنان يېرىم ئارىلىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەزى يېرىم ئاراللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلارنى كۆرسىتىدۇ.

[11] ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن - ئالېكساندىر ماكېدونسكى، ئىسكەندەر رۇمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيي (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 336 - يىلىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 323 - يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) قەدىمكى ماكېدونىيە پادىشاھى فىلىپ II (فىلىۇس II ) نىڭ ئوغلى بولۇپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 356 - يىلى ماكېدونىيە پايتەختى پېلا شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئىمپېراتور بولغاندىن كېيىن، نەچچە ئون تۈمەن كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، شەرق ئەللىرىگە قارىتا قۇرۇقلۇق ھەم دېڭىز ئارقىلىق كەڭ - كۆلەملىك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان.

[12] ئىبنى ئابباس - ھەييار ئەللامە ئابدۇللا ئىبنى ئاببا بولۇپ، ئابباسلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خەلىپىسى ئەبۇ ئابباس سەففاھنىڭ ۋەزىرى، مەشھۇر ئىسلام ئۆلىماسى. ئۇ ھىجرى 137 - يىلى (مىلادىيە 754 - 755 - يىلى) ۋاپات بولغان.

[13] خواجە مۇئاۋىيە - يەنى مۇئاۋىيە بىننى ئەبۇ سوفيان - ئەرەب ئۇمەييەن خەلىپىلىكىنىڭ تۇنجى خەلىپىسى. مىلادىيە 600 - يىلى مەككە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. مىلادىيە 680 - يىلى دەمەشىقتە ۋاپات بولغان.

[14] ئەيسا ئەلەيھىسسالام - ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئوغلى، يەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى.

ئەيسا ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن 600 يىلدىن كۆپرەك ئىلگىرى قەيسەر ئۇغۇستۇسنىڭ زامانىسىدا 24 - دېكابر سەيشەنبە كۈنى دۇنياغا كەلگەن. ئۇ تەڭرىنىڭ ھەزرىتى مەريەمگە ئىلقا قىلغان روھىدۇر. ھەزرىتى ئەيساغا 30 يېشىدا پەيغەمبەرلىك كېلىپ، تەڭرى تەرىپىدىن تۆت ساماۋى كىتابنىڭ بىرى بولغان «ئىنجىل» نازىل قىلىنغان.

[15] «ئىنجىل» - تەڭرى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان تۆت ساماۋى كىتابنىڭ بىرىدۇر. «ئىنجىل» ئىبران تىلىدا بىشارەت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز.

[16] «تەۋرات» - تەڭرى تەرىپىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ساماۋىي كىتابنىڭ نامى.

[17] جىبرائىل (جەبرائىل) ئەلەيھىسسالام - «قۇرئان» دا بايان قىلىنىشىچە، ئۇ تەڭرىنىڭ ئەڭ يېقىن پەرىشتىلىرىدىن بىرى بولۇپ، «روھۇلقۇددۇس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جىبرىئىل تەڭرىنىڭ ۋەھيىسىنى پەيغەمبەرلەرگە يەتكۈزىدىغان پەرىشتە. ئۇ تەڭرى تائاللادىن پەيغەمبەرلەرگە ۋەھى ئېلىپ كېلىشتە ئىنسان سىياقىدا كېلىدىكەن. ئۇ ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىككى قېتىم ( بىر قېتىمدا ئاسماندا، بىر قېتىمدا زېمىندا) ئۆز شەكلىدە

كۆرۈنگەن ئىكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلنى ئۆز شەكلىدە كۆرگەندە، ئۇ 600 قاناتلىق ئىكەن.

[18] ئەبۇبەكرى سىددىق - تارىخىي ھىجرى 8-يىلى (مىلادىيە 630-يىلى) 1-ئايدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ تۇنجى خەلىپىسى، تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 11 -يىلى (مىلادىيە 633-يىلى) رەبىئول - ئەۋۋەلدە خەلىپە بولغان. ئىككى يىل توققۇز ئاي دەۋر سۈرۈپ، ھىجرى 13-يىلى (مىلادىيە 635-يىلى) 63 ياشتا ئالەمدىن ئۆتكەن.

[19] ئۆمەر ئەلفارۇق (ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى) - ئەرەب-ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ ئىككىنچى خەلىپىسى، ئۇ تارىخىي ھىجرى 13-يىلى (مىلادىيە 635-يىلى) خەلىپە بولغان، ئون يىل ئالتە ئاي دەۋر سۈرۈپ، تارىخىي ھىجرى 23-يىلى (مىلادىيە 644-يىلى ) 63 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

[20] ئوسمان زۇننورەيىن (ئىككى نۇرنىڭ ئىگىسى) - ئەرەب - ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ ئۈچىنچى خەلىپىسى. ئۇ تارىخىي ھىجرى 24-يىلى (مىلادىيە 645-يىلى) خەلىپە بولغان. ئون ئىككى يىل دەۋر سۈرۈپ، تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 35-يىلى (مىلادىيە 656-يىلى) 82 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئوسمان ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان» نى رەتلەپ توپلىگەن.

[21] ئەلى ئەلمۇرتەزى - ئەرەب-ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ تۆتىنچى خەلىپىسى، ئۇ تارىخىي ھىجرى 35-يىلى (مىلادىيە 656-يىلى) خەلىپە بولغان، تۆت يىل توققۇز كۈن دەۋر سۈرۈپ، تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 40-يىلى (مىلادىيە 661-يىلى) 63-يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

[22] سۇلايمان ئەلەيھىسسالام - رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، قەدىمكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى. بىر رىۋايەتتە مىلادىيىدىن 1001 يىلى بۇرۇن، يەنە بىر رىۋايەتتە مىلادىيىدىن 1016 يىل بۇرۇن ئىسرائىلىيە تەختىگە چىققان ئىكەن. بەيتۇل مۇقەددەسنى ۋە پايتەختى قۇددۇس شەھىرىنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، نۇرغۇن چىرايلىق سارايلارنى ھەم تىجارەت دۇكانلىرىنى بىنا قىلغان، سانائەت ۋە تىجارەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغان. ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ زېمىن دائىرىسىنى شەرقتە ئېفرات دەرياسىغىچە كېڭەيتكەن ئىكەن. ئۇ 40 يىل ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، بىر رىۋايەتتە مىلادىيىدىن 962 يىلى بۇرۇن، يەنە بىر رىۋايەتتە مىلادىيىدىن 976 يىل بۇرۇن ۋاپات بولغان ئىكەن.

[23] يەتتە ئىقلىم - بۇرۇنقى مۇنەججىملەر پۈتۈن ئالەمنى سەكەنتىر (زۇھەل ياكى ساتورىن)، ئوگاي (مۇشتىرى ياكى يوپېتىر)، كورۇد (مىررىخ ياكى مارس)، يەشىق (قۇياش)، سەۋت (زۆھرا، چولپان ياكى ۋېنېرا)، ئارزۇ (ئاتارىد ياكى مىركورى)، يالچىق (ئاي ياكى قەمەر)، قاتارلىق ئاسماندىكى يەتتە ساييارىغا تەقلىد قىلىپ يەتتە ئىقلىمغا بۆلگەن. ھەمدە مۇشۇ ئاساستا قوزى (ھەمەل)، ئۇي (سەۋر)، ئاراندىز (گېزەك ياكى جەۋزا)، قوچىق (سەرەتان)، بارس (ئارسلان ياكى ئەسەد)، بۇغداي بېشى (سۇنبۇلە)، ئۆلگۈ (تارازا ياكى مىزان)، چايان (ئەقرەپ)، يا (قەۋس)، ئوغلاق (تېكە ياكى جەددى)، كۆنەك (سوغا ياكى دەلۋە)، بالىق (ھات ) قاتارلىق ئون ئىككى بۇرچقا (نوقتىغا ) بۆلگەن. ئىسلام تارىخلىرىدا دۇنيانى يەتتە ئىقلىم دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

[24] قۇربا غەلى خالىدى 1829-، 1830-يىللىرى (ھىجرىيە 1245-يىلى) جۇڭگونىڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىدە كۇرشى رايون روسىيە تەۋەسىدىكى ئاياكۆز ناھىيىسىدە بىر تاتار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1913-يىلللاردا (ھىجرىيە 1331-يىلى) 84 يېشىدا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چۆچەك شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

قۇربان غەلى خالىدى 1874-يىلى چۆچەك شەھىرىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان ۋە بۇ يەردە 38 يىل ياشىغان. 36 يىل ئىمامەتچىلىك قىلغان ۋە ئىككى يىل قازى بولغان. غەربىي ئاسىيا، ۋە ياۋروپانىڭ بىر قاتار يەرلىرىگە ساياھەتكە بارغان. تارىخىي ۋەقەلەرگە بەك قىزىقىپ، ئۇلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ھەمدە كۆپلىگەن تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلىغان. كېيىن شۇ توپلىغان ماتېرىياللار ئاساسىدا 21 يىل ئىزدىنىپ يۈرۈپ « تارىخىي خەمسە شەرقىي» (شەرقنىڭ بەش تارىخى) نامىدا مەشھۇر بىر ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەر چۆچەكتە يېزىلغان. قۇربان غەلى خالىدىنىڭ بۇ كىتابى بىرىنچى قېتىم 1910-يىلى قازان شەھىرىنىڭ «ئۆرنەك» باسمىخانىسىدا تاتار تىلىدا بېسىلىپ چىققان. «تارىخ خەمسە شەرقىي» ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە شۇ جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەت، دىنلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

«تاۋارىخ خەمسەئى شەرقىي » توققۇز بابتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە

ئالغان، ئىسلام دىنىنىڭ شۇ يەردىكى مىللەتلەر ئارىسىدا قوبۇل قىلىنىش توغرىسىدا كۆپلىگەن ماتېرىياللار كىرگۈزۈلگەن. قۇربان ئەلى خالىدى ئۆزى تارباغاتايدا ئۇزاق ۋاقىت ياشىغانلىقى ئۈچۈن تارباغاتاي ۋىلايىتىگە ئائىت ماتېرىياللارنى كۆپرەك يازغان.

قۇربان ئەلى خالىدىنىڭ يەنە بىر ئەسىرى «كىتاب تارىخ جەرىدەئى جەدىدە» (تارىختىن يېڭى خاتىرىلەر) قۇربان ئىلى خالىدى ئەپەندىنىڭ سەپەر خاتىرىسى بولۇپ، ئالىم خەلقلەرنىڭ ئەھۋالىنى نەق كونكېرت ماتېرىياللارنى ئىگەللەش ئۈچۈن چۆچەك شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، تۇرپاندىكى تۇيۇق مازىرى ـ ئەسھابولكەھفكە بېرىپ زىيارەت قىلغان. بۇ ئەسەر شۇ يول ئۈستىدىكى داڭلىق ئۆتەڭلەر، ناھىيىلەرنىڭناملىرى بىلەن بىر نەچچە كىچىك بابلارغا بۆلۈنگەن. شۇ بابلار ئىچىدە ماناس، سانجى، ئۈرۈمچى ، داۋانچىڭ، تۇرپان، ئاستانە، قاراغوجا، مورتۇق، لۈكچۈن قاتارلىق بۆلۈمچىلەر بار، مۇئەللىپ ھەربىر توختاپ ئۆتكەن ئۆتەڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئۆرپ ئادەتلىرى، ئىبادەتخانىلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتكەن. قۇربان ئەلى خالىدى دىنىي زات بولغاچقا، بارغان يەرلەردىكى دىنىي ئەھۋاللارغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلگەن. ھەرقايسى قونالغۇ ئۆتەڭلەردىكى مەسچىد، مەدرىس ئەھۋاللىرىنى، مەسچىدلەردىكى ئىماملارنىڭ نام شەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. شۇ يەرلەردىكى مەشھۇرراق مازارلارنىڭ تەزكىرلىرىنى بايان قىلغان. ئۇنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، تۇرپان دائىرىسىدىكى توقسۇن، تۇرپان، لۈكچۈن، ئاستانە، مورتۇق، تۇيۇق، يانقىر، لەمجىن، خاندو، پىچان قاتارلىق ئورۇنلاردا جەمئىي 300 مەسچىد بارلىقى، لۈكچۈننىڭ ئۆزىدە 72 مەسچىد، ئاستانىدە 23 مەسچىد، قاراغوجىدا 33 مەسچىد بارلىقىنى يازغان. قۇبان ئەلى خالىدى تۇرپان رايونىدىكى خەلقنى ناھايىتى ئېھتىرام بىلەن تىلغا ئېلىپ، ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئاددىي ـ ساددا، قۇۋلۇق ـ شۇملۇق، ھىيلە ـ مىكىر قىلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. لۈكچۈن ئاياللىرىنىڭ ھۆسنى ـ جاماللىق، كۆركەم ـ خۇلۇقلىقى، ئەدەبلىكلىكى، بۇزۇقچىلىقنى قەتئىي بىلمەيدىغانلىقى، ئەر ـ ئايال ھەممىسى ئىشتا ئوخشاش باراۋەر بولۇپ، ئاياللار ئۆزلىرىنى ئەرلەردىن قاچۇرۇپ، بېشىغا پەرەنجە ئارتىپ يۈرىدىغانلىقى، شۇ ۋاقىتتىكى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ خىل ئەدەب قائىدىلىرىنى بەك ماختاپ تىلغا ئېلىپ، ھەم ئۆزىنىڭ لۈكچۈندە ئۆلەنگەنلىكىنىمۇ يازىدۇ. «كىتاب تارىخ جەرىيدەئى جەدىدە» 1889 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى پېتىربورگدا نەشر قىلىنىپ، شۇ يىلى قازان ئۇنىۋېرستېتى باسمىخانىسىدا بېسىلغان. قۇربان ئەلى خالىدى بۇ كىتابدا ئەسھابولكەھىف مازىرى توغرىسىدا مەخسۇس بىر بۆلۈمچە ئېچىپ، ئەسھابولكەھىف توغرىسىدىكى 6 ـ 7 تۈرلۈك رىۋايەتنى بايان قىلغان.

[25] سولتان سىدىق بۇغراخان ـ قاراخانىيلار سولالىسى (840 ـ 1212 ـ يىللار) دەۋرىدە ئىسلام دىنىغا 950 ـ يىللاردا ئېتىقاد قىلغان تۇنجى خان سۇلتان سۇتۇق بۇغرانى كۆرسىتىدۇ.

[26] ئەجەم ـ ئەسلىدە ئاسىيادا ياشايدىغان غەيرى ئەرەب مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئىتنىك نامى ۋە جۇغراپىيىلىك نامى بولۇپ، كېيىنچە بۇ نام پەقەت ئىران زېمىنى ۋە ئىراندا ياشايدىغان پارس مىللىتىنىڭ جۇغراپىيىلىك ھەم ئېتنىك نامى بولۇپ قالدى.

[27] ئۆكۈزخان ـ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ خاقانى ئوغۇزخاننى كۆرسەتسە كېرەك.

[28] مانى دىنى ـ مىلادىيە 240 ـ يىللاردا مانى (276 ـ 216 ـ يىللار) ئىجات قىلغان يورۇقلۇق بىلەن زۇلمەت ـ قاراڭغۇلۇقتىن ئىبارەت ئىككى يىلتىزلىق قاراش ھەققىدىكى دىن.

[29] سۇلتان باباخان غازى مىلادىيە 1638 ـ يىلى تەختكە چىققان يەركەن خانلىقىنىڭ 9 ـ سۇلتانى ئابدۇللاخاننىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى، بۇ چاغدا باباخان تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلارنى باشقۇرىدىغان قاراندى سۇلتان ئىدى.

[30] جەمشىد ـ جەمشىد ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى قەدىمكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ 4 ـ پادىشاھى بولۇپ، ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى، زېرەكلىكى، كەشپىياتچانلىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئىراننىڭ نورۇز كالىندارىنى، ھېيت ـ بايرام كۈنلىرىنى ۋە باشقا قانۇن ـ تۈزۈملەرنى بەرپا قىلغان.

[31] فەرىدۇن ـ (ئەفرىدۇن) ـ ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ 6 ـ پادىشاھى، كيومىرسنىڭ ئەۋلادى، ئادىل شاھ.

[32] خوسراۋ ـ ناسىر خىسراۋ مىلادىيە (1004 ـ 1088 ـ يىللار) 11 ـ ئەسىردىكى مۇتەپەككۇر شائىر، مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە ئەركىن پىكىرلىك ئىجتىمائىي پائالىيەتچى بولۇپ، تاجىك مەدەنىيەت تارىخىدا، ئۇ «ھەقىقەتەن

ئىزدىگۈچى» دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئىسمائىلىيە ئىخلاسمەنلىرى ئارىسىدا «پىر» دەپ ئۇلۇغلىنىدۇ. ناسىر خىسراۋ 1004-يىلى تاجىكىستاننىڭ قابۇدىيان دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئافغانىستاننىڭ بەلخ شەھىرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي باي، ئاكىسى خوراسان ئەمىرلىكىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارى بولغاچقا، ناسىر خىسراۋ كىچىك چېغىدىلا ئەۋزەل ئوقۇش شارائىتىغا ئىگە بولغان. ئۇ دەسلەپتە مەدرىسلەردە ئىلاھىيەتشۇناسلىقنى ئۆگەنگەن. كېيىن ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، پەلسەپە، ئەدەبىيات، تارىخ قاتارلىق پەنلەرنى پىششىق ئۆگىنىپ، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. ناسىر خىسراۋ ئەقىللىق، ئۆتكۈر بولغاچقا، نەۋقىران چېغىدىلا شېئىر يېزىشقا، رەسىم سىزىشقا كىرىشكەن. ئۇ ئىلاھىيەتشۇناسلىققا ئالاھىدە قىزىقىپ، قۇرئاننى پۈتۈنلەي ياد ئېلىۋالغان. ئۇ كىتابى بىلىملەرگە قانائەت قىلماي، جەمئىيەتتە كۆپ كىشىلەرنى دوست تۇتقان. قىزىقارلىقى شۇكى، ناسىر خىسراۋ بىر مۇسۇلمان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۇتقان دوستلىرى ئىچىدە يەھۇدى ئىخلاسمەنلىرى، خىرىستىيان مۇرتلىرى، ئاتەشپەرەسلەر، مانى مۇخلىسلىرى، ھىندى دىنى راھىپلىرى كۆپ سانىنى ئىگىلەيتتى. ئۇ جەمئىيەتنىڭ ھەرخىل تەبىقە ۋە ھەرخىل قاتلاملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىشەتتى. شۇڭا ئۇ دوستلىرىدىن، جەمئىيەتنىڭ ھەرخىل تەبىقە، قاتلاملىرىدىن نۇرغۇن ئەمەلىي بىلىملەرنى ئالغان، ئۇ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى دەرھال خاتىرىلەپ ماڭغان. زېھنىي كۈچ-قۇۋۋەتتە باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ناسىر خىسراۋ كېيىنكى چاغلاردا بەلخ شەھرىدە نام چىقىرىپ، كىشىلەرنىڭ خىلمۇخىل تەرىپلەشلىرىگە ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. بولۇپمۇ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە لىرىك شېئىرلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئاڭ قالدۇرغان. سالجۇقىيلار ئوردىسى ناسىر خىسراۋنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ كاتىپلىققا ۋە خان بايلىقىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلغان. ئۇ خىزمەتتە ئەستايىدىل، قىلغان ئىشلىرى تەرتىپلىك، قائىدىلىك بولغاچقا، ئوردىدا پادىشاھ ۋە باشقا ئەمەلدارلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. ناسىر خىسراۋ پەلسەپە، دىن، تارىخ، جۇغراپىيە، ئېتنوگرافىيە، ئېتىكا-ئەخلاق، پەند-نەسىھەت ۋە ئەدەبىيات، سەنئەت توغرىسىدا ئىنتايىن كۆپ ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن «سەپەرنامە»، «روشەنائىننامە»، «سائادەتنامە»، «ۋەھجى دىن»، «كوشا ئىش ۋە رەھا ئىش»، «زادۇل - مۇسافىرىن»، «جامىئۇل-ھېكمەتەيىن»، «خان -ئۇل ئىخۋان» قاتارلىقلار بار.

[33] ئاپاق خوجا - (1625-1694-يىللار) يەنى ھىدايىتۇللا ئاپپاق خوجا مەخدۇم ئەزەم (1463-1542-يىللار) نىڭ ئەۋرىسى بولۇپ، چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەمىننىڭ نەۋرىسى ئىدى. مۇھەممەد ئەمىن ئۇيغۇرلار يۇرتىدا مەلۇم ۋاقىت نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنى تەرغىبات پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن مەۋارە ئۇننەھرگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇنىڭغا مايىل مۇھەممەدخان ئاقسۇغا خان بولغاندىن كېيىن ئوغلى مۇھەممەد يۈسۈپنى مۇھەممەد ئەمىننىڭ تەربىيىسىگە ئەۋەتىدۇ. سىياسىي ۋەزىيەتتە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلى مۇھەممەد يۈسۈپ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۇگۈنكى شىنجاڭنىڭ قومۇل شەھىرىگە كېلىپ تۇرۇپ قالىدۇ ۋە قەشقەردىن قومۇلغا كېلىپ تۇرۇپ قالغان مىرسەيىد جەلىل ئىسىملىك كىشىنىڭ قىزى زۇلەيخا بىكىمگە ئۆيلىنىپ ئۈچ ئوغۇل، ئۈچ قىز پەرزەنت كۆرىدۇ. ھىدايىتۇللا ئەنە شۇ پەرزەنتلەرنىڭ چوڭ ئىدى. ھىدايىتۇللا خوجا 12-، 13 ياشلارغا كىرگەن يىلى ئاتىسى بىلەن قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىدۇ. تەخمىنەن 1640-يىللىرى ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتىدۇ، ۋە قەشقەر شەھرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان ياغدۇ دېگەن جايغا دەپنە قىلىنىدۇ. ھىدايىتۇللا خوجا نەسەپ جەھەتتىن مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادى ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ناھايىتى تېز ئابروي قازىنىشى ۋە مۇرت ئارتتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئەسلىدىكى مۇھەممەت ئەمىنگە ئەگەشكۈچىلەر «ئىشقىيە»، خوجا ئىسھاققا ئەگەشكۈچىلەر بولسا «ئىسھاقىيە» دەپ ئاتىلىپ، بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى گورۇھ بولۇپ شەكىللىنىدۇ. مۇرتلىرى ۋە تەسىرىنىڭ ئارتىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشمۇ كۈچىيىشكە باشلايدۇ. مەزھەپ ناملىرىمۇ قارىمۇ قارشىلىقنى تېخىمۇ ئىنىقراق ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلارغا ئۆزگەرتىلىپ «ئىشقىيە»، يەنى «ئاق تاغلىق»، «ئىسھاقىيە»، «قارا تەقىيالىق» يەنى «قارا تاغلىق» دەپ نام ئالىدۇ.

قەشقەر «ئاق تاغلىقلار» نىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىشقا باشلايدۇ. «ئاق تاغلىقلار» نىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ بېرىۋاتقان قەشقەرنىڭ ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ھىدايىتۇللا خوجا قەشقەردە تېز پۇرسەتتە مۇرت ئارتتۇرىدۇ ۋە كاتتا ئابروي قازىنىپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ رەھبىرىگە ئايلىنىدۇ. نەتىجىدە ئۇ «ئۇچۇق، دۇنيا، قۇتبى

ئالەم خوجىسى، يىگانە ئەۋلىيا» دېگەن مەنىلەردىكى «ئاپپاق خوجا» نامىنى ئالىدۇ.

1638 - يىلى «ئىشقىيە» گورۇھىنىڭ پىشۋاسى خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ ئۆزىنىڭ قومۇلدا زۆلەيخا بېگىمدىن تۇغۇلغان 12 ياشلىق ئوغلى خوجا ھىدايىتۇللانى ئېلىپ قەشقەرگە كېلىدۇ. ئابدۇللاخان ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىپ مۇرت بولىدۇ، بەشكېرەم رايونىنى ئۇنىڭغا ۋەخپە قىلىپ بېرىدۇ، ئۇزاق ئۆتمەي خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ ۋە خوجا ھىدايىتۇللا قەشقەر شەھىرىدىكى يۈسۈپ قادىرخان قەبرىستانلىقىغا كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. ئەينى زاماندا بۇ قەبرىستانلىق گويا «ئەرەب ۋە ئەجەمنىڭ مەككىسى (مەككە شەھىرى) بولغان» خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ، ئابدۇللاخاننىڭ كۆچىكە ۋە ئۆزىنىڭ ھەرخىل ھىيلىگەرلىك ئۇسۇللىرىغا تايىنىپ تۈركۈم-تۈركۈملەپ مۇرىت توپلايدۇ. «ئىسھاقىيە» گورۇھىنىڭ نۇرغۇنلىغان مۇرتلىرىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. تاغىسى خوجا ئىسھاقنىڭ ئوغلى خوجا شادىنى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق كەسكىن قانلىق كۈرەش باشلىنىدۇ. بۇ كۈرەش يەركەن خانلىقىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىرىنىمۇ سۆرەپ كىرىدۇ. خانلىقنى پارچىلاشقا باشلايدۇ. 17 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا خانلىق ئىچىدىكى بۇ ئىككى گورۇھنىڭ كۈرەشلىرى ئەۋجىگە چىقىدۇ. بۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، ئابدۇللاخان خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى خوجا ھىدايىتۇللادىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى چەكلەشكە باشلايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى يولبارسخاننى يۆلەپ، ئابدۇللاخاننى تەختتىن چۈشۈرۈشكە ئورۇنىدۇ. 1668 - يىلى يەركەندە خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ ۋە خوجا ھىدايىتۇللا «ئىشقىيە» گورۇھىنى باشلاپ كەڭ كۆلەملىك توپىلاڭ قوزغايدۇ. ئابدۇللاخان تەرەپلىرىنى، بولۇپمۇ كېيىنكى چاغلاردا ئۇنى قوللىغان «ئىسھاقىيە» گورۇھىنى قانلىق قىرغىن قىلىپ، ئابدۇللاخاننى قوغلاپ، يولبارسخاننى يۆلەپ تەختكە چىقىرىدۇ. ئابدۇللاخان ھەرەمگە سەپەر قىلىپ، ئۇ ئەمەلىلا كەشمىرگە قەدەم قويغاندا بابۇرىلار (تۈرك موغۇل خانلىقى) پادىشاھى ئەۋرەڭزىپ ئالەمگىر (1656 - 1705 - يىللار) نىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىدۇ. 1669 - يىلى ئابدۇللاخان كەشمىردە ۋاپات بولىدۇ. لېكىن 1670 - يىلى ئىسھاقىيە گورۇھىنىڭ پىشۋاسى خوجا شادى قاغىلىق، پوسكام ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەگەشكۈچىلىرىنى باشلاپ، خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ، خوجا ھىدايىتۇللا ۋە يولبارسخانغا قارشى كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. قوزغىلاڭچىلار يەركەن قەلئەسىنى قامال قىلغان چاغدا يەركەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دېھقانلار، قولھۈنەرۋەنلەر، ھەتتا ئوردا ئەتراپىدىكى بەگلەر، مىرزىلار ۋە ئەمىرلەرمۇ قوزغىلىپ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قاتنىشىدۇ ياكى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ. خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ بىر تەرەپتىن ئوغلى خوجاھىدايىتۇللانى قەشقەرگە ئەۋەتىپ بۇ جايدىكى ئەگەشكۈچىلىرىنى توپلاپ قەشقەرنى قوغداش بىلەن تەڭ يېڭى ئۇرۇشقا تەييارلانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خوجا شادى بىلەن بولغان ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ قوزغىلاڭچىلارنى ئىچكى جەھەتتىن پارچىلىماقچى بولىدۇ. لېكىن خوجا شادى تەدبىر قوللىنىپ خوجا مۇھەممەد يۈسۈپنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرىدۇ. يولبارسخاننى تەختتىن قوغلاپ، ئورنىغا ئۇنىڭ ئاتا بىرلەك بىر تۇغقان قېرىندىشى ئىسمائىل خاننى تەختكە چىقىرىدۇ. خوجا ھىدايىتۇللا يوشۇرۇن يەركەنگە كېلىپ، ئاتىسى مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ جەسىتىنى قەشقەرگە ئېلىپ قېچىپ، ياغدۇ (ھازىرقى ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ ئورنى) دېگەن جايغا دەپنە قىلىدۇ. 1670 - يىلى ئىسمائىل خان يەركەن خانلىقى تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن «ئىسھاقىيە» گورۇھىنى قوللاپ، «ئىشقىيە گورۇھىنى قانلىق باستۇرىدۇ. شۇ يىلى خوجا ھىدايىتۇللانى يەركەن خانلىقىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. «تەزكىرەئى خوجا كان» ۋە «ھىدايەتنامە» ناملىق كىتابلاردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خوجا ھىدايىتۇللا دەھبىد، كاسان، بەدەخشان، كەشمىر، تىبەت، كۆكنۇر قاتارلىق جايلاردا 12 يىللىق دەرۋىشلىك تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزۈپ، 1682 - يىلى ئۆزىنى دالاي v نىڭ ياردەمچىسى ساڭجيە جاسۇنىڭ قولتۇقىغا ئاتىدۇ. بۇ چاغدا دالاي v ۋاپات بولغانىدى. ساڭجيە جاسۇ جەسىتىنى يوشۇرۇن ساقلاۋاتقان دالاي v نامىدا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا قۇرۇلغان جۇڭغار خانلىقىنىڭ خانى غالدانغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ خوجا ھىدايىتۇللاغا ياردەملىشىپ يەركەن خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ. چۈنكى، ساڭجيەجاسۇ غالداننىڭ كىچىك ۋاقتىدا لاسادا بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى ئىدى. ساڭجيە جاسۇ مۇنداق خەت يازغان ئىدى:

«ئەي بۇشوتخان (غالدان بۇشۇتخاننى دېمەكچى) ئالغۇچى: خوجا ھىدايىتۇللار بولسا (قولىيازمىدا خوجا ئافاق دەپ يېزىلغان) بىسيار ئۇلۇغ كىشى ئىكەن، ياركەندە كاشغەرنىڭ خوجاسى ئىكەن، مۇنىڭ يۇرتىنى ئىسمائىلخان سويۇپ ئالىپ، مۇنى قوغلاپ چىقارىبتۇر. كېرەككى، لەشكەر بۇيرۇپ، مۇنىڭ يۇرتىنى قولىغا ئالىپ بەرگەيسىز. ۋەلەلۇل ئىشكەل

(ئاللا قىينچىلىقتىن قۇتقازغۇچىدۇر-دېگەن مەنىدە) بولغۇسىدۇر. نامە تامام. خوجا ھىدايىتۇللا بۇ خەتنى ئېلىپ، ئىلى شەھىرىگە بېرىپ ئۆزىنى غالداننىڭ ئېتىكىگە تاشلاپ غالداننى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا باشلاپ كېلىدۇ. ئۇزاقتىن بۇيان يەركەن خانلىقىنى يوقىتىش ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى ئىگىلەشنى تاما قىلىپ كەلگەن غالدان بىر تۈمەن ئىككى مىڭ لەشكەر تەييارلاپ خوجا ھىدايىتۇللاغا يول باشلىتىپ، مۇزداۋان ئارقىلىق قەشقەرگە بېسىپ كىرىدۇ. ئىسمائىل خاننىڭ ئىنىسى بابا سۇلتان ئۇرۇشتا قۇربان بولىدۇ. خوجا ھىدايىتۇللا ئۇنىڭ بارلىق ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى قانلىق قىرغىن قىلىدۇ. غالداننىڭ خوجا ھىدايىتۇللا باشلاپ كەلگەن قوشۇنلىرى داغ-دۇغىلىق ھەشەمەت بىلەن يەركەنگە كىرىپ ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى تۇتقۇن قىلىپ، ئىلىدىكى قاش دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان ئېرەن قابۇرغا تېغىغا ھەيدەپ بېرىپ نەزەربەند قىلىدۇ. پەقەت ئىسمائىل خاننىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى مۇھەممەد ئىمىن سۇلتان ۋە (ئەبۇلمۇھەممەدخان) نىڭ سىڭلىسى خانىم پادىشا (جاللات خېنىم)، ئاپپاق سۇلتان قاتارلىقلار بۇ پاجىئەدىن ئامان قالىدۇ. چۈنكى، مۇھەممەد ئىمىن سۇلتان بۇ چاغدا ئۇچتۇرپاندا ئىدى. خانىم پادىشا بولسا خوجا ھىدايىتۇللاغا ياتلىق قىلىنغانىدى. نەتىجىدە، يەركەن خانلىقىنىڭ 168يىللىق ھۆكۈمرانلىقى خوجا ھىدايىتۇللارنىڭ غالداننىڭ جۇڭغار قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىشى بىلەن ئاياقلىشىدۇ. جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى خوجا ھىدايىتۇللانى خان قىلىپ كۆتۈرۈپ يەركەن خانلىقىنىڭ بارلىق زېمىنىنى ئۆز ئىلكىگە ئالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، يەركەن خانلىقىنىڭ بۇ زېمىندا، بولۇپمۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيىتىدە، تەخمىنەن بىر ئەسىرگە يېقىن سوزۇلغان جاھالىيەت دەۋرى باشلىنىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتى تۇرغۇنلۇقتا قالىدۇ. تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ ئۆزئارا قانلىق كۈرەشلىرى ئەۋجىگە چىقىدۇ. يۇرت ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئېغىر دەرىجىدە بۆلۈنىدۇ. كىشىلەردە بىر-بىرىگە ئىشەنچ قالمايدۇ. ھەتتا ئۇلار ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن نامىنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆزلىرىنى « قەشقەرلىك» ، «يەركەنلىك» ياكى «ئالتە شەھەرلىك» ، «يەتتە شەھەرلىك» دەپ ئاتايدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قالىدۇ. خوجا ھىدايىتۇللا ئاپپاق تەختكە چىققاندىن كېيىن غالداننىڭ چوڭ ياردىمىگە تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا 4000 تەڭگە پۇل ۋە نۇرغۇن كىيىم-كېچەك ھەم باشقا قىممەت باھالىق سوۋغا سالاملارنى تارتۇق قىلىدۇ، ھەتتا شۇ كۈندىن باشلاپ، غالدانغا ھەر ئايدا 4000 تەڭگە بېرىشنى قارار قىلىدۇ. كېيىنچە بۇ پۇلنىڭ مىقدارى 100 مىڭ تەڭگىگە كۆپەيتىدۇ. جۈملىدىن ئۆزىنىڭ ناھايىتى سادىق مۇرتى خوجا شاھ مەشرەب رەھىم بابا نەمانگانى (1640-1711-يىللار) نى ئۆزىنىڭ غالدان ئوردىسىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى قىلىپ غولجىغا ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىغا يۆلىنىپ، «ئىسھاقىيە» تەرەپدارلىرىنىڭ ئۈستىدىن قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزىدۇ. ئاپپاق خوجا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرى جۈملىدىن مەدەنىيەت سەنئەت مىراسلىرىنى كۆيدۈرۈپ خانىۋەيران قىلىدۇ. پەقەت ئاللاھنى «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف» ئارقىلىق ياد ئېتىش، ئەستە تۇتۇش، خەت-نامە پۈتۈكلەرنى قوللانماسلىق ئىدىيىسىنىڭ ئارقىسىدا، «قۇرئان» ، «ھەدىس»كە قول تەككۈزۈلمەيدۇ، باشقا ئىلمى، ئەدەبىي تەزكىرە كىتابلارنى كۆرۈنگەن جايدا كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ.

1688-يىلى «ئىسھاقىيە» گۇرۇھىنىڭ پېشۋاسى خوجا شادى خوجىنىڭ نەۋرىسى خوجا شۇ ئەيىب قاغىلىق، پوسكام ئەتراپىدىكى ئەگەشكۈچىلىرىنى باشلاپ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. خوجا شۇ ئىيىب قوزغىلاڭ جەريانىدا، «يەركەن خانلىقىنى قايتە تىكلەش» ، «خان ئەۋلادىنى خان قىلىپ كۆتۈرۈش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ شوئار بۇرۇنقى يەركەن خانلىقىنىڭ سابىق ئەمەلدارلىرى، جۈملىدىن شۇ چاغدىكى يەرلىك ئاقسۆكەڭلىرىنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئاپپاق خوجا تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن چوقان-سۈرەنلەر ئىچىدە قالىدۇ. ئاپپاق خوجا ئاپپاق سۇلتاننىڭ ئانا بۆلەك قېرىندىشى مۇھەممەد ئىمىن خاننى تۇرپاندىن ئەكەلدۈرۈپ ئۆز ئورنىنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. مۇھەممەد ئىمىن سۇلتان تەختنى ئىگىلىگەندىن كېيىن «ئىشقىيە» ۋە «ئىسھاقىيە» گۇرۇھلىرىنىڭ زىددىيىتىنى كېلىشتۈرىدۇ. لېكىن ئۇ، ئاپپاق خوجىنىڭ ئۆي-مەقسەتلىرىگە قارشى ئىش كۆرۈپ، مىلادىيە 1690-يىلى غالداننىڭ ئىچكى موڭغۇل ۋە شىمالىي جۇڭگو رايونىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن قوشۇن باشلاپ، مۇزداۋان ئارقىلىق ئىلى تەۋەسىگە ئۆتۈپ جۇڭغار خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش باشلايدۇ. بۇ چاغدا ئاپپاق خوجا تۇرپاندىكى ئەسھابۇلكەھىف زىيارىتىدە ئىدى. دەل مۇشۇنداق چاغدا قەشقەردىكى «ئىشقىيە» تەرەپدارلىرى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، مۇھەممەد ئىمىن سۇلتان ھاكىمىيىتىنى يىقىتىدۇ. ئاپپاق خوجا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، تېز يەركەنگە يېتىپ كېلىپ، ھاكىمىيەتنى يەنە ئۆز قولىغا ئالىدۇ، لېكىن مىلادىيە 1694-يىلى خوجا شۇئەيىب يەنە «ئىسھاقىيە» تەرەپدارلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. ئۇلار

قاغىلىق، پوسكام، ئاقتۇ، يېڭىسار قەلئەلىرىنى قولغا ئېلىپ، توپتوغرا يەركەن شەھىرىگە بېسىپ كېلىپ، مىلادىيە 1694 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاپپاق خوجىنى ئۆلتۈرىدۇ.

[34] خۇنتاجى ـ بۇ موڭغۇل ئويرات قەبىلىلىرىنىڭ مىلادىيە 16 ـ ئەسىردە ئۆتكەن باشلىقى بولۇپ، ئۇيغۇر چاغاتاي تىلىدىكى ئەسەرلەردە ئويراتلارنىڭ (جۇملىدىن ئۇيراتلارنىڭ بىر قىسمى بولغان جۇڭغارلارنىڭ) كېيىنكى باشلىقلىرىنىمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىغان. بۇ جايدا مىلادىيە 1670 ـ يىلى تەختكە چىقىپ، مىلادىيە 1695 ـ يىلى ئۆلگەن غالدان بوشۇقتۇخان كۆزدە تۇتىلىدۇ.

[35] مەشرەب ـ تولۇق ئىسمى بابا رەھىم مەشرەب (1711 ـ 1657 ـ يىللار) 1640 ـ يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ نەمانگان شەھىرىدىكى بىر بۆزرچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئاتىسىدىن كىچىك يېتىم قالغان بولغاچقا، ئائىلىسىنىڭ ماددىي قىيىنچىلىقلىرى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. ئانىسى يىپ ئىگىرىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ، باللىرىنى باقىدۇ، مەشرەب ئۆزىنىڭ دەسلەپكى تەربىيىسىنى نەمانگاندىكى دىنىي مەكتەپلەردىن بىرىدە ئالغاندىن كېيىن، ئانىسى ئۇنى نەمانگاندىكى داڭلىق ئىشان موللا بازار ئاخۇن (1668 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ تەربىيىسىگە بېرىدۇ. مەشرەب ئۇ كىشىدىن ئەرەب، پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتى، قۇرئان، ھەدىسلەرنى، تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىدۇ. تۈركىي (چاغاتاي ئۇيغۇر)، ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى ئەدەبىياتلارنى مۇكەممەل ئىگىلەيدۇ. مەشرەبنىڭ مۇشۇ مەزگىللەردە ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇغان شائىرلاردىن بىرى پارس تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنىڭ چوققىسى، مەشھۇر مۇتەسەۋۋۇپ شائىر مەۋلانا جالالىدىن رومى (1206 ـ 1273)ئىدى. ئۇ رومىنىڭ «مەسنەۋى مەئنەۋى» ئەسىرىنى بېرىلىپ ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ. بۇ ئەسەر مەشرەبنىڭ روھىي دۇنياسىغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، كېيىنچە ئۇنىڭ «مەبدەئى نۇر» ئەسىرىنىڭ يېزىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. مەشرەبتىكى ئىلىمگە، بولۇپمۇ تەسەۋۋۇپقا بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت ۋە ئىشتىياقنى سەزگەن موللا بازار ئاخۇن شائىرنىڭ تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى بىلىمىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشىنى ئويلاپ، ئۇنى قەشقەردىكى ھىدايىتۇللا ئىشان ـ ئاپپاق خوجىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىشقا بۇيرۇيدۇ. مەشرەب ئۇستازىنىڭ تەربىيىسىگە بىنائەن رەخمىنەن 1665 ـ يىللىرى قەشقەرگە ئاپپاق خوجىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. مەشرەبنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىدىكى دىنىي مەزمۇن ۋە تەسەۋۋۇپ روھىدىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئاپپاق خوجا دەرگاھىدا ۋە ئۇنىڭ تەربىيە ـ تەرغىباتلىرى تەسىرىدە يېزىلغان. مەشرەب 1672 ـ 1673 ـ يىللار ئەتراپىدا، يەنى ئاپپاق خوجاغا يەتتە يىل مۇرىت بولغاندىن كېيىن، ئۇ دەرگاھنى تەرك ئېتىپ ئاپپاق خوجىنىڭ يېنىدىن كېتىدۇ. بۇنىڭغا مەشرەبنىڭ پىرى ئاپپاق خوجىنىڭ دەرگاھىدىكى كېنىزەك قىزلاردىن بىرىگە كۆڭلى چۈشۈپ قالغىنى سەۋەب بولغان، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئاپپاق خوجا مەشرەبنى قىزدۇرۇلغان زىخنى شەھۋەت تومۇرىغا يېقىپ، ئەرلىك ئىقتىدارىدىن مەڭگۈلۈك مەھرۇم قىلىشتەك قەبىھ ۋاسىتە بىلەن جازالايدۇ ۋە يېنىدىن قوغلايدۇ. جىسمىلا ئەمەس، قەلبىمۇ ئېغىر جاراھەتلەنگەن مەشرەب ئاپپاق خوجىنىڭ دەرھادىن كېتىپ سەرسان سەرگەردانلىق ھاياتىنى باشلايدۇ. مەشرەب قەشقەردىن چىقىپ، يەركەن، خوتەن، ئىلى، تۇرپان قاتارلىق شەھەرلەرنى كېزىدۇ، ئاندىن خوجەند، تاشكەند، بۇخارالاردا جاھانكەزدىلىكتە ياشايدۇ، بۇ جەرياندا شائىرنىڭ ئىدىيىسىدىكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپەنىڭ يارقىن ئىپادىلىرى بولغان ئىنسان ئۇلۇغلۇقى مەزمۇن قىلىنغان مىسرالار مۇتەئەسسىپ مۇللىلار تەرىپىدىن «كۆپۈرلۇق» دەپ ئەيىبلىنىپ ئۇ ئەشتەرخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى خانى ئەبۇلخەيرخان زامانىسىدا ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋاسى بىلەن بەلخ ھاكىمى مەھمۇد قاتاغاننىڭ ھۆكۈمى بىلەن 1711 ـ يىلى بەلختە دارغا ئېسىلىدۇ.

[36] ئالتە شەھەر ـ بەزى ئەسەرلەردە ھازىرقى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر، يەركەن، خوتەن، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچار، كورلا قاتارلىق شەھەرلەر كۆزدە تۇتۇلسا، بەزى ئەسەرلەردە قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، كوچار، كورلا قاتارلىق شەھەرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ يەردە قەشقەر، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچار قاتارلىقلار كۆز تۇتۇلىدۇ، ھازىر بۇ تەرەپلەر ئالتە شەھەر دەپ ئاتىلىدۇ.

[37] تەرسۇس ـ ھازىرقى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئانا تولى يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاننا (ئادانا) شەھىرىدىن 38 كىلومېتر غەربكە جايلاشقان بىر قەلئە بولۇپ، رىۋايەتلەردە قەدىمكى فىنىكىيەلىكلەر بىنا قىلغان ئىكەن. كېيىنچە ئاسۇرىيە، ئىرانلىقلار ۋە ماكېدونىيەلىكلەر ئۇنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، ئاۋات بىر شەھەرگە ئايلاندۇرغان. ئاندىن كېيىن روما ئىمپېرىيەسى ۋاقتىدا بۇ جايدا ناھايىتى مەشھۇر بىر مەدرىس سېلىنغان. ئاباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ 5 ـ خەلىپىسى ھارۇن

رەشت (مىلادىيە 786 ـ 809 ـ يىلى) تەرسۇسنى ئىشغال قىلىپ، ئىسلام دىنىنى تارقاتقان. ئابباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ 7 ـ خەلىپىسى خەلىپە مەئمۇن (مىلادىيە 814 ـ 833 ـ يىلى) بۇ جايدا ۋاپات بولۇپ دەپنە قىلىنغان. تەرسۇس شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر تاغدا «ئەسھابۇلكەھىف» غارى بار. بۇ جاي ناھايىتى چوڭ زىيارەتگاھ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

[38] ھەدەن، ئەدەن ـ ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا تومشۇقىدا، دېڭىز بويىدىكى شەھەر، يەمەننىڭ پايتەختى. ھازىرقى ئەدەب يەمەننىڭ جەنۇبىي قىرغىقى ۋە ئەدەن كۆرپىزىنىڭ ياقىسىغا جايلاشقان. زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمى قۇملۇق، ۋە ئىدىرلىق، سۇيى كەم جايلاردىن ئىبارەت.

[39] ئىسفاھان ـ پىرسىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مەركىزى شەھەرلەردىن بىرى. شىمالدا رەي (تېھران)، جەنۇبىدا شىراز شەھەرلىرى بار. قەدىمكى نامى «گەبۇل» (ھازىرقى ئىراننىڭ بىر شەھىرى).

[40] ئىبنى سىنا ـ ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا (مىلادىيە 980 ـ 1 ـ 1037 ـ يىللار) نىڭ ئاتىسى ئابدۇللا مەرۋىي ئەسلى بەلخلىق تاجىك بولۇپ، سامانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە بۇخاراغا كۆچۈپ بارغان. ئىبنى سىنا بۇ شەھەرنىڭ يېنىدىكى ئەفشان يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. كېيىن بۇخارا شەھىرىدە قۇرئان ئوقۇشقا باشلىغان. ئۇ 10 يېشىدىلا قۇرئاننى تولۇق قىرائەت قىلالايدىغان بولغان. نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىمىر زاھىد دېگەن كىشىدىن ئىسلام قانۇنلىرىنى، ئەبۇ ئابدۇللا دېگەن كىشىدىن ئارىستوتېلنىڭ پەلسەپە ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىپ ئوقۇشقا باشلىغان. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ مۇستەقىل ئۆگىنىش يولىغا قەدەم قويۇپ، لوگىكا، گېئومېترىيەنى ئۆگەنگەن. ئىبنى سىنا 17 ياشقا كىرگەن يىلى سامانىيلار شاھى روھ ئىبنى مەنسۇر ئېغىر كېسەل بولۇپ قالىدۇ. ئىبنى سىنا ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ پادىشاھنىڭ خاس كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. ئۇ يەردە ئۇ شۇ دەۋردىكى ھەممە پەنلەرگە دائىر كىتابلارنى ئوقۇپ، ئىلىم ـ پەن ئاساسىنى پۇختا تۇرغۇزىۋالىدۇ. مىلادىيەنىڭ 1037 ـ يىلى ئالىم 57 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ جەستى ھەمەداندا يەرلىككە قويۇلىدۇ. ۋاپات بولۇش ئالدىدا، ئۇ بارلىق ئوقەت ـ بىساتلىرىنى كەمبەغەل ۋە يېتىم ـ يېسىرلارغا سەدىقە قىلىدۇ. ئالىمنىڭ تۆھپىسى كاتتا بولغاچقا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە 1980يىلى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئالىم تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقى تەنتەنىلىك خاتىرىلەندى.

ئىبنى سىنانىڭ تەتقىقات دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلىرىمۇ بىرقەدەر كۆپ، مەزمۇن جەھەتتىن، ئىبنى سىنا ئەسەرلىرىنى پەلسەپىۋى ئەسەرلەر، تەبىئىي پەنلەرگە ئائىت ئەسەرلەر ۋە ئىجتىمائىي پەنگە دائىر ئەسەرلەر دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سانى توغرىسىدا ئالىملارنىڭ بىرقەدەر بىرلىككە كەلگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ تەبىئىي پەنلەرگە ئائىت ئەسەرلىرى 80 پارچە، پەلسەپىۋى ئەسەرلىرى 46 پارچە، ئىجتىمائىي پەنلەرگە ۋە دىنغا ئائىت ئەسەرلىرى 100 پارچە، تېبىبىي ئىلىمغا دائىر ئەسەرلىرى 44 پارچىدىن ئاشىدىكەن. بۇلاردىن ئەڭ مۇھىملىرى 1. «ئەل قانۇن فىت تىب» (تېبابەتچىلىك قانۇنلىرى)، «كىتاب ئەش شىفا» (داۋالاش ئىلمى)، «رۇھىيەتنامە»، «دانىشنامە» (بىلىمنامە)، «ئادالەتنامە» «شەرق پەلسەپەسى»، «ئىبنى سىنا شېئىرلىرى» قاتارلىقلار.

[41] مۇسل ئەلەيھىسسالام ـ رىۋايەتلەردىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى. ئىبراھىم ۋە ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى، رىۋايەتلەردە ئۇ مىلادىيىدىن 1705 يىل بۇرۇن مىسىرنىڭ پايتەختى مۇنىق شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئانىسى بۇھابىس ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىر بۆشۈككە بۆلەپ نىل دەرياسىغا تاشلىغان، بۆشۈك مىسىر پادىشاھى پىرئەۋنىلەرنىڭ سارىيىدىن ئېقىپ كېتىۋاتقاندا پىرئەۋنىنىڭ قىزى سۇفىيە ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقازغان. كېيىن بۇ جايدا چوڭ بولغان، ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا كەنئان (ھازىر ئىرانغا قاراشلىق) دېگەن جايغا كېلىپ ۋاپات بولغان ئىكەن.

[42] ئارستوتېل ـ (مىلادىيىدىن 384 ـ 322 ـ يىللار ئىلگىرى گىرېتسىيىدە ياشىغان) قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسى تەرەققىياتىدا يېگى دەۋر ياراتقۇچى بۈيۈك مۇتەپەككۇر.

[43] ئالىپ ئاتا ـ تۇرپان تەۋەسىدىكى ئاستانە دېگەن جايدىكى ئالىپ، ئاتا دېگەن بىر مازارنىڭ نامى. ئۇ «ئالىپ ـ ئاتا» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر، «ئالىپ» دېگەن «باتۇر» دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ يۇرتنىڭ مازارنى ماشايىخلىرىنى «ئاتا» دېگەن سۆز بىلەن ئاتايدۇ. ئالىپ ئاتا بولسا ئىمام مۇھەممەد ھەنىفەنىڭ ئون ئالتىنچى نەۋرىسى بولۇپ، ئاللاھ يولىدا غەيرى دىندىكىلەر بىلەن جەڭ قىلىپ شاھادەتلىك دەرىجىسى ۋە مەرتىۋىسىنى تاپقان ئىدى. ئۇنىڭ لەقەملىرى قۇتلۇق قاراخان بولۇپ، ئىسمى ئابدۇلخەتتاھ بولسا كېرەك. ئاممىنىڭ تىلىدا «ئالىپ ئاتا» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇپ كەلگەن.

# تۇرپاندىكى ئەسھابۇلكەھف ھەققىدە

شىنمېن ياسۇشى (ياپونىيە)

## مۇقەددىمە

شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدا ئىسلام ئەۋلىيالىرىنىڭ «مازار» دەپ ئاتىلىدىغان مۇقەددەس قەبرە ۋە مەقبەرىلىرى يۇلتۇزلاردەك تارالغان بولۇپ، بۇ خىلدىكى زىيارەتگاھلار ھەر قاچان زور ساندىكى تاۋابچىلارنى ئۆزلىرىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. يەرلىك كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە مەزكۇر مازارلار ئىسلام دىنىغا ئۇيغۇن كۆپلىگەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە دىنىي مۇئەسسەسە بولۇش سۈپىتى بىلەن ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئاساسلىق مازارلار كەڭ دائىرىدىكى ئاۋامنىڭ زىيارەت ۋە تاۋاپ پائالىيەتلىرىگە تۈرتكە بولۇپ كەلگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ رايونلار ئارا بىر گەۋدىلىشىش ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەت ساھەسىدىمۇ بەلگىلىك روللارنى ئوينايدىغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

مەزكۇر رايون جەمئىيىتىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولغان بۇ مازارلار مۇئەييەن دەرىجىدە تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە ئوخشىمىغان تەتقىقاتلار ۋە مەلۇم سالماقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى بارلىققا كەلدى. بەزى مۇھىم مازارلارنىڭ تارىخى قايتىدىن قاراپ چىقىلىپ [1]، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مازارلار ھەققىدىكى تارىخىي مەنبەلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن سىرت[2]، يېقىندىن بۇيان بۇ مازارلارنىڭ ھازىرقى ھالىتى ھەققىدە خېلى كۆپ سالماقتىكى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى ۋۇجۇدقا چىقتى[3]، بولۇپمۇ راھىلە داۋۇتنىڭ تەتقىقاتىدا مۇشۇ ساھەدىكى زور ساندىكى مازارلارنىڭ ئەھۋالاتى مۇشۇ نۇقتىنى ئاساس قىلىپ، ئاغزاكى خاتىرىلەر بىلەن قوشۇپ بايان قىلىنىدى[4]. ئەمما، ئاساسلىق مازارلار ھەققىدىكى غوللۇق تەتقىقاتلاردا ئۇلارنىڭ تارىخىي ئەھۋالى ھەققىدە تولۇق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ھېلىھەم زۆرۈر بولۇپ تۇرماقتا. مۇشۇ مازارلار ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ھەممىدىن بەكرەك دىققىتىنى تارتىپ كېلىۋاتقىنى تۇرپاندىكى تۇيۇق جىلغىسى باغرىغا جايلاشقان ئەسھابۇلكەھف خوجام مازىرى ھېسابلىنىدۇ.

مەزكۇر مازار ئادەتتە «ئەسھابۇلكەھف» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق ئاتىلىشىغا تۆۋەندىكىدەك بىر رىۋايەت سەۋەپ بولغان: ئۆزلىرىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان جاھانكەزگۈچى يىگىتلەر زوراۋان ھۆكۈمدارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئۆزلىرىنى ئەيقېچىپ ئاللاھنىڭ مۆجىزىسى بىلەن پەيدا بولغان غارغا يوشۇرۇنىۋاپتۇ ھەمدە بۇ جايدا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئۇخلاپتۇ. «ئەسھابۇلكەھف» («غاردىكى كىشىلەر» دېگەن مەنىدە) دېگەن نام «قۇرئان» دا تىلغا ئېلىنىدىغان ئەنە شۇ يىگىتلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر مازار شۇ سەۋەپتىن بەزى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان، جۈملىدىن مازاردىكى غار «قۇرئان» دىكى رىۋايەت سەۋەبىدىن زىيارەتچىلەرنىڭ تاۋاپگاھىغا ئايلىنىپ قالغان. مەزكۇر مازار ھەققىدە تا ھازىرغىچە تېخى سىستېمىلىق بىرەر تەتقىقات نەتىجىسى بارلىققا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇشبۇ ماقالىمىز ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مەزكۇر مازارنىڭ

تارىخنى ئەڭ زور دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىشنى ئۆزىگە نىشان قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزۈممۇ مەزكۇر مازارنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۇنىڭ دىنىي مۇئەسسەسە نۇقتىسىدىن قاراپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىمەن[3]

## I «تۇيۇق خوجام» نامىدىكى «ئەسھابۇلكەھف» مازىرى

مەزكۇر مازار تۇرپان ۋىلايىتىگە قاراشلىق پىچان ناھىيىسىنىڭ تۇيۇق يېزىسىدىكى تۇيۇق جىلغىسىغا جايلاشقان بولۇپ، غار قۇتتاغ باغرىغا قېزىلغان. مەزكۇر مازار سىرتقى تام بىلەن قورشالغان بولۇپ، غارنىڭ ئالدى تەرىپىدە گۈمبەزسىمان ئىمارەت بار. بۇ جاي غارغا ئۇدۇل تۇتىشىدىغان بولۇپ، كىرىش ئېغىزىدىن باشلانغان تار بىر يول ئارقىلىق يۇقىرىلاپ مېڭىپ ئۈستى تەرەپتىكى غارغا كىرگىلى بولىدۇ . راھىلە داۋۇتنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا ، مازارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 12 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ[4] . مازارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ھېلىھەم كۆپلىگەن تاۋاپچىلارنى ئۆزىگە تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىدا . يېقىندا خەنزۇچە نەشر قىلىنغان تۇرپان ئۇيمانلىقىنى ساياھەت قىلىش قوللانمىسىدا ئېيتىلىشىچە ، ئەسھابۇلكەھف گۈمبىزى (يىلىغا) ئون مىڭ زىيارەتچىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان بولۇپ[5]، مەزكۇر قوللانمىدا بۇ جايغا ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىشنىڭ بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتۈلگەن[6]. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مازار ھازىرمۇ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى كىشىلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆزىگە تارتىپ كېلىۋاتقان جايلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە .

بۇ مازارنىڭ شۇ دەرىجىدىكى داڭلىق زىيارەتگاھ بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى خۇددى ئالدىنقى بەتلەردە ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇنىڭ «قۇرئان» دا تىلغا ئېلىنغان «ئەسھابۇلكەھف» غارى مۇشۇ ، دەپ قارىلىشىدا. يەرلىك مۇسۇلمانلار ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار بۇنىڭغا بەكلا ئىشىنىدىغان بولغانلىقتىن بۇ جاي تەبىئىي رەۋىشتە تاۋاپگاھلاردىن بىرى بولۇپ قالغان . «ئەسھابۇلكەھف» رىۋايىتىنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسى ئۆزلىرىنى ئاللاھ يولىغا بېغىشلىغان بىر نەچچە يىگىتنىڭ زالىم ھۆكۈمرانىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھلىنىش ئۈچۈن غارغا يوشۇرۇنىۋالغانلىقى ۋە بۇ جايدا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئۇخلىغانلىقى ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. بۇ رىۋايەت ئوتتۇرا دېڭىز خىرىستىيانلىقىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ ، غارنىڭ ئورنى بىردەك كىچىك ئاسىيادىكى ئەفسۇس (Ephesus) دا ، دەپ قارىلىدۇ . خىرىستىيان كاتولىكلىرىغا ئاساسلانغاندا ، بۇ يىگىتلەر رىم ئېمپېراتورى دېكيۇس (Decius) نىڭ زامانىسىدا غارغا يوشۇرۇنىۋالغان ۋە ئېفسۇس كونسۇلىدىن كېيىنكى ئىمپېراتور تېئودوسىيۇس II (Theodosius) دەۋرىدە بايقالغان . بۇ رىۋايەت ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋرۇپادا كەڭ تارقالغان بولۇپ ، ئەدەبىي ئەسەرلەرگە كىرگۈزۈلگەن ھەمدە ياۋرۇپادىكى ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق بولغان «ئۇيقۇدىكى يەتتە زات» ھېكايىسى بولۇپ شەكىللەنگەن . شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ رىۋايەت «قۇرئان» نىڭ « كەھف» سۈرىسىدە تىلغا ئېلىنىدىغان بولۇپ ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا «ئەسھابۇل كەھف» دېگەن نامدا كەڭ تارقالغان . «قۇرئان» دا ئېنىق قىلىپ ئۇلارنىڭ غاردا 309 يىل تۇرغانلىقى بايان قىلىنىدۇ ، شۇنىڭدەك ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا سانى يەتتە ، دەپ مۇقىملاشتۇرۇۋېتىلگەن، غاردا ئۇخلىغانلارنىڭ سانىنىڭ بىر ئاللاھقىلا مەلۇملۇق ئىكەنلىكى ئېيتىلىپ ، بۇ ھەقتە ئېنىق بايان بېرىلمەيدۇ[7] . «قۇرئان» نىڭ

تەپسىرىدە بۇلار ئوخشىمىغان ئادەتلەر نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر ئادەتلىرىدىكى زاتلارغا مۇشرىك ھۆكۈمدارنىڭ قانداق زۇلۇم قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن پاناھلىنىش ئۈچۈن غارغا يوشۇرۇنىۋالغانلىقى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن قاتتىق ئۇيقۇغا غەرق بولغانلىقى ناھايىتى تەپسىلى بايان قىلىنىدۇ.

شىنجاڭدىمۇ «ئەسھابۇلكەھف» رىۋايىتى ناھايىتى كەڭ تارقالغان. مەسىلەن، ناسىرىدىن بورھانىدىن رابغۇزى (1351-1279) نىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان مىلادىيە 1310-يىللىرى يېزىلغان ئەسىرى «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، مۇشۇ ئەسەردە مەزكۇر رىۋايەت ھەققىدە خاس بايانلار بېرىلىدۇ[9]. بۇ ئەسەر بولسا شىنجاڭدا كىشىلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان كىتابلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ[10]. بۇنىڭدىن سىرت، ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ 19-ئەسىردىن بۇيان «ئەسھابۇلكەھف» ھەققىدە بۇ جايدا كۆپلىگەن ھېكايىلار بارلىققا كەلگەن. بۇلارنىڭ جۈملىسىگە «تەزكىرە ئەزىزان» نىڭ مۇئەللىپى بولۇش شەرىپى بىلەن مەشھۇر بولغان مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ «ئەسھابۇلكەھف» ھەققىدىكى ئەسىرىدە تەفسىر ۋە باشقا مەنبەلەردىن مۇجەسسەملەنگەن ئۈچۈرلار جەملەنگەن[11]. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەن س.گ. ماننېرخېيم تۇيۇقتىكى مەزكۇر مازار ھەققىدىكى رىۋايەت خاتىرىلەنگەن قوليازمىنى قولغا چۈشۈرگەن[12]. بۇ ئەمگەكلەردە ئوخشىمىغان مەنبەلەردىن ئېلىنغان كۆپلىگەن تەپسىلاتلار، جۈملىدىن زالىم دەقيانۇس (دېكيۇس) ۋە بۇ ھەقتىكى ئاجايىپ-غارايىپ بايانلار، ئۇيقۇدىكى زاتلارنىڭ ئويغانغاندىن كېيىن بىرىنى يېقىندىكى شەھەرگە ئەۋەتىشى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن شۈبھىگە چۈشكەنلىكى، بۇنىڭ بىلەن يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئاخىرقى ھېساپتا جەننەت نىشانىغا يەتكەن ئۇيقۇدىكى بۇ كىشىلەر توغرىسىدىكى ئىشلاردىن خەۋەر تېپىشى قاتارلىقلار ئۇچرايدىغان بولۇپ، بۇلار «قۇرئان» دا تىلغا ئېلىنمايدۇ. ئۇ مەنبەلەردە يەنە ئۇ كىشىلەرگە بىر ئىتنىڭ ھەمراھ بولغانلىقى ئېيتىلىدۇ.

شۈبھىسىزكى، ھازىرقى كۈندە بۇ جايىنى زىيارەت قىلغۇچىلار ھەمدە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان دىنىي زاتلارنىڭ مەزكۇر غارنى «قۇرئان» دا تىلغا ئېلىنغان ئەسھابۇلكەھف شۇ، دەپ قاراپ كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ مازار تەبىئىي رەۋىشتە مۇقەددەس تاۋاپگاھلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. بىز 1996-يىلى ئىيۇلدا بۇ جايىنى زىيارەت قىلغىنىمىزدا تۇيۇق مەسجىدىنىڭ ئىمامى مازارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئەسھابۇلكەھف ھەققىدىكى مۇنداق بىر رىۋايەت ئارقىلىق بايان قىلدى: «ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ۋاقتىدا قۇتتاغ ۋادىسى دەقيانۇسنىڭ زېمىنى دەپ ئاتىلىدىغان ئىكەندۇق. ھەقىقەتنى تاپقان بىر قىسىم كىشىلەر ۋەھشى پادىشاھنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلىقتىن پاناھلىق ئىزلەپ مۇشۇ غارغا يول ئاپتۇ. يولدا ئۇلارغا بىر ئىت قوشۇلۇپتۇ ھەمدە ئۇلار تەرەپكە ئۆتۈپتۇ. ئۇلار مۇشۇ زېمىن ھەققى ئاللاھنى تونۇغىچە غاردا نەچچە يۈز يىل ئۇخلاپتۇ[13]. بىز 2001-يىلى ئاۋغۇستتا بۇ جايىنى قايتا زىيارەت قىلغىنىمىزدا مازارنىڭ باشقۇرغۇچىسى غارنىڭ كىرىش ئېغىزىغا تۇتاشتۇرۇپ سېلىنغان ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ، مەزكۇر مۇقەددەس جايدىكى غارغا ئائىت ئاشۇ رىۋايەتنى تونۇشتۇردى ھەمدە غارنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا بۇ بايانلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ «قۇرئان» دىكى

ئەسھابۇلكەھفكە ئائىت بايانلارنى مەنبە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتى .

## II . تارىخىي مەنبەلەردىكى ئەسھابۇلكەھف مازىرى

### 1 . 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغانلىرى

تۇرپاندىكى «ئەسھابۇلكەھف» دەپ ئاتىلىۋاتقان مەزكۇر مازار زادى قايسى ۋاقىتتىن باشلاپ تارىخ سەھنىسىدە پەيدا بولغان ؟ 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى كۆپلىگەن ئەسەرلەردە ئۇنىڭ مۇشۇ دەۋرلەردىن ئاۋالقى تارىخىي ئەھۋالىغا ئائىت ئۇچۇرلار كۆزگە چېلىقىدۇ .

مەزكۇر مازارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى خاتىرە تۇرپاندىكى مۇقەددەس جايلارنى قوللانما خاراكتېرىدە بايان قىلىپ بېرىدىغان «كىتاب تارىخىي جەرىدەئىي جەدىدە» دە ئۇچرايدۇ . ئۇنىڭدا قاراخانىيلار خاندانلىقىدىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان زامانىسىدا مەزكۇر غارنىڭ «قۇرئان» دا بىشارەت قىلىنغان ئەسھابۇلكەھف غارى ، دەپ قارالغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ . گەرچە مەزكۇر خاتىرىدە كۆپلىگەن تەپسىلاتلار بېرىلگەن بولىسىمۇ ، بۇلارنىڭ «قۇرئان» دىكى بايانلارنى مەنبە قىلغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، قۇربان غەلى خەلىدى ئەسىردىن كېيىن يېزىلغان موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» ناملىق ئەسىرىدە ھىجرىيە 1000 ـ يىلغىچە «ھەتتا كاپىرلارمۇ بۇ غارنى بۇتخانا قىلىپ ، لاما لودۇ ۋە بىراھمانلارنى توختىتىپ ، ئىززەت ۋە ھۆرمىتىنى قىلىپ كەلگەن جاي ئىكەن» دېيىلىدۇ[15] .

ئۇنىڭ 17 ـ ئەسىردىكى ئەھۋالى ھەققىدىكى خاتىرىلەر قۇربان غەلى خەلىدى ۋە موللا مۇسانىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدۇ . يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى پادىشاھ سۇلتان سەئىد بابا خان باھادۇرنىڭ يارلىقى تۈپەيلىدىن مەزكۇر غارنىڭ ئەسھابۇلكەھف دەپ تونۇلۇپ كېلىنگەنلىكىنى ئېيتىدۇ . مەزكۇر خاننىڭ كۆرسەتمىسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى يۇقىرىقى ئىككى ئالىمنىڭ ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك قۇرلار بار : « خوجە ئەييۇپ موللا قامۇش ھەبىب ئوغلى كىچىك موللا بۇ ئۈچ يۈز ئۆيلۈك كىشىنى ھەزرىتى سۇلتان ئەسھابۇلكەھف قۇددۇس سەرھەمنىڭ خىزمەتچىلىرىدە بولغان سەۋەبتىن ئىنايەت شاھانە ۋە ئىلتىپات خوسرىۋانە قىلىپ ، بىرىنى چىراقچى ، بىرىنى جارۇپكەش (تازىلىقچى) ۋە بىرىنى باكاۋۇل (ئاشپەز) قىلىپ تەرخان (ئالۋان ـ ياساقتىن ئازات) قىلدۇق . ئوغلانلىرىدىن ئوغلانلارغا ۋە قىزلىرىدىن قىزلارغا تەرخان دەپ بىلسۇنلەر[16] .

مەزكۇر يارلىق (كۆرسەتمە) سەۋەبىدىن بۇرۇندىن تارتىپ غاردىن خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتقانلار غارنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىندى ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇ خىلدىكى ئورنى مىراس قالدىغان بولدى . ئۇنىڭ ۋاقتى ھىجرىيە 1078 ـ يىلىنىڭ ئاشۇر ئېيى بولۇپ ، مىلادىيە 1667 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22\23 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ . ساگۇچى تورۇنىڭ يازغانلىرىغا ئاساسلانغاندا ، سۇلتان سەئىد بابا خان باھادۇر يەركەن خانلىقىنىڭ ئىككىنچى خانى ئابدۇرەشىدنىڭ ئوغلى ئابدۇرەھىمنىڭ ئوغلى بولۇپ ، ئۇنىڭ خانلىق مۇقامىغا يەتكەن ۋاقىت 1653 ـ يىلى ، دەپ قىياس قىلىنىدۇ . ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىق دائىرىسى تۇرپان تەۋەسىدە بولۇپ ، بۇ جايدا 25 يىل ھۆكۈمران بولغان[17] . يارلىقنىڭ مىلادىيە 1667 ـ يىلىغا توغرا

كېلىدىغانلىقىنى باشقا تارىخىي ھۆججەتلەرمۇ ئەستىقلايدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا بۇ زات مازارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھەمدەمدە بولغانلىقى ۋەجىدىن «تارىخىي كاشغەرى» دە تەقۋادار مۇسۇلمان سۈپىتىدە تىلغان ئېلىنغان[18] .

بۇنىڭدىن كېيىنرەك بولغان 17 - ئەسىرگە كەلگەندە قۇربان غەلى مەخدۇمزادىنىڭ ئوغلى خوجا ئافاق ھەققىدىكى بىر ۋەقەنى خاتىرىگە ئالدى . قۇربان غەلىنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، خوجا ئافاق تۇرپانغا كەلگەندىن كېيىن غار سىرتىدا قىرىق كۈن ئىستىقامەت قىلىپتۇ[19] . ۋە مەزكۇر غارنىڭ ئەسھابۇلكەھىف غارى ئىكەنلىكىنى ، شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۇرۇش زۆرۈرلۈكى ھەققىدىكى كۆرسەتمىسىنى جاكار قىلىپتۇ . ئافاق خوجا تۇرپان ھاكىمىغا غارنىڭ كىرىش ئېغىزىغا بىر قۇببە بەرپا قىلىش ھەققىدە تەكلىپ بېرىپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن 1110 - يىلى (مىلادىيە 1698\99) بۇ قۇببە ئورنىتىلىپتۇ ھەمدە بۇ جايغا شەيخلەر تەيىنلىنىپتۇ[20] . مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان خاتىرىلەرنى موللا مۇسامۇ قەلەمگە ئالغان بولۇپ ، خوجا ئافاقنىڭ دەسلەپتە غارغا سېغىنىشنى مەنئى قىلغانلىقىنى ، غارغا كىرىپ ئىستىقامەت قىلغاندىن كېيىن :«سىزلەر ئەقىدە ئىخلاسىڭىزلەر راست ئىكەن. ئەسھابۇلكەھفنىڭ بۇ مەنزىلدە ئىكەنلىكىدە شەك - شۈبھە يوقۇر[21] دەپ جاكارلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ . بۇ بايانلار شىنجاڭدىكى ئەڭ داڭلىق ئەۋلىيا ۋە نوپۇز ساھىبىنىڭ مۇشۇ غارنى ئەسھابۇلكەھىف غارى، دەپ مۇقىملاشتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن ئالايىتەن خاتىرىگە ئېلىنغان ئىدى .

شۇنداقتىمۇ مېنىڭ بىلگەنلىرىمگە ئاساسلانغاندا، 19 - ئەسىردە يېزىلغان نەقىل كەلتۈرۈلگەن خاننىڭ ئاشۇ يارلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا 17 - ئەسىردىن 19 - ئەسىرگىچە بولغان شىنجاڭغا ئائىت تارىخىي مەنبەلەردە ، جۈملىدىن «تارىخىي رەشىدى» ، مىرزا فازىل جوراسىنىڭ يىلنامىسى «تارىخىي رەشىدى زەيلى» ، «تەزكىرەئى ئەزىزان» قاتارلىق ئەسەرلەردە تۆۋەندىكى ئەسھابۇلكەھىف غارى ھەققىدە زەررىچە خاتىرە ئۇچرىمايدۇ . شۇڭا 18 - ئەسىرگىچە بولغان ئاساسلىق تارىخىي مەنبەلەردە مەزكۇر غارنىڭ ئەسھابۇلكەھىف دەپ تونۇلغانلىقى ياكى ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە مۇقەددەس زىيارەتگاھ سۈپىتىدە كۆپلىگەن تاۋاپچىلارنى ئۆزىگە جەلىپ قىلغانلىقىنى چېلىقتۇرغىلى بولمايدۇ ، دېيىش قىلىچە ئاشۇرىۋەتكەنلىك بولمايدۇ . 19 - ئەسىردىكى ئەسەرلەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن بايانلار ۋە ھېكايەتلەر تۆۋەندىكى مازارنىڭ ئەسھابۇلكەھىف غارى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش يۈزىسىدىن پۈتۈلگەن بولسىمۇ ، ئۇلار يەنىلا بەلگىلىك نوپۇزغا ئىگە دىنىي رەھبەرلەرنىڭ ۋە ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرغۇچىلارنىڭ مۇشۇ نوقتىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىغا دەلىل بولالايدۇ . بۇ جايدا شۇنداق بىر مۇمكىنچىلىك مەۋجۇتكى ، مازارنىڭ تارىخىغا ئالاقىدار بۇ بايانلارنى مەلۇم بىر زاماندا مۇشۇ مازارغا باغلىنىشلىق بىرەر شەخس مۇشۇ مازارنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن توقۇپ چىقارغان ، ئاندىن بۇ بايانلارنىڭ كەڭ ئاۋام ئارىسىدا تارقىلىپ ئاقىۋەت زامانىمىزغىچە بولغان ئەسەرلەرگە پۈتۈلگەن .

بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا قۇربان غەلىنىڭ زامانىسىدىكى پۇلات ئىسىملىك بىر شەيخ ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ . بۇ كىشى خاننىڭ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن يارلىقىنى قولىدا ساقلاپ كەلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ شەيخلىرىنىڭ بىرەرىنىڭ ئەۋلادى بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن ئىكەن. بۇنىڭدىن شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى ، خان تەرىپىدىن

تارقىتىپ بېرىلگەن، دەپ قارىلىۋاتقان ئاشۇ يارلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقى پۈلاتنىڭ 19 - ئەسىردە مازارنىڭ شەيخلىق ئورنىغا ئىزچىل تۈردە نائىل بولالىشىغا دەستەك بولۇپ بەرگەن . قۇربان غەلىنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا ، 1303 - يىلى (مىلادىيە 1885\1886) مازارنىڭ شەيخلىرى ئارىسىدا بىر قېتىملىق تالاش- تارتىش بولۇپ ئۆتكەن ھەمدە ۋەخپە كىرىمىدىن 17 شەيخ بەھرىمەن بولۇشقا كېلىشكەن . پۈلات ئۆزىنىڭ رەئىس ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ يۇرۇپ ۋەخپە كىرىمىنىڭ يېرىمىنى ئۆزىگە بېرىشنى تەلەپ قىلغان[22]. خان تارقاتقان ئاشۇ يارلىقنىڭ شۇ قېتىملىق جېدەلدە «دەلىل» سۈپىتىدە ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئىشلىتىلگەنلىكى ھەمدە 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مەزكۇر شەيخنىڭ باش شەيخلىك ئورنىنىڭ قانۇنلۇق ئىسپاتى بولۇپ قېلىشى ئەقىلگە تامامەن سىغىدۇ .

19-ئەسىردىكى ئىشلارنىڭ داۋامى سۈپىتىدە راھىلە داۋۇت لۈكچۈن خوجىسى ۋە تۇرپاننىڭ ھۆكۈمدارى بولغان ئىمىن غوجا زامانىسىدا[23]. مازار قۇرۇلۇشىنىڭ تاماملانغانلىقىنى، ئىمىن خوجىنىڭ ۋەخپە سۈپىتىدە بىر قىسىم يەر - زېمىن ھەدىيە قىلىشتىن سىرت، تولۇق مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغان خىزمەتچىلەرنى، جۈملىدىن مۆتىۋەللى ، ئىككى ياكى ئۈچ شەيخ، چىراغچى، جارۇپكەش، باكاۋۇل ۋە بىر هوشۇرچى (ھېساۋاتچى) تەيىنلىگەنلىكىنى ، ئات، قوي ۋە كالا قاتارلىق جاندارلارنى يىلدا ھەدىيە قىلىپ تۇرۇش، تۈيۈق مازىرىدا جۈمە نامىزى ئوقۇش، مازارنىڭ دىنىي خىزمەتچىلىرى بىلەن مەشغۇلات بولغان سۇفىلارغا ماددىي ياردەم بېرىش قاتارلىق مەزمۇنلارنىڭمۇ ئاشۇ قېتىم جاكالانغانلىقىنى يازىدۇ[24]. ئەمما بۇ بايانلارنىڭ كېلىش مەنبەسى بولمىغانلىقتىن ئۇلارغا ئىشەنچلىك تارىخىي پاكىت سۈپىتىدە قاراشقا ئىلاجىسىزمىز .

نېمىلا بولمىسۇن، چىك سۇلالىسىنىڭ بۇ زېمىننى بىرلىككە كەلتۈرۈشى بىلەن ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىكى لۈكچۈننى مەركەز قىلغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ( ئېيتىلىشىچە ، تۇرپان قوماندانلىق شتابىدىكى سەركەردىلەر چىك سۇلالىسى تەرىپىدىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن مۇھىم مەنسەپلەرگە تەيىنلەنگەن ئىدى[25] . مەزكۇر مازارنىڭ مۇھىملىقىنى ئاشۇرغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا يەر ۋە باشقا ۋەخپە مۈلۈكلىرىنى ھەدىيە قىلغانلىقى ھەققىدىكى مۆمكىنچىلىكلەرنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ . قۇربان غەلىنىڭ يېزىشىچە ، 1220 - يىلى (مىلادىيە 1805\1806- يىلى ) ئىمىن خوجىنىڭ ئوغلى فەرىدىن خوجا[26]. تاۋابچىلارنى كۆزدە تۇتۇپ مازارغا قوشۇمچە قىلىپ بىر خانىقا ۋە مەسچىد بىنا قىلغان[27]. شۇڭا چىك سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان 1216 - يىلى (مىلادىيە 1801\1802 - يىلى ) تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئالىپ مازىرىنىڭ قايتا ياسالغانلىقىنى[28]، ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچىنىڭ تۇرپاننىڭ لەشكىرىي سەردارلىرىدىن ئىسكەندەر بەگ [29]. ئىسىملىك كىشى ئىكەنلىكىنى ، شۇنداقلا بۇ مەقبەرەنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە تۇرپاننىڭ باش لەشكىرىي سەردارىنىڭ دەپنە قىلىنىغان جايى سۈپىتىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغانلىقىنى [30]. نەزەردە تۇتقاندا ، تۈيۈقتىكى مازار تۇرپاندىكى باش لەشكىرىي سەردارنىڭ ماددىي ياردىمىگە نائىل بولغان ۋە مازارغا ئائىت ئىشلار يۈرۈشتۈرۈلگەن بولسا ئۇ ھالدا بۇنىڭغا ھېچقانداق ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجەتسىزلىكى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ .

ئەمما بۇ مازار تۇرپاندىكى ئاساسلىق مازارلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەنلىكتىن ئالىپ ئاتا مازىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇنى بىرەر ئۇلۇغ دىنىي نوپۇز ساھىبىنىڭ مازىرى ، دەپ قاراشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ .

2. 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغانلىرى

19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا سىرت جايلاردىن تۇرپانغا زىيارەتكە كەلگەن ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ قەلىمى ئاستىدا مەزكۇر مازارغا ئائىت تەپسىلىي بايانلار كېلىشكە باشلىدى . بولۇپمۇ قۇربان غەلى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ئەسىرىدە بۇ ھەقتە ئالاھىدە توختىلىدۇ[31]. يەتتىسۇ ۋادىسىدىن كېلىپ شىمالىي شىنجاڭدىكى چۆچەك (تارباغاتاي) تە تۇرۇپ قالغان تاتار مۇئەللىپى مەزكۇر مازار ھەققىدىكى مۇشۇنچىۋالا زور دەرىجىدىكى خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكى ئۇز زامانىسىدا بۇ مازارنىڭ پەۋقۇلئاددە زىيارەت نۇقتىسى بولۇپ سانىلىدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر[32]. «تارىخىي ئەمىنىيە» نىڭ ئاپتورى موللا مۇسا سايرامى كۇچانىڭ غەربىدىكى سايرام يېزىسىدىن بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەسىرىدىكى مازارغا ئائىت بايانلار مەزكۇر مازارنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ سىرتىدىكى خەلقلەر ئۇچۇنمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە تونۇشلۇق ئىكەنلىكىنى تەستىقلايدۇ.

مازارغا ئائىت بايانلار ئىچىدە مۇشۇ ۋاقىتلاردىن ئاۋالقى مەزگىللەرگە مەنسۇپلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ ئۇنىڭ تۇرپاننىڭ سىرتىدىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتالىغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇنراق بولغان 1844- يىلى يېزىلغان[33] دەپ قارىلىدىغان مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ ئەسىرىدە تۈۋۈقتىكى غار ھەققىدە ھېچقانداق خاتىرە كۆزگە چېلىقمايدۇ. بۇ ھال مۇشۇنداق بىر قۇرۇلمىغا ئىگە رىۋايەت ھەققىدىكى بۇ ئەسەرنىڭ مۇئەييەن بىر مۇددەتتا ئۇچۇن يېزىلغانلىقىنى، شۇنداقلا مەزكۇر مازارنىڭ شۇنچە يىراق جايدىكى قەشقەر بوستانلىقىدا ياشاۋاتقان مۇئەللىپ ئۇچۇنمۇ مۇھىم دىنىي ھادىسىلەردىن بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنە بىر نۇقتىدىن ئالغاندا، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى مەزكۇر رايونىنى زىيارەت قىلغان ياۋروپالىقلار كۆپلىگەن خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. شۇلاردىن 1907 - يىلى تۇرپان ئويمانلىقىدىن كېسىپ ئۆتكەن سەيياھ مانىنېرخېيم مۇنداق بايانلارنى كەلتۈرىدۇ :

« بۈگۈن تاڭ سەھەردە كەنتنىڭ شىمالىي تاغ باغرىغا جايلاشقان «يەتتە قېرىنداش مازىرى» نى زىيارەت قىلدۇق ، ئېيتىلىشىچە، بۇ كىشىلەر ياتقان غارنىڭ ئىشىكىنى رەخت بىلەن ئوراپ قويۇلغان بىر ئىت ساقلايدىغان بولۇپ ، ئۇ زاتلار مەڭگۈلۈك ئۇيقۇدا ئىكەن . بۇ جايدا گىلەملەر ، تۈرلۈك توغ-بايراقلار ۋە لاتا - پۇتلار بىلەن ئوبدانلا بېزەلگەن بىر مەسچىتتىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى . كىرىش ئېغىزىنىڭ ئۇدۇلىدا ياغاچ توساق بولۇپ ئۇنىڭ ئارقىسى مەقبەرىگە كىرىش ئېغىزى ئىدى . ئۇنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئېسىلغان پەردىلەرنىڭ يوشۇرۇپ تۇرغانلىقىنى قىياس قىلماق قىيىن ئەمەس ئىدى. موللىلاردىن بىرى پەردىنىڭ يېنىدا بار ئاۋازى بىلەن قىرائەت قىلىۋاتقان بولۇپ ، پەردىكى كۆتۈرۈلۈۋاتقان قىياپەتتىكى ئىتنىڭ رەڭدار قۇيرۇقىنى كۆرۈشكە بولاتتى[34].

نامىنىڭ «يەتتە قېرىنداش مازىرى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ۋە ئىتنىڭ بىللە تىلغا

ئېلىنىشى ، شۇنداقلا ئۇنىڭ گىلەملەر ۋە تۇغ-بايراقلار بىلەن بېزىلىشىدىن قارىغاندا بۇنىڭ ئەسھابۇلكەھف مازىرىنى كۆرسىتىغانلىقى ئېنىق، ئالدىنقى بەتلەردە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك مانىنېرخېيمنىڭ توپلىغان ماتېرىياللىرى ئىچىدە «تۇيۇقتىكى يەتتە قېرىنداش مەقبەرىسىنىڭ تەزكىرىسى» بولۇپ ، مەزمۇن جەھەتتە ئەسھابۇلكەھف رىۋايىتىگە ئوخشايدىغان بۇ ماتېرىيال ئاشكارا نەشر قىلىنغان(35) . مانىنېرخېيمنىڭ ئالايىتەن مەزكۇر مازارنى زىيارەت قىلىپ ، ئۆز ساياھەتنامىسىدا بۇ ھەقتە مەخسۇس بايانلارنى كەلتۈرۈشتىن سىرت، مۇشۇ غارغا ئائىت رىۋايەت خاتىرلەنگەن قولىيازمىنى ئالغاچ كېتىشىدىن قارىغاندا مەزكۇر غارنىڭ يەرلىك كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىكى پەۋقۇلئاددە ئورنىنىڭ ياۋروپالىقلاردىمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ .

ئەمما مەزكۇر مازارنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى تۇرپان ئۇيمانلىقىنىڭ ئاھالىسى ئۈچۈن مۇتلەق ۋە پەۋقۇلئاددە ئورۇن تۇتقان - تۇتمىغانلىقى ھەققىدىكى مەسىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قاراپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ . 1892 - يىلى لۈكچۈندىكى مازارلار ھەققىدە روسىيە شەرقشۇناس ن.ز. كاتانوۋ مەخسۇس خاتىرە قالدۇرغان بولۇپ، شۇلار قاتارىدا ئەسھابۇلكەھف مازىرىمۇ مۇنداقلا تىلغا ئېلىنىپ ئۆتىدۇ :

" تۇيۇقتا ئەسھابۇلكەھف ۋە مەشەت خوجام دېيىلىدىغان ئىككى مازار بار . ياڭخىيدا بىر مازار بار ، ياڭخى كارىزدىمۇ تاللىق غوجام دەيدىغان بىر مازار بار . قارا غوجىدا ئات باغلىغۇچ دەيدىغان بىر مازار بار . ئېيتىلىشىچە ، بۇ يەردە ھەزرەتى ئاپپاق خوجىنىڭ ئېتى نۇر چاچقانمىش . مۇرتۇقتا بىر مازار بولۇپ، موللا بولۇشنى خالىغۇچىلار مۇرتۇق غوجام دەپ ئاتىلىدىغان مۇشۇ مازارنى زىيارەت قىلىدۇ. بۇ جايدا مۇرتۇق غوجام مىنگەن ئاتنىڭ تاشقا بېسىلغان ئىزى مۆھۈردەك ساقلىنىپ كەلمەكتە. يەنە كېلىپ بۇ جايدا ئۇنىڭ بەزى نەرسىلىرى قالغان ئىكەن . جۈملىدىن بۇ جايدا تاشقا ئايلىنىپ قالغان بىر تاۋۇز بار ئىكەن ..... ئاستانىدا ئالىپ ئاتا غوجام نامىدىكى بىر مازار بار . تاڭ سۇلالىسى خانى زامانىسىدا ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن ئالىپ ئاتا غوجام دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشۇپ، 18 يېشىدا قارا غوجا شەھىرىنى پەتھى قىلغان ئىكەن. قارا غوجىدا ئۇ ئىشلەتكەن جىنچىراق ساقلىنىۋاتقان بولۇپ ، ئۇ زاتنىڭ ئۆزى ئاستانىدا ۋاپات تاپقان ئىكەن" (36).

بۇ بايانلاردا ئالىپ ئاتا مازىرى خېلىلا تەپسىلىي بايان بولۇپ، باشقا تارىخىي ئەسەرلەردىمۇ 17 - ئەسىردىكى مۇھىم مازار سۈپىتىدە كۆزگە چېلىقىدۇ . پاكىتلارنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ كىشى ئۆز زامانىسىدىكى قەشقەر خوجىلىرىدىن بولغان خوجا ئىسھاق ۋەلى تۇرپانغا ئەۋەتكەن بىر كىشى بىلەن ئۆچەكىشىپ قالغان(37) . ئۇنىڭدىن سىرت ، يۇقىرىقى بايانىدا مۇرتۇق غوجام ھەققىدىكى كونكرېت تەپسىلاتلار بېرىلگەن بولۇپ ، شۇلارنىڭ ئىچىدىكى «تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن تاۋۇز» ھەققىدىكى ھېكايە كىشىنى ئالاھىدە دەرىجىدە ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ . 1996 - يىلى ئىيۇلدا بىز مازارنى زىيارەت قىلغىنىمىزدا شەكلى تاۋۇزغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر تاشنىڭ مازاردىكى ئالاھىدە بىر مۆجىزات سۈپىتىدە ساقلىنىۋاتقانلىقىنى چېلىقتۇرغان ئىدۇق(38) . ئۇنىڭغا قارىغاندا ئەسھابۇلكەھف مازىرى پەقەت نامى بويىچىلا تىلغا ئېلىنغان . يۇقىرىقى خاتىرىدە ئەكس ئەتكەن بۇ خىل يۈزلىنىش كىشىلەرنىڭ ھەر قايسى مازارلارغا بولغان ئۆزىگە خاس ھۆرمەت دەرىجىسىنىڭ ئىنكاسى بولسىمۇ ، 19 -

ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى تۇرپان ئاھالىسىنىڭ نەزەرىدە تۈيۈقتىكى مازار تۇرپاندىكى باشقا ئاساسلىق مازارلارغا قارىغاندا ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان دەرىجىدىكى ئۆزگىچە دىنىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ، دەپ خۇلاسە چىقىرىشقا تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ .

### Ⅲ ئەسھابۇلكەھىف مازىرىنىڭ تارىخىي ھەقىقىتى

#### 1. زىيارەتگاھ سۈپىتىدىكى مازارغا ئائىت تەپسىلاتلار

موللا مۇسا سايرامى 1908 - يىلى تاماملىغان «تارىخىي ھەمىدى» دە شۇ زاماندىكى ئەسھابۇلكەھىف مازىرى ھەققىدە مۇنداق تەپسىلى بايانلار بېرىلىدۇ :

" بەزىلەر خۇداۋەندە كېرىمنىڭ ئۆز كالامىدا ئەسھابۇلكەھفنىڭ غارى ھەققىدە چۈشۈرگەن ئايەتلىرى دەل تۈيۈقتىكى بۇ غارغا مۇۋاپىق، دەپ ھېساپلاپ، پۈتۈن مۇغۇلىستان، بەلكى فەرغانە ، تۈركىستان ، ھىندىستان قاتارلىق تۆت - بەش ئايلىق يولدىن نەزىر ۋە ھەدىيىلەر بىلەن كېلىپ زىيارەت قىلىپ يانىدۇ. بۇ يەرنىڭ شەيخلىرى زىيارەتكە بارغانلارنى ھەر تۈرلۈك ھىلە - نەيرەڭلەرنى كۆرسىتىپ بۇ يەردە ئاتتىن چۈشىدۇ، بۇ يەردە ناماز ئوقۇيدۇ بۇ يەردە تاۋاپ قىلىدۇ دەپ گويا بۇ يەرنى ھەرەم شېرىپتەك كۆرسىتىپ ۋە شۇ جايدىكى قائىدىلەر بويىچە تەلىم بەرگەن بولۇپ ، ھىلە - مىكىر بىلەن ئۇلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىۋالىدۇ . ھەتتا بەزىلەر ھەرەم شېرىپكە بېرىشقا ئاجىزلىق قىلغان تەقدىردە ، ئۇشبۇ ئەسھابۇلكەھفكە بىر قېتىم كېلىپ زىيارەت قىلسا، يېرىم ھاجىلىق ئادا بولغان بولىدۇ دەپمۇ ئەقىدە قىلىدۇ. ئەسھابۇلكەھف ئورۇنلاشقان جاي ئېگىز بىر تاغ بولۇپ، بۇ جايغا نەچچە - نەچچە شوتا بويى پەلەمپەي بىلەن چىقىدۇ. تاغنىڭ ئۈستىدە بىر قانچە ھوجرا، ئايۋان، راۋاقچە، مەسجىد، مېھراپ، مۇنبەر ۋە دۇئا قىلىدىغان جايلار بار، ئەتراپىدىمۇ كۆپ ئۆيلەر بار. بۇ مازارنىڭ خادىملىرى سېكونت قىلىپ ۋەخپە ئەۋقاپلىرىنى يەپ - ئىچىپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ مازارنىڭ شەيخلىرى ئۈچ يۈز ئۆيلۈكتىن ئارتۇق. بۇرۇن مۇسۇلمان خانلار ۋە ھاكىمى ۋىلايەتلەر، ئەمىرالارمۇ ئادەمگەرچىلىك ۋە خەيرىيات ئۈچۈن بىر مۇنچە ۋەخپە ئەۋقاپلارنى بەرگەن ئىدى. دەقيانۇسنىڭ شەھرى ۋە تەختىگاھىمۇ ئۇشبۇ تۇرپان تەۋەسىدە ئىكەن. ئەسھابۇلكەھف بولسا دەل مۇشۇ غاردا ئۇخلايدۇ دەپ مۆلچەرلەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن" [39].

ئاپتورنىڭ مۇشۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى قىياس قىلىش بىلەن بىرگە 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى تۈيۈق مازىرىنىڭ زور ۋە ئاۋات مازار بولغانلىقىنى تەخمىنەن قىلىشقا بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىنى تەكىتلەپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپىمەن.

بىرىنچى، مەزكۇر مازارغا تاۋاپقا كەلگۈچىلەر تۇرپان ئويمانلىقى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىنمۇ كېلىدىغانلار بولغان. بۇ نۇقتا 1910 - يىلى تۇرپاندا تۇرغان ۋە مەزكۇر مازارنى زىيارەت قىلغان ئالبېرت ۋون لېكوكنىڭ بايانلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ :

ئوڭ تەرەپتە " ئۇيقۇدىكى يەتتە زاتنىڭ قەدەم جايى " (ئەسھابۇلكەھف) دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەسجىد بولۇپ ، يېقىنقى زامانلاردا بىنا قىلىنغاندەك قىلاتتى . مەن مەسجىدنى زىيارەت قىلىپ چىققاندىن كېيىن بۇ مەسجىدنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تاغقا بىر قەدىمىي ئىبادەتگاھنىڭ قېزىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم .

بۇ يەردىمۇ خۇددى باشقا جايلاردىكىگە ئوخشاشلا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىش بىلەن تەڭلا شۇ يەرگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە قەدىمىي مۇقەددەس جايلارنىڭ ئىسلامغا ئورۇن بوشاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى . بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا بۇ هال مۇسۇلمانلارغا ئانچە قىيىن چۈشمىگەن، چۈنكى" ئۈيغۇدىكى يەتتە زات " (ئەسهابۇلكەهىق) رىۋايىتى ئۇلارغا بەكلا تونۇشلۇق ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇ بولدىكى، ماڭا ئاشۇ قەدىمىي تاۋاپ غارىغا كىرىشكە ئىجازەت قىلىشمىدى. غارنىڭ كىرىش ئېغىزى هېساپسىز تۇغ-بايراقلار بىلەن تىندۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، بۇ بايراقلارنىڭ ياقۇببەگ قوشۇنىدىكىلەر ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 - ۋە 70 - يىللىرى تۇڭگان ئىسيانچىلىرىدىن ئولجا ئالغان ئىكەن.

بۇ پاناهگاهنى پۈتكۈل رايوندىكىلەر، هەتتا هىندىستان ۋە ئەرەبىستان قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن تاۋاپچىلار زىيارەت قىلىپ تۇرىدىغان بولۇپ، بۇ هالنى بۈگۈنكى كۈندىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. دەرۋەقە، هىندىستاندىن كەلگەن ئەسەبىي هەم كالۋا بىر تاۋاپچى مەندىن ئۆزىنىڭ قايتىشىغا ياردەم قىلىشىمنى ئۆتۈنۈپ تۇرىۋالغانلىقتىن ئاخىرى بولماي لۈكچۈن ۋاڭنى ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇشقا ياردەملىشىش ئىشىغا شېرىك بولۇشقا كۆندۈردۈم .

" ئۈيقۇدىكى يەتتە زات " (ئەسهابۇلكەهىق) مەسجىدى قاراغوجىغا يېقىن بولغانلىقتىن"ئېفسۇس Ephesus" نامىنىڭ ئەرەب - تۈرك تىللىرىدىكى" Apsus"شەكلى مۇشۇ قەدىمىي شەهەرگە قويۇلغان ئىكەن[40].

هىندىستانلىق تاۋاپچىنىڭ ئەسەبىيلىكى ۋە لې كوكنىڭ ئۇنى لۈكچۈن خوجىسى[41] ئارقىلىق ئۇزىتىپ قويغانلىقى هەققىدىكى ئىشلار موللا موسا سايرامىنىڭ بايانلىرى بىلەن ئۆز ئارا ماس كېلىدۇ. بۇ ئىشلار راست بولغان هالەتتىمۇ، خۇددى ئالدىدىراق قاراپ چىققىنىمىزدەك 19 - ئەسىردە مەزكۇر مازار تۇرپانلىقلار ئۈچۈن قانداقتۇر روشەن ئەهمىيەتكە، ئۇنىڭ قەدىمىيلىكىگە بولغان هۆرمەتكە ۋە دىنىي نوپۇزغا ئىگە بولۇپ كەتمىگەن بولسا كېرەك. شۈبهىسىزكى، ئەڭ كېچىككەندىمۇ 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى بۇ مازار دىنىي ئۇلۇغلاش دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى مەۋجۇدات بولۇشتىن خوشلاشقان ۋە دىنىي مۇقەددەسلىك بىلەن يۇغۇرۇلغان مۇئەييەن جۇغراپىيەلىك دائىرىنى شەكىللەندۈرگەن .

ئىككىنچى، زور ساندىكى تاۋاپچىلارنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرۇشى ئارقىسىدا بۇ جايدا خېلىلا زور كۆلەمگە ئىگە قۇرۇلۇشلارنىڭ روياپقا چىققانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. تۇرپان لەشكىرىي سەردارىنىڭ بۇ جايدا مەسجىد ۋە خانىقا بىنا قىلغانلىقى هەققىدىكى بايانلارنىڭ مىش - مىش پاراڭ كەبى مەۋجۇتلۇقىنى يۇقىرىدا نەزەرىدىن ئۆتكۈزدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا پاكىت سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا تۇرغىنى شۇكى، تاۋاپ يولى ئۈچۈن بۇ جايغا تۇتىشىدىغان قىلىپ مەلۇم ئېگىزلىكتە پەشتاق ياسالغان[42].

ئۈچىنچى، مەزكۇر مازار كىشى هەيران قالغۇدەك دەرىجىدىكى دىنىي نوپۇزغا مۇيەسسەر بولغان. بۇ نۇقتا موللا مۇسا سايرامىنىڭ بايانلىرىدا كۆزگە چېلىقىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە شۇ زاماندىكى تاۋاپچىلارنىڭ نەزەرىدە مەزكۇر مازار مۇقەددەسلىكتە مەككە بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرغان هەمدە ئۇنى ئىككى قېتىم تاۋاپ قىلسا بىر قېتىم مەككىگە بېرىپ هەج پەرزىنى ئادا قىلغانغا باراۋەر دەپ قارالغان . تۇيۇق غارىنىڭ شۇنچە يۈكسەك مەنىۋى قىممەتكە ئىگە بولۇشى مەزكۇر مازارنىڭ دىنىي مۇقەددەس ماكان بولغانلىقىدىن

ئەمەس، بەلكى"ئەسھابۇلكەھىف " مازىرى ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ قۇرئاندا زىكرى قىلىنىشىدىن ئىدى. شۇنداقلا ئومۇمىيلىق مەنىسىدىكى ۋە يۈكسەك سەۋىيىدىكى دىنىي جەلپكارلىق بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ نەزەرىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن دىنىي نۇپۇزنى كەڭ جۇغراپىيەلىك دائىرىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىدى.

تۆتىنچى، تاۋاپچىلارنىڭ ھەرىكىتى تاۋاپ يولىنىڭ ھەر بىر باسقۇچىدىكى شەيخلەر بەلگىلەپ بېرىدىغان مەخسۇس تەرتىپ ۋە ئۇلار كەلتۈرىدىغان مۇراسىملارغا ماس ھالدا يۈرگۈزۈلگەن. قۇربان غەلى مەزكۇر جاينى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن بۇ ھەقتە مەخسۇس خاتىرە قالدۇرغان: ئۇ ئالدى بىلەن غارنىڭ تۆۋىنىدىكى"جايى مۇقەددەس" تە ئاتتىن چۈشكەن ۋە غۇسلى قىلغاندىن كېيىن غارغا قاراپ قەدەم ئالغان. بۇ چاغدا مازارغا قارايدىغان شەيخ تۆۋەندىكى غار يېنىغا جايلاشقان ئۆينىڭ يېنىدىكى ئىشىكنى تاقىۋالغان ھەمدە قۇربان ئەلى تاۋاپ يولىغا تۇتىشىدىغان ئىشىكتىن ئۆتۈشىگىلا ئۇنىمۇ تاقىۋالغان. ئۇنىڭ قەدىمى غارنىڭ كىرىش ئېغىزىغا چاپلاپ سېلىنغان ئۆيگە يەتكەندە بۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنىمۇ تاقاقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرگەن قۇربان ئەلى غارغا بولغان ھۆرمەت ھەققىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان[43]. غارنىڭ كىرىش ئېغىزىنى يېپىپ تۇرغان يىپەك پەردە كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇ قۇرئان سۈرىلىرىدىن قىرائەت قىلغاچ ئۆز ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن ھەمدە ئۆزى ئالغاچ كەلگەن سوۋغىلىرىنى شەيخكە سۇنغان. غاردىكى ئىبادەتنى تامام قىلغاندىن كېيىن ئۇ بۇ ئۆيدىن ئايرىلغان ھەمدە ئۇنىڭ تەرەپتىكى"قەدەم جايى چاھار يار " [44]. سارىيىنى ۋە سول تەرەپتىكى ئافاق خوجىنىڭ قەدەم جايى جايلاشقان كىچىك گۈمبەزنى زىيارەت قىلغان، شۇنداقلا بۇ جايلاردا قايتىلاپ قىرائەت قىلغان[45].

بۇ بايانلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭ بولىدۇكى ، تاۋاپ يولى ۋە تاۋاپ ھوجرىلىرى مەخسۇس ئىشىك ئارقىلىق قوغدالغان ۋە پەشتاقلار ئارقىلىق قاتتىق باشقۇرۇلغان، زىيارەتچىلەر بۇ پەشتاقلاردىن ئۆتكىچە تېگىشلىك قائىدە - يوسۇنلارنى بىجا كەلتۈرگەن، شۇنداقلا بۇ تەرتىپ - قائىدىلەر خوجا ئافاقنىڭ زىيارەت ئىزناسى ۋە باشقا ئالاقىدار رىۋايەتلىك ئىزنالار بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. تاۋاپ يولىدىكى قۇلۇپلۇق بىر نەچچە ئىشىكنىڭ مەۋجۇتلۇقى تاۋاپچىلارغا مازارنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان غارنىڭ ئالاھىدە دەرىجىدىكى مۇقەددەس جاي ئىكەنلىكىدەك دىنىي نوپۇزنى ۋە ئۇنىڭ خالىغانلار ئادەم كىرىپ كېتىۋېرىدىغان جاي ئەمەسلىكىنى روشەن ئەسكەرتىپ تۇرغۇچى ماددىي ۋاستىلار ئىدى . شەيخلەرنىڭ ئىشكلەرنى ئېچىپ قويۇشى بولسا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس يوسۇندا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان پەۋقۇلئاددە دىنىي ئىمتىيازىغا ئاساسەن تاۋاپچىلارغا غارغا يېقىنلىشىش پۇرسىتى ئۇچۇن ئىجازەت قىلغىنى بولۇپ ھېسابلىناتتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاشۇ ئەسلىھەلەر ۋە تاۋاپ تەرتىپلىرىنىڭ بەرپا قىلىنىشى مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا مازارنىڭ ئەسھابۇلكەھىف غارى بولۇشتەك دىنىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قۇۋۋەتلەش بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرىكىپ كەتكەن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، 20 - ئەسىرنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن مەزكۇر مازارنىڭ"ئەسھابۇلكەھىف "نىڭ غارى بولۇشتەك نوپۇزى بىلەن كەڭ دائىرىدىكى زىيارەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان دىنىي نۇقتا بولۇپ قالغانلىقىغا قىل سىغماس ھالەت

شەكىللەندى. بۇ خىلدىكى دىنىي نوپۇزنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى بولسا ھەرگىزمۇ مەزكۇر مازارنىڭ نام ـ شۆھرەت بابىدىكى تەبىئىي ئۆسۈپ بارغان ھالىتىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس ئىدى. بۇ مازارنىڭ بۇ خىلدىكى ئۆسۈپ بارغان نوپۇزنىڭ يوشۇرۇن سەۋەبلىرىنى مازارغا چېتىشلىق غەرەزلىك يۈسۈندىكى ئاشۇرما سۆپەتلەشلەر ھەمدە تاۋاپ جەريانىدىكى يۈسۈن ۋە قائىدىلەرنىڭ زىيادە مونوپول قىلىنىشىدىن، دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ تېخىمۇ مۇھىم يوشۇرۇن سەۋەبلىرىدىن بىرى سۆپىتىدە مازار بىلەن ئالاقىدار بولغان سىياسىي قۇدرەتنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ .

## 2. سىياسىي ئامىللار

ئىمىن خوجا دەۋرىدە مازارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلغان ۋە ماددىي جەھەتتە ھەمدەمدە بولغان دېگەندەك مىش ـ مىش پاراڭلار مەۋجۇت بولسىمۇ، 17 ـ ئەسىردىكى تۇرپان خانىنىڭ مەزكۇر مازارنى قانۇنىي جەھەتتىن ئېتىراپ قىلغانلىقىغا ئائىت بىۋاسىتە ھۆججەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىنكار قىلىنسا، بۇ مازار بىلەن سىياسىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەپسىلىي مۇناسىۋەتلەرنى يېشىپ بېرىشكە ئىلاج بولماي قالىدۇ. ئەمما 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئەھۋاللار بىلەن باغلاپ قارىغاندا شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىنكى، بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللار ئانچە تولۇق بولۇپ كەتمىسىمۇ بۇ خىلدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بىر قىسمىنىڭ 1864 ـ يىلى كۆتۈرۈلگەن مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى زامانىسىدىكى تۇرپان ھۆكۈمدارلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. گرېنارد ۋە باشقىلار توپلىغان «بەگ قۇلى بەگ قوشىقى» دا مۇنداق مىسرالار كۆزگە چېلىقىدۇ:

تۇرپان يولىدا ماڭغانلارنىڭ قەدىمىدىن گۈل ئۈندى ،
تۇرپاندىكى تۆرەمگە* ئەسھابۇلكەھىف يار بولدى ،
گۇمادىدا جەڭ بولۇپ نەۋكەر سۇغا زار بولدى ،
قارا يۈزلۈك نىياز بەگ بەدەۋلەتنى جايلىدى** ،
يازنىڭ ئۇشبۇ كۈنىدە بەدەۋلەت كېتىپ قالدى ،
جېنى تاتلىق بەگ بەچچە*** ئارقىدىن بەدەر قاچتى ،
ئامبال باشلىغان قوشۇن بەچىندىن **** كېلىپ قالدى[46] ،

.........................

(* ئىخچام ئىزاھ ـ ھاكىم ـ خان تۆرە؛ ** يەنى زەھەر بېرىپ ئۆلتۈردى؛ ***بەگ قۇلى بەگ؛**** بېيجىڭ)

بۇ قوشاقلاردىن بەگقۇلى بەگ (بەگ بەچچە) نىڭ ياقۇپبەگنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ نامى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغانلىقىنى[47] ، ياقۇپبەگنىڭ «بەدەۋلەت» دېگەن نامدا ئاتالغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇنىڭ ياقۇببەگ دەۋر سۈرگەن زاماندىكى ۋەقەلەرنىڭ دەلىلى ھەققىدىكى قوشاق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. بۇنىڭدا ياقۇببەگ زامانىسىدىكى ئىشلار، جۈملىدىن ياقۇپبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرپاندىكى ئەھۋالى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە قوشۇن ئەۋەتىشى، ئۇلارنىڭ ياقۇپبەگ تۇتۇپ تۇرغان تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئۈرۈمچى، گۇمادى ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرۇشى، نەتىجىدە ياقۇببەگنىڭ كورلىدا ئۆلگەنلىكى قاتارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن[48] . ئۇنىڭدا يەنە ياقۇپبەگ تەرىپىدىن[49] ، تۇرپاننىڭ

ھاكىملىقىغا تەيىنلەنگەن ھاكىمخان تۆرىگە ئەسھابۇلكەھفنىڭ يار بولغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ھال بەلكىم مەزكۇر مازارنىڭ ھاكىم خان تۆرىنى مەلۇم جەھەتلەردە يۆلىگەنلىكىنى كۆرسەتسە كېرەك. بۇنىڭ پەقەتلا بىر نەچچە كۇپلېت خەلق قوشىقى ئىكەنلىكى ئېنىق، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەقىقى تارىخىي پاكىتلارنى قانچىلىك دەرىجىدە ئەينەن ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلەيدىغانلىقىغا بىر نەرسە دېمەك قىيىن. ئەمما شۇ نەرسە ئېنىقكى، مۇشۇ قوشاق ئىجاد بولغان 1890 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مۇشۇ مازار تۇرپاندىكى ئاساسلىق مازار بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ نەزەرىدە قۇدرەتلىك دىنىي نوپۇزغا ۋە تۇرپان ھۆكۈمرانلىرى بىلەن بەلگىلىك مۇناسىۋەتكە ئىگە بولغان. رېئال ئەھۋال سۈپىتىدە لېكوك بىزگە " غارنىڭ كىرىش ئېغىزى ھېسابسىز بايراقلار بىلەن تىندۇرىۋېتىلگەن بولۇپ، بۇ بايراقلارنى ياقۇپبەگ قوشۇنىدىكىلەر ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 - ۋە 70 - يىللىرى تۇڭگان ئىسيانچىلىرىدىن ئولجا ئالغان ئىكەن " دېگەنلەرنى ئەسكەرتىدۇ. بۇ بايانلار ئۆز نۆۋىتىدە ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ تۇرپاننى ئىستېلا قىلغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا بۇ مازارغا نىسبەتەن دوستانە مۇئامىلىدە بولغانلىقىنى قىياس قىلىشىمىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ .

مازارنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكىدىلەرگە ئۇلارنى يۆلەش ئارقىلىق يېقىنلاشقانلىقىنى رېئاللىق سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ سىياسى مۇھىت مالىمانلاشقاندا ۋە مۇشۇ رايوننى ئۆز تەسەررۇپىدا تۇتۇپ تۇرغان ھاكىمىيەت ساھىبلىرى توختىماستىن ئالمىشىپ تۇرغاندا[50] ، مازارنىڭ شەيخلىرى تۇرپان رايونىغا كىرىپ كەلگەن ياقۇپبەگ قوشۇنىنىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچى ئالدىدا ئۆز دىنىي مۇئەسسەلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ يېڭى ھاكىمىيەتكە نىسبەتەن ھەمكارلىق مۇئامىلىسىدە بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېڭىدىن قۇرۇلغان ۋە تۇرپاندا ئۆز يارلىقىنى جارى قىلدۇرىۋاتقان ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ يەرلىك خەلقلەرنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈمىدىدە زور دىنىي نوپۇزغا ئىگە مەزكۇر مازار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ .

بۇ يەردىكى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىگە دائىر يەنە بىر ئەھۋال شۇكى، مەزكۇر ھاكىمىيەت مۇسۇلمانلار ھاكىمىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەشقەر ۋە باشقا جايلاردا ئاساسلىق مازارلارغا قارىتا مەقبەرىلەرنى رېمونت قىلىش ، ۋەخپە يەر ھەدىيە قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇلارغا ياردەم بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويغان. ئافاق خوجا مازىرى، سۇتۇق بۇغرا خان مازىرى ۋە باشقا مازارلارنىڭ دەل مۇشۇ مەزگىللەردە زور كۆلەمدە قايتا ياسالغانلىقى ھەممىگە تونۇشلۇق پاكىتلاردىن سانىلىدۇ[51] . شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى تۇرپاندىكى " ئەسھابۇل كەھف " دەپ قارىلىۋاتقان بىر مازارغا ئۆز ھۆرمىتىنى بىلدۈرگەن ھالەتتىمۇ بۇنىڭ قىلچە ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. تېخىمۇ مۇھىمى شىنجاڭدا بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەت بەرپا قىلماقچى بولغان ياقۇپبەگنىڭ ھىيلە - نەيرەڭ بابىدا كامالەتكە يەتكەن كىشى ئىكەنلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندىمۇ ئۇنىڭ مەزكۇر مازارنىڭ شۇ نىسبەتتىكى نوپۇزىغا كۆز ئالايتماسلىقى ئۇنچىۋالا ئويلىنىپ كەتكۈدەك ئىش ئەمەس ئىدى. ئالدىنقى بەتلەردە ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ياقۇپبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاياقلىشىپ، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە مەزكۇر مازار ئۆزىنىڭ خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان كەڭ دائىرىلىك دىنىي نوپۇزىنى ئۇشتۇمتۇتلا نامايەن قىلىشقا باشلىدى .

## IV مۇسۇلمانلار ئاممىسى ۋە تۇيۇق غوجامغا دائىر چۈشەنچىلەر

### 1. ئاساس ۋە تەنقىد

دەرۋەقە، تۇيۇقتىكى مازارنىڭ زور ساندىكى تاۋاپچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كېلىۋاتقان دىنىي مۇئەسسە سۈپىتىدە بولۇپ تۇرۇشى ئاشۇ تاۋاپچىلار ھەمدە شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭغا قوشنا رايونلاردىكى مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئاشۇ غارنى قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان " ئەسھابۇلكەھف " دەپ تونۇپ ئۇنىڭغا چوقۇنۇپ كەلگەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى . ئەمما " ئەسھابۇلكەھف غارى " دەپ قارىلىۋاتقان جاي زادى دۇنيانىڭ قەيەرىدە؟ بۇ چۈشەنچە قانداق قىلىپ دۇنيا مىقياسىدىكى ئېتىراپ قىلغان ئاشۇنداق بىر زىيارەتگاھقا ئايلىنىپ قالغان؟ مۇسۇلمانلارنىڭ نەزەرىدە قايسى پاكىت مۇشۇ غارنى " ئەسھابۇلكەھف " دەپ مۇقىملاشتۇرىۋەتكەن؟ بۇ ئەھۋاللارغا دائىر ھەقىقىي پاكىتلار تارىخىي مەنبەلەردە ئۇچرىمايدىغان بولغاچقا يۇقىرىقى سوئاللارغا جاۋاب بېرىش تولىمۇ مۈشكۈل. شۇنداقتىمۇ بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئاچقۇچى قەلەم ساھىبلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن بەتلەرنىڭ ئارقىغا يوشۇرۇنغاندەك قىلىدۇ.

قۇربان غەلىي خەلىدى " ئەسھابۇلكەھف " غارى دەپ قارىلىۋاتقان جايدىن دۇنيا بويىچە يەتتىسىنى ئېيتىپ كېلىپ، تۇرپاندىكى غارنىڭ نېمە ئۈچۈن ھەممىدىن بەكرەك ئىشەنچىلىك دەپ قارىلىدىغانلىقىغا تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە سەۋەبنى بايان قىلىدۇ: ئۇ قۇياش نۇرىنىڭ غارغا چۈشۈشى قۇرئاندىكى تەسۋىرلەر بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ؛ غار تۇرپانغا ئىسلام كىرىشتىن ئاۋالقى مەزگىللەردىن تارتىپلا كىشىلەرگە تونۇشلۇق ئىدى؛ ئافاق خوجا بۇ غارنى ئېتىراپ قىلغان؛ ئەگەر كىمدە كىم بۇ جاينى تاۋاپ قىلسا شۇ كىشىنىڭ تىلىكى ئىجاۋەت بولىدۇ؛ مەزكۇر غارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلار قاتتىق بالا-قازاغا مۇپتىلا بولىدۇ[52]. ئۇ يەنە تەپسىردە ئۇچرايدىغان دەقيانۇس ماكان تۇتقان رۇم ، ئەفسۇس قاتارلىق يەر نامىلىرىنىڭ تۇيۇققا يېقىن جايلاردىكى رۇمچا ، تۇرفان قاتارلىق يەر نامىلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ . ئۇ «تۇرفان» نامىنىڭ «ئەفسۇس» نامىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكىنى (ئەفسۇس، تارسۇن، تارفانا، تۇرفان) دە چىڭ تۇرىدۇ ھەمدە بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ تۈركىي تىللارنىڭ تاۋۇش ئالاھىدىلىكلىرى سەۋەبىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ[53] .

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىنكى، رۇم نامىنىڭ ئۇرۇمچى بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىگە ئائىت شەرھىيلەرنىڭ بىرى «تارىخىي ئەمنىيە» دە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا «ئۇرۇمچى» نىڭ ئەسلى نامىنىڭ «رۇمچە» ئىكەنلىكى، تۈركىي تىللاردا ئەركىلىتىش دەرىجىسىنىڭ «-چە» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدىغانلىقىنى، «رۇمچە» نىڭ «كىچىك رۇم» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ . ئاندىن «رۇمچە» نىڭ ئالدىغا «ا»(ئەلىف) ھەرپىنىڭ ئارقىغا «ى» (يا) ھەرپىنىڭ خاتا ھالدا قوشۇلۇپ قېلىشى بىلەن «ئۇرۇمچى» نامىنىڭ ھاسىل بولغانلىقى ئېيتىلىدۇ[54]. سۆز قورۇلمىسىدىكى تارىخىي ئۆزگىرىش ھالىتىنى ئاساس قىلغان بۇ خىل چۈشەندۈرۈش شۇ جاينىڭ يەر نامى بىلەن ئەسھابۇلكەھف رىۋايىتىدە ئۇچرايدىغان يەر

نامى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئاقلاش مەقسىتىدىكى بىر تۈرلۈك ئۇرۇنۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

باشقا مازارلارغىمۇ تەقلىد قىلىشقا بولىدىغان تىلەكنى ئىجاۋەت قىلىشتەك مۆجىزە خاراكتېرلىك رولىنى دىققەتتىن ساقىت قىلغىنىمىزدا ئەسھابۇلكەھفنى رىۋايىتىگە ئالاقىدار يەر نامىنىڭ غار جايلاشقان ئورۇنغا يېقىن جاينىڭ يەر نامى بولۇپ ئۆزگىرىپ كېتىشى ۋە مەزكۇر جاينىڭ مەشھۇر ئەۋلىيا غوجا ئافاق تەرىپىدىن مۇقىملاشتۇرۇلغانلىقىغا دائىر رىۋايەتلەر ھەرگىزمۇ قۇربان غەلى ۋە موللا مۇسا سايرامىغا ئوخشاش قەلەم ساھىبلىرىنىڭ ئەسلى نۇقتىئىنەزەرى ئەمەس ئىدى، بەلكى ئۇلار مۇشۇ جايلارنى زىيارەت قىلغاندا مەزكۇر مازارغا دائىر ئىشلاردىن ۋە يەرلىك كىشىلەردىن توپلىغان ئۇچۇر بولسا كېرەك. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا ئۇ ھالدا مەزكۇر مازار بىلەن ئەسھابۇلكەھفنى غارىنى بىر دەپ قاراشنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدىكى مىش-مىش پاراڭلارنىڭ مەزكۇر مازارنىڭ زىيارەتگاھلىق داڭقىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە چىقىرىش مەقسىتىدە تارقىتىلغانلىقىنى زور دەرىجىدە قىياس قىلىشقا بولىدۇ . يەنە كېلىپ بۇ چۈشەنچىلەر ئاۋام ئارىسىدا تارقىلىش جەريانىدا كىشىلەرنىڭ (تاۋاپچىلار) مازارغا بولغان ئىلاھىي ھۆرمەت ھېسسىياتىغا ماس رولىنى ئوينىغان. موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ئەمىنىيە» نى يازغاندا ئۇمۇ مۇشۇ مازارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى بايانلارغا دائىر زورلۇق خاراكتېرىدىكى چۈشەندۈرۈشلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرگۈچى تېرمىنلار بىلەن خاتىرىگە ئالغان، ھەمدە تۇيۇقتىكى مازارنى ئەسھابۇلكەھفنى غارى دەپ بىلىدىغان قاراشتىن قىلچىمۇ شۈبھىلەنمىگەن.

ئەمما موللا مۇسا سايرامى كېيىنرەك يازغان «تارىخىي ھەمىدى» ناملىق ئەسىرىدە مەزكۇر مازار ھەققىدىكى بىر نەچچە تۈپ مەسىلىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇلارغا قارشى مەۋقەدىكى تەنقىدىي پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ[56]. ئۇنىڭ ئاساسلىق پىكىرىنى مۇنداق يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: (1) مۇھەممەد پەيغەمبەر زامانىسىدىن ئاۋال تۇيۇقتا قانداقتۇر بىر قەدىمىي زاتنىڭ قەبرىسى بولغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق دەلىل يوق، يەنە كېلىپ بۇ جايدا بىرەر پەيغەمبەرنىڭ قەبرىسى بار ، دېيىشنىڭمۇ ئاساسى يوق؛ (2) قەدىمكى ئەرەب تەپسىرچىلىرى ياكى ساھابىلەر بۇ غارنى تۇيۇقتا دېگەن ئەمەس، يەرلىك قەلەم ساھىبلىرىمۇ («تارىخىي رەشىدى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئەسھابۇلكەھف ھەققىدە بىرەر ئېغىز سۆز قىلغان ئەمەس؛ (3) تۇرپان دىيارى فەرغانە ۋە قەشقەردىن كېيىن ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن بۇيان ھېچكىم بۇ غارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ياكى بىلگەن ئەمەس، بابا خاننىڭ غارنى ئېتىراپ قىلىپ يارلىق پۈتۈشىنىمۇ بۇنىڭغا دەلىل قىلغىلى بولمايدۇ؛ (4) تۇرپان تارىختىن بۇيان «تۇرفان» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ، «ئۇرۇمچى» نامى بولسا ئادەمنىڭ ئىسمىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. شۇڭا بۇ ناملارنىڭ ئەسلىسى «تەرسۇس» ۋە «رۇمچە» ئىدى دېيىشنىڭ قىلچە ئاساسى يوق؛ (5) (قۇرئاندا) ئەسھابۇلكەھف ئېگىز بويلۇق، بېشى ناھايىتى يوغان شەكىلدە تەسۋىرلىنىدۇ، ئەمما تۇيۇقتىكى غارنىڭ ئېغىزىدىن قويمۇ تەستە ئۆتىدۇ؛ (6) تۇيۇقتىكى غار خاراكتېر جەھەتتە قۇرئاندىكى غار تەسۋىرىدىن، شۇنداقلا قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش ئەھۋالىدىن پەرقلىنىدۇ؛ (7) قۇرئانغا ئاساسلانغاندا، ئەسھابۇلكەھفكە قارىغانلار قورققىنىدىن ئالدى - كەينىگە قارىماي قاچىدۇ، ئەمما تۇيۇقتىكى غاردا ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس؛ (8) مەككىدىن باشقا

بىر ەر جاينى مەككىگە تەڭلەشتۇرۇش ۋە ئۇ جاينى مەككىگە ئوخشىتىپ تاۋاپ قىلىش ، شۇنداقلا ئاللادىن باشقا ھەر قانداق ئەۋلىياغا سەجدە قىلىش كۇپرانە قىلمىش ھېسابلىنىدۇ؛ (9) كىشىلەر تۆيۈقنى بىر قېتىم زىيارەت قىلىش - مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغانىنىڭ يېرىمىغا باراۋەر ، دەپ قارايدۇ، ئەمما مەككىدىكى ھەج پائالىيىتى پەقەت بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىلا مەقبۇل بولىدۇ؛ (10) يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئەسھابۇلكەھنى غارى تۆيۈقتا دەپ بىلىشى قۇرئان، ھەدىس ، تەفسىر ۋە تارىختىكى بايانلارغا ئوخشىمايدۇ[56].

موللا مۇسا سايرامىنىڭ نۇقتىئىنەزەرى مەزكۇر مازارنىڭ قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ئەسھابۇلكەھنى غارى ئەمەسلىكىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزەرىگە قارشى چىقىشنىڭمۇ ھېچقانداق قىممىتى مەۋجۇت ئەمەس. ئۇ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ ئەسھابۇلكەھفنىڭ تارىختا كۆزگە چېلىقمايدىغانلىقىنى ۋە يەر نامىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بۇ نۇقتىنى (ئەسھابۇلكەھفنىڭ تۆيۈقتا ئىكەنلىكىنى) قۇۋۋەتلەشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇ يەنە بۇ غارنىڭ خاراكتېر جەھەتتە قۇرئان ۋە تەفسىرلەردىكى غار تەسۋىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ ئۆتىدۇ[57]. ئۇنىڭ ئەۋلىيالارغا چوقۇنۇشقا ۋە مەككىدىن باشقا ھەر قانداق جاينى مۇقەددەسلىككە كۆتۈرۈپ تاۋاپ قىلىشقا بولمايدىغانلىقى ھەققىدىكى تەنقىدىي پىكىرلىرىنى ئۇنىڭ كۆز قارىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم نۇقتا، دېيىشكە بولىدۇ. قىسقىسى، موللا مۇسا سايرامى يەرلىك خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان تۆيۈقتىكى مازارنىڭ ئەسھابۇلكەھنى غارى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئورتاق قاراشنى تولۇق تەھقىق ئارقىلىق پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تەنقىدلىرى ئارقىلىق ئۇنى ئۆز زامانىسىدىكى قەلەم ساھىبلىرى ۋە تارىخشۇناسلىرىنىڭ ۋەكىلى، دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ يەردە موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئالدىنقى بۆلەكلەردە تىلغا ئېلىنغان بايانلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىللەر، جۈملىدىن مازار شەيخلىرىنىڭ بۇ جاينى مەككە مۇكەررەمەدەك كۆرسىتىپ، تۈرلۈك نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ تاۋاپچىلارنىڭ مال - مۈلكىنى قاقتى - سوقتى قىلىشى ھەققىدىكى تەنقىدلىرى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. مازارغا ئائىت بۇ قىلمىشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق نوپۇزغا ئىگە بولۇۋېلىشى ئۇلارنىڭ ئاشۇ قىلمىشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ تەخمىنەن قىلىنىۋاتقان موللا مۇسا سايرامىغا شۈبھىلىك ۋە نەيرەڭۋازلىق بولۇپ تۇيۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنى ئۇنىڭ ئاشۇ مازاردىن كېلىپ چىققانلىقى قىياس قىلىنىۋاتقان تالاش - تارتىشقا تەنقىدىي مەۋقە تۇتقانلىقى ۋە مۇشۇ مازارنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىگە قارشى چۇقان كۆتەرگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، دەپ ئېيتىشقا ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق.

**2. ئومۇمىي چۈشەنچىنىڭ مەۋجۇتلۇقى**

گەرچە «تارىخىي ھەمىدى» دە ئاشۇنداق تەنقىدلەر بايان قىلىنغان بولسىمۇ، مەزكۇر مازار يەنىلا زور ساندىكى تاۋاپچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلدى. سىرتتىن كەلگەن زىيارەتچىلەر قاتارىغا 1930 - يىللىرى جۇڭگودىن كېلىپ مۇشۇ غار ھەققىدە مەلۇمات پۈتكەن ئېۋانجېلىن فرېنچ ۋە مىلدرېد كېيبىل باشچىلىقىدىكى ئۈچكىي قۇرۇقلۇق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى تىزىشقا بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مەزكۇر مازارنىڭ مۇسۇلمانلار ئامىمىسى ئارىسىدىكى دىنىي نوپۇزى ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ

قىلىشى ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىزغا ئىگە بولۇپ، بۇ ھالەتنىڭ خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئاشۇ خىلدىكى تەشۋىقاتلاردىن ۋە مازارغا ئائىت «مىش - مىش پاراڭلار» نىڭ كەڭ مىقياستا تارقىلىشىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ، بۇنىڭغا يەنە قىسمەن مۇسۇلمان پىداكارلارنىڭ باشقا مۇسۇلمانلار رايونىدىكى ئۈنۈمسىز دېيىشكە بولمايدىغان تەرغىبات مېھنەتلىرىنىمۇ قوشۇشقا بولىدۇ.

سانكىت - پېتىربۇرگدا ساقلىنىۋاتقان شېئىرىي قولىيازمىلارنىڭ بىرىدە ئەسھابۇلكەھف رىۋايىتىگە ئەينەن ئوخشاپ كېتىدىغان[59]. ناھايىتى تەپسىلى بىر بايان ئۇچرايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ كېيىنكى قىسمىدا «تۇيۇق» نامى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇنىڭدىن بىز بۇ قولىيازمىنىڭ تۇيۇقتىكى «ئەسھابۇلكەھف» مازىرىنى مەنبە قىلىپ ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرالايمىز. بۇنىڭ ئومۇمىي مەزمۇن جەھەتتە مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ ئالدىنقى سەھىپىمىزدە تىلغا ئېلىنغان ئەسىرىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىكى تەفسىر ۋەقەلىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ نۇسخا موتىف جەھەتتە قىسمەن پەرقلىنىدىغان بولۇپ، تېمىدىن چەتلەپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالماسلىقنى لايىق تاپتۇق. مەزكۇر كونتېكستتىكى ئاساسلىق مۇھىم نۇقتا تۇيۇقتا بىر جاي سۈپىتىدە مەدھىيە ئوقۇلغانلىقى ھەمدە ئالىپ ئاتا ۋە باشقا مازارلارنىڭ بايان قىلىنىشى بولۇپ، ئۇنى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇلۇغ جايلارنىڭ تۇيۇق مازىرى مەركەز قىلىنغان سىياقتىكى تەسۋىرى دېيىشكە بولىدۇ. يەنە شۇنىمۇ قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، مەزكۇر مازارنىڭ زىيارەتگاھ بولۇشتىكى مۇھىملىق دەرىجىسى مۇشۇ خىلدىكى ئۇچۇرلارنىڭ تارقىلىشى ئارقىلىق بارغانسېرى ئېشىپ بارغان.

ئەمما مەزكۇر مازارنىڭ ئاشۇ دەرىجىدىكى ھاياتىي كۈچىنى زېھىن قويۇپ يۈرگۈزۈلگەن تەشۋىقاتلار ۋە ئالاقىدار دىنىي پېشىۋالارنىڭ ئەمگەكلىرىگىلا مەنسۇپ قىلىپ قويۇش ئانچە ئاقىلانىلىك ئەمەستەك قىلىدۇ. ئەكسىچە مەزكۇر مازار ئارقىلىق مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىنىڭ بۈگۈنگە قەدەر ئىزچىل داۋام قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

1996 - يىلى ئاۋغۇستتا ۋە 2001 - يىلى ئاۋغۇستتا بۇ غارنى زىيارەت قىلغىنىمىزدا بىردەك غارنىڭ ئىچكى قىسمىنى كۆزدىن كەچۈردۈم، شۇنداقلا گۇرۇپپىمىزدىكىلەر ۋاڭ جىيەنشىن ۋە باشقىلار بىلەن مازار شەيخلىرىنى ۋە تۇيۇق مەسجىدىنىڭ ئىمامىنى زىيارەت قىلدىم. نەتىجىدە 1950 - يىللىرىدىن بۇيانقى بەزى چىگىشلەر يېشىلگەندەك بولدى: ئازاتلىقتىن ئىلگىرى بۇ مازاردا ئوتتۇزچە شەيخ بولۇپ، مازار ئاساسەن ئۆزىنىڭ ۋەقپە يېرىدىن يىلدا بولىدىغان تۆت توننا ئۈزۈمگە تايىنىپ مېڭىۋاتقان ئىكەن. ئازادلىقتىن كېيىن ۋەخپە يەر قولدىن كېتىپ قېلىپ[60]، مازار ئاساسەن خەيرى - ئېھسانغا قاراشلىق بولۇپ قاپتۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا مەزكۇر مازاردىكى گۈمبەز شەكىللىك ئىمارەت ۋە مەسجىد بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ، شۇنداقلا مازارنىڭ كىرىم مەنبەسى ئۈزۈل - كېسىل ئۈزۈلۈپتۇ. 1982 - يىلىغا كەلگەندە مەسجىدنىڭ ئىمامى يوقالغان مۈلۈكلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئۇلارنىڭ قىممىتى بىلەن قوشۇپ ھېسابلاپ بىر ھۆججەت تەييارلاپ پىچان ناھىيەسىنىڭ رەھبەرلىرىگە سۇنۇپتۇ ۋە ھۆكۈمەتتىن ئاشۇ زىيانلار ئۈچۈن تۆلەم ئېلىش ئۈمىدىدە بولۇپتۇ، ئەمما بۇ ئىشنىڭ ھېچقانداق نەتىجىسى بولماپتۇ، تا يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە

بۇزۇلغان ئىمارەتنىڭ ئۆگزىسىدىن چۈشكەن خارابە پارچىلىرى مازار ھويلىسىدا چېچىلىپ تۇرىدىكەن. كېيىن خەيرى - ئېھسان ئارقىلىق يىغىلمە - ئوتتۇز مىڭ يۈەن پۇل توپلىنىپ، 1996 - ئىيۇندا بۇ جاي قايتا ياسىلىپتۇ.

گەرچە بۇ ئىشلارنىڭ راستلىقىنى دەلىللەپ بەرگۈدەك ئېنىق ھۆججەتلەر بولمىسىمۇ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئىزلىرى ۋە 1980 - يىللىرىدىن كېيىن يولغا قويۇلغان دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتىنىڭ شاراپىتىدىن دىنىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى - ھازىرقى زامان جۇڭگودىكى دىنىي سىياسەتلەرنىڭ ۋە سىياسىي شارائىتلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ باققان دىنىي مۇئەسسەلەرنىڭ گرافىك شەكلىدىكى تەسۋىرى ئىكەنلىكى ھېچكىمگە سىر ئەمەس. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئاساسلىق ئىمارەتلەرنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكى راست بولۇپ، لېكوك تارتقان ئومۇمىي مەنزىرە سۈرىتى[61] بىلەن مۇشۇ مەنزىرىنىڭ 2001 - يىلى ئاۋغۇستتا مەن تارتقان نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە مازارنىڭ تاشقى ئايلانما قورۇلۇشىنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشاشلىقىنى، بۇ نۇقتىدىن مازارنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئۇنىڭ 1910 - يىللاردىكى قىسمەن ئەھۋالىنى ساقلاپ قالغان، دېيىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ.

مازار 1980 - يىللىرى ئەسلىگە كەلگەندىن تارتىپ يېقىنقى يىللارغىچە 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ھاياتى كۈچىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدىكى جەلپكارلىقىنى نامايەت قىلىپ كەلگەن. ۋاڭ جيەنشىننىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، تۇرپاندا مەزكۇر مازارنى زىيارەت قىلىپ باقمىغان كىشى يوقنىڭ ئورنىدا ئىكەن، يەنە كېلىپ بەزى كىشىلەر ئائىلە بويىچە ۋە قوشنىلار ئارا توپ بولۇشۇپ بۇ جاينى قەرەللىك زىيارەت قىلىپ تۇرۇشنى ئادەت قىلىۋالغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇت ئىكەن[62]. 1996 - يىلى ئاۋغۇستتا بۇ جايدا زىيارەتتە بولۇۋاتقىنىمىزدا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن تاۋاپچىلارنى، جۈملىدىن غۇلجىدىن كەلگەن بىرەيلەننى، گۇچېڭدىن كەلگەن تۆت كىشىلىك بىر ئائىلىنى ۋە قەشقەردىن كەلگەن ئون كىشىلىك بىر ئائىلىنى كۆردۇق. قازاقلارمۇ مەزكۇر مازارغا يانداش جايلاشقان كىچىك قەبرىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرگەن. 2001 - يىلى ئاۋغۇستتا بىز خوتەننىڭ قاراقاش ناھىيەسىدىن بۇ جايغا ئاپتوبۇس ئارقىلىق كەلگەن دېھقانلارنى كۆردۇق. ئېيتىلىشىچە، مازاردىكى خېلىلار نەپىس قۇرۇلۇشلاردىن بولغان گۈمبەز شەكىللىك ئىمارەتنىڭ كىرىش ئېغىزى قەشقەرنىڭ يېڭىسار ناھىيەسىدىكى بىر باي كىشىنىڭ خەيرى - ئېھسان قىلغانلىقىنىڭ شاراپىتى ئىكەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ مازارنى تۇرپاندىكى مۇسۇلمانلارلا ئەمەس، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئېتنىك پەرقىگە قارىماستىن ئوخشاشلا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ كۆپلىگەن تاۋاپچىلارنى ئۆزىگە تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىغا ھېچقانداق شۈبھە زۆرۈر بولمىسا كېرەك.

بۈگۈنكى تاۋاپچىلار تۈيۈقتىكى مازاردا ئىبادەت قىلغاندىن كېيىن مازارغا كېلىدۇ ۋە غارغا چاپلاپ سېلىنغان ئۆي ئىچىدە شەيخلەرنىڭ ئەسھابۇلكەھفنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى تەسىرلىك ھېكايىسىنى ئاڭلايدۇ. ئاندىن ئۇلار غارنى زىيارەت قىلىدۇ، خەتمە قۇرئان قىلىدۇ ۋە دۇئاغا قول كۆتۈرگەندىن كېيىن غاردىن ئايرىلىدۇ. ئۇلار ماڭغاندا شەيخلەرنىڭ بىرى ئاق رەخت بىلەن

ئورالغان توقماق بىلەن ئۇلارنىڭ غولىغا ۋە غولىنىڭ تۈۋىنىگە ئۇرۇپ قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ زىيارىتى مۇشۇنداق بىر ئالاھىدە تەرتىپنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا بۇ مازارنى بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇ رايوندىكىلەر ئۇچۇن قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان مۆجىزىۋى ھېكايىدىكى مۇقەددەس تاۋاپگاھ سۈپىتىدىلا ئەمەس[63]، كەڭ تارقالغان ئەل ئىچى ئېتىقادى ئاساسىدىكى ۋە سىرلىق تەبىئەتتىكى دىنىي قائىدە - يوسۇنلار بىلەن باغلانغان ئادەتتىن تاشقىرى دىنىي مۇئەسسەسە سۈپىتىدە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ[64].

## خاتىمە

ئەمدى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن مەزكۇر مازارغا دائىر تارىخىي ئەھۋاللارنى بىر قۇر خۇلاسىلەپ كۆرەيلى. تارىخىي مەنبەلەردىكى بۇ مازارغا دائىر تۇنجى «دەلىل» 17 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى تۇرپان خانىنىڭ مەزكۇر غارنى «ئەسھابۇلكەھف» دەپ ئېتىراپ قىلىش ھەققىدىكى يارلىقى بولۇپ، شۇ چاغدا باشقۇرغۇچى شەيخلەر تەيىن قىلىنغان. كېيىنچە، يەنى 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بۇ ھال تۇرپاندىكى لەشكىرىي قوشۇننىڭ بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە سەركەدىسى تەرىپىدىن يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكى تەخمىن قىلىنىدۇ. گەرچە بۇ مازار ئۇ چاغدا تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان شەيئىلەردىن بولمىغان بولسىمۇ، پاكىتلار ئۇنىڭ مۇشۇ رايوندىكى ئاساسلىق مازارلارنىڭ بىرى سانالغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بۇ مازار زور كۆلەمگە قاراپ تەرەققىي قىلدى ھەمدە ناھايىتى تېزلا تۇرپاندىنلا ئەمەس ، شىنجاڭدىكى باشقا بوستانلىقلار، ھەتتا ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن تاۋاپچىلار زىيارەت قىلىدىغان ئاساسلىق مۇقەددەس جايغا ئايلاندى[65]. بۇ خىل تەرەققىياتقا ۋە مازارنىڭ دىنىي نوپۇزىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللار جۈملىسىگە بۇ مازارنىڭ ئەسھابۇلكەھف غارى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئەل ئارىسىدا كەڭ ئەۋج ئالغان ئومۇمىي چۈشەنچە ھەمدە مازاردىكى شەيخلەر تەرىپىدىن ئالاھىدە تۈس بېرىلگەن تاۋاپ تەرتىپلىرى بىلەن يوسۇنلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئەمما، مەزكۇر مازارنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا ئۇقۇمۇشلۇقلار تەرىپىدىن تەنقىدلەنگەن تەنقىدلەرگە قارىماي بۈگۈنگە قەدەر مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بۇنىڭ روھىي تىرەك ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، ئەۋلىيالار بىلەن ئۇچراشقاندا خۇداغا تېخىمۇ يېقىن تۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مۇشۇ خىلدىكى «مۇقەددەس جايلار» نىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى زۆرۈر، دەپ قارايدىغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىم .

بۇ مازارنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ «قۇرئان » دىكى رىۋايەتنى ئاساس قىلغان ھالدا تۇرپان ئويمانلىقىدا بارلىققا كەلگەن. بۇ جاي بولسا ئىسلام دۇنياسىنىڭ چەت قىرغاقلىرىدىن بولۇپ ، بۇ جاي ئىسلامنى خېلىلا كېچىكىپ قوبۇل قىلغان، شۇنداقلا ئۇ بۇ جايدىكى باشقا مازارلار بىلەن ئۆز تارىخىنىڭ قەدىمىيلىكىدە ۋە تۇتقان ئورنىدا بەسلىشەلمىسىمۇ ئاشۇ كەڭ رايوندا يېتەكچى ئورۇندا تۇرالايدىغان دىنىي نوپۇزلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشقان ھەمدە ئۆزىنى ناھايىتى تېزلا كۆپلىگەن مۇسۇلمانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان دىنىي مۇئەسسەسەگە ئايلاندۇرالىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاساسىنى شۇ رايوندا كەڭ دائىرىلىك دىنىي نوپۇزغا ئىگە بىرەر ئەۋلىياغا ئەمەس،

بەلكى قۇرئاندىكى ئەۋلىيالارغا باغلىيالىغانلىقى ئۈچۈن تۇرپاندىكى باشقا مازارلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرالىغان. تۇيۇققا يېقىن جايلاردىن بۇددىزمغا ئائىت كۆپلىگەن قالدۇقلارنىڭ تېپىلغانلىقى ۋە شۇ سەۋەبتىن غارنىڭ ماددىي جەھەتتىن ئېتىقادىي ئېتىقادنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتى بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئويلاشقاندا مەزكۇر مازارنى يەرلىك ئېتىقاد سىستېمىسىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلىشى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ سىستېمىدا ئومۇميۈزلۈك تارقالغان ئېتىقادنى ئەكس ئەتتۈرگەن دىنىي دائىرە ۋە ئىسلامنى چۆرىدىگەن ئەبجەش مەزمۇنلار، ئىسلام ئەقىدىسى ۋە ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئەقىدىلەر، ئىسلام پىرىنسىپلىرى ۋە بارلىق يەرلىك ئەقىدە ـ ئېتىقادلار داشقايناق بولۇپ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئىدى.

ئاخىرىدا بۇنىڭدىن كېيىن مەزكۇر مازار ھەققىدە سىستېملىق تەتقىقاتلارنىڭ روياپقا چىقىشىنى، جۈملىدىن مەزكۇر مازار ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ شەجەرىسى ۋە ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭغا ئائىت سېھرىلىك يوسۇنلارنىڭ رېئال ئەھۋالى، مازارنىڭ تاشقى كۆرۈنىشى ۋە مەنزىرىسى، ئۇنىڭ بوشلۇقتىكى ھالىتىنى ئالەم نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈش قاتارلىق ساھەلەر بويىچە ئىزدىنىشلەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ناۋادا مەزكۇر ئەسىرىم يۇقىرىقى ئىزدىنىشلەر ئۈچۈن دەسلەپكى ئاساس بولۇش رولىنى ئوينىيالىسا ئۆزۈمنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتىم.

## ئىزاھات:

خامادا ماسامى :«ئىسلام ئەۋلىيالىرى ۋە ئۆلارنىڭ مەقبەرىلىرى» — «ئاسىيا شەرقشۇناسلىقى» 1977 ـ يىللىق 34 ـ سان، 79 ـ 98 ـبەتلەر ؛ «تارىختىكى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مەقبەرىسى» ـ «غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا تەتقىقاتى» 1991 ـ يىللىق 34 ـ سان، 89 ـ 112 ـ بەتلەر ؛ كىم خودوڭ:«شىنجاڭدىكى ئەۋلىيالارغا چوقۇنۇش: تۇرپاندىكى ئالپ ئاتا مازىرى» 35 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا ئالتايشۇناسلىق قۇرۇلتىيىنىڭ ماقالىسى، تەيبېي، 1992 ـ يىلى 12 ـ 17 ـ سېنتەبىر؛ ساۋادا مىنورۇ:«ئۇردام پادىشاھ سىستېمىسى» — «ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتى» 1999 ـ يىللىق 14 ـ سان، 91 ـ 109 ـ بەتلەر .

ساگۇچى تورۇ :«شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، توكيو، يوشىكاۋا نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى، 229 ـ 233 ـ بەتلەر .

شىنمېن ياسۇشى، سانادا ياسۇشى ۋە ۋاڭ جيەنشىن :«شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىدا بازار ۋە مازار» ـ توكيو، «ئاسىيا ـ ئافرىقا تىل ۋە مەدەنىيەت ئىنستىتوتى ژۇرنىلى»، 2001 ـ يىلى .

راھىلە داۋۇت : «ئۇيغۇر مازارلىرى» ـ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى .

بۇ مازارغا دائىر تارىخىي مەنبەلەرنى خامادا ماسامىنىڭ «19 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر تارىخىي ماتېرىياللىرىغا مۇقەددىمە» («شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى» 1983 ـ يىللىق 55 ـسان، 380 ـ 381 ـ بەتلەر) دىن كۆرۈڭ . ساگۇچى تورۇمۇ سەيياھلارنىڭ كۆپلىگەن خاتىرىلىرىنى تىلغا ئالىدۇ (يۇقىرىدىكى ئەسەرنىڭ 231 ـ 232 ـ بەتلىرىگە قاراڭ). مەزكۇر ماقالىدا پايدىلىنىلغان ئالاقىدار مەنبەلەر بىردەك مۇشۇ ئىككى تۈرلۈك تەتقىقاتتىن ئېلىندى .

راھىلە داۋۇتنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 205 ـ بەت .

راھىلە داۋۇتنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى (206 ـ بەت) دىمۇ ئون مىڭ زىيارەتچى، دەپ ئېلىنغان .

شېن بېيرىن: «تۇرپان ABC»، شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى 63 ـ بەت .

«قۇرئان»، 18 ـ سۈرە، 8 ـ 24 ـ ئايەت .

رابغۇزى :«قىسسەسۇل ئەنبىيا» 1 ـ توم، لېيدېن، 1995 ـ يىلى نەشرى، 408 ـ 411 ـ بەتلەر .

مەسىلەن، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى تۈزگەن 1988 ـ يىلغىچە توپلانغان ئەسەرلەر كاتالوگىدا بۇنىڭ توققۇز خىل نۇسخىسى كۆرسىتىلىدۇ . شۇلارنىڭ بىرىنى يەركەنلىك بىرەيلەن ھىجرىيە 1288 ـ يىلى (مىلادىيە 1871\1872 ـ يىلى) كۆچۈرگەن ئىكەن . قاراڭ: «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلەر

تىزىملىكى» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1989 ـ يىلى ـ نەشرى، 111 ـ 114 ـ بەتلەر .
• مۇھەممەد سادىق قەشقەرى :«ئەسھابۇلكەھىق تەزكىرىسى»
«ئەسھابۇلكەھىق: شەرقىي تۈركىي تىلدىكى بايان» ، ئېمىنە گۇرسوي ناسكالى ، خېلسىنكى، 1985 ـ يىلى نەشرى .
• «ئەسھابۇلكەھىق: شەرقىي تۈركىي تىلدىكى بايان» ، ئېمىنە گۇرسەي ناسكالى، خېلسىنكى، 1985 ـ يىلى نەشرى.
• شىنمېن ياسۇشى ،سانادا ياسۇشى ۋە ۋاڭ جيەنشىننىڭ ئىزاھ 3 تىكى ماقالىسىغا قاراڭ . 172 ـ بەت .
• موللا مۇسا سايرامى :«تارىخىي ھەمىدى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1988 ـ يىلى نەشرى ، 664 ـ 665 ـ بەتلەر . شۇۋېتسىيەدىكى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ گۇننار ياررىڭ بۆلۈمىدىمۇ «تارىخىي رەشىدى»نىڭ قولىيازمىسى ساقلانغان . ئەمما مەزكۇر قولىيازمىسىنىڭ ئاخىرقى قىسىملىرى كەمتۈك بولغاچقا ئۇنىڭدىن تۇرپاندىكى مازارغا ئائىت بايانلارنى كۆرۈش مۇمكىنچىلىكى بولمىدى .
• قۇربان غەلى خەلىدى ئاياگوزى :«كىتابى تارىخىي جەرىدەئى جەدىدە» ، 1306 ـ يىلى (مىلادىيە 1887\1886 ـ يىلى) ، ھىندىستان ھۆكۈمەت كۇتۇپخانىسى ، تۈركىي ئەسەرلەر ، 2 ـ توپلام ، 20 ـ بەت ب ياپراق . مەن ئاپتورنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىلغان مۇشۇ نۇسخىدىن پايدىلاندىم .
• ساگۇچى تورۇ ، ئالدىنقى ئەسەر ، 139 ـ بەت .
• «تارىخىي قەشقەر» ، فاكسىمىل ۋە قولىيازما ، ئو.ف. ئاكىمۇشكىن نەشرگە تەييارلىغان ، سانكىت ـ پېتربۇرگ ، 2001 ـ يىلى نەشرى ، 96 ـ بەت (قولىيازمىنىڭ 100 ـ ياپرىقى ئا بەت) .
• قۇربان غەلىنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا ئۇ توختاپ ئۆتكەن جاي «قەدەم جايى ھەزرەتى ئافاق»دەپ ئاتىلىدىكەن .
• ھىندىستان ھۆكۈمەت كۇتۇپخانىسى ، تۈركىي ئەسەرلەر ، 2 ـ توپلام ، 22 ـ ياپراقنىڭ ئا ۋە ب يۈزلىرى .

21 «تارىخىي ھەمىدى» ، 664 ـ بەت .

22 ھىندىستان ھۆكۈمەت كۇتۇپخانىسى ، تۈركىي ئەسەرلەر ، 2 ـ توپلام ، 21 ـ ياپراقنىڭ ئا ۋە ب يۈزلىرى .

23 ئىمىن خوجا 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇرپان ئويمانلىقىدىكى يولباشچى شەخس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى جۇڭغارلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن بۇ رايونغا ئىچكىرىلەپ كىرگەندە ئۇ باش بولۇپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ئەل بولغان ھەمدە بۇنىڭغا جاۋابەن 1759 ـ يىلى تۇرپاننىڭ ئىنانچىخانى بولۇپ تەيىنلەنگەن (قاراڭ : ساگۇچى تورۇنىڭ ئەسىرى ، 171 ـ 172 ـ بەتلەر) .

24 راھىلە داۋۇتنىڭ ئەسىرى ، 206 ـ 207 ـ بەتلەر .

25 تەپسىلاتىنى ساگۇچى تورۇنىڭ ئەسىرىنىڭ 153 ـ 197 ـ بەتلىرىدىن كۆرۈڭ .

26 ئۇ تۇرپاننىڭ بەشىنچى ئەۋلاد ئىنانچىخانى بولۇپ ، 1815 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

27 ھىندىستان ھۆكۈمەت كۇتۇپخانىسى ، تۈركىي ئەسەرلەر ، 2 ـ توپلام ، 47 ـ ياپراقنىڭ ب يۈزى .

28 كىم خودۇگىنىڭ ئەسىرى ، 25 ـ 27 ـ بەتلەر .

29 ئۇ تۇرپاننىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد ئىنانچىخانى بولۇپ ، ئىمىن خوجىنىڭ ئوغلى ، يەنى فەرىدىننىڭ ئاكىسى (ساگۇچى تورۇنىڭ ئەسىرى ، 178 ـ بەت) .

30 س.گ. مانىېرخېيم :«1906 ـ 1908 :ئاسىيانى غەربتىن شەرققە كېسىپ ئۆتۈش» ، خېلسىنكى 1940 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ توم ، 359 ـ بەت .

31 ھىندىستان ھۆكۈمەت كۇتۇپخانىسى ، تۈركىي ئەسەرلەر ، 2 ـ توپلامدا بۇ مەزمۇنلار 32 ياپراق ھۆججەتتە خاتىرىلىنىدۇ . بۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى بولسا 68 ياپراققا يېتىدۇ .

32 موللا مۇسا سايرامى:«تارىخىي ئەمنىيە» ، نەشر قىلدۇرغۇچى ئى.ن.پانتۇسوۋ ، قازان 1905 ـ يىلى نەشرى ، 318 ـ 319 ـ بەتلەر .

33 مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەسھابۇلكەھىق» ناملىق ئەسىرى ، 7 ـ 8 بەتلەر (مۇھەررىرنىڭ سۆزى) .

34 مانىېرخېيمنىڭ ئەسىرى ، 360 ـ 361 ـ بەتلەر .

35 «ئەسھابۇلكەھىق» ، 13 ـ بەت .

36 ك.خ.مېنگس: «شىنجاڭدا تېپىلغان فولكلور تېكىستلىرى» 2 ـ توم ، بېرلىن 1943 ـ يىلى ، 51 ـ بە ت .

37 كىم خودۇگىنىڭ ئەسىرى ، 16 ـ بەت؛ شاھ مەھمۇد جوراس :«تارىخىي رەشىدى زەيلى» ، موسكۋا ، 1976 ـ يىلى نەشرى ، 19 ـ ۋە 165 ـ بەت .

38 شىنمېن ياسۇشى ، سانادا ياسۇشى ۋە ۋاڭ جيەنشىننىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى ، 182 ـ 183 ـ بەت . ھازىرقى شەيخ ئاۋام ئارىسىدا كەڭ تارقالغان تاۋۇزنىڭ تاشقا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى ئەپسانىنى ئىنكار قىلىدىكەن .

39 «تارىخىي ھەمىدى» ، 663 ـ 664 ـ بەتلەر .

40 ئا.ۋون. لې كوك :«جوڭگو شىنجاڭغا كۆمۈلگەن جاۋاھىرلار» ، لوندون ، 1928 ـ يىلى نەشرى ، 93 ـ 94 ـ بەتلەر .

41 بۇ ئىمىن خوجىنى، يەنى تۇرپاننىڭ 9 ـ ئەۋلاد ئىناۋەتچىخانىنى كۆرسىتىدۇ .

42 بۇگۈنكى كۈندە بۇ جايدا پەشتاقلىق يول مەۋجۇت ئەمەس . ئۇ يول كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇزۇۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن . ھازىرقى يول كېيىن ياسالغان .

43 تامغا «قۇرئان» ۋە ھەدىس شېرىپتىكى بىر قىسىم مەزمۇنلار ئويۇلغان دېيىلىدۇ . ھازىرقى تامدىمۇ مۇشۇنداق مەزمۇنلارنى كۆرگىلى بولىدۇ .

44 بۇ ھال بەلكىم تۆت چاھاريارنىڭ ئەسھابۇلكەھىف غارىنى مۆجىزە كەبى زىيارەت قىلىشى ھەققىدىكى رىۋايەت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن (قاراڭ: مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ، 41 ـ 42 ـ بەتلەر) .

45 ھىندىستان ھۆكۈمەت كۇتۇپخانىسى ، تۈركىي ئەسەرلەر ، 2 ـ توپلام ، 47 ـ 48 ـ ياپراقلار .

46 دۇترېل رېنىس : «ئاسىيانىڭ يۈرىكىگە ئېكسپېدىتسىيە» ، پارىژ ، 1898 ـ يىلى ، 3 ـ توم ، 98 ـ 99 ـ بەتلەر .

47 خامادا ماسامى : «خوتەندىكى مۇھەممەد ئەلەمنىڭ تارىخى (3)» ـ «زىنبۇن» 1982 ـ يىللىق 18 ـ سان ، 75 ـ بەت .

48 شىنجاڭدا بارلىققا كەلگەن بىر نەچچە ئەسەردە ياقۇپبەگنىڭ خوتەن ھاكىمى نىياز بەگ تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئېيتىلىدۇ .

49 خ.م. ۋېسېلوۋسكىي :«بەدۆۋلەت ، ياقۇپبەگ ، ئاتالىق غازى» ـ «رۇسىيە پادىشاھلىق ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتى شەرقشۇناسلىق بۆلۈمىنىڭ خاتىرىلىرى» ، 11 ـ توم ، 1889 ـ يىلى ، 100 ـ بەت؛ ئابدۇللا پانسات :«تارىخىي سىغارى» ، بىرىتانىيە كۇتۇپخانىسى ، 8156 ـ نومۇر ، 80 ـ بەت ئا ياپراق . ھاكىم خان قەشقەر غوجىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ .

50 مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىن تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىدىن كۇچار غوجىلىرىنىڭ قولىغا ، ئاندىن تۇڭگان قوشۇنىغا ، ئاخىرىدا ياقۇپبەگكە ئۆتتى . قاراڭ: شىنمېن ياسۇشى :«19 ـ ئەسىر مالىمانچىلىقىدىكى تۇرپان» ـ «ئىسلام دۇنياسى» ، 1988 ـ يىللىق 29\30 ـسان ، 68 ـ بەت .

51 ماپېنيەن :«جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مازارلار ۋە مازار ئېتىقادچىلىقى» ، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى ، 1987 ـ يىلى ، 381 ـ بەت .

52 ھىندىستان ھۆكۈمەت كۇتۇپخانىسى ، تۈركىي ئەسەرلەر ، 2 ـتوپلام ، 24 ـ 25 ـ بەتلەر .

53 ھىندىستان ھۆكۈمەت كۇتۇپخانىسى ، تۈركىي ئەسەرلەر ، 2 ـ توپلام ، 29 ـ 30 ـ بەتلەر .

54 «تارىخىي ئەمىنىيە» ، 318 ـ بەت .

55 «تارىخىي ئەمىنىيە» ۋە «تارىخىي ھەمىدى» مەزمۇن جەھەتتە چوڭ پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ . «تارىخىي ھەمىدى» نى «تارىخىي ئەمىنىيە» نىڭ تۈزىتىلگەن ۋە كېڭەيتىلگەن نۇسخىسى ، دېيىشكە بولىدۇق. ئەمما ئۇلاردا بېرىلگەن ئەسھابۇلكەھىف ھەققىدىكى بايانلار بۇ ھالدىن مۇستەسنا .

56 «تارىخىي ھەمىدى» ، 671 ـ 695 ـ بەت .

57 بەشىنچى نۇقتا كىشىنى بەكرەك قايىل قىلىدۇ. 2001 ـ يىلى ئاۋغۇستتا غارغا كىرگىنىمدە كىرىش ئېغىزىدىن غارنىڭ ئىچىگىچە بولغان يولنىڭ تارلىقىدىن جۈغى كىچىك ئادەمنىڭمۇ ئېگىشىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى كۆردۈم.

58 ئې.فرېنچ ۋە م.كېيبل :«چۆللۈك ژۇرنىلى: ئوتتۇرا ئاسىيادىن مەكتۇب» ، لوندون ، 1934 ـ يىلى ، 118 ـ بەت .

59 «تەزكىرەئى ھەزرەتى سۇلتان ئەسھابۇلكەھىف» ، شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى ، سانكت ـ پېتربۇرگ ، 2 ـ 11 ياپراق .

60 1935 ـ يىلى ، يەنى شېڭ شىسەي زامانىسىدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى مەزكۇر مازارغا بىر قىسىم يەر ۋەقپە قىلغان . 1950 ـ يىلى يۇتكۇل ۋەخپە يەرنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقى شىنجاڭ خەلقچىللىق ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن (قاراڭ : راھىلە داۋۇت :«ئۇيغۇر مازار مەدەنىيىتى ھەققىدە تەتقىقات» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2001 ـ يىلى نەشرى ، 129 ـ بەت .

61 لېكوك «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن جاۋاھىرلار» ، 23 ـ بەت .

62 ۋاڭ جيەنشىن :«تۇرپان يەرلىك مەدەنىيىتىنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى ۋە ئۇنىۋېرسال ھالىتى» ـ «ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتى» ، 1996 ـ يىلى 11 ـ سان ، 55 ـ بەت .

63 ۋاڭ جيەنشىننىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا مەزكۇر مازار كىشىگە ئىسلام ھەققىدىكى تەتقىقات مەركىزىدەك تەسىر بېرىدىكەن .

64 1950 ـ يىللاردىن ئىلگىرى تۈرلۈك شەكىللەردىكى كېسەل داۋالاش ۋە باشقا دىنىي مۇراسىملار ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغان ئىكەن (قاراڭ : راھىلە داۋۇت :«ئۇيغۇر مازارلىرى» ، 207 ـ 208 ـ بەت) .

65 بۇ خىلدىكى كەلگۈ دائىرىلىك تەسىرنىڭ ئارقىسىدا 19 ـ ئەسىردىكى شىنجاڭنى قاپلىغان (ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستان بىلەنمۇ مەلۇم دەرىجىدە باغلىنىشلىق) سودا چەمبىرىكىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ ، ئەمما بۇنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەھقىق قىلىپ كۆرۈش زۆرۈر .

«شەرقىي ئوكيان تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ خاتىرىلىرى» نىڭ
2003 ـ يىللىق 61 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى
تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# «ئەسھابۇلكەھف» غارى توغرىسىدىكى رىۋايەت ۋە ئىزدىنىشلەر

جەببار رەھىم روھلان

شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى تۇرپاننىڭ تۇيۇق يېزىسىدىكى قىزىل تاغنىڭ غەربىي ئېتىكىگە جايلاشقان مەشھۇر جاي - «ئەسھابۇلكەھف» نى بىلىدۇ. ئۇ يەرگە بېرىپ تاۋاپ قىلىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس.

گېرمانىيەلىك ئارخېئولوگ لېكوكنىڭ ئېيتىشىچە، قەدىمدە تۇرپاندىكى «ئەسھابۇلكەھف » كە كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغانلار ئىچىدە ئەرەبىستان، ھىندىستانلىقلارمۇ بولغان ئىكەن. «ئەسھابۇلكەھف» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا ئەسھابىلارغارى ياكى جاھانكەزگۈچى يىگىتلەر يوشۇرۇنغان غار دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ھالبۇكى، بۇ غار («ئەسھابۇلكەھف» ھەققىدە شۇنداقلا بۇ غارغا يوشۇرۇنغان يىگىتلەر توغرىسىدا دۇنيادىكى ھەرقايسى دىنلار ئارا ئوخشىمىغان رىۋايەتلەر ۋە تارىخىي ئىزدىنىشلار تارقالغان بولۇپ كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» نىڭ 15-پارە ۋە 18-سۈرىسىدە غارغا يوشۇرۇنغان يىگىتلەرنىڭ سانى ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «بىرى دەيدۇكى ئۇلار ئۈچ، تۆتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتى، بىرى دەيدۇكى ئۇلار بەش، ئۇلارنىڭ ئالتىنچىسى ئىت، بۇلار غايىبانە گۇمانلاردۇر، يەنە بەزىلەر دەيدۇكى، ئۇلار يەتتە، سەككىزىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتى، ئېيتقىنكى، رەببىڭ ئۇلارنىڭ سانىنى ياخشى بىلىدۇ».

«قۇرئان كەرىم» دە قەيت قىلىنىشىچە، بۇ يىگىتلەر غاردا 309 يىل ئۇخلىغاندىن كېيىن ئويغانغان. ئويغانغاندىن كېيىن ئارىدىن بىرى: «بۇ جايدا قانچىلىك ئۇزۇن ئۇخلىغاندىمىز؟» دەپ سورىغان. يەنە بىرەيلەن: «بىر كۈن بەلكى بىر كۈنمۇ بولمىغاندۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ 309-يىل ئۇخلىغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدىكى 309 يىل بۇرۇنقى پۇلمۇ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇشى مۇقەررەر ئىدى.

«قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق كىتابنىڭ «ئەسھابۇلكەھف» ۋەقەلىرىنىڭ بايانىدا ۋەقەنىڭ ئورنى، يىگىتلەرنىڭ سانى ۋە ئىسىملىرى ئېنىق بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا رۇم شەھىرىدە دەقيانۇس ئىسىملىك بىر قويچىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ كارامىتى بىلەن بايلىققا ۋە پادىشاھلىققا ئېرىشىپ، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پادىشاھنىڭ ئالتە ئوغلىنى دوست تۇتقانلىقى، كېيىن بۇ پادىشاھنىڭ خۇدالىق دەۋاسى قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن ئالتە ئوغۇل نارازى بولۇپ، ھەقىقىي خۇدانى ئىزدەپ، يولدا ئۇچرىغان بىر قويچى ۋە ئۇنىڭ ئىتى بىلەن بىللە بىر غارغا بېرىپ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن پەيدا بولغان بىر تۇپ ئانارنىڭ مېۋىسىنى يېگەندىن كېيىن 309 يىل ئۇخلىغانلىقى، شۇنىڭدىن كېيىن ئويغىنىپ ئۇلاردىن يەملىخا ئىسىملىك بىرەيلەن خۇدالىق دەۋاسى قىلغان دەقيانۇسنىڭ دەۋرىدىكى تەڭگىنى كۆتۈرۈپ، ناۋاينىڭ قېشىغا نان سېتىۋالغىلى بارغاندا ناۋايغا تۇتۇلۇپ قالغانلىقى ۋە ئەقىلدارلارنىڭ تارىخ ھېسابلاپ، ئېنىقلاش نەتىجىسىدە ئاقلىنىپ يەنە ئۇخلاپ قېلىشقانلىقى تەپسىلىي بايان قىلىنغاندىن باشقا يەملىخا، مەكسەلىنا، مەسەلىنا، كەشتۇتەن، ئازەرپەس يۇنۇس، يوۋانىس يۇنۇس، كەشاپەت يۇنۇس قاتارلىق ئاشۇ يەتتە يىگىتنىڭ ئىسمى ۋە

ئۇلارنىڭ ئىتىنىڭ ئىسمى - «قىتمىر» ئىكەنلىكىمۇ تەپسىلىي يېزىلغان. ئاخىرىدا «پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ھەزرەتى مەئاۋىيە بىر نەچچە ئادەم بىلەن ئۇلارنى كۆرگىلى باردى، لېكىن غارنىڭ ئاغزىدا لىق تاش تۇرىۋېلىپ، ئۇلارنى غارغا كىرگۈزمىدى، توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر» دەپ تۈگەنچ قىلىنغان.

خىرىستىئان دىنىنىڭ ئېتىقادچىلىرى ۋە تارىخچىلار، غار ۋە ئۇنىڭدا ئۇخلىغان يىگىتلەر توغرىسىدا مۇنداق يېزىشقان : «كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىدىكى ھازىرقى ئىزمىر پورتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئېفسوس دېگەن بىر قەدىمكى شەھەر ئىزى بار، ھازىر بۇ جايدا سالجوت ( ياكى ئاياسۇف) دېگەن كىچىك بىر شەھەر بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە مەريەم ئانا مۇشۇ جايدا ۋاپات بولغان ئىكەن. غاردا ئۇخلاپ ياتقان يەتتە يىگىت مىلادىيە 3-ئەسىردە مۇشۇ جايغا يۇشۇرۇنىۋالغان ياش خىرىستىيانلارنى كۆرستىدۇ. ئەينى زاماندا يەنى 249-يىلى 215-يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان رىم پادىشاھى داسئوس خىرىستىيانلارغا زىيانكەشلىك قىلغاندا، ئۇلار مۇشۇ شەھەر ئەتراپىدىكى غارغا يوشۇرۇنىۋالغان. ئۇلار يۈز نەچچە يىل ئۇخلىغاندىن كېيىن خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان رىم پادىشاھى دىئو دوسىئۇس 380-يىلى خىرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلىپ 392-يىلى بۇ دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن بايقالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ يەتتە يىگىت شۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئۇخلاۋەرگەنمىش. تاھازىرغىچە ئېفسوسنىڭ خارابىسىدە مەلۇم شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى تاغ ئېتىكىدە بۇ يەتتە يىگىت ئۇخلاپ ياتقان غار ھېلىمۇ مەۋجۇت دېيىلىدۇ.

يەھۇدى دىنىدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەتتە يىگىت ئۇدا 700 يىل ئۇخلىغاندىن كېيىن ئويغىنىپ كەتكەن. ئۇلار ئىچىدىن بىرى يېنىدىن بەش تىللانى ئېلىپ يېمەكلىك سېتىۋالغىلى شەھەرگە كىرگەن ۋە بىر ئايالدىن نان ئېلىپ تىللانى ئۇنىڭغا بەرگەن. ھېلىقى ئايال تىللانى كۆرۈپ تەلۋىلەرچە ۋارقىراپ تاشلىغان، ھەددىدىن زىيادە چۆچۈپ كەتكەنلىكتىن بۇيىدىكى بالىسى چۈشۈپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر: «قاراڭلار بۇ ناتونۇش يولۇچىنىڭ ئىشلەتكىنى پادىشاھلىقىمىزدا قويۇلغان تىللا ئەمەس» دېيىشكەن. ئاخىرى بۇ ئادەم شۇ شەھەردىكى بىر پوپنىڭ ئالدىغا ئاپىرىلىپ سوراققا تارتىلغان. ئۇيقۇدا ياتقان يىگىتلەر ئۆزلىرىنى غار ئىچىدە بىر كېچىلا ئۇخلىدۇق دەپ ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار كىشىلەرنىڭ بۇنداق ھەيران قالغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالغان. لېكىن بۇ ئادەم پادىشاھ داسئوسنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ غار ئىچىگە يۇشۇرۇنىۋالغانلىق جەريانىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، پوپ تىللانى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ھەقىقەتەن پادىشاھ داسئوسنىڭ دەۋرىدىكى تىللا ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ئادەمگە يول باشلىتىپ غارغا كەلگەن ۋە:«سىلەر ئەندىشە قىلماي سىرتقا چىقىڭلار، جاھان ئاللىبۇرۇن ئۆزگەردى، ھازىر قورققىدەك ئىش قالمىدى» دەپ مۇراجىئەت قىلغان. بىراق ئۇيقۇدا ياتقان يىگىتلەر غاردىن يۇرۇققا چىقىش بىلانلا بىر دۆۋە ئۇستىخانغا ئايلىنىپ قالغانمىش، يېمەكلىك ئالغىلى بارغان ھېلىقى يىگىتنىڭ نېمە بولۇپ كەتكەنلىكى نامەلۇم.

ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ 9-ئەۋلاد خەلىپىسى ۋاھىد يەتتە يىگىت ئۇخلاپ ياتقان غارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئالاھىدە بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئەينى زاماندىكى بايزانىت ئىمپېرىيەسى تەۋەلىكىدىكى ئېفسوسقا ئەۋەتكەن. شۇ چاغدا ئەۋەتىلگەن ئادەملەر ئىچىدە خۋارىزمىلىك بىر ئاسترونوم ۋە ماتېماتىك بار بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھازىر قوللىنىۋاتقان ئەرەبچە رەقەم شۇنىڭ ئەسىرى ئارقىلىق ياۋروپاغا تارالغان. ئەپسۇسكى، تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدا مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان.

قۇرئان كەرىم ۋە باشقا ئىسلام دىنىغا ئائىت

كىتابلاردا غاردا ئۇخلاۋاتقان يەتتە يىگىت توغرىسىدىكى رىۋايەت بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىسلامىيەتنىڭ بىر تەرەققىيات تېمىسىغا ئايلانغان. قۇرئانغا تەپسىر بەرگۈچى ئالىملار بۇ رىۋايەت ئۈستىدە زېرىكمەي مۇھاكىمىلەر يۈرگۈزدى. ئەدىبلەر بولسا بۇ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئەسەرلەر يېزىپ چىقتى. مىسىرنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك يازغۇچىسى تەۋپىق ھەكىم 1933-يىلى نەشر قىلدۇرغان «غاردىكى ئادەملەر» ناملىق سەھنە ئەسىرى ئىئوردانىيە پادىشاھى ھۈسەيىننىڭ يۇقىرى باھاسىغا سازاۋەر بولغان.

پادىشاھ ھۈسەيىن: « بۇ ئەسەر ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مۇھىم ئەسەر» دېگەن. بۇ كىتاب بىرنەچچە قېتىم نەشر قىلىنغان ھەم فرانسۇز، ئىتالىيە تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.

«ئەسھابۇلكەھف» توغرىسىدىكى رىۋايەت دۇنياغا تارالغاندىن كېيىنكى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ھەرقايسى دۆلەتلەر: «يىگىتلەر ئۇخلىغان غار بىزنىڭ بۇ يەردە» دەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. كىچىك ئاسىيانىڭ شەرق قىسمىدىكى گاباتجىيە دېگەن يەردىكىلەر: «يىگىتلەر ئۇخلاپ ياتقان ھەقىقىي غار بىزنىڭ بۇ يەردە» دېيىشكەن. ئارقىدىنلا ئىئوردانىيە، ئىسفانىيە قاتارلىقلارمۇ: «غار بىزنىڭ بۇ يەردە» دېگەن، شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئارىسىدا غاردا ئۇخلاۋاتقان يىگىتلەرنىڭ ئىسمىنى چەمبەر شەكلى سىزىپ، يەتتە كاتەكچىگە ئايرىپ يېزىپ، ئوتتۇرىغا «قىتمىر» دېگەن ئىتنىڭ ئىسمىنى يېزىپ تۇمار قىلىپ ساقلاشنى ئادەت قىلىدىغانلارمۇ بار. ئۇلار مۇشۇنداق قىلسا خەتەرگە يولۇقمايدۇ دەپ قارايدۇ. گېرمانىيەلىك شەرقشۇناس روداباليد مۇنداق دەيدۇ: « يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن ئىسلام دۇنياسىدا ئىت سادىق مەخلۇق دەپ قارىلىدۇ. شىنجاڭ، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردا يېقىنقى دەۋرلەرگىچە مۇھىم خەت-چەكلەر ئۈستىگە «قىتمىر» دەپ يېزىپ زاكاس خەت ئورنىدا ئىشلەتكەن ئەھۋاللار بولغان.

«ئەسھابۇلكەھف» ۋەقەلىرى توغرىسىدا تارىختىن بۇيان دۇنيادىكى ھەرقايسى دىنلار ۋە ئالىملار ئىچىدە يۇقىرىقىدەك رىۋايەت، قاراش، تارىخىي ئىزدىنىشلەر بولۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ھەقىقىي «ئەسھابۇلكەھف» نىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىكى، بۇ غارنىڭ (جۈملىدىن تۇرپاندىكى غارنىڭ) زادى قايسى دەۋردە، كىملەر تەرىپىدىن ياسالغانلىقى ھەققىدە ھازىرغىچە بىرەر كىشىنىڭ ئېنىق ھۆكۈم قىلالىغىنى يوق.

---


پايدىلانغان ماتېرىياللار:

«قۇرئان كەرىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 294-بەت 18-سۈرە

قىسسەسۇل ئەنبىيا، «يىپەك يولىدىكى 99 سىر» ناملىق كىتاب ۋە باشقىلار


تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# داڭلىق تېۋىپ ئابدۇراھمان بەگنى ئەسلەيمەن

مامۇت غازى

تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر شۇ جەمئىيەتنىڭ مەلۇم شارائىتىدا ياشاپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ قايسى مىللەتتىن بولىشىدىن قەتئىينەزەر كېيىنكىلەرنىڭ شۇ جاينىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۆز ھاياتىدا ئوغۇل-قىز باللىرىنى، نەۋرىلىرىنى دوختۇر قىلىپ تەربىيلەپ ئۆزىنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ پۈتۈن ئۆمىدىنى خەلقىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ، ئۆلۈمگە ئامال قىلىشقا بېغىشلىغان مەشھۇر تېۋىپ، ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زات ئابدۇراھمان بەگنىڭ ۋاپاتىغا بۇ يىل 8-ئايدا 233 يىل توشتى. مەرھۇمنى سېغىنىش ۋە ئەسلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىدا خەلق ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرى ۋە تۇرپان لۈكچۈن دىيارىدا ياشاپ ئۆتكەن ئاتا-بوۋىلىرى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

1. ئابدۇراھمان بەگ خوجا ئەۋلادىمۇ؟

مەرھۇم ئابدۇراھمان بەگ ئاتاقلىق تېۋىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقلىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، لۈكچۈن خەلقىنىڭ كېسىلىنى داۋالاش بولۇپمۇ لۈكچۈندە تۇنجى دوختۇرخانا بەرپا قىلىشتا ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، جان-دىلى بىلەن ئىشلىگەن. ئەمما 1960-يىللاردىن كېيىن بىر-بىرىگە ئۇلاپ ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىمائىي سىياسىي ھەرىكەتلەردە خوجا ئەۋلادى دېگەن قالپاق بىلەن بەزى روھىي ئازابلارغا ئۇچرىدى. 1964-يىلى 2-ئايدىن 9-ئاينىڭ 15-كۈنىگىچە لۈكچۈندە ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە مەن گۇڭشى تارمىقىدىكى ئىدارە-جەمئىيەت خىزمەت گۇرۇپپىسىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن ئىدىم. شۇ چاغدا مەن ئابدۇراھمان بەگنى نەچچە قېتىم چوڭ يىغىندا ئۆزىنى تەكشۈرتۈپمۇ ئازاد قىلالماي ئاخىرى ئەھۋالنى ناھىيەلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىگە مەلۇم قىلىپ بۆلۈم باشلىقى لۈكچۈنگە كېلىپ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئازاد قىلىپ، ئۆز خىزمىتىگە قويغان ئىدى، لېكىن مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بۇ خىزمەتلەر ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەس بولۇپ قالدى.

مەن 1968-يىلى 7-ئايدا لۈكچۈن بانكىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن لۈكچۈنگە بارغان ئىدىم. بىر كۈنى چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئابدۇراھمان دوختۇر مېنى ئىزدەپ كەلدى. ھال ئەھۋال سورىشىپ ئولتۇرۇپ سۆھبىتىمىزنىڭ ئاخىرىدا ئۇ «بەزىلەر مېنى ئۇستازىم دەپ بېقىنىمغا كىرىۋېلىپ ئەمەلىيەتتە مېنى نازارەت قىلغانىكەن. مەن بۇنى سەزمەپتىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىم، ئۇستازلىرىمدىن مىراس قالغان ھەرخىل كېسەللەرنى داۋالاپ سىناقتىن ئۆتكەن مەخپىي رېتسىپلىرىمنىڭ ھەممىنى ئېلىۋېلىپ مېنى قۇرۇق قول قىلىپ قويدى» دەپ ياش تۆكۈپ يىغلاپ كەتتى. گەرچە مەرھۇم بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ باللىرى نەۋرىلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقان، دوست بۇرادەرلىرى تېخى ھايات بولغاچقا ئۇزۇن يىللىق ئىزدىنىشلىرىمغا ئاساسەن، ئۇنىڭ ئاتا بوۋىلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشنى توغرا تاپتىم.

19-ئەسىرنىڭ باشلىرى لۈكچۈندە مۇھەممەت ئاتاۋۇللاخان دېگەن چوڭ باي كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ۋاپات بولغاندىن

كېيىن بىر ئوغلى بىلەن تۇل قالغان ئايالى ئايشىخاننى 1827-يىلى 9-ئايدا 8 يېشىدا ئىنانچىخانلىقتا ئولتۇرغان ئەفرىدۇن ئاشىق بولۇپ ئەمرىگە ئالىدۇ. شۇندىن باشلاپ بۇ ئايالنىڭ نامى تارىختا ئايشىخان فۇجۇڭ دەپ ئاتىلىدۇ.

ئايشىخان فۇجۇڭ ئىقتىدارلىق ساخاۋەتلىك ئايال بولۇپ، ئۆزىنىڭ يالغۇز ئوغلى ئەتتاخاننى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇتۇپ، خەتتات قىلىپ تەربىيىلەپلا قالماستىن پارسچە، ئەرەبچە كىتابلارنى ئوقۇيالايدىغان ئۇستا تېۋىپ قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ.

ئەفرىدون خوجا 1863-يىلى قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەنگەندە ئەتتاخاننى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىپ قەشقەر شەھىرىگە باش مۆتىۋەللى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئەينى چاغدا قەشقەر شەھىرى مەسچىت-مەدرىس، يۇقىرى بىلىم يۇرتلىرى سوفى-ئىشانلارنىڭ پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە چوڭ كۆلەمدىكى مازارلار مەركەزلەشكەن جاي بولۇپ، بۇلارغا قىلىنغان ۋەخپە يەر (ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭلا 5000 مودىن ئارتۇق ۋەخپە يىرى بولغان) شەھەر بازارلاردىكى ۋەخپە ئۆي-ئىمارەت، دۇكانلار چارۋا-ماللار ۋە باشقا ۋەخپە مۈلۈكلەرنى قانچە ئونلىغان شەيخ (شۇ مازارنىڭ ئەۋلادى ياكى ئۇزۇن يىللار ئىگىدارلىق قىلغۇچى) مۆتىۋەللى (ئىقتىساد باشقۇرغۇچى) چارۇپكەش (تازىلىق قىلغۇچى) بۆكۈل (مال ئۆلتۈرگۈچى) دەرۋازىۋەن (ئىشىكباقار) چىراقچى لاۋازىمەتچىلەر باشقۇراتتى. ئەتتاخان باش مۆتىۋەللى ئاخۇنۇم دېگەن نام بىلەن بۇلارنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرىدىغان تالاش-تارتىش، جىدەل-ماجىرالىرىنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىپ شەھەردىكى ھەرساھە ئەربابلىرى كەڭ خەلقنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. ئۇ 1875-يىلى ئەتىيازدا تارقالغان يۇقۇملۇق قارا كىزىك كېسىلى بىلەن ئاغرىپ قېلىپ ئەفرىدۇن خوجا ۋاپات بولۇپ، ئۈچ يىل كېيىن قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتىدۇ.
ئەتتاخاندىن لۈكچۈندە ئۈچ ئوغۇل قالىدۇ.

چوڭ ئوغلى ئېلى بەگ بولۇپ، ئۇ 87 يىللىق ھاياتىدا ھېچقانداق ئەمەل تۇتمىغان بولىسمۇ، چوڭ باينىڭ ئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈن بەگ دېگەن نام ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا لەقەم قالىدۇ. ئېلى بەگ ئوغلى ئابدۇراھمان بەگنى ياخشى ئوقۇتۇپ، تېبابەتچىلىكنى ئۆگىنىش يولىدا ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئوغلىغا ئۆزى بىلىدىغان تېبابەت بىلىملىرىنى ئۆگىتىپ قالماستىن، لۈكچۈن، قارا خوجا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى خەلققە تونۇلغان مەشھۇر تېۋىپلار بىلەن كۆرۈشۈپ نۇرغۇن پۇل سەرپ قىلىپ ئوغلىنى ئۇلارغا شاگىرتلىققا بېرىپ، تېبابەتچىلىكنى ئۆگىتىدۇ. ئاخىرى ئۆزى شۇ يېزىنىڭ يۇقىرىسىدىكى تۇگمەن بويى مەھەللىسىدە ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

ئىككىنچى ئوغلى ھاپىز بەگ كىچىكىدىن ياخشى ئوقۇغان بولۇپ، تۇگمەن بويى مەھەللىسىدە توي قىلىدۇ. 1901-يىلى 9-ئاينىڭ 4-كۈنى ئىنانچىغانلىقتا ئولتۇرغان ئىمىن خوجا (لۈكچۈن خەلقى ساراڭ گاڭ دەيدۇ) نىڭ مالىيە خىزمىتىنى ئىشلەشكە تەيىنلەيدۇ. ھاپىز بەگ بۇ خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلەۋاتقان چاغدا ئىمىن خوجىنىڭ قوغدىغۇچىسى ھەم ئىنىسى ..... ئۇنىڭدىن پۇل سورايدۇ. ئۇ گۇڭ خوجام بۇنداق كۆپ پۇلنى مەن ئۆز ئالدىمغا چىقىم قىلالمايمەن، ۋاڭ خوجامدىن سوراپ ئاندىن جاۋابىنى بېرەي دەيدۇ. بىراق شۇ كېچىسى قوغدىغۇچى قۇلۇپنى چېقىپ كىرىپ ھېسابات دەپتىرىنى كۆيدۈرىۋېتىدۇ. ھاپىز بەگ ئەھۋالنى ئىمىن غوجىغا تەكرار چۈشەندۈرگەن بولىسمۇ قۇلاق سالمايدۇ. ئىقتىسادى تۆلەم تۆلەش ئۈچ يىلغا يېقىن داۋاملىشىدۇ. ئېلى بەگ بۇ جەرياندا باشقا جايلاردا قېچىپ يۈرۈپ جان ساقلايدۇ. ھاپىز بەگ ئىمىن غوجىغا 300 مودىن كۆپ يەر-زېمىن، هويلا-ئىمارەت، تاغدىكى 500 دىن كۆپ چوڭ-كىچىك چارۋا-ماللىرىنى سېتىپمۇ تۆلەمنى تۆلەپ كېتەلمەي، ئاخىرى ئىمىن خوجىنىڭ قېينى ئاتىسى قومۇلدىكى چىڭۋاڭ شاھ مەخسۇتقا يالۋۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن تۆلەم تۆلەش ئاخىرلىشىدۇ

، ئەمما ھاپىز بەگ قان قۇسۇش كېسىلى بىلەن 39 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

ئۈچىنچى ئوغلى قاسىم بەگ، ئۇ يەكەنگە خىزمەتكە بارغان ئىدى، ئۇ مېڭىش ۋاقتىدا ئىلگىرى ۋاڭنىڭ تەرجىمانىنىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغاندا تاشكەنتتىن ئەكەلدۈرگەن كۆز دوختۇرىنى «يەكەندە ئادەم كۆپ شۇ يەردە دوختۇرلۇق قىلسىلا» دەپ بىللە ئېلىپ كېتىدۇ. قاسىم بەگ ياندۇرقى يىلى لۈكچۈنگە كەلگەندە (كىچىك ئاپالىنىڭ ئاتىسى) ساتىرىك شائىر نايىپبخانبەگ (1850 ـ 1917) نىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قېلىپ، ھېلىقى دوختۇرغا داۋالىتىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن يەكەنگە ئېلىپ بارىدۇ. بۇلار يەكەنگە يېتىپ بارغۇچە ئۇ كۆز دوختۇرى ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نايىپبخان قاسىم بەگنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ. بۇ چاغدا ئىلگىرى لوپنۇردىن لۈكچۈنگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان پازىل كاكىرا دېگەن كىشى ھەرەمگە بېرىپ ياناشىدا قاسىم بەگنىڭ ئۆيىگە پاتىھە قىلىپ كىرىدۇ، بۇ چاغدا قاسىم بەگ پازىل ھاجىغا نۇرغۇن سوۋغا سالاملارنى بېرىپ «نايىپبخاننى لۈكچۈنگە ئالغاچ كەتسىلە» دەپ قوشۇپ قويىدۇ. ئۇلار تۇرپانغا كەلگەندە نايىپبخانبەگنىڭ بالا-چاقا، ئۇرۇق-تۇققانلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ كالا سويۇپ نەزىر بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورايدۇ. ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ گەپ قىلغىلى ئۇنىمايدۇ، لېكىن پازىل ھاجى توختىماي سۆزلەيدۇ، ئاخىرى لۈكچۈنگە مېڭىش ئالدىدا تۇققانلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ، نايىپبخان ئاتا ئۆزلەنى ھازىر لۈكچۈنگە ئېلىپ ماڭىمىز ئۇزۇن يولدا جاپا تارتتىڭلارمۇ؟ بىزگە ئۆز ئاغزىلىرى بىلەن سۆزلەپ بەرسىلە دېگەندە ئۇ:

مەن غېرىپ تۇرپانغا ياندىم پازىلۇ كاكىرا بىلەن،
كاكىر بىلەن يانغۇچە يانسام ئىدىم كاپىر بىلەن.
بىلمىگەنلەر ھاجى دەيدۇ، بىلگۈچىلەر تۆبىچى،
تۇرپىنىمدا گۇي ئاتايدۇ، يەكىنىمدە شوۋۇچى.

دېگەن شېئىرنى ئوقۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پازىل ھاجى لۈكچۈنگە بارماي لوپنۇرغا كېتىپ ئادەم ئەۋەتىپ لۈكچۈندىكى ئائىلىسىنى ئېلىپ كېتىدۇ. لېكىن بەزى ئەۋلادلىرى ھېلىمۇ لۈكچۈندە ياشاپ ئۆتمەكتە. قاسىم بەگ 1911-يىلىدىن كېيىن، لۈكچۈنگە قايتىپ كەلمەي يەكەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغانىكەن. مەن 1991-يىلى 9-ئايدا ئەتتاخاننىڭ ئوغلى ھاپىز بەگنىڭ ئامانشا يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئوغلى 83 ياشلىق مەمۇرى ھاجى ئاخۇنۇمنى ئوغلى يوقلاپ بارغان چېغىمدا قاسىم بەگنىڭ بالىلىرى 1988-يىلى لۈكچۈنگە كېلىپ، مېنى يەكەنگە ئاپىرىپ 40 كۈن تۇرغۇزۇپ ئەكىلىپ قويدى» دەپ پاراڭ سېلىپ بەرگەن ئىدى. مەمۇرى ھاجى 1993-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ بالىلىرى ئىزدىشىپ ئۆتمەكتە.

## ئابدۇراھمان دوختۇرنىڭ داۋالاش ساھەسىدە قىلغان خىزمەتلىرى

كونا جەمئىيەتتە شىنجاڭ خەلقى تېۋىپلارغا كېسەل داۋالىتاتتى. تېۋىپلار ئاز بولغاچقا يىراق جايلاردىن كەلگەن كېسەللەر تېۋىپلار بىلەن كۆرۈشەلمەي ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرۇشاتتى، ئېغىر كېسەللەر چاپىنىنى بېشىغا قويۇپ ياتاتتى. لۈكچۈنمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ۋاڭ-غوجىلارنىڭ كېسىلىنى داۋالايدىغان ئوردا تېۋىپلىرى بولغاندىن باشقا پۇقرالارنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئاسان ئەمەس ئىدى. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى لۈكچۈندىكى ئامانشا يېزىسىنىڭ ساڭگا چو مەھەللىسىدە موللا توختى ئىسىملىك بىر تېۋىپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا كېسەللەر ساقلاپ ئولتۇرىشىدىكەن. لېكىن پۇلى بار بايلار ئاسانلا كۆرۈنۈپ بولۇپ كېتىدىكەن، بۇ ئەھۋالنى تولا كۆرگەن شائىر نايىپبخان بەگ بۇ ھەقتە توختىلىپ:

موللا توختىدەك تېۋىپى جاھىلى ،
ھەر كېسەلگە بىرۇر ھەلىلە كابىلى①
موللا توختىدەك تېۋىپ بۇ يۇرتتا يوق،
بوينى قالماق ھەم پەرەڭ مانجۇدا يوق.

سوغىقى ئاشقانغا بېرۇر ئىسكەنجىۋىل②،
ئىسسىقى ئاشقانغا بېرۇر توم زەنجىۋىل ③،
بارسا ھەر كېسەل ئۆيىگە ئالدىغاي،
ئۇ كېسەل قايتىپ كېتىپ مىڭ قارغىغاي.
قارغىسا يۈز مىڭ كىشى بىر كارى يوق،
پۇلى ئازغا دەيدۇ ھازىر دارى يوق.
دەيدۇ.

ئابدۇراھمان بەگ مەشھۇر تېۋىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتۈن ئۆمرىدە ھاردىم-تالدىم دېمەستىن قەيەردە كېسەل بولسا خەۋەر تاپقان ھامان شۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ داۋالاشنى ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكۈچە سانجى، قۇتۇبى، مورى، جىمسار گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردىكى ھەر مىللەت بىمارلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي، ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ كېسىلىنى كۆرسىتىشى بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن لۈكچۈندە ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردە چەتتىن كەلگەن كادىرلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، لۈكچۈندە دوختۇرخانا بولمىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈپ كېسىلىنى داۋالاش ۋەزىپىسى ئابدۇراھمان بەگكە تاپشۇرۇلىدۇ. تەشكىل ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ يىراق جايدا ئىكەنلىكىنى ئويلىشىپ ئائىلىسىنى لۈكچۈن بازىرىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ داۋالاش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. پىچان ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش قۇرۇلغان چاغدا تەشكىل ئۇنى مەشھۇر دېموكراتىك زات دېگەن نام بىلەن سىياسىي كېڭەش ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ يالغۇز بازاردىلا كېسەل كۆرۈپلا قالماستىن، ئېشىكىنى مىنىپ يېزىلارغا بېرىپ خەلقنىڭ كېسىلىنى داۋالايدۇ. 1954-يىلى 4-ئايدا بانكا ساھەسىدىن 16 كىشىدىن تەركىب تاپقان خىزمەت گۇرۇپپىسى پىچان ناھىيە ئامانىشا يېزىسىنىڭ ئۈچ مەمۇرىي مەھەللىسىدە ئامانەت قەرز كوپېراتىپى قۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە باشلىغان ئىدى. ئابدۇراھمان دوختۇر نەچچە نۆۋەت كېلىپ سالامەتلىكىمىزنى تەكشۈرۈپ دورا بېرىپ تۇردى. مەن ئۇنىڭغا «يىراقتىن كېلىلا سېلىگە رەھمەت، بۇنىدىن كېيىن مۇنداق ئاۋارە بولمىسىلا، كېسەل بولۇپ قالساق سىلىنى ئىزدەپ بارىمىز دېسەم، نېمە دېگەنلىرى بۇ، ھەرقايسىلىرى شۇنداق يىراق جايلاردىن كېلىپ، لۈكچۈن خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتىلا، ھاۋا ئىسسىپ قالدى، ئۈرۈمچى بىلەن بۇ يەرنىڭ ھاۋا كېلىماتى ئوخشىمايدۇ، مەن بۇ يەرگە ياياق (پىيادە) كەلمەيمەن. ئېشەكلىك كېلىمەن، بۈگۈن بۇ يەرگە كەلگىچە 9 كىشىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ كەلدىم، قايتقۇچىمۇ يول ئۈستىدە كېسەل كۆرۈپ قايتىمەن» دېگەن ئىدى. ئۇ كېسەللەرگە ئەنە شۇنداق ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى لۈكچۈندىكى يەرلىك تېۋىپلارنى تەشكىللەپ كېسەل داۋالاشتا كۆرۈلىدۇ. مەرھۇم ئابدۇراھمان بەگ 1950-يىللارنىڭ ئاخىرى لۈكچۈن تەۋەسىدىكى تېۋىپلاردىن ئۆزى باش بولۇپ، ئابدۇل دوختۇر، مەمەتنىياز ئىمام، ئىسمايىل ئاخۇن تۆت كىشى بىرلىشىپ لۈكچۈن بازىرىدىكى ئەيسا بەگنىڭ قورۇسىدا بىرلەشمە دوختۇرخانا قۇرۇپ كېسەل داۋالاشنى يولغا قويۇپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ. 1954-يىلى لۈكچۈن رايونلۇق دوختۇرخانا قۇرۇلۇپ، ئۆمەر تۇرسۇن، ئابدۇراھمان بەگ، ۋاڭ دوختۇر، جىڭ جەنگو، مەتنىياز ئىمام، ئىسمايىل دوختۇر، ئابدۇل دوختۇرلار كېسەل داۋالاشنى باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇراھمان دوختۇر بازار يېزىسىدىن باشقا ئۈچ يېزىدىكى تېۋىپلارنى تەشكىللەپ، داۋالاش پونكىتى قۇرۇش خىزمىتىنى باشلايدۇ. بۇ جەرياندا بەزىلەر: «ئۆزۈڭ تەييار نانغا ئىگە بولىۋېلىپ، بىزنىڭ ئىشىمىزغا توپا چاچماقچى بولۇۋاتامسەن؟ قولۇڭدىن كەلسە بىزنىمۇ ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسىغا ئالدۇر» دەپ يامان گەپلەرنى قىلىدۇ، لېكىن ئۇ بۇنداق سۆزلەرگە بەرداشلىق بېرىپ خىزمەت ئىشلەپ تۆت ئورۇندا داۋالاش پونكىتى قۇرۇپ ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشكە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ داۋالاش پونكىتلىرىدىن ئىككىسىنى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش يىللىرىدا چوڭ ئەترەتلەر

ئۆتكۈزۈۋالغان بولسىمۇ، 1964-يىلى لۈكچۈندە سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغان چاغدا ئامانشا يېزىسىنىڭ ساگگا چودا دوختۇر ئۆمەر لويى باشلىق بولغان داۋالاش پونكىتى، دېخانىسۇ يېزىسىنىڭ يىرىق ئىچى مەھەللىسىدىكى ئابدۇراھمان دوختۇرنىڭ ئوغلى ئابدۇھەلىم دوختۇر مەسئۇل بولغان داۋالاش پونكىتى لۈكچۈن دوختۇرخانىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە خىزمەت ئىشلەۋاتقان ئىكەن. بىز ئۇلارنى ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرۇپ ھېساباتلىرىنى تەكشۈرتكەن ئىدۇق. مانا بۇلار مەرھۇمنىڭ 1954-يىلىنىڭ ئاخىرى بىر قىش جاپا تارتىپ قۇرۇپ چىققان داۋالاش پونكىتلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئۇنىڭ يەنە بىر كۆرسەتكەن خىزمىتى ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈشتە كۆرۈلىدۇ. ئابدۇراھمان بەگ دېخانىسۇ يېزىسىنىڭ تۈگمەن بويى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، 16 يېشىدا كېسەل كۆرۈشنى باشلىغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن بولۇپ، 1977-يىلى 8-ئايدا 78يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكۈچە 78 يىللىق ئۆمرىدە خېلى كۆپ دوختۇرلارنى يېتىشتۈرگەنلىكى مەلۇم، ئەمما مەن ئۇلارنى ئىگىلەپ كېتەلمىدىم. تۆۋەندە بىلىدىغانلىرىمدىن بىر نەچچىنى مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتىمەن. چوڭ ئوغلى ئابدۇرازاق لۈكچۈن دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى 1997-يىلى 3-ئايدا 63 يېشىدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان. ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇھەلىم دوختۇر، نەۋرىسى ئابدۇقەييۇم دوختۇر، ھازىر ئاتا-بالا ئىككىسى ئۆز قورۇسىدا دوختۇرخانا قۇرۇپ كېسەل داۋالاپ كەلمەكتە. ئۈچىنچى ئوغلى ئابدۇكېرەم، كېلىنى مەلىكىخان، ئابدۇكېرەم ئاتىسى ئابدۇراھمان دوختۇرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇتۇشى بىلەن شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ پىچان ناھىيەسىنىڭ چىقتىم يېزىلىق دوختۇرخانىغا، ئاندىن دالانكارىز يېزىلىق دوختۇرخانىغا باشلىق بولۇپ ئىشلىدى. 1975-يىلى لۈكچۈن يېزىلىق ياتاقلىق چوڭ دوختۇرخانا سېلىنغاندا تەشكىل ئۇنى بۇ دوختۇرخانىغا مەسئۇل قىلىپ يۆتكىدى. ئايالىمۇ بىللە يۆتكىلىپ مۇشۇ دوختۇرخانىدا دوختۇرلۇق قىلىدۇ، ئابدۇكېرەم دوختۇر جىددىي ئىشلەۋاتقاندا كېسەل تېگىپ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 1998-يىلى 3-ئايدا 58 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئايالى مەلىكەخان پېنسىيىگە چىقىپ ئائىلىسىدە، ئۇلارنىڭ جاپپار، ئايىتللا ئىسىملىك ئىككى بالىسى تېببىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ جاپپار لۈكچۈن دوختۇرخانىدا، ئايىتللا تۇرپان ئۇيغۇر شىپاخانىدا دوختۇرلۇق خىزمىتىنى ئىشلىمەكتە. تۇققانلىرىدىن رەناخان ئۇرايىم سىستېرالىق خىزمىتىنى ئىشلىگىلى 30 يىل بولدى. ھازىر پىچان ناھىيەلىك ئۇيغۇر شىپاخانىدا ئۈن-تىنسىز ئىشلىمەكتە!

ئىزاھات:

① كاكىر: - پارسچە سۆز بولۇپ كۆلمەيدۇ، يۇمشاق باش دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.
② ئىسكەنجۇبىل: -پىشمىغان ئۈزۈمنى سىقىپ سۇيىدە ياسايدىغان سوغاقلىق دورا.
③ توم زەنجۇبىل : - تەركىبى ئىسسىق ياسالمىغان خام دورا.

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# تۇرپان ئايدىڭكۆل پاقابۇلاق كەنتىدىكى تۇنجى مائارىپچى ئېلى توختىنىياز ئەپەندى

ھۇسەن خېۋىر

ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ تارىخىدا مائارىپقا تۇنجى ئاساس سالغان جاي تۇرپان ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا تۇنجى مەكتەپ قوچو-تۇرپان رايونىدا ئېچىلغان.

تارىخىمىزدا مىللىتىمىزنىڭ مائارىپ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قان تەرىنى سىڭدۈرگەن نۇرغۇنلىغان ۋەتەنپەرۋەرلەر كىشىلەر بىزنىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات.

مەن بىر مائارىپچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇ كىشىلەر ئارىسىدا تۇرپان شەھىرى ئايدىڭكۆل يېزىسى پاقابۇلاق كەنتىدە تۇنجى مائارىپ چىرىغىنى ياققان مەرھۇم ئېلى توختىنىياز ئەپەندىنى چوڭقۇر يات ئېتىمەن. ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەر روھى پاقابۇلاق كەنتى، جۈملىدىن ئايدىڭكۆل يېزىسىدىكى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىز باسارلىرىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ نۇر چاچقۇسى.

ئېلى توختىنىياز ئەپەندى 1908-يىلى تۇرپان شەھەر يار يېزا قازانچىلار مەھەللىسىدە بىر تۆگىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆسمۈر ۋاقىتلىرىدا دىنىي دەرس ئاڭلىغان ۋە باغرى مەدرىستە ئوقۇغان، 1915-يىلى تۇرپان ئاستانىدا قۇرۇلغان يېڭىچە پەننىي مەكتەپ «مەخسۇدىيە مەكتىپى» دە ئوقۇغان. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دائىم تەكىتلەيدىغان «بۇ سىنىپ ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتچى زات ھۇسەيىن ھاجى ئىقتىسادى ۋە ماددىي جەھەتتە ياردەم بېرىپ ئاچتۇرغان يېڭىچە مەكتەپ ، خەلقىمىزنى غەپلەتتىن تېز ئويغىتىش، نادانلىق، قالاقلىق، خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ يېڭىلىققا، مەدىنىي ھاياتقا ئىنتىلىش، ئەڭ مۇھىمى بىلىم ئالىدىغان يېڭى مەكتەپ قۇرۇشىمىز كېرەك» دېگەن سۆزىنى ئەستە چىڭ تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆمرىنىڭ كۆپىنى پاقابۇلاق كەنتىدىكى باي ھۇسەيىن ھاجىنىڭ تۆگىلىرىنى بېقىش بىلەن ئۆتكۈزگەن، ھۇسەيىن ھاجى شۇ ۋاقىتتا ئىلغار ئىدىيەلىك كىشىلەرگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەجگە بېرىش جەريانىدا خېلى كۆپ دۆلەتلەردىن ئۆتۈپ يېڭى ئىلغار مەدىنىي پىكىرلەرنى قوبۇل قىلغان. ئۇ ھاجى ھەرەم پائالىيىتىنى ئوڭۇشلۇق تۈگىتىپ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن توختىنىياز تۆگىچىنىڭ بالىسى ئەلىنىڭ خەت ساۋاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى سەپەر باي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ چوڭ نەۋرىسى مەريەمخاننى ئېلى ئەپەندىگە ياتلىق قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئەۋلادلىرىنى يىغىپ پەننىي دەرس ئۆتىدىغان سىنىپ تەييارلايدۇ. يەنى سەپەر باينىڭ قورۇسىدا بىر ئاددىي سىنىپ ئاچىدۇ، بۇ سىنىپقا ئېلى ئەپەندى دەرس ئۆتىدۇ. مانا بۇ پاقابۇلاق كەنتى يوقارقى مەھەللىدە ئېچىلغان تۇنجى سىنىپ ئىدى.

بۇ دەل 1928-يىلى 11-ئاي ۋاقتى بولۇپ،كۆزلۈك يىغىمىنىڭ ئالدىراش ۋاقتى ئىدى.

بۇ سىنىپ 1929-يىلى 10-ئايغىچە ئېچىلدى، شۇ ۋاقىتتا سىنىپتا 11 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇغان، بۇلار نۇربەكرى ھۇسەيىن، مەمەت ئادىل، ھېمىت ئىسمايىل، مۇھەممەت ھاجىمەت، سەيپۇل سەپەر، غىياسىدىن نىياز، ئابدۇراھمان ئۆمەر، ھۇسەن نىياز، پولات پەيزۇللا ئاسقال، ھېيت باقى ئاسقال، ھىدايەت جەمال قاتارلىقلار

بولۇپ، ئۇلار شۇ ۋاقىتتىكى تۇنجى ئەۋلاد خەت ساۋاتى چىققان ئاقارغان كىشىلەر ھېسابلىناتتى.

1930-يىللار شىنجاڭ ۋەزىيىتى ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرىۋاتقان چاغ ئىدى، بولۇپمۇ قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يېتەكچىسى خوجىنىياز ھاجى باشلىغان ئىنقىلاب ۋەزىيىتى بۇ سىنىپنىڭ داۋاملىق ئېچىشلىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئوقۇغۇچىلار تارقاپ كەتتى، شۇ سەۋەبلىك ئىلى ئەپەندى بىر مەزگىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈردى.

1937-يىلى پۈتۈن تۇرپان تەۋەسىدە ئېچىلغان پەننىي مەكتەپلەرنىڭ تۆرتىكىسىدە ۋە ھۈسىين ھاجى، توختى ھاجى، ھەمدۇل ھاجى، تۆمۈر شاگىيۇ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىشى، پەيزۇللا ئاسقالنىڭ قوروسىدا بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغانلارمۇ كۆپەيدى، يەنى تۇرپان جەنۇبىي قۇۋۋەتتىن ئەنەيتۇل ئەپەندى (نەنمىگدىن)، سادىق ئەپەندى (يار بېزا)، ئابدۇراھمان پازىل، لىتىپ ھەمدۇل، ئېلى توختىنىياز ۋە فۇكاگدىن كەلگەن بىر ئوقۇتقۇچىمۇ بار ئىدى.

دېمەك، بۇ يەردە ئوقۇتقۇچى ئالتە نەپەرگە يەتكەن بىر مۇكەممەل مەكتەپ ئاساسى قۇرۇلغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېلى ئەپەندى ئاچقان مەشئەل نۇرى ئۆلغىيىپ، ئوقۇغۇچىلار كۆپىيىپ دائىرىسىمۇ كېڭەيدى، ئوقۇغۇچىلار ئەسلىدىكى پاقابۇلاق كەنتىدىن ھالقىپ قوشنا مەھەللە يەمشىكارىز، جاگزاكارىز، قوشدۆڭ قاتارلىق مەھەللىلەردىن ئوقۇشقا كېلىشكە باشلايدۇ.

شۇ سىنىپتا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار مەخسۇت توختى، رېھىمجان، ئابدۇرېھىم ئاناتۇل، ئەدەيتۇل، ئايۇپ قارى، مەمەت نۇرۇل، مۇدەسىر خالىت، غوپۇر بەكرى، ئەنسار ھەسەن، قادىر ھارۇن، ئابلىم رسۇۋل، توختىنىياز خېلىل، مەمەت ئوسمان، ئابلىم مۇتەللىپ داموللا؛ مۇتەللىپ ئولپۇز؛ ئۇسۇپ ئىبراھىم، ئابلا نىياز، ناسىر راشىدىن، ناسىر ساجىت، مەمەت رۇسۇل، قادىر نېسىپ، ئابلا ھەمدۇل ھاجى، جاپپار مەتنىياز، مەخمۇت توختى، تۇردى قاسىم، ئەمىرھەمزە ئەمەت، ھىممەت نىياز، مەگلىك تۆمۈرنىياز، ھاشىم پەيتۇل، ھېلىم ئەمىن، ھاۋۇل، ھېسامىدىن ئىبراھىم، شەمشى ئىبراھىم، ھېسامىدىن مەگلىك، مەسئۇت مەخسۇت، نۇرىدىن سېتى قاتارلىقلار ئوقۇغان. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كېيىنكى كۈنلەردە مۇئەللىم بولۇپ ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش بىلەن شۇغۇللاندى. مەسۇت توختى، مەمەت ئوسمان، ئابلىم مۇتەللىپ داموللا، مۇتەللىپ ئولپۇز، ئابلا نىيازلار ئايدىڭكۆل يېزا مائارىپىغا كۆپ ئاساس سالغان ۋە بىر ئەۋلاد بىر ئەۋلاد يېتىشتۈرۈپ، ھازىرقى بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈچ تولۇقسىز مەكتەپ، ئون باشلانغۇچ مەكتەپكە ئىگە مۇكەممەل مائارىپ سىستېمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سالغۇچىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ئېلى توختىياز ئەپەندى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە پۈتۈن ئايدىڭكۆل خەلقى بولۇپمۇ ھازىرقى يەمشى كارىزدىن تارتىپ قوشدۆڭ كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق بارلىق خەلق ئېلى ئەپەندىنى ئەسلىمەي تۇرالمايدۇ. ئۇ زات باشلىغان مەرىپەت يولى ۋە مەرىپەت مەشئىلى مەڭگۈ نۇر چاچىدۇ.

بىز شۇ تاپتا شۇ دەۋردىكى مائارىپنى قوللىغان ۋەتەنپەرۋەر ھۈسەيىن ھاجى، توختى ھاجى، تۆمۈر شاگىيۇ قاتارلىق كىشىلەرنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز، ئۇلارنىڭ روھىنى خەلقىمىز مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پىيونسيونېرى)
تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# «تۇرپان» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى توغرىسىدا قايتا ئويلىنىش

ئابلىكىم ئابدۇرەشىد

內容摘要：吐魯番是古代絲綢之路上的重鎮，已有兩千多年的歷史。文章以漢、外、維文文獻爲材料，對吐魯番一名語言從屬和含義進行探討。文章認爲吐魯番和高昌之間存在著一定的語義聯繫。

關鍵字：吐魯番；吐火羅；高昌

**Abstract:** The name Turfan (Turpan) appear in the old Khotan Saka Documents as *ttürpana* and as *δrw″n* in the Sogdian documents found in Dunhuang. The author of the present article believes that the names Dunhuang, Tochar are the equivalent of Turpan and the name Turfan is semantically correspondent to the name Gao-chang in Chinese historical annals.

**Key words:** Turfan; Tocharians; Gao-chang

قەدىمدىن تارتىپ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە سودا ئالاقىسىنىڭ مەركىزى تۈگۈنىگە جايلاشقان يىپەك يولىدىكى جۇلالىق مەرۋايىت تۇرپاننىڭ نامى توغرىسىدىكى مۇنازىرە خېلىدىن بېرى كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كەلدى. مەيلى تارىخ نوقتىسىدىن ياكى تىل ۋە مەدەنىيەت نوقتىسىدىن بولسۇن، تۇرپان نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرى كۆرسىتىپ تۇرىدىكى، بۇ ھەقتە كىشىنى قايىل قىلغۇدەك بىردەك قاراش تېخى شەكىللەنگىنى يوق. مېنىڭچە بولسا، بۇنداق ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشىدا بىر تەرەپتىن ئېتىمولوگىيە تەتقىقاتىدىكى نەزەرىيىۋىي جەھەتتىكى يېتەكچىلىكنىڭ ئاجىز ۋە كەمچىل بولۇشىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تۇرپاندىن ئىبارەت بۇ يەر نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ئەسلىدىنلا كۆپ قاتلاملىق، كۆپ دەۋرلىك بولۇپ، تىل ۋە مەنبە جەھەتتىن ھەرگىزمۇ بىرەر تىلغا ۋە ياكى بىرەر تارىخىي دەۋرگە باغلاپ چۈشەندۈرگىلى بولمايتى.

تۆۋەندە يىللاردىن بېرى "تۇرپان" نامى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا ئۆزۈمنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

## I "تۇرپان" نامى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلگىرىكى تەتقىقاتلار

تۇرپان نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنى ئاساسىي جەھەتتىن تۆۋەندىكى بىر نەچچە كۆز قاراشلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004-يىللىق 1-سانىغا بېرىلگەن «تۇرپاننىڭ تارىختىكى ناملىرى» ۋە «قوچو ئاتالغۇسى توغرىسىدا يېڭىچە ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىدا تۇرپان توخرىچە سۆز بولۇپ، ‹چوڭ شەھەر› دېگەن مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ يازغان. (شۇ ناملىق ماقالىغا قاراڭ)①.

2. نيۇرۇچېن ئەپەندى تىبەتلەرنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى بولغان "吐蕃" سۆزىدىكى "蕃" خېتىنىڭ قەدىمدە "pan-" دەپ ئوقۇلىدىغانلىقىغا ئاساسلىنىپ، "تۇرپان" نامىنى "吐蕃" دىن كەلگەن دەپ قارىغان ھەمدە بۇ قاراشنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئاتاشقا

ئەپلىك بولسۇن دەپ، "吐蕃" [Tu-pan] سۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا r -نى قوشۇش ئارقىلىق «تۇرپان» [Turpan] غا ئۆزگەرگەن» - دېگەن ئېتىمولوگىيەلىك ئانالىزىنى قوشۇپ قويغان.[2] بۇ ۋېيجېڭ ئەپەندىمۇ يۇقىرىقى قاراشنى قۇۋۋەتلىگەن.[3] ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ ۋېيجېڭنىڭ كۆز قاراشلىرىنىڭ ھەممىسى نىيۇ رۇچېننىڭ پىكىرلىرىدىن بىۋاستە ئېلىنغان ئىدى.

مېنىڭچە بۇ نوقۇل ھالدا خەنزۇچە مەنبەلەردىكى ئۇچۇرلارغىلا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ تارىخ، ئېتنوگرافىيە ۋە خەنزۇچە مەنبەلەردىن باشقا تىللاردىكى مەنبەلەرنى نەزەرگە ئالمايدىغان ئىلمىي تەۋەككۇلچىلىك بولۇشى مۇمكىن. "吐蕃" نامىدىكى ئېتىمولوگىيەلىك تەتقىقاتنىڭ قىيىن نوقتىسى ئاساسەن "蕃" خېتىنىڭ fan - ياكى pan -ۋە ياكى bo - دەپ ئوقۇلۇشى بىلەن 吐 سۆزىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئەنسەيدەن ئەپەندىنىڭ «تۈبۆت نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى» ناملىق ماقالىسىدا تۈبۆت نامى ناھايىتىمۇ ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىنغان. ئاپتور ماقالىسىدا تۈبۆت نامىنى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئورقۇن تېكىستلىرىدە تىلغا ئېلىنغان Tüpöt گە باغلاپ چۈشەندۈرگەن شۇنداقلا بۇ نامنىڭ قانداق شەكىل ۋە ۋاستىلار ئارقىلىق خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، ئەرەب ۋە غەرب تىللىرىغا كىرگەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگەن[4]. ئۇنداقتا يۇقىرىدىكى "تۇرپان" بىلەن "吐蕃" نى ئۆز-ئارا مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدىغان پىكىرنىڭ ئاجىزلىقى قەيەردە؟. مېنىڭچە تۆۋەندىكى ئۈچ نوقتىدىن پىكىر يۈرگۈزىشكە بولىدۇ. بىرىنچىدىن، مەيلى ئېلىمىزدىكى تەتقىقاتچىلار بولسۇن مەيلى چەتئەللىك تەتقىقاتچىلار بولسۇن[7] نىيۇرۇچېن ئەپەندىدىن باشقا ھەرقانداق بىر كىشى تۈبۆت نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلغان ۋاقتىدا "تۇرپان" نامى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ باقمىغان. چۈنكى، تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا بۇ خىل پىكىرنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇلار تونۇپ يەتكەن ئىدى. ئىككىنچىدىن، مەلۇم بىر مىللەت ياكى يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئۈچ خىل تەرەپنى يەنى، شۇ جايدا ياشىغان مىللەتنىڭ ئۆز ئۆزىنى ئاتىشى، باشقىلارنىڭ ئاتىشى ۋە بۇ ئىككى خىل ئاتاشنىڭ يىغىندىسىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك. ئەزەلدىن بېرى يىپەك يولىنىڭ مەركىزىي نوقتىسىغا جايلاشقان تۇرپانلىقلار نېمە ئۈچۈن تىبەتلەرنىڭ مىللەت نامى بولغان "吐蕃" نى ئۆزىنىڭ يەر نامى قىلىپ قوللىنىدۇ؟ ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىرىنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيىتىدىن قارىغاندا، r- تاۋۇشىنىڭ سۆز بېشى ۋە ئاخىرىسىدا كۆپرەك قوشۇلۇپ قېلىشى ئەمەس ئەكسىچە چۈشۈپ قېلىشتەك فونېتىكىلىق خاھىشى بىر قەدەر كۈچلۈك. مەسىلەن، «قارغىلىق» جانلىق ئېغىز تىلىدا «قاغىلىق»، «يەركەنت» بولسا «يەكەن»، «تاشقورغان» بولسا «تاشقوغان». «كېرىيە» بولسا «كېيى»، «قارلۇق» بولسا «قالۇق» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئاپتورنىڭ ئانالىزىسىدىكى r- تاۋۇشىنىڭ بۇنداق قوشۇلۇپ قېلىشى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىرىنىڭ فونېتىكىلىق قائىدىسىگە چۈشمەيدۇ. شۇڭا يۇقىرىقى قاراشنى ئانچە ئىشەنچىلىك دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

3. مۇھەممەت رېھىم ھاجى "تۇرپان" نامىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن "tüp" (تۈۋ،تەكت) بىلەن "an" (يەر، ئويمان) نىڭ بىرلىشىشىدىن شەكىللەنگەن دەپ قارىغان.[6] ئەگەر مۇھەممەت رېھىم ھاجى ئوتتۇرىغا قويغان

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى "تۈپ" بىلەن "ئەن" نىڭ بىرلەشمىسى بولغان تۈپ + ئەن = * تۈپان [tüp+an = *tüpän] نى "تۇرپان" نامىنىڭ ئېتىمولگىيەسى دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا بۇ يەردىكى r- فونېمىسىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ ناۋادا بىز tüp - دېگەن سۆز تومۇرىغا r-نى قوشۇپ تەھلىل قىلساق، بۇ ۋاقىتتا بۇ سۆز tü rp+ an* بولىدۇ. ئەمما تۈركىي تىللىرىنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا r p- دىن ئىبارەت ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ بىر بوغۇم ئىچىدە كېلىشى تۈركىي تىللىرىنىڭ فونېتىكا ۋە سىنتاكسىز قانۇنىيىتىدە ھەر زامان ئىنكار قىلىنىدىغان تىل ھادىسىسى. مەيلى سانسكرېتچە، توخرىچە بولسۇن ۋە ياكى خەنزۇچە ۋە پارسچە سۆزلەر بولسۇن، چەت تىللاردىن ئېلىنغان ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بىللە كەلگەن ,بىر بوغۇملۇق سۆزلەر ئۇيغۇرچىگە كىرگەندە، بۇ ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ئارىسىغا ياكى ئالدىغا سوزۇق تاۋۇش قىستۇرۇلۇپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسىگە بويسۇندۇرۇلغان. تۇرپاندىن تېپىلغان كۆپلىگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنىڭ تىلىدا بۇ خىل ئەھۋال ئومومىيۈزلۈك ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، سانسكرېتچە stūpa > قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا situp (مۇنار)؛ سانسكرېتچە tantra > قەدىمكى ئۇيغۇرچىدە tantira (تانترا، مەخپىي قانۇن) ؛ سانسكرېتچە sūtra > قەدىمكى ئۇيغۇرچىدە sudur (نوم، سۇترا)؛ سانسكرېتچە preta > قەدىمكى ئۇيغۇرچىدە pirit (ئالۋاستى، يالماۋۇز).[9] دېمەك، يۇقىرىقى تىل پاكىتلىرى مۇھەممەت رېھىم ھاجىنىڭ پىكرىنى ئىنكار قىلىپ تۇرىدۇ.

4. تاتار تارىخچىسى قۇربان غەلى خەلىدى «كىتاب تارىخىي جەرىدەئى جەدىدە» («تارىختىن يېڭى خاتىرىلەر») ناملىق ئەسىرىدە "تۇرپان" نامىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى تارسۇس←تارپۇس←تۇرپۇن←تۇرپان شەكلىدە بايان قىلغان[7]. قۇربان غەلى خەلىدىنىڭ "تۇرپان" نامى توغرىسىدىكى ئېتىمولوگىيەلىك ئانالىزىنى مۇنداق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. ئاپتۇر ئەسەردە ئىسلام دىنى رىۋايەتلىرىدىكى ئەسھابۇلكەھفنىڭ جايلاشقان شەھىرى بولغان ئېفسوس شەھىرىنى تۇرپانغا باغلاپ چۈشەندۈرگەندە [θ]th ↔ f دىن ئىبارەت ئىككى تاۋۇش ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز-ئارا ئالمىشىش مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلغان. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ خىل ماسلىق مۇناسىۋەت گرېك ۋە لاتىن تىللىرى بىلەن سام تىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى فونېتىكىلىق مۇناسىۋەت بولۇپ، ئىسلام مەنبەلىرىدە كۆپلىگەن گرېكچە ۋە لاتىنچە تەركىپ [θ]th- بولغان مىللەت ۋە جاي ناملىرى ھەمىشە f- قىلىپ ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، قەدىمكى گرېك مەنبەلىرىدە ساكلار بولسا Scythian دەپ خاتىرىلەنگەن، ئەمما ئىسلام مەنبەلىرىدە بولسا "سىكىف" [Skif] دەپ ئاتالغان. رىملىقلارنىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىسى بولغان «كارسىيج» [Carthage] لار "كارفاگىس"، گرېتسىيە پايتەختى «ئاسىنا» [Athena] بولسا "ئافىنا" دەپ ئوقۇلىدۇ. دېمەككى، بۇ خىل [θ]th ↔f دەك تاۋۇش ئالمىشىش قانۇنىيىتى پەقەت گرېك، لاتىن تىللىرى بىلەن سام تىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى تىل قانۇنىيىتى بولۇپ، ئۇلاردىن نەچچە مىڭ كىلومېتر يىراقلىقتىكى تۈركىي تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ تىل قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇ نوقتىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تۈركىي تىللىرىدا f-تاۋۇشىنىڭ قوللىنىلغان

ۋاقتى بىر قەدەر كېيىن بولۇپ، ئاساسەن ئىران تىللىرىنىڭ تەسىرىدە بۇ كېيىنكى مەزگىللەردە f-تاۋۇشى تىلىمىزغا سىڭىپ كىرگەن ئىدى. ئەمما بۇ تاۋۇشنىڭ جانلىق ئىغىز تىلىدا قوللىنىش نىسپىتى يەنىلا تۆۋەن بولۇپ، ھەمىشە p-تاۋۇشى يېتەكچى ئورۇندا تۇراتتى. يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قۇربان غەلى خەلىدىنىڭ "تۇرپان" نامى توغرىسىدىكى ئېتىمولوگىيەلىك ئانالىزىنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ.

5. نىياز كېرىمى «دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە "تۇرپان" نامىنى "تۇرفاندالىق" [Turfandalik] دېگەن قەدىمكى پارسچە سۆزدىن كەلگەن، مەنىسى «كۆكتات، مېۋە-چېۋىلىرى بالدۇر پىشىدىغان يۇرت» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. نىياز كېرىمى كۆرسەتكەن "تۇرپان" نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى "تۇرفاندالىق" [Turfandalik] پارسچىدا Turfanda شەكلىدە ئۇچرىمايدۇ. ئەكسىچە بۇ سۆزنىڭ ئوقۇلىشى tarvand-[تەرۋەند]، مەنىسى «بالدۇر پىشقان مېۋە» بولىدۇ. بۇ سۆزنىڭ يەنى بىر ۋارىيانتى tarebār بولۇپ، مەنىسى «مېۋە، كۆكتات» دېگەنلىك بولىدۇ. پارسچىدىكى "تۇرپان" نامى بىلەن ئاھاڭداش بولغان سۆز "ترفند" [*Tarfand*] بولۇپ، «يالغانچى، ئالدامچىلىق» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي شەكلى - *Terfend*، ئاۋېستا تىلىدا: trap, terefyāt «ئالداش، ئوغۇرلاپ ئېلىش»، پەھلىۋى تىلىدا: tarfınıtan - «ئالدامچىلىق ۋاستىسى بىلەن ئېلىۋېلىش»، بۇ سۆزنىڭ گرېكچە ۋارىيانتى *τρέπω* -. tarvand-[تەرۋەند] دېگەن سۆز ھازىرقى زامان پارس تىلىدا «ئوغۇرلۇق، ئالدامچىلىق» مەنىسىدە قوللىنىدىغان بولۇپ، شەمشى فەخرىنىڭ شېئىرىدا بۇ سۆز مۇنداق كەلگەن:

**Nĕbūved der kĕlām-ī ĵuz edl**
**Nĕrĕved ber zĕbān-ī tū terfend**

بۇ سۆز ناسىر خۇسرەۋنىڭ شېئىرىدىمۇ dūrōyū terfend شەكلىدە ئۇچرايدىغان بولۇپ، «يالغان سۆز، ئوغرىلىق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. ئەگەر بىز يۇقىرىقى تىل مەنبەلىرىنى "تۇرفاندالىق" [Turfandalik] دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى شەكلى دەپ قارىغىنىمىزدا، بۇنى فونېتىكا ۋە سېمانتىكا نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ "تۇرپان" نامى بىلەن باغلاش زور قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ. بىز ناۋادا "تۇرپان" نى «مېۋە بالدۇر پىشىدىغان جاي» دەپ قارىغاندىمۇ، مېۋىنىڭ بالدۇر پىشىشى زادى قايسى جايغا نىسبەتەن سېلىشتۇرۇپ ئېيتىلغان بولىدۇ؟ بۇ ئاتالمىش «پارسچە» سۆزنى سۆزلىگۈچىلەر بولغان ئىرانىي خەلقلەر مېۋىنىڭ بالدۇر-كېيىن پىشىشىدىن ئىبارەت ۋاقىت ۋە پەسىل مۇناسىۋىتىنى نېمە ئۈچۈن تېھران، شىراز، مەشئەد قاتارلىق جايلارنىڭ جۇغراپىيەلىك ۋە ھاۋا كېلىماتى بىلەن سېلىشتۇرما قىلماي ئەكسىچە پەقەت تۇرپان بىلەن سېلىشتۇرىدۇ؟ دېمەك، بۇ كۆز قاراشمۇ چوڭ بىر لوگىكىلىق خاتالىققا يول قويغان. بۇ قاراشنى قوبۇل قىلىشقا پىكىر ئاساسى ئاجىزلىق قىلىدۇ.

6. ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى "تۇرپان" نامىنى 13-ئەسىردىن بۇرۇنقى ۋەسىقىلەردە ئۇچرىمايدۇ دەپ، ئۇنى قەدىمكى ئۇيغۇر

تىلىدىكى "تاربان" ياكى "تۇربان" ("تەكچە" مەنىسىدە)، "تۇربۇن" ("سۇرۇشتۇرۇش" مەنىسىدە)، "تاربىن" (تۈركلەردىن بىر گورۇھ خەلقنىڭ نامى) دىن كەلگەن دەپ قارىغان[16]. قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزىمۇ «شىنجاڭ يەر نامىلىرىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى» دېگەن ئەسىرىدە يۇقىرىدىكى قاراشقا قوشۇلىدىغان خاھىشنى ئىپادىلىگەن ھەمدە "تۇرپان" نامىنىڭ ساك تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆز ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن[17].

ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ "تۇرپان" نامىنىڭ 13-ئەسىردىن بۇرۇنقى ۋەسىقىلەردە ئۇچرىمايدۇ دەيدىغان پىكىرىنى پۈتۈنلەي توغرا دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ستايىل خولستايىننىڭ (Steäl Holstein) پۈتۈكىدىكى مىلادىيە 925-يىلىغا توغرا كېلىدىغان خوتەن ساك تىلىدىكى ۋەسىقىدە tturpąnä شەكلىدە ئۇچرايدۇ[18]. بۇ نام تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۈگۈنكى تۇرپاننى كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ نام يەنە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان مىلادىيە 9-10-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە men turpan-lïγ (مەن تۇرپانلىق) دېگەن شەكىلدە ئۇچرايدۇ[19]. بۇنىڭدىن باشقا يەنە "تۇرپان" نامى تۇرپاندىن تېپىلغان ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردىمۇ turpan شەكلىدە ئۇچرايدۇ[20]. يۇقىرىقى پاكىتلار ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ پىكىرىنى يەكلەپ تۇرىدىغان بولۇپ، بۇ بىزگە "تۇرپان" نامىنىڭ خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر قەدىمكى نام ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىپ تۇرىدۇ. ئاپتورنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دا تىلغا ئېلىنغان "تاربان" (تۈركلەردىن بىر گورۇھ خەلقنىڭ نامى) نى "تۇرپان" نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى قىلىپ كۆرسەتكەن پىكىرىنى قايتىدىن ئويلىنىپ باقساق بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلالايمىز. ئەلۋەتتە مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان» دا "تاربان" نى "تۇرپان"غا باغلاپ چۈشەندۈرمىگەن. شۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، «دىۋان» دىكى مەلۇماتلارنى بىزنىڭ ئېتىمولوگىيە تەتقىقاتىمىزدىكى بىردىن-بىر ئاخىرقى يەكۈن قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر بىز مەھمۇد كاشغەرى «مەن كىتابتا مۇسۇلمان بولغان تۈرك ئەللىرىدىكى تاغلار، چۆللەر، ۋادىلار ۋە دەريا كۆللەرنىڭ ناملىرىنىلا يازدىم. چۈنكى بۇلار تىللاردا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭمۇ ئاتاقلىقلىرىنى يازدىم، ئانچە ئاتاقلىق بولمىغانلىرىنى تاشلىدىم. مۇسۇلمان بولمىغان تۈرك ئەللىرىنىڭكىدىن بەزىلىرىنىڭ ناملىرىنى يازدىم، بەزىلىرىنى تاشلىدىم. چۈنكى ئۇلارنى يېزىشتىن پايدا يوق....» [21]. دېگەن سۆزلىرىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا شۇنى ھېس قىلىشقا بولىدۇكى، ئالىم ئەينى ۋاقىتتىكى دەۋر ۋە ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيە شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن تۇرپاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا كۆپلىگەن مۇسۇلمان بولمىغان خەلقلەر ۋە ئۇلار ياشىغان يەر ناملىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختالمىغان. شۇڭا بىز "تاربان" نى "تۇرپان" ئۈچۈن قايىل قىلارلىق ئېتىمولوگىيە مەنبەسى دەپ قارالمايمىز.

7. رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا ئەپەندى "تۇرپان" نامىنىڭ موڭغۇل تىلىدا «مېۋىلىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىغا قوشۇلغان[22]. "تۇرپان" نامىنى موڭغۇلچە «مېۋىلىك» دەپ ئىزاھلاشنىڭ ئىلمىي ئاساسى يوق. "تۇرپان" نامى موڭغۇل تىلىنىڭ يېزىق خاتىرىلەنگەن 12-13-ئەسىرلەردىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكى يۇرتىمىزدىن تېپىلغان قەدىمكى ۋەسىقىلەردە

ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە "تۇرپان" غا «مېۋىلىك ماكان» دەپ نام بېرىشنىڭ سېمانتىكىلىق ئارقا كۆرۈنۈشى ئانچە قايىل قىلارلىق ئەمەس. يۇرتىمىزدىكى موڭغۇلچە يەر نامىلىرىنىڭ يىل-دەۋرىنى ئاساسىي جەھەتتىن 12-، 13-ئەسىرلەردىن كېيىنكى ۋاقىتلارغا باغلاپ چۈشەندۈرسەك بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا نۇرغۇنلىغان تارىخىي ۋەقە ۋە مەسىلىلەرنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. ھەرقانداق يەر نامىلىرىنىڭ دەۋرىيلىك خۇسۇسىيىتى بولىدۇ. شۇڭا ھازىرقى زاماندىكى سۆزلەر بىلەن قەدىمكى يەر نامىلىرىنى ئىزاھلىغان ۋاقىتتا بۇ يەر نامىلىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك تارىخىي، دىنىي ۋە تىل ئالاھىدىلىكىنىمۇ ئالاھىدە نەزەرگە ئېلىش كېرەك. ئارىيان تىل سىستېمىسىدىكى يەر نامىنى ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تىل ئۇچۇرلىرى بىلەن ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ. شىنجاڭ يەر نامىلىرىدىكى موڭغۇل تىلى قاتلىمىنى تەخمىنەن ئەڭ بالدۇر دېگەندىمۇ مىلادىيە 11-12-ئەسىرگىچە دەپ قاراش مۇمكىن[23]. تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكىرىگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىكى موڭغۇلچە يەر نامىلىرى ئاساسەن چارۋىچىلىق، يەر، سۇنىڭ شەكلى ۋە قىياپىتى، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملىكلەرنىڭ نامىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يەر نامىلىرى بولۇپ[24]، باغۋەنچىلىك ۋە ئېكىنزارلىققا مۇناسىۋەتلىك يەر نامىلىرى ئاساسەن دېگۈدەك ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا بىز يۇقىرىقىدەك "تۇرپان" نامىنى موڭغۇلچە «مېۋىلىك» دېگەندەك كۆز قاراشنى قوللىيالمايمىز.

## II "تۇرپان" تۇپونىمىنىڭ تىل تەركىبى

"تۇرپان" نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تۆۋەندىكىدەك نۇقتىدىن بايان قىلىشنى مەن ئېھتىماللىقى بىر قەدەر مۇمكىن بولغان پىكىر يولى دەپ قارايمەن.

"تۇرپان" نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تۈركىي ۋە ياكى موڭغۇل تىللىرىدىن ئىزدەش مېنىڭچە ئانچە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئەمەس. "تۇرپان" نامىنىڭ تۈركىي تىلى مەنبەلىك ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم ئىسپاتلارنىڭ بىرى شۇكى، يۇرتىمىزدىكى بەزى قەدىمكى يەر نامىلىرى an- بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇپ، بۇ خىل ئورتاقلىق "تۇرپان" نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا خوتەن (Khotan)، پىچان (Pichan)، كۇسەن (Küsan)، كروران (Kroraina/Kroran)[25]، پىشامشان (Pishamshan)، مىرەن (Miran)، چەرچەن (Charchan)، نىران (Niran)، يۇتقان (Yutkan) قاتارلىق يەر نامىلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. "ئان" (an-) بىلەن ئاخىرلاشقان يەر نامىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران قاتارلىق جايلاردىمۇ بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك بولۇپ، ھازىرقى دەۋردىكى يەر نامىلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، زەنجان [Zanjan]، ۋاخان (Wakhan)، سۇمان [Suman]، پارۋان [Parwan]، مۇنجان [Munjan]، كۇران [Kuran]، كېرمان [Kerman] (ئىراندا)، كاسان [Kasan]، ئىشتىكان [Ishtikan]، ئىسفاھان [Isfahan] (ئىراندا)[26]. «ئەسلىي تارىخىي ماتېرىياللاردىن تاللانما» (《原文史料選輯》) دە خاتىرىلىنىشىچە، سامانىي ئابۇ سائىد (Samāni-Abū Sa’d) [ئەبۇ سەيىد ئابدۇلكېرىم بىن مۇھەممەد مىلادىيە 1166-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن] نىڭ «كىتاب ئال ئەنساب» (Kitāb al-Ansāb) ناملىق كىتابى بىلەن ياقۇت (ھىسامىدىن ئەبۇ ئابدۇللا خاماۋىي، مىلادىيە 1229-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) نىڭ جۇغراپىيىۋى ئەسىرىدە ئىلگىرىكى سەيياھلار ۋە جۇغراپىيەشۇناسلار خاتىرىلىمىگەن ئوتتۇرا

ئاسىيادىكى كەنت-مەھەللىلەرنىڭ نامى ئىلگىرى ئېلىنغان. بارتولد بۇ يەر ناملىرىنى رەتلەپ چىققان[27]. بارتولد رەتلەپ چىققان بۇ يەر نامى جەمئىي 238، ئۇلارنىڭ ئىچىدە "ئان" (an-) بىلەن ئاخىرلاشقان يەر ناملىرى 57 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 30% نى تەشكىل قىلاتتى.

تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، خوتەن، قەشقەر، مىرەن، نىران، كروران قاتارلىق يەر ناملىرى تارىخىي تىلشۇناسلىق نوقتىسىدىن ئارىيان تىللىرى (ھىندى-ئىران تىللىرى) غا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ[28]، بۇ ناملار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى "ئان" (an-) بىلەن ئاخىرلاشقان يەر ناملىرى "تۇرپان" نامى بىلەن تىل تەۋەلىكى جەھەتتىن مەلۇم دەرىجىدە ئورتاقلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى. ئورۇن كېلىش مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان قوشۇمچە "ئان" (-an) قەدىمكى پارس تىلىدا "ئانا" [ana-] بولۇپ، ئوتتۇرا قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان پارس تىلىدا "ئان" (an-) غا ئۆزگەرگەن ئىدى. بۇ خىل ئورۇن مۇناسىۋەت قوشۇمچىسى (ئۇلانما) ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراندىكى قەدىمكى يەر ناملىرىدا كۆپ كۆرۈلىدىغان بولۇپ، مىسال ئۈچۈن ئالساق "ئىران" [Iran] دېگەن يەر نامى "ئاريا + ئان" [Arya +an ] دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. "ئاريا" دېگەن خەلق نامىغا ئورۇن مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان "ئان" (an-) قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، بۇ «ئارىيانلىقلارنىڭ زېمىنى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. تېھران، ئىسفاھان، فەراخان، ئەزەربەيجان قاتارلىق يەر ۋە خەلق ناملىرىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كەلگەن "ئان" (an-) شۇ خىل مەنانى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، بۇ "تۇرپان" [Turpan] نامىدىكى "ئان" (an-) بىلەن ئوخشاش فونكسىيەلىك ئورۇن مۇناسىۋەت قوشۇمچىسى ئىدى. دېمەك، "تۇرپان" [Turpan] نامىنى قەدىمكى ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ۋە تارىخىي تىل مەنبەلىرىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. شۇڭا، مەن "تۇرپان" [Turpan] نامىنى تۈركچە ۋە ياكى موڭغۇلچە تىل مەنبەلىرىدىن ئىزدەشنى مۇۋاپىق بولغان پىكىر يولى دەپ قارىغىلى بولمايدۇ دەپ قارايمەن.

## III "تۇرپان"، "δrw”n" " [دۇرۋان] ۋە دۇنخۇاڭ

سېر ئاۋرېل ستەيىن دۇنخۇاڭدىن توپلىغان سوغدىچە ھۆججەتلەردە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە يەر ناملىرى ئۇچرايدۇ. kč”n (كۇسەن)، kr’wr’n (كروران)، sm’rknδh (سەمەرقەنت)، c’nstn (جوڭگو) ۋە δrw”n (دۇرۋان) قاتارلىقلار[29]. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى δrw”n ماقالىمىزنىڭ ئاساسىي كۆزقارىشى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. δrw”n نامى ئۇچرايدىغان سوغدىچە ھۆججەت دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىكى قۇملۇق دۆۋىسىدىن بايقالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچىنچى نومۇرلۇق ھۆججەت بىر پارچە خەت بولۇپ، يىپ بىلەن باغلانغان ئىدى. بۇ پارچە خەتنىڭ ھەجمى 9¾ × 16½ سانتىمېتىر بولۇپ، بۇ خەت دەل δrw”n (دورۋان) دا يېزىلغان ئىدى. بۇ خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

ئىگىمىز، ئىلاھىنىڭ ئوغلى زانۇدۇتقا [Znyδ’t]! بەختلىك بولغايسىز! كەمىنە بۇ خەتنى ئۇنىڭ تاپشۇرۇپ ئېلىشىنى ھۆرمەت بىلەن ئۆتىنىدۇ. مەن سىزگە بىر پارچە خەت ئەۋەتكەن ئىدىم، ئەمما سىزدىن ھېچقانداق خەۋەر تاپشۇرۇپ ئالالمىدىم. بۇ

بىر يامانلىق بولدى، ئۈچ يىلدىن بىرى مەن پەقەت سىزنىڭ نامىڭىز ئاستىدىلا (يەنى ئۈچ يىلدىن بىرى سىز پەقەت مېنىڭ نامىمدىكى كىشىلا بولۇپ) δrw"n دا تۇرۇپ كەلدىم. .... بۇ ئائىلىنىڭ جەم بولىشى؟ ياكى تارىلىپ كېتىشى؟........مەن ئەمدى δrw"n دا تۇرالمايدىغان بولدۇم[30].

دۇرۋان [δrw"n] نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى بۇ ماقالىدىكى مۇھىم ئاچقۇچلۇق يىپ ئۇچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. كۆپلىگەن تەتقىقاتلاردا δrw"n نى ھازىرقى دۇنخۇاڭ دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە بۇ نام يالغۇز دۇنخۇاڭنىلا كۆرسەتمەستىن بەلكى يەنە "تۇرپان" نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

"دۇنخۇاڭ" [敦煌] نامى توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى مەلۇمات «تارىخىي خاتىرىلەر • پەرغانە تەزكىرىسى» [《史記•大宛列傳》] دىكى جاڭ چيەننىڭ بايانىدا ئۇچرايدۇ. بايانىدا «توخرىلار (月氏) دەسلەپتە دۇنخۇاڭ (敦煌) بىلەن چىلانتاغ (祁連山) ئارىسىدا ماكانلاشقان» - دەپ خاتىرىلەنگەن[31]. «خەننامە • جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە: «"دۇن" [敦] چوڭ دېمەكلىك، "خۇاڭ" [煌] بولسا مول، كاتتا دېمەكلىكتۇر» - دەپ خاتىرىلەنگەن[32]. ئەمما بۇ چۈشەندۈرۈشلەر "دۇنخۇاڭ" (敦煌) نامىنى ئىزاھلاپ بىرىشتىكى بىردىن - بىر ماتېرىيال مەنبەسى ئەمەس ئىدى. "دۇنخۇاڭ" (敦煌) يەنە |«تاغ - دەريالار ئېزمى • شىمالىي تاغ تەزكىرىسى» [《山海經•北山記》] دىمۇ ئۇچرايدۇ. تەزكىرىدە دېيىلىشىچە، داشيەن [大鹹] تېغىنىڭ 320 چاقىرىم شىمالىدىكى تاغ "دۇنخۇاڭ" [敦薨][33] دەپ ئاتىلىدۇ. "دۇنخۇاڭ" [敦薨] دەرياسى دەل مۇشۇ تاغدىن باشلىنىپ غەربكە قاراپ ئېقىپ "يۆزې" [泑澤] غا قۇيۇلىدۇ. ("يۆزې" [泑澤] بۈگۈنكى لوپنور كۆلىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى قەدىمكى پۇرچانكۆلى 蒲昌海 ئىدى). دۇنخۇاڭنىڭ تارىخىي ئەسەرلەردە كۆرسىتىلىۋاتقان جۇغراپىيەلىك ئورنى بىلەن ھازىرقى ئورنى بىردەك ئەمەستەك قىلىدۇ[34]. بۇ نوقتا دۇنخۇاڭ بىلەن تۇرپاننىڭ نامىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بىزنى مۇھىم بولغان تارىخىي ۋە جۇغراپىيەلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. «تاغ-ئىزمىلار قۇرئى» [《山海經》] دە: "دۇنخۇاڭ دەرياسى (سۈيى) ئاگنىدىن [焉耆] باشلىنىپ غەربكە قاراپ ئېقىپ، يوۋزې [泑澤] غا قۇيىلىدۇ. .....ئۇنىڭ ئىككى ئېقىنى (غولى) بار. غەربىي جەنۇب غولى ئاگنى [焉耆] نىڭ غەربىدىن باشلىنىپ، ئاگنى [焉耆] دالاسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئاندىن ئەگىپ شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ ئاخىرى دۇنخۇاڭ ئارىلى [敦薨之渚] غا قۇيىلىدۇ. دەريانىڭ ئوڭ غولى شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ، ئاگنى دۆلىتىدىن (قەدىمكى قاراشەھەر) كېسىپ ئۆتىدۇ. شەھەر سۇ بىلەن قورشىلىپ تۇرىدۇ"[35].

يۇقىرىقى بايانلارنى تەھلىل قىلساق شۇ نەرسىنى كۆرىۋېلىش مۇمكىنكى، ئاگنى [焉耆] بولسا بۈگۈنكى قاراشەھەرنى كۆرسەتسە، "يۆزې" [泑澤] بولسا بۈگۈنكى لوپنۇر كۆلىنى كۆرسەتتى[36]. تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، «سۇنامەگە ئىزاھات» [水經注] دا خاتىرىلەنگەن دۇنخۇاڭ دەرياسى بۈگۈنكى بالغۇنتاينىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىن باشلانغان بولۇپ، «دۇنخۇاڭ تېغى» مۇ دەل مۇشۇ يەردە ئىدى. ۋاڭ زوگۇېي ئەپەندىنىڭ پىكرىچە، «سۇنامەگە ئىزاھات» [水經注] دىكى «دۇنخوڭ ئارىلى» [敦薨之渚]، «دۇنخوڭ ساھىلى»

[敦薨之浦]، «دۇنخۇاڭ سازلىقى» [敦薨之藪] لارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلار بۈگۈنكى بالغۇنتاي، قاراشەھەر، كورلا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى لوپنۇر كۆلىگىچە بولغان نەچچە مىڭ چاقىرىم دائىرىدىكى جايلار بىلەن جۇغراپىيەلىك ئورنى جەھەتتىن ئاساسەن دېگۇدەك بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ[37]، يۇقىرىقى تارىخىي ۋە جۇغراپىيەلىك ئۇچۇرلار ئاساسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزگىنىمىزدە شۇنىسى بىزگە مەلۇم بولىدۇكى، "دۇنخۇاڭ" يالغۇز بۈگۈنكى دۇنخۇاڭنىلا كۆرسىتىپ قالماستىن بەلكى يەنە تۇرپاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم جايلارنى كۆرسەتسە كېرەك. مېنىڭچە، "دۇنخۇاڭ" بىلەن "تۇرپان" دىن ئىبارەت بۇ ئىككى نام جۇغراپىيەلىك ئۇقۇم نوقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مەلۇم دەرىجىدە ئورتاقلىققا ئىگە ئىدى. يەنى «تاغ - دەريالار تەزكىرىسى» [《山海經》] بىلەن «سۇنامەگە ئىزاھات» [水經注] دا خاتىرىلەنگەن دۇنخۇاڭ جۇغراپىيەلىك جەھەتتە شىنجاڭ دائىرىسىدە بولۇپ، بۇ بىزگە "دۇنخۇاڭ" بىلەن "تۇرپان" دىن ئىبارەت بۇ ئىككى نامنىڭ ئورتاقلىقىدىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى.

تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق نوقتىسىدىنمۇ "دۇنخۇاڭ" بىلەن "تۇرپان" دىن ئىبارەت بۇ ئىككى نام ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىق ياكى بىردەكلىكى ئۈستىدە ئانالىز ئېلىپ بېرىش مېنىڭچە چەتكە قېقىشقا بولمايدىغان ئېھتىماللىق ئىدى. ئەگەر بىز تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ، خەن دەۋرىدىكى خەنزۇ تىلى بىلەن خاتىرىلەنگەن يەر ناملىرى بىلەن باشقا مىللەتلەر تىلى بىلەن خاتىرىلەنگەن يەر ناملىرى ئوتتۇرىسىدىكى بەزى ماسلىق مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرالىشىمىز مۇمكىن. خەن دەۋرىدىكى خەنزۇچە دىماق تاۋۇشى *n*- باشقا تىللاردىكى *r*- تاۋۇشى ئوتتۇرىسىدا n↔r دەك ئۆز - ئارا ئالمىشىش مۇناسىۋىتى ماۋجۇد. مەسىلەن، خەن دەۋرىدىكى نام بولسا [*An_xi*] 安息 قەدىمكى ئىران تىللىرىدىكى Aršak نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى[38] قەدىمكى خەنزۇچە تارىخىي ئەسەرلەردە خاتىرىلەنگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى يەر ناملىرىدىكى *r*- فونېمىسى خەنزۇچىدا خاتىرىلەنگەن ۋاقىتتا *n*- دىماق تاۋۇشى ئارقىلىق ئىپادىلەش ئورتاق بىر ئادەتكە ئايلانغان ئىدى. بىز ھەمىشە ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى يەر ناملىرىدىن 大宛 [Ta_war]، 單恒 [Tar_han] [39] بۇ خىل ئەھۋالنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. ئەگەر بىز پۇللىبېلەنكنىڭ 安西 بىلەن ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا تىلغا ئېلىنغان «توققۇز ئارسىن» [Toqquz Arsin] نىڭ بىردەكلىكىدىن ئىبارەت بۇ كۆز قاراشنى توغرا دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا *n*↔*r* نىڭ ئۆز-ئارا ئالمىشىشىدىن ئىبارەت بۇ خىل قائىدىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈپ يېتەلەيمىز. ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىنىڭ ئوقۇلۇشى بويىچە ئالغاندا 敦 خېتى dun - دەپ ئوقۇلىدۇ. ئوتتۇرا زامان خەنزۇ تىلى بويىچە twən - دەپ ئوقۇلىدۇ. ئەمما «廣韻» دە كۆرسىتىلىشىچە ئۇنىڭ ئوقۇلىشى duən - دەپ بېرىلگەن ھەم 敦 بىلەن 屯 نىڭ ئوخشاش تاۋۇشلۇق سۆز ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. بۇ دەل سوغدىچە ھۆججەتتىكى δrw"n دىكى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش *d*- بىلەن ماسلىشىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا تۈركچە ۋە باشقا تىللاردىكى *t*- فونېمىسى خەنزۇچىدە بەزىدە *t*- بەزىدە - *d* بىلەن ئىپادىلەنگەن. دېمەك، *t*- بىلەن -

*d* بىر-بىرىدىن كەسكىن پەرقلەندۈرۈلمىگەن ئىدى. مەسىلەن، خەنزۇچىدىكى 達幹 [da-gan] بولسا تۈركچىدىكى "تاركان" [Tarqan] نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى. بىز يۇقىرىقى مىساللار ئاساسىدا شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىمىزكى، 敦煌 [dun-huang]، 敦薨 [dun-hong]، دۇرۋان δrw"n ۋە [Turpan] دىن ئىبارەت نامىلار ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن دەرىجىدە فونېتىكىلىق باغلىنىش بار ئىدى.

ئەگەر بىزنىڭ "دۇنخۇاڭ" بىلەن "تۇرپان" دىن ئىبارەت بۇ ئىككى توپونىمنىڭ بىردەكلىكى ھەققىدىكى پىكرىمىز پۈتۈنلەي توغرا بولسا، ئۇ ھالدا بىز شۇنداق خۇلاسە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىزكى، سوغدىچە ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن دۇرۋان δrw"n بەلكىم نوقۇل ھالدا دۇنخۇاڭنى كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ بەلكىم "تۇرپان" توپونىمىنىڭ سوغدىچە خاتىرىلەنگەن شەكلى بولۇش ئېھتىماللىقى زور. مېنىڭچە، "دۇنخۇاڭ" بولسا "تۇرپان" توپونىمىنىڭ خەنزۇچىلاشقان شەكلى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئېھتىماللىقنى چەتكە قاقمايدۇ. رۇڭ شىنجاڭ ئەپەندىنىڭ دوكلاتىدىن (2009-يىلى 4-ئايدا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا بەرگەن دوكلاتى) ئانالىز قىلىشىمىزچە، ئەينى دەۋردە "دۇنخۇاڭ" بىلەن "تۇرپان" دىن ئىبارەت بۇ ئىككى توپونىم بىر-بىرىدىن تولۇق پەرقلەندۈرۈلگەن ئەمەس ئىدى.

## VI 敦煌، "تۇرپان" ۋە توخارلار

دۇنخۇاڭ نامى توغرىسىدا ۋاڭ زوگۇۋېي ئەپەندى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئىدى. ۋاڭ زوگۇۋېي ئەپەندى «"دۇنخۇاڭ" نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى» نامىلىق ماقالىسىدا "دۇنخۇاڭ" نامىنى توخارلارغا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، «تاغ-دەريالار قۇرئى» (《山海經》) دىكى «دۇنخۇاڭ» [敦薨]، «تارىخىي خاتىرىلەر · پەرغانە تەزكىرىسى» (《史記·大宛列傳》) دىكى «دۇنخۇاڭ» [敦煌] بولسا "توخار" نامىنىڭ قىسقارتىلما ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارىغان.[40] مېنىڭچە، بۇ قاراشنى توغرا دەپ قوللاشقا بولىدۇ. ئەگەر بىز «دۇنخۇاڭ» [敦薨]، «دۇنخۇاڭ» [敦薨] ۋە دۇرۋان δrw"n دىن ئىبارەت بۇ نامىلارنىڭ بىردەكلىكىنى ئېتىراپ قىلغىنىمىزدا، ئۇ ھالدا "تۇرپان" نامىنىڭمۇ توخارلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. فونېتىكا نۇقتىسىدىنمۇ بۇلار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم دەرىجىدە تەڭلىك مۇناسىۋىتىنى ھاسىل قىلىشىنىڭمۇ مۇمكىنچىلىكى بار. لېكىن بۇ خىل ئېھتىماللىق ئىلگىرى ئانچە دىققەتكە ئېلىنمىغان ئىدى.

ئەگەر بىز «دۇرۋان» δrw"n، 敦煌 [dwən—hwang ياكى twən-gnawh] ۋە "تۇرپان" دىن ئىبارەت ئۈچ نامنىڭ ئوخشاش مەنبەلىكىدىن ئىبارەت بۇ نۇقتىدىن چىقىپ پىكىر قىلساق شۇنداق بىر مەسىلىنى بايقىشىمىز مۇمكىنكى، "تۇرپان" نامى بىلەن توخارلار ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن دەرىجىدىكى فونېتىكىلىق ۋە سېمانتىكىلىق مۇناسىۋەت مەۋجۇد ئىدى. تارىخىي يازما مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە تۇرپان ۋادىسىنىڭ قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئاھالىسى توخارلار ھېسابلىنىدىغان بولۇپ[41]، بۇمۇ بىزنىڭ تۇرپان نامىنى توخارلارغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشىمىزنىڭ تارىخىي ئاساسى.

مېنىڭچە، "تۇرپان" نامىنى توخارلارغا باغلاپ چۈشەندۈرۈش گەرچە كۆپلىگەن تارىخىي پاكىتلارنى تەلەپ قىلسىمۇ، لېكىن مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋە تىلشۇناسلىق

مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىپ بۇ توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈش ئارتۇقچە بولماس. توخارلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىي قىسمىدا ئولتۇراقلاشقان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئالتاي تېغى بىلەن باركۆل يايلىقىنىڭ ئارىلىقىدىكى ياۋچىلار، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى كۆسەنلىكلەر ۋە قاراشەھەرلىكلەر، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى غۇزلار (車師)، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى كرورانلىكلەرنىڭ ھەممىسى توخارلاردىن ئىدى[42]. ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار ۋە قەدىمكى يازما ۋەسىقىلەردىن مەلۇم بولىشىچە، مىلادىيەنىڭ ئالدى-كەينىدە شەرقتە ئوردۇس دالاسى، كۆكنۇر، گەنسۇ، قومۇل، تۇرپاندىن تارتىپ، غەربتە قاراشەھەر، كۇچا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرى ۋە شىمالىدىكى قىسمەن جايلىرىدا توخارلاردىن ئىبارەت بىر خەلقنىڭ ياشىغانلىقى مەلۇم. يازما ۋەسىقىلەردىن مەلۇم بولىشىچە، تۇرپان رايونىمۇ قاراشەھەر تىلى [توخارچە A] بىلەن كۇسەن تىلى [توخارچە B] نىڭ تارقالغان رايونلىرىدىن بىرى بولۇپ[43]، تۈركچە مەنبەلەردە كۆرسىتىلگەن «تۆت توخرى» بىر سىياسىي مەمۇرى ئاتالغۇ بولۇپ، تۇرپانمۇ بۇ رايون دائىرىسى ئىچىدە ئىدى[44].

ئوتتۇرا ئاسىيا جۇملىدىن شىنجاڭدىكى تارىخىي يەر ناملىرىدا مىللەت ۋە ياكى خەلق، قوۋم نامىنى يەر نامى قىلىپ قوللۇنىشتەك ئەھۋال ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت. توخارلار مۇشۇ نام ئاستىدا ئۆزلىرى پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىكى جايلاردا نۇرغۇنلىغان يەر ناملىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ ھەقتە ئېلىپ بىرىلغان بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ۋاقتىنچە توغرا دەپ جەزىملەشتۈرەلمىسەكمۇ، لېكىن بۇلار بىزگە مەلۇم دەرىجىدە تارىخ ۋە تىلغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇمات بېرىدۇ[45]. توخارلارنىڭ نامىنى ئۇلارنىڭ خەنزۇ قوشنىلىرى ياۋچى (月氏يۈشى) دەپ ئاتىغان بولسىمۇ[46] لېكىن ئۇلارنىڭ باشقا قوشنىلىرىدىن بولغان ھىندىلار، سوغدىلار، گرېكلار ۋە پارسلار خەنزۇلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان نام — توخار نامى بىلەن ئاتىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ قوشنىلىرىدىن بولغان تىبەتلەرمۇ ئۇلارنى "تودگار" [Thod-kar] دەپ ئاتىغان ئىدى[47]. توخارلارنىڭ ئاتىلىشىدا شەرق ۋە غەربتە بىر ئاز فونېتىكىلىق پەرق بار بولۇپ، شەرقتە توخارلارنىڭ نامى "توغۇر" [toγur]، "توغېر" [toγər]، "توغارا" [θoγαrα]، "توغىر" [t'oγr]، "تۇغىر" [tuγr] بولۇپ، پىتولومىنىڭ «جۇغراپىيە» دېگەن ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەن "تاگۇرىلىقلار" [tθαγουroí]، "تاگۇرى تېغى" [θαγουpoí opoς]، "توگارا شەھىرى" [θαpáγo] [48] لارنىڭ ھەممىسى خېشى رايونىغا جايلاشقان، بۇ ناملارنىڭ مەۋجۇتلىقى قەدىمكى تىبەتچە ۋە خوتەن ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەردىمۇ ئىسپاتلانغان. بۇلار بەلكىم خېشى رايونىدىكى توخارلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ھازىرقى گەنسۇنىڭ سۇلې دەرياسى بويىدىكى "توخولۇ بۇلىقى" [吐火洛泉] بۇنىڭ ئىسپاتلىرىدىن ئىدى[49]. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولىشىچە، «خەننامە» دە ئۇچرايدىغان [dɑ̀-ǐwan] 大宛 بولسا ئەمەلىيەتتە گرېكچە Táγpoí، -Tóγαpoí نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى[50]. دېمەك، توخارلارنىڭ غەربىي رايونىدىكى تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، تەسىرى چوڭقۇر ئىدى. تىل ۋە تارىخىي يازما مەنبەلەردىن ئايان بولىشىچە، "تۇرپان"، دۇنخۇاڭ tw n-gnawh]敦煌 ياكى [dw n—hwang دېگەن سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى سوغدىچىدىكى drw"n بولۇپ، ئۇنىڭ

ئەسلى شەكلى گرېكچە مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن $\theta \rho o \alpha \nu \alpha$، يەنى توخارلار ئىدى. "تۇرپان"، 敦煌[dw n—hwang ياكى tw n-gnawh]، δrw"n دېگەن نام شۇبھىسىزكى، خەنزۇچە مەنبەدىن كەلگەن ئەمەس بەلكى توخرىچە (ياۋچىچە) سۆز بولىشى مۇمكىن.

## V "تۇرپان" توپونىمىنىڭ سىمانتىكىلىق مەنىسى

"تۇرپان" نامىنى توخارلارغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشتە تۆۋەندىكىدەك ئىككى نوقتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىگە سېلىپ ئۆتسەك مېنىڭچە ئارتۇقچە بولماس. گەرچە "تۇرپان" نامىنىڭ ئېتمولوگىيەلىك مەنىسىگە ھازىر بار بولغان ماتېرىياللار قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرىشكە يېتەرسىزلىك قىلسىمۇ، ئەمما بىز "تۇرپان" نامى بىلەن توخارلار ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تارىخي جەريانلار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم دەرىجىدە سىمانتىك ۋە فونىتىكىلىق مۇناسىۋەتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ بىشارىتى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

1. "تۇرپان" بولسا Toharan دېگەن خەلق نامىنىڭ ئۆزگەرگەن بىر ۋارىيانتى. ياۋرۇ-ئاسيا قۇرۇقلىقىنىڭ ئاساسلىق لىنىيلىرىدە كۆپلىگەن يەر ناملىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خەنزۇچە مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان. بۇ ناملار ئەمەلىيەتتە بولسا توخار نامىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى ئىدى. سېن جوڭمىيەن (岑仲勉) ئەپەندى تاڭ دەۋرىدىكى خوتەن تېكىستلىرىدە ئۇچرايدىغان tturpa irno دېگەن نامنى ئوتتۇرا قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىنىڭ ئوقۇلۇشى (切韻) بويىچە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنى 單恒 غا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ[51]. 單恒 [duat-huan]

ناھايىتى ئېنىقكى، توخارلارنىڭ خەنزۇچىدە ئۆزگەرتىلگەن يەنە بىر نامىنىڭ يالدامىسى ئىدى[52].

ئەمدىكى مەسىلە "تۇرپان" بىلەن "توخار" لار ئوتتۇرىسىدىكى سىمانتىك مۇناسىۋەتنىڭ مۇمكىنچىلىكى زادى قانچىلىك؟ توخرىچىدا «ھارۋا ۋە چاق» مەنىسىدە كېلىدىغان سۆز بار بولۇپ، توخرى A تىلىدا -kukäl، توخرى B تىلىدا -kokale دەپ ئوقۇلىدۇ[53]. بۇ سۆز ھىندى-ياۋروپا تىللىرىدا كەڭ ساقلانغان بولۇپ، ھەممىسى كۆپلىگەن ھىندى-ياۋروپا تىللىرىنىڭ دىيالېكتىكىلىرىدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ[54]. خەنزۇچىدە بىز «چاق» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان 車 دېگەن سۆز بار. 車 نىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئوقۇلىشى khrjag*- بولۇپ[55]، بۇ سۆز پولىپىيىلانىكىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى 居 بىلەن ئوخشاش تاۋۇش قىممىتىگە ئىگە ئىدى. بۇ ئىككى سۆزنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى ئوقۇلىشى ئايرىم-ئايرىم kwlà*- ۋە kwekwlà*- بولۇپ، بۇلار توخرى تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھىندى-ياۋروپا تىللىرىدىكى «چاق» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان kwekwlo*- ۋە kwolo*- بىلەن فونېتىكا ۋە سىمانتىكا جەھەتتە ئاساسەن بىردەكلىككە ئىگە[56]. «شىمالىي سۇلالە تارىخى» [《北史》] دا تۇرپان رايونىدا ياشىغان 高車 لار تىلغا ئېلىنىدۇ. لى گۇيفاڭنىڭ پىكرىچە 高 قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىدا [*kagw>kâu] ئوقۇلىدىغان بولۇپ[57]، بىز 高車 نىڭ قەدىمكى ئوقۇلىشىنى تەخمىنەن kagw-kwlà * شەكلىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىمىز. بۇ بىز ئادەتتە ئېيتىپ يۈرگەن «ئېگىز ھارۋىلىقلارنىڭ» نامى بولغان

"قاڭقىل" ۋە توخرىچىدىكى kokale- بىلەن فونېتىكا ۋە سېمانتىكا جەھەتتىن بىر مەنبەلىك نام ئىدى.

گەرچە ئەڭ دەسلەپكى هارۋىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى قاراشلاردا ئىختىلاپ مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن تارىختىكى ئەڭ دەسلەپكى ھىندى-ياۋرۇپالىقلاردىن بولغان توخارلارنىڭ شەرقتە دەسلەپكى هارۋا ئىشلەتكۈچىلەردىن بىرى بولغان خەلقلەر سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي ئەمەلىيەتنى ئاسانلىقچە ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. خۇش، ئەمدى بىز تېخىمۇ شەرق تەرەپكە نەزەرىمىزنى تاشلايدىغان بولساق، مانجۇلارنىڭ تىلىدا هارۋا چاقىنى «توخۇرۇ» [Tohoro] دەپ ئاتايدىغانلىقى مەلۇم[58]. بۇ بەلكىم مانجۇ ئەجداتلىرىنىڭ توخارلارنى ئۇلارنىڭ ئىشلەتكەن هارۋىسى ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە ئۇچراشقان ۋە ياكى ئۇلار توغرىسىدا دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

2. پروفېسسور بېيلېي (Harold Bailey) نىڭ ئانالىزىچە، «ستايىل خولستايىن پۈتۈكى» دە ئۇچرايدىغان «تۇرپانا» [Turpana] دېگەن نام druva – pāna* دىن ئۆزگەرگەن، بۇنىڭ مەنىسى «بىخەتەر قوغدىلىنىدىغان، تام بىلەن قورشالغان» بولىدۇ دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە بۇ بىر ناھايىتىمۇ ئەھمىيەتلىك كۆز قاراش، ئەمما بۇ توغرىلىق تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقاندا، مېنىڭچە بەزىبىر فونېتىكىلىق ۋە سېمانتىكىلىق مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى بايقىشىمىز مۇمكىن.

"تۇرپان" نامىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان سۆز ھىندى-ياۋرۇپا تىللىرىنىڭ شەرقىي ئىران تىللىرى گۇرۇپپىسىغا تەۋە بولغان خوتەن ساك تىلىدا ئۇچرايدۇ. خوتەن ساك تىلىدا druva- «پۇختا، مۇستەھكەم» دېگەن سۆز بار بولۇپ، بۇ سۆز «ئاۋېستا» دا dra- ، drvatāt- ، زوروئاستىزم پەھلىۋى تىلىنىڭ ئاشۇرما سۈپەت دەرىجىسى drōt-، يىڭى پارسچىدا durōd- ، padrōd- ، يىڭى پارسچىدىكى ئاشۇرما سۈپەت دەرىجىسى durust- ئىدى[59]. بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «توغرا» مەنىسىدە قوللىنىلىۋاتقان "دۇرۇست" دېگەن سۆز بىلەن مەنبەداش ئىدى. druva- نىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى durāhe - بولۇپ، مەنىسى «بىخەتەر، ساق» ئىدى. بۇنىڭدا dur- بىلەن dru-ئوتتۇرىسىدا فونېتىكىلىق ئورۇن ئالمىشىش يۈز بەرگەن بولسىمۇ ئەمما مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولمىغان[60]. خوتەن ساك تىلىدا يەنە druva-بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، «پۇختا، چىڭ» مەنىسىدە كەلگەن ttura- دېگەن سۆز بار بولۇپ، پروفېسسور بېيلېينىڭ پىكرىچە، بۇ سۆز «كۈچلۈك» مەنىسىدىكى tura- دىن كەلگەن ئىكەن. بۇنىڭ ئاساسىي سۆز تومۇرى tura*-ياكى taura*- بولىشى مۇمكىن[61]. بۇنىڭدىن سىرت بىز يەنە توخار B تىلىدا «چىڭىتماق، مۇستەھكەملىمەك» مەنىسىدە trenk- (توخار A تىلىدا tränk-) دېگەن سۆزنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز. بۇنىڭ سانسكرتچە ۋارىيانتى dhryati- «چىڭىتماق، مۇستەھكەملىمەك» بولۇپ، بىز بۇ -ttura، druva-، drvatāt-، dra-، trenk-، tränk- لار ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن فونېتىكىلىق ۋە سېمانتىكىلىق مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز.

خوتەن ساك تىلىدا "تۇرپان" [Tur-pan] دىكى pan- بىلەن ئاھاڭداش بولغان - vānaدېگەن سۆز بار بولۇپ، مەنىسى «ئولتۇراق جاي» بولىدۇ. بۇ سۆزنىڭ تومۇرى van- بولۇپ، مەنىسى «قورشىماق، ئورىماق» ئىدى. بۇ سۆز «ئاۋېستا» دا

vāna- «قورشالغان، ئورالغان» شەكلىدە ئۇچرايدۇ. بۇ سۆز قەدىمكى ئەرمەنچىگە k- van- شەكلىدە قوبۇل قىلىنغان. ھازىرقى زامان ئەرمەن تىلىدا auan- «يىزا»[62]. توخرى A ۋە B تىلىدا pan- بىلەن ئاھاڭداش بولغان سۆز wänd- «قورشاۋ، قورشىماق، قاپلىماق» ئۇچرايدۇ. بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى ھىندى-ياۋروپا تىللىرىدىكى شەكلى endh-، گوت تىلىدا biwindan- بولۇپ، مەنىسى «قورشىماق، ئورىماق»[63]. wänd- بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان سۆز ھازىرقى زامان نېمىس تىلىدا Wand شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ، مەنىسى «تام، قورشاۋ» دېگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر بىز يۇقىرىقى مەنبەلەردىكى *tura-، druva- ۋە ياكى dur- «مۇستەھكەم، پۇختا، بىخەتەر» بىلەن vāna- «ئولتۇراق يەر، قورشاۋ، تام» نى بىرلەشتۈرسەك، ئۇ ھالدا بىز *tura-van- ياكى *dur-van- «بىخەتەر تۇرالغۇ، مۇستەھكەم تام، بىخەتەر قورشاۋ» دېگەن خۇلاسىگە ئىگە بولىمىز.

ئەمدى بىز خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ بىزگە قانداق ئۇچۇر بېرىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى. 高昌 نامى دەسلەپكى قەدەمدە «شىمالىي جۇنامە» نىڭ 50-جىلد «گاۋچاڭ تەزكىرىسى» [高昌傳] دە ئۇچرىسىمۇ ئەمما 高昌 نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە تۇنجى بولۇپ مەلۇمات بەرگىنى «ۋېينامە» [魏書] ئىدى. «ۋېينامە» دە: «گاۋچاڭ ئەسلىدە ئالدىنقى غۇز بەگلىگىنىڭ زېمىنى ئىدى....ئۇ يەرنىڭ يەر شەكلى ئېگىز، كەڭ، ئاۋام (خەلقى) باياشات. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئەسلىدە گاۋچاڭ قورغىنى بار بولغاچقا گاۋچاڭ دۆلەت نامى بولۇپ قالغان ئىدى»[64].

بۇ يەردە شۇ نوقتىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، 《廣韻》 دە قەيت قىلىنىشىچە، 昌 [尺量切] بىلەن «تام» مەنىسىدىكى 牆 [在良切] ئوخشاشلا 陽韻 گە تەۋە قىلىپ كۆرسىتىلگەن بولۇپ[65]، بىز ئۇنىڭدىن بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئوخشاش ياكى بىر-بىرىگە يېقىن تاۋۇش قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. ئەگەر بۇ پىكرىمىز قوللاشقا ئېرىشىپ قالسا، ئۇ ھالدا 高昌 نىڭ 高牆 دەپ ئوقۇلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ خىل تىل ھادىسىسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ[66]. مەيلى 高昌[67] بولسۇن ياكى 高牆 بولسۇن، بۇلارنىڭ خەت مەنىسى ۋە «ۋېينامە» [魏書] دە تىلغا ئېلىنغان «يەر شەكلى ئېگىز، قورغان، گاۋچاڭ قورغىنى» دېگەن تەسۋىرنى "تۇرپان" نامىنىڭ ھىندى-ياۋروپا تىللىرىدىكى «بىخەتەر تۇرالغۇ، مۇستەھكەم تام، بىخەتەر شەھەر » دېگەن مەنىسى بىلەن ئۆز-ئارا بىرلەشتۈرسەك، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغان مۇئەييەن سىمانتىكىلىق باغلىنىشىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس. ئەمدىكى مەسىلە، ئېگىز چاقلىق ھارۋىلىرى بىلەن ئاسىيا قىتئەسىنىڭ يايلاق ۋە دالىلىرىدا كېزىپ يۈرۈپ «ئېگىز ھارۋىلىقلار» دەپ نام ئالغان [高車]، 高昌 ۋە "تۇرپان" ئوتتۇرىسىدىكى فونېتىكىلىق ۋە سىمانتىكىلىق مۇناسىۋەتنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىر خۇلاسىگە كەلمەك ھەقىقەتەنمۇ تەس، لېكىن بىر نوقتىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىگە سېلىپ ئۆتۈش لازىمكى، 高昌 بىلەن 高車 ئوتتۇرىسىدىكى فونېتىكىلىق مۇناسىۋەتنى مېنىڭچە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

خۇلاسە: يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، "تۇرپان" ناھايىتىمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمكى ناملارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ نام تارىم ۋادىسىدىكى كۆپلىگەن

ئېتنىنىڭ گۇرۇپپىلارنىڭ تارىخىي يالدامىسى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان. "تۇرپان" توپونومىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى يالغۇز تۈركچە ۋە موڭغۇلچە تىل مەنبەلىرىگە باغلاپ چۈشەندۈرگەندە قايىل قىلارلىق خۇلاسىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. "تۇرپان" نامى تارىم ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەردىن بولغان توخارلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ياكى فونېتىكا جەھەتتىن توخارلار بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى يەر ۋە خەلق ناملىرىدىن بولغان «دۇنخۇاڭ» [敦煌]، 大宛[Ta-war]، 單恒 [Tar-han] لار بىلەن فونېتىكا جەھەتتىن مەنبەداش ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ۋارىيانتى. "تۇرپان" توپونىمىنىڭ سېمانتىكىلىق مەنىسى «بىخەتەر تۇرالغۇ، مۇستەھكەم قورغان، بىخەتەر شەھەر» بولۇپ، ھىندى-ياۋرۇپالىق تىللار ئۇنىڭ سېمانتىكىلىق مەنىسىنىڭ مەنبەسى ئىدى. خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان قەدىمكى تۇرپاننىڭ نامى بولغان 高昌 [高牆*]، ۋە قەدىمكى تۇرپان رايونىدا ياشىغان خەلق «ئېگىز ھارۋىلىقلار» [高車] بىلەن "تۇرپان" ئېتىمولوگىيەلىك مەناسى ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن سېمانتىكىلىق ماسلىق مۇناسىۋىتى مەۋجۇت.

## ئىزاھات ۋە پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:

[1]. ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق: «تۇرپان» نىڭ تارىختىكى ناملىرى ۋە «قوچو» توغرىسىدا يېڭىچە ئىزدىنىش، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2004-يىللىق 1-سانى، 47-بەت.

[2] خامىلتوننىڭ پىكرىچە، 貪汗 [Tanhan] بولسا بوغدا تېغىنىڭ 5-10-ئەسىرلەردىكى نامى ئىدى. پېللىوت «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسىگە ئىزاھات» دېگەن كىتابىنىڭ 164-بېتىدە «ھۇددۇل ئالەم» دىكى "تافقان" [Tafqan] نى 貪汗山 دەپ قارىغان. ئەمما خامىلتون بۇنى تىل نۇقتىسىدىن ئىسپاتلاپ چىقىشتا زور قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن. [哈密頓 著 耿升 譯：《九姓烏古斯和十姓回鶻考》)

[3] Richard Caplice: *Introduction to Akkadian,* Pontificio Instituto Biblico, Romae, 1983, p.20.

[4] «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994-يىلى، 121-بەت.

[5] 於維誠：《新疆地名與建制沿革》，新疆人民出版社，2005年，第29，30頁。.

[6] 安才旦：“"吐蕃"一稱語源及含義評述”，《中國藏學》，1988年第4期

[7] چەتئەل تەتقىقاتچىلىرىدىن پېللىئوت ئالدى بىلەن بۇ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان. مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ئۇچۇرلىرىغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 6-ئەسىرنىڭ 2-يېرىمىدا ئوتتۇرا ئەسىر پارسچىدە يېزىلغان زوروئاستىر دىنىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «باخمان ياشت» (Bahman Yašt) ناملىق تېكىستتە كۆپلىگەن خەلق نامى ئۇچرايدۇ. بۇ تېكىستنىڭ پەھلىۋىي نۇسخىسىدا Tupit / Topit شەكلىدە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، تىبەتلەر تاغلىقلار دەپ تەسۋىرلەنگەن. مىلادىيە 795-798-يىللارغا تەۋە بولغان نېستورىئان مۇرىتى تىموتېيۇس I نىڭ خاتىرىسىدە تىبەتلەر "تۈپتايې"(Tûptâjê) دەپ ئاتالغان. ئىسلام مەنبەلىرىدىكى تىبەتلەر توغرىسىدىكى ئۇچۇر ئالدى بىلەن پادىشاھ تۈببا ئەل ئاقران ھەققىدىكى رىۋايەت بىلەن خەلىفە ئەل مەمۇن زامانىسىدا توپلانغان ماتېرىياللاردا كۆرۈلىدۇ. ئەمما بۇ ماتېرىياللاردا تىبەت توغرىسىدا توختالغان بولسىمۇ، لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان تىبەتلەرنىڭ مۇستەملىكە رايونلىرىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، ئاساسلىقى ھىمالايا تېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى لاداخ، بالتىستان، گېلگىت ۋە ياسىن قاتارلىق جايلار بايان قىلىنغان. ئەجەپلىنەرلىك يېرى شۇكى، بۇ ماتېرىياللاردا بەزىدە خوتەن تىبەتلەرنىڭ پايتەختى قىلىنىپمۇ تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سامانىيلارنىڭ ئوردىسىدا ۋەزىر بولۇپ تۇرغان جەيھانىينىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ تىبەتلەر تىلغا ئېلىنغان.—— يۇقىرىقى پىكىرلەرنى گېرمانىيە جورج-ئاۋغۇست ئۇنىۋېرسىتېتى تىبەتشۇناس تىيىتىس خانىم

شەخسى خەت ئالاقە جەريانىدا تەمىنلىگەن.

(8). «تىل ۋە تەرجىمە » ژۇرنىلى، 1999-يىللىق 5-سانى، 36-بەت.

楊富學：《印度宗教文化與回鶻民間文學》，民族出版社，2007 年，第 31 頁。(9)

(10). «كىتاب تارىخ جەرىدەئى جەدىدە»، تاتارچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989-يىلى، 76-، 77-بەتلەر.

(11). نىياز كېرىمى، زىۋىدە ساتتار: «دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم يەر نامىلىرى ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2006-يىلى، 115-118-بەتلەر.

《漢語詞典》，商務印書館，1997 年，北京，第 569 頁。(12)

(13). يۇقىرىقى مەنبە، 570-بەت.

(14). Paul Horn: *Grundriss der Neupersischen Etymologie*, Strassburg, Verlag von Karl J. Trubner, 1893, p. 86.

(15). Paul Horn: *Grundriss der Neupersischen Etymologie*, Strassburg, Verlag von Karl J. Trubner, 1893, p. 86.

(16) «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996-يىللىق 2-سانى، 63-بەت.

(17). «قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى، پالتاخۇن ئەۋلاخۇن: «شىنجاڭ يەر نامىلىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرى، 2001-يىلى، 55-بەت.

(18). Edwin G. Pulleyblank: "Chinese and Indo_Europeans", in: *Journal of the Royal Asiatic Society* 1_2. London, 1966, pp. 9_39.

(19). James Hamilton: *Manuscrits Ouïgours Du IX _X Siècle De Touen_Houang,* Textes établis, traduits, et commentés. Tome I, Peeters *france*_Paris, 1986, p. 85.

李經緯：《回鶻文社會經濟文書研究》，新疆大學出版社，1996 年，第 273 頁。(20)

(21). مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1981-يىلى، 1-توم، 37-بەت.

(22). «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1997-يىللىق 1-سانى، 65-بەت.

(23). قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى، تاشمۇھەممەت ئابدۇراخمان: «يەر نامىلىرى ئىلمى»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 2000-يىلى، ئۇيغۇرچە، 193-بەت.

(24) نىيۇ رۇچېن: «يەر نامىلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994-يىلى، 51-بەت.

(25). كروران نامىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە ئاتىلىشىدا خاتالىق بار بولىشى مۇمكىن. مېنىڭچە Kroran دىكى *rk*-ھەرىپى قوشما ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، ئۇنىڭ تاۋۇش قىممىتى *k*-ئەمەس بەلكى *r*- بولىشى مۇمكىن. بۇ نام "كروران" ئەمەس بەلكى "روران" دەپ ئوقۇلىدۇ. مۇنداق بولغاندا بۇ نام خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن 樓蘭 (*Lou_lan*) بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولغان بولىدۇ.

(26). يۇقىرىقى يەر نامىلىرى فېڭ چېڭجۈننىڭ «غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى» [西域地名》，中華書局，1980 年。《馮承鈞] ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

(27). 巴托爾德 《蒙古入侵時期的突厥斯坦》，上海古籍出版社，第 140~155 頁。

(28) خوتەن ۋە قەشقەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا خارولد بېيلېينىڭ «قەدىمكى ئىرانى خوتەندىكى ساكلارنىڭ مەدەنىيىتى» دېگەن ئەسىرى [Harold W. Bailey: *The Culture of the Sakas in Iranian Khotan*, New York, 1982, pp. 3, 10] ئەسىرى بىلەن ئىبراھىم مۇتىئىنىڭ «تارىم بوستانلىقىدىكى بىر قانچە قەدىمكى يەر نامىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىغا قاراڭ. [依布拉音·穆提義：《塔里木綠洲若干古代地名溯源》，載《西域研究》，1997 年，第 2 期。]

(29). Hans Reichelt: *Die Soghdischen Handschriftenreste des Britischen Museums,* in Umschrift und mit Übersetsung, Teil. II. Heidelberg, 1931, S. 4

(30) Hans Reichelt: *Die Soghdischen Handschriftenreste des Britischen Museums;* in Umschrift und [mit Übersetsung, *Die Alten Briefe* III. Heidelberg, 1931, S. 23

(31) 《史記· 大宛列傳》.

(32). 《漢書 · 地理傳》

(33). 敦煌 بىلەن 敦薨 ئوتتۇرىسىدىكى پەرق پەقەت بىرىسىدە، ھازىرقى زامان شەكلىدە a- قوللىنىلغان. يەنە بىرى شۇكى، ھازىرقى زامان شەكلىدە جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش d- بولسا، قەدىمقىسىدە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش t-

قوللىنىلغان. دېمەك، بۇ ئىككى نام ئوخشاش بىر مەنبەدىن كەلگەن بولۇپ، ئېتمولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا توخارلارغا تۇتىشاتتى. ( Edwin G. Pulleyblank: "Chinese and Indo-Europeans", in: *Journal of the Royal Asiatic Society* 1-2. London, 1966, pp. 9-39.

(34) "دۇنخۇاڭ" نامى توغرىسىدا لى بىڭچېڭ (李並成) ئەپەندىمۇ توختالغان بولۇپ، ئاپتور ماقالىسىدا " دۇنخۇاڭ تېغى " (敦薨之山) نى چىلانتاغ (祁連山) دەپ، "دۇنخۇاڭ دەرياسى" (敦薨之水) نى بۇگۇنكى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى سۇلې دەرياسى (疏勒河) دەپ قارىغان. قاراڭ: لى بىڭچېڭ: «"دۇنخۇاڭ" نامىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا»، «يەر نامى بىلىملىرى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىللىق 5 ـ سانى، 33 ـ بەت. (李並成：《"敦煌"—名溯源》，《地名知識》，1989 年 (第 5 起，第 33 頁。

(35) 王國維：《水經注校》，上海人民出版社，1984 年，第 41~43 頁。.

(36) 《辭源》，修訂本， 商務印書館，北京，1988 年.

(37) 王宗維：《'敦煌'釋名——兼論中國的吐火羅人》，載《新疆社會科學》，1987 年第 1 期。.

(38) W.B. Henning: Argi and the "Tokharians", *Bulletin of School of Oriental Studies.* Vol. 19, 1937-1939, p. 571.

(39) 王宗維：《'敦煌'釋名——兼論中國的吐火羅人》，載《新疆社會科學》，1987 年第 1 期。

(40) 王宗維：《'敦煌'釋名——兼論中國的吐火羅人》，載《新疆社會科學》，1987 年第 1 期。.

(41) Annemarie von Gabain. *Das Leben im uigurischen Königreich von Qoco* (850 – 1250), Wiesbaden, Otto Harrassowits, 1973.

(42) 林梅村：《吐火羅人的起源與遷徙》，載《西域研究》， 2003 年第 3 期，第 9 頁。.

(43) 楊富學：《吐火羅與回鶻文化》，原刊《龜茲學研究》 第二輯，新疆大學出版社，2007 年，第 72~93 頁。.

(44) W. B. 亨甯 著 徐文堪 譯：《歷史上最初的印歐人》，載《西北民族研究》，1992 年第 2 期（總第 11 期），第 31 頁。

(45) ئابدۇلئەھەد 參見 耿世民：《吐火羅人及其語言》，《民族語文》，200 年第 6 期，第 29 頁。. ئابدۇلقادىر، ئابدۇقادىر قاسىم: «"توخولا" دېگەن يۇرت نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2002 ـ يىللىق 2 ـ سانى، 60 ـ، 61 ـ بەتلەر.

(46). خەنزۇچە مەنبەلەردىكى 月氏 لارنىڭ "ياۋچى" دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ھەققىدە پىكىر ئىختىلاپى كۆپ. ئۇيغۇرچىدىكى "ياۋچى"، توخرى ۋە 月氏 لارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئابلىكىم ئابدۇرەشىدنىڭ «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2008 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىكى «خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردىكى 月氏 ۋە ئۇيغۇرچىدىكى "ياۋچى"» ناملىق ماقالىسىغا قاراڭ.

(47) W. B. 亨甯 著 徐文堪 譯：《歷史上最初的印歐人》，載《西北民族研究》，1992 年第 2 期（總第 11 期），第 30 頁。

(48) H. W. Bailey: "ttaugara", *SOS,* Vol. viii, Part. 4, p. 885

(49) 餘太山：《古族新考》，中華書局，2000 年，第 59 頁。.

(50) E. G. Pulleyblank: "Chinese and Indo-Europeans", in: *Central Asia and Non-Chinese Peoples of Ancient China.* Ashgate, USA, 2002, p. 22.

(51) 岑仲勉：《漢書西域傳地裏校釋》，中華書局，20004 年，第 445 頁。

(52) 餘太山：《古族新考》，中華書局，2000 年，第 59 頁。.

(53) E. G. Pulleyblank: "Early Contacts Between Indo-Europeans and Chinese", in: *International Review of Chinese Linguistics 1, no. 1.* Amesterdam, 1996, pp. 1-24.

(54). بۇ سۆز ھىندى ياۋروپا تىللىرىدىكى «مېڭىش، قايرىلىش، ساياھەت» مەنىسىدىكى پېئىل kwel ـ بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ئەسلى شەكلى kwelo* ـ، kwolo* ـ، olwkewk* ـ ئىدى. گرېك تىلىدا بۇ سۆز κúκlos بولۇپ، «يۇمۇلاق» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. بۇ سۆز κυκla دېگەن كۆپلۈك شەكلى بويىچە «ھومېر داستانى» دا كۆرۈلىدۇ. قەدىمكى ئېنگلىز تىلىدا hweogul ـ، hweowol ـ، hweol ـ، ھازىرقى زامان ئېنگلىز تىلىدا wheel ـ، قەدىمكى ئېرلاند تىلىدا cul ـ، قەدىمكى چىركاۋ سىلاۋيانچىسىدە kolo ـ ئىدى.

(55) 李方桂：《上古音研究》，商務印書館，2001 年，北京，第 92 頁。

(56) E. G. Pulleyblank: "Early Contacts Between Indo-Europeans and Chinese", in: *International Review of Chinese Linguistics 1, no. 1.* Amesterdam, 1996, pp. 1-24.

(57) 李方桂：《上古音研究》，商務印書館，2001 年，北京，第 62 頁

(58) Jerry Norman: *A Manchu–English Dictionary*, Taipei, 1967, p.447.

(59) H.W.Bailey: *Dictionary of Khotan Saka*, Cambridge University Press, London, 1979, p.168.

(60) H.W.Bailey: *Dictionary of Khotan Saka*, Cambridge University Press, London, 1979, p.161.

(61) H.W.Bailey: *Dictionary of Khotan Saka*, Cambridge University Press, London, 1979, p.132.

(62) H.W.Bailey: *Dictionary of Khotan Saka*, Cambridge University Press, London, 1979, p.383.

(63) E.G.Pulleyblank: "Central Asia at the Dawn of History", in: *Journal of Chinese Linguistics* *27*. Berkeley, CA, 1999. pp. 146–174.

(64) 《魏書》列傳第八十九.

(65) 《宋本廣韻》，第 156 頁.

(66) گەرچە بۇ قاراشقا مۇناسىۋەتلىك يازما مەنبەلەر مەۋجۇت بولمىسىمۇ، لېكىن كارلگېرننىڭ ئەسلىگە كەلتۈرگەن قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكا سىستېمىسىدا 昌 (tç aη) بىلەن 牆 (dz' aη) ئوخشاش يۈنمۇغا ئىگە بولۇپ، بۇ ئىككى سۆزنىڭ فونېتىكىسى ئوخشاش ۋە ياكى بىر-بىرىگە يېقىن قىممەتكە ئىگە ئىدى. قاراڭ: 高本漢：《中國音韻學研究》，商務印書館，2003 年，北京，第 644，645 頁．

(67) 高昌 نامى بىلەن "قوچو" نامىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە پېللىئوتنىڭ «گاۋچاڭ، قوچو ۋە قاراغوجا نامى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ. [泊希和 著 馮承鈞 譯：《高昌和州火州哈喇和卓考》 載《西域南海史地考證譯叢》，第二卷，商務印書館，北京，1995 年． ھەم «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2002-يىللىق 1-سان 12-بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى)
تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# «تۇيۇق» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا

ئۆمەر قادىر

تۇرپان مىلادىيەنىڭ ئالدى-كەينىدە شەرق بىلەن غەربنىڭ سودا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا، قەدىمكى يىپەك يولىدا مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن. يۈكسەك تەرەققىياتقا ئېرىشكەن ، سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى. تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىردىلا ئەجداتلىرىمىز يارغول، قوچو، ئۈرۈمچى، بېشبالىق (ھازىرقى جىمىسار)، مورى قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، قول-ھۈنەرۋەنچىلىك سانائىتى، سودا-سېتىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ دۇنياغا مەشھۇر يىرىك مەدەنىيەتلەرنى بەرپا قىلىپ، شەھەر مەدەنىيىتىنى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرگەن.

پىچان ناھىيە تەۋەسىدىكى تۇيۇق يېزىسى، يۇقىرىقىدەك كۆپ قاتلاملىق مىللىي مەدەنىيەت ئىزلىرى ساقلانغان قەدىمكى دىيارلارنىڭ بىرىدۇر. ئىلگىرى بۇ جاينىڭ نامى توغرىسىدا ھەقىقىي ئىلمىي مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن «تۇيۇق غوجام» ، «تۇيۇق مىڭئۆي» لەر توغرىسىدا يېزىلغان بەزى ئىلمىي ئەسەرلەردە بۇ توغرىسىدا ئانچە-مۇنچە ئىزاھاتلار بېرىلگەن. مەن ياشىغان يۇرت ھەم ئۇچراشقان مەدەنىيەت دەل-تۇيۇق يېزىسى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقتە ئۆزەمنىڭ كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەڭ كەسپداشلار بىلەن ئورتاقلىشىش ئىستىكىدە بۇ ماقالىنى سۇندۇم.

تۇيۇق (吐峪溝) - ھازىرقى پىچان ناھىيەسىنىڭ غەربىي قىسمىغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان ئېدىرلىق باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، تەبىئىي جۇغراپىيەلىك جايلىشىشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89° 32° 40"، شىمالىي مېرىدىئان 42° 50° 50" قا توغرا كېلىدۇ. ئىقلىمى قۇرغاق، ئۈزۈمچىلىك بۇ جايدىكى ئاساسلىق ئىگىلىك ھېسابلىنىدۇ.

تۇيۇقتا دۆلەت، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ناھىيە باشقۇرۇشىدا نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان «تۇيۇق مىڭئۆي» ، «تۇيۇق غوجام» يەنى «ئەسھەبۇلكەھف مازىرى» زىيارەتگاھى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىگە ئائىت قەبرىگاھلار، ھەم 18-ئەسىردە ياشىغان ئالىم ۋە شائىر موللا ئەھمەت باقى غوجامنىياز قىسسورى مەقبەرىسى قاتارلىق مەدەنىيەت ئىزلىرى بار. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن يىللار مابەينىدە چەتئەللىك ۋە جۇڭگولۇق ئارخېئولوگلار، تەتقىقاتچىلار، ساياھەتچى، مۇسۇلمان ئېتىقاتچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ زىيارىتى ۋە تەتقىقاتىنى توختاتمىدى.

نەزىرىمىزنى «تۇيۇق» دېگەن نامغا يۆتكىسەك، بۇ يۇرت نامىغا ئالاقىدار بىر قىسىم مەسىلىلەر بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. «تۇيۇق» نامى مۇشۇ يۇرتنىڭ ئەسلى نامىمۇ؟ قەدىمكى دەۋرىدە قانداق ناملاردا ئاتالغان؟ كېيىنكى دەۋرلەردە قانداق ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن؟ ...دېگەندەك. بۇ ھەقتە تاكى ھازىرغىچە

بىزگە يېتىپ كەلگەن مۇكەممەل، ئېنىق مەلۇمات، مەنبەلەر يوق دېيەرلىك. ئەمما بىر قىسىم يازما مەنبەلەردىكى، خاتىرىلەر، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن تارىخىي رىۋايەتلەر مەۋجۇت.

«تۇيۇق» سۆزى توغرىسىدا، تىلشۇناس، تارىخچىلار بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ تار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ①. دەپ كۆرسىتىدۇ. «تۇيۇق» بۇ / تۇي / + / ئۇق / دېگەن ئىككى پېئىلدىن تۈزۈلگەن ئىسىم بولۇپ، / تۇي / - تۇيۇش - سېزىش، ئاشكارىلىنىش؛ /ئۇق/ - بىلىش، بىل، ئىگىلەش دېگەندەك لىكسىكىلىق مەنىلەرگە ئىگە. بۇ يۇرت نامىنىڭ لىكسىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق مەنىسىنى ئېچكىرىلەپ تەھلىل قىلساق، تۇيۇق سۆزى سۈپەت بولۇپ كەلگەندە «ئاخىرى يوق، ئاخىرىنى تاپقىلى بولمايدىغان، تۇيۇق يول، تۇيۇق يولغا كىرىپ قالماق، مۆلچەرلىيەلمەي قالماق» ② دېگەندەك مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسىم بولۇپ كەلگەندە؛ (1) «پىچان ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى» نى ؛ (2) «سەزگۈ، تۇيغۇ، تۇيۇق بولماق، تۇيۇق بەرمەك، شەپە بەرمەك، تۇيدۇرۇپ قويماق، سېزىلمەك، تۇيۇۋالماق، شەپە بولماق قاتارلىق مەنىنى ؛ (3) ئەدەبىياتتىكى شېئىرىي شەكىللەرنىڭ بىرىنىڭ نامىنى...» ③ كۆرسىتىدۇ.

«تۇيۇق» دېگەن سۆز يەنە «ئاشكارلىنىش، سېزىلىش (ياكى بۇ ئىش تۇيۇق بولۇپ قاپتۇ، سېزىلىپ قاپتۇ) ④ دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ، ئىش ھەرىكەتنىڭ سېزىلىش، ياكى تۇيۇق بولۇپ ئاشكارىلىنىپ قېلىشتەك نەتىجىسىنى ۋە ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىمۇ ئۆزىنىڭ يىرىك ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتتىن تۈرك» تە «تۇيۇق» دېگەن سۆزگە مۇنداق تەبىر بەرگەن

1. -تۇيۇق، تۇيغۇن، زېرەك
- تۇيغۇن، زېرەك ئەر.
-تۇيۇق، تۇتۇق، غەمكىن
-تۇتۇق ئادەم، غەمكىن ئادەم.
-تۇمانلىق ۋە بۇلۇتلۇق كۈن .
- يېپىق قوۋۇق.
- تويتۇردى، بىلدۈردى، بىلدۈرۈپ قويدى.
- تۇيدى، سەزدى....⑤

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، بەزىلەر بۇ نامنى ئەسلىدە بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيەلىك شەكلىدىن كەلگەن دېسە؛ بەزىلەر «ئەسھابۇلكەھف» توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ئاساسىدا كەلگەن دېيىشىدۇ. بەزى يەرلىك كىشىلەر «تېگى يوق، تەگدىشى يوق» (سۈيى، يېرى، تەبىئىي شارائىتىنى نەزەردە تۇتۇپ) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان دېيىشىدۇ. يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار «تۇيۇق» ئاخىرى چىقمايدىغان تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىش دېگەن مەنىنى بېرىدىغان «تۇيۇق يول» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان دېيىشىدۇ. چۈنكى بۇ خىل قاراشتىكى كىشىلەر بۇ يۇرتنىڭ شىمالىدىكى پەقەت پىيادىلەر ماڭالايدىغان تار خەتەرلىك غول ئېغىزىنى تەبىئىي توساق دەپ بىلىپ، بۇ يەرنى ئەجدادلار قانداقتۇر «بارسا كەلمەس »، «تۇيۇق يول» دەپ قاراشقان دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن «تۇيۇق»دېگەن ئىسىم مۇشۇ يەر شەكلىدىن ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەتلەردىن كەلگەن دېگەننى ئىسپاتلىماقچى بولغان. بۇ يۇقىرىدىكى قاراشلارغا يېقىن كېلىدۇ.

تۇيۇق دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى

توغرىسىدىكى رىۋايەت-چۆچەكلەرنىڭ كۆپىنچىسى «دەقيانۇس» زامانى بىلەن «ئەسھابۇلكەھنى» توغرىسىدىكى ھېكايە-رىۋايەتلەرگە باغلىنىدۇ. رىۋايەتنى نەقىل كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى «دەقيانۇس» ۋە «ئەسھابۇلكەھنى» توغرىسىدا ئىزاھات بېرىش مۇۋاپىقتەك قىلىدۇ.

«دەقيانۇس - [ئەرەبچە ‹لاتىنچە› ] لاشتۇرۇلغان ئادەم ئىسمى بولۇپ، قەدىمكى رىم ئېمپىراتورى دىئاكلاتتون (245- 313-يىللار) نىڭ نامى»[6] ھازىر بەزى تارىخىي مەنبەلەردە قاراغوجا ۋە ئاستانىدىكى ئىدىقۇت شەھرىنى «دەقيانۇس شەھرى» دەپ ئاتاپ بۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ ئىسمىنى دەقيانۇس دەپ قەيت قىلىدۇ، ھەمدە ئۇنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5-6 ئەسىرلەردە ئۆتكەن تارىخىي شەخس دەپ تونىماقتا.

بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ شەھەرنى ئىلگىرى دېھقان يۇنۇس دېگەن كىشى بىنا قىلغان، ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن «دېھقان يۇنۇس شەھرى» دىكى سۆزلەر قۇنىتىكىلىق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ ھەم قىسقىراپ «دەقيانۇس شەھرى» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان دېيىشىدۇ. ئىدىقۇت شەھرىنىڭ قەدىمكى دەۋرىدە «دەقيانۇس شەھرى» دەپ ئاتالغان نامى بارمىدى ياكى يوقمىدى؟ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5-6-ئەسىردە مۇشۇ نامدىكى پادىشاھ بۇ دىياردا ئۆتكەنمۇ-يوق؟ بۇ توغرىسىدىكى رىۋايەتنىڭ ئىلمىي ئاساسى قانچىلىك؟ بۇ مەسىلىنى ئىلمىي خادىملارنىڭ تەتقىق قىلىپ بېقىشىغا ھاۋالە قىلىمەن.

ئەسھابۇلكەھنى - (غاردا ياتقان ساھەبىلەر) «قۇرئان كەرىم» نىڭ 18-پارىسى «ئەسھەبۇلكەھنى» قىسسىسگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى 9-ئايەتتىن 26-ئايەتكىچە «غاردا ياتقان ساھەبىلەر» (ئەسھابۇل كەھنى) نىڭ رىۋايىتى بايان قىلىنغان. ئەسھابۇلكەھنى ھازىر كىچىك ئاسىيا، ئىئوردانىيە، ئىسپانىيە، شىنجاڭنىڭ تۇرپان رايونى بولۇپ، جەمئىي يەتتە ئورۇندا بارلىقى مەلۇم، «قۇرئان كەرىم» دىكى 18-سۇرە كەھب (مەككىدە نازىل بولغان 110-ئايەت) كە ئاساسلانغاندا، ئەسھابۇلكەھنىنىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. «سۇرە كەھب» تە غارنىڭ ئىشىكى شىمال تەرەپتە ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. تۇيۇقتىكى ئاتالمىش « ئەسھابۇلكەھنى » غارنىڭ ئىشىكى شەرق تەرەپتە بولۇپ بۇنى نۇرغۇن كىشىلەر كۆرگەن. سۇرە كەھبتە : «ئۇلارنىڭ ئىتى غارنىڭ بوسوغۇسىغا ئىككى پۇتىنى سوزۇپ ياتىدۇ» [7] دېيىلگەن. «قۇرئان» نىڭ 18-پارە 17-ئايىتىدە: «قاراڭلار! كۈن چىققاندا كۈننىڭ نۇرى غارنىڭ ئوڭ (شىمال) تەرىپىدىن چۈشىدۇ؛ كۈن پاتقاندا كۈننىڭ نۇرى غارنىڭ سول تەرىپىدىن چۈشىدۇ، ئۇلار غارنىڭ بوش يېرىدە تۇرىدۇ» [8] دېيىلگەن. ھەقىقى غارنى ئاباس (ئېفسۇس سۆزىنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى؛ ئېفسوس - قەدىمكى بىر شەھەر، كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىدىكى ئىزمىر پورتىنىڭ جەنۇبىدا) دېگەن جايدا دېگۈچىلەر ئاساسى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. چۈنكى ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ 9-ئەۋلاد خەلىپىسى ۋاھىد يەتتە يىگىت ئۇخلاپ ياتقان غارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئالاھىدە بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللەپ ئېفسوسقا ئەۋەتكەن [9]. تۇيۇقتىكى ئەسھابۇلكەھنى ئىدىقۇت تېغىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ تۆۋەنرەك شەرقىدە خارابىگە ئايلانغان مەخپەرە شەكىللىك گۈمبەزلىك مەسچىت بار. (ھازىر رېمونت قىلىنىۋاتىدۇ) جەنۇبىدا (قورشاۋ تام ئىچىدە) كېسەكتىن ياسالغان ئاپپاق غوجا گۈمبىزى بار. بۇ جاي ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تاۋاپ قىلغۇچىلارنى جەلىپ قىلىپ كەلمەكتە. بەزى تەتقىقاتچىلار تۇيۇقتىكى ئاتالمىش « ئەسھابۇلكەھنى » نى مانى ۋە خرىستان دىنى تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن راھىبلارنىڭ جەسىتى كۆمۈلگەن مازار دەپ قاراشماقتا. بۇ غارلارنىڭ قۇرۇلمىسىدىن

قارىغاندا، پەقەت تۇيۇق مىڭئۆيلىرىنىڭ تەركىبى قىسمىدىن ئىبارەت. تارىخىي مەنبەلەردە بۇ يەردىن گېرمانىيە، ئەنگلىيە، رۇسىيە، ھىندىستان، ياپونىيە، كورىيە، فىنلاندىيە قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەتنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى نەپىس تام رەسىملەر، قولىيازمى-ھۆججەت نۇسخىلارنى ئېلىپ كەتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. غارنىڭ ئالدىغا مەسچىت سېلىش «قۇرئان كەرىم» نىڭ «سۈرە كەھىف» تىكى 21-ئايىتىگە ئاساسەن سېلىنغان. غاردا ئۇخلاپ ياتقان يىگىتلەر كەھىف، مەسچىت توغرىسىدىكى رىۋايەت، چۆچەكلەر ئىسلام دىنى تۇرپانغا تارقالغاندىن كېيىنكى ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

تۇيۇقتىكى «ئەسھابۇلكەھف» توغرىسىدىكى بىر قىسىم رىۋايەتلەر «تۇيۇق» نامىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان دېيىلسە، بەزى تەھلىلچىلەر خرىستان دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ياكى ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىشىدۇ. بەزى تەتقىقاتچى ئالىملار بۇ مەسىلىنى 13-ئەسىردىن كېيىنكى ۋەقە-ھادىسىلەر بىلەن باغلاپ كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى مانا مۇشۇ چاغدا تۇرپاندا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولغاچقا، بۇ توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرمۇ «قۇرئان كەرىم» بىلەن بىللە بۇ جايلارغا يېتىپ كەلگەن، كېيىن ئالدامچى رىياكار، سوپى ئىشانلار بۇ جاينى قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان «ئەسھابۇلكەھفكە تەقلىد قىلىپ ئۇنى ئۇلۇغلاپ «تۆت جاھار يار مۇشۇ يەرگە كېلىپ تۇرغان» دېگەن بىمەنە گەپلەر بىلەن ئاۋام خەلقنى ئالدىغان. «تۇيۇق» نامىنىڭ بۇددا، خرىستىيان، مانى دىنلىرى تەرەققىي قىلغان دەۋرىدە مەۋجۇتلىقى ياكى ئىسلام دىنى كىرىش بىلەن «ئەسھابۇل كەھف» دەپ ئاتالغان «تۇيۇق غوجام» نىڭ ئىسلام لىباسى ئارقىلىق ئۇلۇغلاپ پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدىكى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان كۆز-قاراشلار ۋە تالاش-تارتىشلار خېلى كۆپ. بۇ يەردە ھەرقايسى دىنلارغا ھەم ئۆرپ-ئادەتكە مۇناسىۋەتلىك ۋە تارىخى ۋەقە ھادىسىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تەرەپلەرنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەمما شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بىز ھازىر ئىسمىنى ئاتاپ كېلىۋاتقان تۇيۇقتىكى «ئەسھابۇلكەھف» نىڭ ياسىلىشى ئىسلام دىنى كىرىشتىن خېلى ئىلگىرىكى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. بەزى ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يەردىن بۇنىڭدىن 3500-6000 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە ئائىت چەكمە رەسىم ئويۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان تاش تەڭگە، ئىت قاتارلىق نەرسىلەر بايقالغان[10]. بۇنىڭدىن بىز «تۇيۇق» نامى شۇ دەۋردە بار ئىدى دەپ ئېيتالمىساقمۇ ئەمما بۇ يەردە قەدىمدىن تارتىپلا ئىنسانلار توپى پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ھەم شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى شۇنىڭدەك ئەسھابولكەھف دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان قۇرۇلمىغا ئوخشاش كىچىك غار- ئۆڭكۈرلەرنى ياسىغانلىقىدەك ئىجاتكارلىق تۆھپىسىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

تۆۋەندە «تۇيۇق» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى كىشىلەر ئىچىدە ئېقىپ يۈرگەن «دەقيانۇس، ئەسھابۇلكەھف توغرىسىدىكى رىۋايەت»لەرگە نەزەر سېلىپ باقايلى:

ئوت دېڭىزى دەپ ئاتالغان تۇرپان دىيارىدا قەدىمكى دەۋرلەردە ئاۋام خەلق شامان، بۇددا، ئاتەشپەرەسلىك خرىستىيان، مانى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان، شۇ مەزگىللەردە ئۆز دىنلىرىدىن گۇمانلانغۇچى يەملەيخا، ماكسىلمىنا، ئازار پەتيۇنۇس، كاشاپەت يۇنۇس، يۇۋانۇس قاتارلىق ئىخلاسمەن مۇخلىسلار يىراق يەمەندىن[11] ھەقىقى خودانى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپتۇ، ئۇلار بۇرۇن قۇياش، ئاي، يۇلتۇز...قاتارلىق تەڭرىلەرگە چوقۇنۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ھېچ قانائەت

ھاسىل قىلالماي پۈتۈن دۇنيانى ئىدارە قىلىۋاتقان قانداقتۇر بىر قۇدرەتلىك سۆپەتكە ئىگە تەڭداشسىز تەڭرى بار. ئۇ پۈتكۈل كائىناتنى ۋە پۈتكۈل مەخلۇقاتنى ياراتقان. ئۇنىڭ بۇيرۇقىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، دەپ قىياس قىلىدىكەن. ئۇلار ھەق ئاللاھنى ئىزدەش يولىدا خېلى جايلارنى كېزىپ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ئاخىرى دەقيانۇس شەھىرىگە كەپتۇ. پادىشاھنىڭ ئىسمى دەقيانۇس ئىكەن. پادىشاھ ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ ھەم ئۇلارنى بۇ شەھەردە بىرنەچچە كۈن تۇتۇپ قاپتۇ. پادىشاھ دەقيانۇس بىر كۈنى ئۇلارنى ئالدىغا چاقىرىپ: - ئەي! جاھانكەزدىلەر سىلەر نېمە مەقسەت بىلەن بۇ يۇرتقا كېلىپ قالدىڭلار؟ - دەپ سوراپتۇ. ئۇلار: - بىز ھەقىقىي خۇدانى ئىزلىگۈچىلەر - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. دەقيانۇس ھېچ تارتىنماستىنلا : - مانا مەن ھەقىقىي خۇدادۇرمەن. ئىشەنمىسەڭلار مانا بۇ جەننەت ۋە دوزاق... دەپ مەخسۇس ياساتقان چارباغلارنى تېگىدە گۈلخانلار يېنىپ تۇرغان زىندان ۋە ئوتتەك قىززىپ تۇرغان قۇملۇق جازا مەيدانلىرىنى بىر-بىرلەپ كۆرسىتىپتۇ. ئىش قىلىپ ئۇلارنى ئۆزىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن بارلىق ۋاستىلارنى ئىشقا سېپتۇ. بۇ كىشىلەر ئامالسىز يالغاندىن ئۇنىڭ خودالىقىغا ئىشىنىپتۇ. دەقيانۇس خوشال بولۇپ، ئۇلارنى ئۆز ھوزۇرىدا بىرقانچە ۋاقىت تۇرۇشقا ئىجازەت بېرىپتۇ.

دەقيانۇس قىمار ئويناشقا بەك ھېرىسمەن بولۇپ، ئۇ كۈندۈزى ئۆزىنىڭ خۇدالىقىنى تەشۋىق قىلسا، كېچىسى قىمار ئوينايدىكەن. ئۇنىڭ مەخسۇس كۆندۈرۈلگەن بېشىدا چىراق كۆتىرىپ تۇرىدىغان مۈشىكى بولۇپ قىمار ئويىنغاندا ئىتائەتمەنلىك بىلەن بېشىدا چىراق كۆتۈرۈپ جىم تۇرىدىكەن. بۇنى كۆرگەن ھېلىقى كىشىلەر بىر تەرەپتىن ھەيران بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ خۇدالىقىدىن گۇمانلىنىپتۇ، راست-

يالغانلىقىنى ئايرىش ئۈچۈن ئۇلار چاشقانني تىرىك تۇتۇپ، يوشۇرۇن قىمار ئويناش سورۇنىغا ئېلىپ كىرىپ قىمار راسا ئەۋجىگە چىققاندا، دەقيانۇسقا تۇرىدۇرماي چاشقانني مۈشۈككە كۆرسىتىپ، قويۇپ بېرىپتۇ، مۈشۈك خۇدىنى يوقىتىپ چاشقانغا بىر ئېتىلغانىكەن بېشىدىكى چىراق يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ كېتىپتۇ. سورۇن پاتپاراقچىلىققا تولۇپتۇ. پادىشاھنىڭ خۇدالىقى چېنىپ قاپتۇ. پادىشاھ دەقيانۇس ئىشنىڭ تېگى تەكتىنى بىلىپ ئىنتايىن غەزەپلىنىپتۇ. بۇ مۇخلىسلارنى كۆزدىن يوقاتمىسا ئاۋام ئارىسىدىكى ئۆزىنىڭ «خۇدالىق» ئورنىغا قاتتىق تەسىر يېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بوپتۇ. بۇ ئىشنى ئاللىبۇرۇن سېزىۋالغان يىگىتلەر شۇ كېچىسى، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قاراڭغۇدا قېچىپ كېتىپتۇ. دەقيانۇس دەرغەزەپكە كېلىپ چاپارمەنلىرىنى ئارقىدىن قوغلاپ تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. بۇ يىگىتلەر ئارقىدىن ئىز قوغلىشىپ كېلىۋاتقانلارنى تۇيۇۋاپتۇ. ئۇلارغا بىر پادىچى يولۇقۇپ ئۆزى دائىم دەم ئالىدىغان بىر ئېغىزى بار بىر ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇپتۇ. بۇ ئۇلارنىڭ دەل ھازىرقى تۇيۇققا كەلگەن ۋاقتى ئىكەن. دەقيانۇسنىڭ چاپارمەنلىرى ئۇلارنى ھەرقانچە ئاقتۇرۇپمۇ تاپالماپتۇ. ئۇلار ئاخىرى ئۆز يېرىگە قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇلار كېتىشتىن ئىلگىرى ھېلىقى مۇخلىسلارنىڭ بىرەر خەۋپىنى ئالدىنئالا تۇيۇپ قالغانلىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بۇ ئۆڭكۈر ئەتراپىنى «تۇيۇق يەر» دەپ ئاتاپتۇ.

رىۋايەتنىڭ باش-ئاخىرى يەرلىك ۋە دىنىي تۈس ئالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دەقيانۇس زامانىدىكى مۈشۈ خىلدىكى ھېكايە سيۇژىتقا ئوخشايدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي كىشىلەر «تۇيۇق» دېگەن نام مۇشۇ رىۋايەتتىن كەلگەن دەپ قارايدۇ.

يەرلىك كىشىلەر يۇقىرىقى رىۋايەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ھېكايىنى بايان

قىلىش ئارقىلىق «تۇيۇق» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىسپاتلايدۇ.

بىر زامانلاردا ياشىغان بۇ ماكان شاھى دەقيانۇس ئۆزىنى «مەن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى» دەپ جاكارلىغانىكەن، ئۇ بۈيۈكلۈكىنىڭ پاكىتى سۈپىتىدە ئوردا ئىچىنى ئاجايىپ بېزەش بىلەن بىللە ئاخشىمى كۆندۈرۈلگەن 24 مۈشۈكنىڭ بېشىغا قويۇلغان ئالتۇن شامدانلار ئارقىلىق يورۇتىدىكەن. بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ «ئۇلۇغلۇقىدىن» گۇمانلىنىپتۇ. بۇ ئىشنىڭ راست-يالغانلىقىنى بىلىشنى مەقسەت قىلغان تۆت نەپەر زېرەك كىشى دەقيانۇسنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشىپ بىر كۈنى، كەچتە ئۇنىڭ ئوردىسىغا كىرىپتۇ. ئۇلار دەقيانۇس ئولتۇرىدىغان ھەشەمەتلىك زالنىڭ ئىككى تەرىپىدە 12 دىن قاتار بولۇپ، بېشىغا روشەن كۆيىۋاتقان ئالتۇن شامدانلارنى ئېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغان مۈشۈكلەرنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. ئۇلار دەقيانۇس بىلەن سۆھبەتلىشىپتۇ. قايتىشىدا ئەسلىدىكى مۇددىئاسى بويىچە ئەتەي ئېلىپ كەلگەن 5-6 دەك تىرىك چاشقاننى زالنىڭ ئىچىگە قويىۋېتىپتۇ. چاشقانلارنى كۆرگەن مۈشۈكلەر دەرھال ئۇلارغا ئېتىلىپتۇ، نەتىجىدە مۈشۈكلەرنىڭ بېشىدىكى ئالتۇن شامدانلار ئۆرۈلۈپ، زالنىڭ ئىچى پاتپاراقچىلىققا تولۇپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن دەقيانۇس دەرغەزەپكە كېلىپ ھېلىقى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ «ئۇلۇغلۇقى» نى سىناش ئۈچۈن كىرگەن سىنچىلار ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۆز سىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن لەشكەرلەرنى دەرھال ئىشقا سېلىپ ئۇلارنى تۇتۇپ ھازىر قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. ھېلىقى كىشىلەر بولسا دەقيانۇسنىڭ «ئۇلۇغ» ئەمەسلىكىنى ھەم ئۆز مۇددىئاسىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالماسلىقىنى جۈملىدىن دەقيانۇسنىڭ ئۆزلىرىنى تىنچ-ئامان قويمايدىغانلىقىنى سېزىپ دەرھال ئوردىدىن چىقىپلا قېچىپتۇ. ئۇلار تۈن قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ ئىدىقۇت شەھىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان ياڭخي مەھەللىسىگە كەپتۇ. ئەمما ئۆزلىرىنىڭ كەينىدە دەقيانۇس ئەۋەتكەن لەشكەرلەرنىڭ ئىز قوغلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ خاتىرجەم بولالماي، شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ ئىدىقۇت تاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبىدىكى جىلغا ئىچىگە جايلاشقان ئۆڭكۈر ئىچىگە كىرىپ يوشۇرۇنۇپتۇ، لەشكەرلەر ئۇلارنى ھەرقانچە ئىزدەپمۇ تاپالماي قايتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تاغ ئېغىزىنى سىرلىق يەر تونۇپ «تۇيۇق» دەپ ئاتىشىپتۇ دېگەن رىۋايەتنى بايان قىلىش ئارقىلىق «تۇيۇق» نامى مانا مۇشۇنداق تارىخى سەۋەبلەر تۈپەيلى كېلىپ چىققان دېگەن پىكرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

رىۋايەتنىڭ بىرىدە، تۇيۇقتىكى غاردا ياتقان يىگىتلەر تەخمىنەن 309 يىلدىن كېيىن غەپلەت ئۇيقۇدىن ئويغىنىپتىمىش، ئاردىن بىرى «بۇ جايدا قانچە ئۇزۇن ئۇخلىغاندىمىز؟» دەپ سورىغان. يەنە بىرەيلەن «بىر كۈن، بەلكىم بىركۈنمۇ بولمىغاندۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇلار ئەنە شۇنداق مۇنازىرىلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ 309 يىل غەپلەت ئۇيقۇدا ياتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇلار قۇساقلىرىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلىپ بىرەيلەننى دەقيانۇس زامانىدىكى تەڭگىسىنى بىلەن يېمەك-ئىچمەك ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئىدىقۇت شەھىرىگە يولغا ساپتۇ. ئۇ شەھەرگە كىرىپ ناۋايدىن ناننى ئېلىپ ھېلىقى پۇلنى سۇنۇپتۇ. ناۋايىنىڭ ئەرۋاھى 40 گەز ئۆرلەپتۇ، دەرھال نان ئالغۇچى يىگىتنى تۇتۇۋېلىپ- سەن دەقيانۇس غەزىنىسىنى تېپىۋاپسەن، مېنى شېرىك قىل، بولمىسا ھازىرلا پادىشاھقا دەيمەن - دەپ قورقۇتۇپتۇ. ئاخىرى ناۋاي ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. ئۇ پادىشاھنى كۆرۈپ قورقۇنچ - ئەندىشىلىرى كۆتىرىلىپ كۆڭلى سەل خاتىرجەم بوپتۇ. پادىشاھ ھېلىقى يىگىتنىڭ ھەم ھەمراھلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ

قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بۇ يىگىتكە: ـ زالىم پادىشاھ دەقيانۇس ئۆلگىلى 300 يىلدىن ئاشتى، پۈتۈن مەملىكەت ھازىر ئىسلاملاشتى دەپتۇ. ۋەزىر- ۋوزرالارمۇ « ھازىر پادىشاھىمىز ئادىل، خەلق باياشاد، سىلەر خاتىرجەم شەھەرگە كېلىۋېلىڭلار»دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان يىگىت ھاڭ-تاڭ قېلىپ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ. ئۇ غاردا قالغان ھەمراھلىرىنى ئەسكە ئېلىپ، ناۋايدىن ئالغان نانلىرىنى ئېلىپ، غارغا قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ، ئۇ غارغا يېقىن قالغاندا تۇيۇقسىز ئارقىسىدا بىراۋنىڭ بارلىقىنى تۇيۇپتۇ، ئۇ يىگىت بىر ئاز ئىككىلىنىپ ئارىسالدى بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن ئىلاجسىز ھالدا ئۆڭكۈرگە كىرىپ بولغان ئەھۋالنى دوستلىرىغا سۆزلەپ بەرگەنىكەن ھەمراھلىرى ھەيران قاپتۇ. شۇ پەيتتە پادىشاھ بىر توپ ئادەمنى باشلاپ كېلىپ قاپتۇ ۋە سىرتتا تۇرۇپ: ـ ئەي يىگىتلەر سىرتقا چىقىپ جامالىڭلارنى بىزگە كۆرسىتىڭلار، دەپتۇ. يىگىتلەر قاتارلىشىپ چىقىپتۇ. پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى شۇ چاغدا كىشىنىڭ قايتا تىرىلىدىغانلىقىغا چىن دىلىدىن ئىشىنىپ خۇداغا ھەمدۇسانا ئوقۇپتۇ. تەگرى بۇ چاغدا ئەززائىلنى ئەۋەتىپ پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى باقى ئالەمگە يولغا ساپتۇ. يىگىتلەر ئاللىبۇرۇن غارغا كىرىپ غايىپ بولغانىمىش» بۇنى تۆۋەندىكى رىۋايەتنىڭ ۋارىيانتى دېيىشكە بولىدۇ.

يەھۇدى دىنىدىكىلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، «ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى يېنىدىكى پادىشاھ داسىئۇس (251-249) زامانىدىكى بەش تىللانى ئېلىپ ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. ھېلىقى ئايال تەلۋىلەردەك ۋاقىراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پاتپاراقچىلىق باشلىنىدۇ. كىشىلەر «بۇ ناتونۇش كىشىنىڭ ئىشلەتكىنى پادىشاھلىقىمىزدا قويۇلغان تىللا ئەمەسكەن»دېيىشىدۇ. بۇ ئادەم شۇ شەھەردىكى پوپنىڭ ئالدىغا ئاپىرىلىپ سوراققا تارتىلىدۇ. ئۇيقۇدا ياتقان يىگىتلەر ئۆزلىرىنى غار ئىچىدە بىر كېچىلا ئۇخلىدۇق دەپ ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار كىشىلەرنىڭ بۇنداق ھەيران قالغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالغان. كېيىن بۇ ئادەم پادىشاھ داسىئوسنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ غار ئىچىگە يوشۇرۇنىۋالغانلىق جەريانىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ئادەمگە يول باشلىتىپ غارغا كېلىدۇ ۋە سىلەر ئەندىشە قىلماي سىرتقا چىقىڭلار جاھان ئاللىبۇرۇن ئۆزگەردى، ھازىر قورقىدەك ئىش قالمىدى»دەپ توۋلايدۇ. بىراق ئۇيقۇدا ياتقان يىگىتلەر غاردىن يورۇقلۇققا چىقىش بىلەنلا بىر دۆۋە ئۇستىخانغا ئايلىنىپ قالغانىمىش. بولكا ئالغىلى بارغان ھېلىقى يىگىتنىڭ نېمە بولۇپ كەتكەنلىكى نامەلۇمىمىش» [12] .

دېمەك، يۇقىرىدىكى ھېكايە قىلىنغان رىۋايەتلەرنىڭ مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر رىۋايەتلەرنىڭمۇ تارىخى رىئاللىقتىن گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى رىۋايەتسىز تارىخ بولمايدۇ، تارىخسىز رىۋايەتمۇ بولمايدۇ. رىۋايەتلەردىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، بىرى ئاجايىپ-غارايىپ بارسا-كەلمەس سىرلىق تۈس بېرىلگەن مۇقەددەس جاي ئورنىغا قارىتىلىپ «تۇيۇق» نامىنى ئىپادىلىگەن بولسا، يەنى بىرى ئىسىم بولۇپ كېلىپ «سەزگۈ، تۇيغۇ، تۇيماق، سەزمەك، سېزىلىش، تۇيۇپ قېلىش» دېگەندەك بىرەر ئىش ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى ھالىتىگە قاراپ «تۇيۇق» نامى كېلىپ چىققان دېگەن يەكۈن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە بولىدۇ.

«تۇيۇق» دېگەن يۇرت نامى يەنە بەزى تارىخىي يازما مەنبەلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. تاڭ سۇلالىسى ( 618 ـ 907) دەۋرىدىكى دۇنخۇاڭ موگاۋ غارلىرىدىن تېپىلغان ھۆججەتلەر ۋە بېغىشلىمىلار ئارىسىدا

«غەربىي ئايماق خەرىتىلەر تەپسىراتى» («西州圖經») نىڭ نۇرغۇن ۋاراقلىرى تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تۇيۇق ۋە تۇيۇق مىڭئۆيلىرى توغرىسىدا ناھايىتى تەپسىلىي بايانلار ئۇچرايدۇ. «دىڭگوكۇ (丁穀窟) مىڭئۆيلىرىدە بۇتخانا ۋە ئىتىكاپخانىلار كۆپ، ئوڭ تەرەپتىن (جەنۇب -) لىيۇ جوڭ (بۈگۈنكى لۇكچۇن -) ناھىيەسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالىي تاغ بىلەن بولغان ئارىلىقى 25 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ يەردە تەگرىتاغ كۆزدە تۇتۇلغان، بىراق ئەمەلىي ئارىلىق مەسىلىسىدە پەرق بار، غەربكە 20 چاقىرىم ماڭسا ئاستانىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ئىبادەتخانىلار تاغقا ياندىشتۇرۇلۇپ سېلىنغان. بۇ يەرنىڭ ئەتراپى بۆك-باراقسان، ئىبادەتخانا، ئىتىكاپخانىلىرى كۆپ، ئادەملەر ئېغىزنىڭ ئىچكىرىسىدە تۇرىدۇ. بايرام مۇراسىملاردا ھەرخىل ئۇچقۇن چىقىرىدىغان گۈلخانىلار يېقىلىدۇ. بۇ كۈنى ئاسماندىكى ئاي-يۇلتۇزلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئىبادەتخانا يېنىدا ھەيۋەتلىك بۇددا مۇنارى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. يەنە بۇ يەردە شەرقتىن - غەربكە ئۆتۈشكىلى بولىدىغان كۆۋرۈك بولۇپ، مۇئەللەقتىكى ھەسەن-ھۈسەنگە ئوخشايدۇ» (15) مانا بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى بۇددا دىنى گۈللەپ راۋاج تاپقان تۇيۇقنىڭ ئاۋات قىياپىتى.

«دىڭگوكۇ» بۇ سۆز ھازىر «تۇيۇق» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان يۇرتنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى خەنزۇچە نامى بولۇپ، ئۇيغۇرچە مەنىسى «غولدىكى ئاھالىلەر، جىلغا ئىچىدىكى نوپۇس» دېگەندەك مەنىلەرنى بېرىدۇ. «دىڭگوكۇ» ۋە ھازىرقى تۇيۇق يۇرت نامىنىڭ خەنزۇ تىلىدا تەلەپپۇز قىلىنىشى - «تۇيۇگۇ» (吐峪溝)، تەلەپپۇز تەرەپتىنمۇ ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ. شۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بۇ نام تاڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئالدى كەينىدە، بۇ يۇرتنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. ئۇندىن باشقا مىلادىيە 925-يىلى يېزىلغان قەدىمكى خوتەن ساك تىلىدىكى «تاڭغۇت يولىغا ساياھەت خاتىرىسى» (ياكى «خېشى كارىدورىغا ساياھەت خاتىرىسى») ناملىق بىر پۈتۈكتە غەربىي يۇرتتىكى بەزى يەر ناملىرىغا ئائىت مەلۇماتلار بېرىلگەن. بۇ ھۆججەت 73 قۇر بولۇپ، شۇ دەۋردىكى خوتەن پادىشاھى ۋىساسامپاتا تەرىپىدىن ساجۇغا - ھازىرقى دۇنخۇاڭغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئۆز پادىشاھىغا يازغان دوكلاتىنىڭ كۆپىيەسى (16) بولۇپ، بۇ يازما يادىكارلىقنىڭ يەر ناملىرىغا ئائىت ئىزاھاتىنىڭ 24-سىدە «تۇيۇق» دېگەن يۇرت نامىغا «تتي ياكا» دەپ ئىزاھات بەرگەن. ئىزاھاتنىڭ يىگىرمىنچىسىدە ھازىرقى «سىركىپ» دېگەن يۇرت نامىغا «تىسراكيېپا» دەپ، ھازىرقى «لۇكچۇن» دېگەن يۇرت نامىغا «دۇكاچۇ» دەپ ئىزاھات بەرگەن. ئېنىقكى، يۇقىرىلار خوتەن (ساك) تىلىدىكى پىچان ناھىيەسى تەۋەسىدىكى بەزى يۇرت ناملىرىنىڭ يازما خاتىرىلىنىشىدىن ئىبارەت.

«تۇيۇق» دېگەن يۇرت نامى ھەققىدىكى خاتىرىلەر يەنە بەزى تارىخىي قېزىلما يادىكارلىقلىرىمىزدىمۇ ئۇچرايدۇ. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى تۇيۇق مىڭئۆيلىرىدىن «تۇردۇم سالى» نىڭ ئىبادەتخانا رېمونت قىلدۇرغانلىقىغا ئائىت مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن. بىر تاش ئابىدىنى قېزىۋالغان، بۇ تاش ئابىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئابزاس بۆلەكتە تۇيۇق نامىغا ئالاقىدار مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا : «.....تۇيۇق ئۇلۇسىدىكىلەرنىڭ كۆپ تەرەپتىن ھىممىتىگە ئېرىشتۇق....» (17) دېيىلگەن. بۇ تاش ئابىدىنى 10-، 11-ئەسىرلەرگە تەۋە دەپ قارىساقمۇ قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلىپىدىلا «تۇيۇق» تىن ئىبارەت بۇ نام ئاللىقاچان مۇكەممەل بىر يۇرت نامى بولۇپ، ئىشلىتىلىپ كېلىنگەنلىكىنى قىياس قىلماق تەس ئەمەس.

«تۇيۇق» نامى چىڭ سۇلالىسىغا ئائىت تارىخى ماتېرىياللاردىمۇ خەنزۇچە نام بىلەن ئۇچرايدۇ. جاڭ يۇشىن ئەپەندىنىڭ «چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ گۇاجۇ(16) غا كۆچۈش جەريانى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە «تۇيۇق» نامىغا دائىر بەزى مەلۇماتلار بېرىلگەن.

يۇڭجېڭنىڭ 10-يىلى (1732-يىلى) تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئىمىن خوجانىڭ باشچىلىقىدا گۇاجوغا كۆچكەن. بۇ ھەممىگە ئايان تارىخ ، ئۇلارنىڭ گۇاجوغا كۆچۈشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبى مۇنداق، كاڭشىنىڭ 18-يىلى (1679-يىلى) يەكەن خانلىقى جوڭغارلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلىدۇ. قومۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلارمۇ خېلىغىچە چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن جوڭغارلار تالىشىدىغان رايونغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبلىك جوڭغارلارنىڭ بۇلاڭ تالىڭى، قىرغىنچىلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن گۇاجوغا كۆچۈشكە توغرا كېلىدۇ. مىلادىيە 1732-يىلدىن باشلاپ قوچو ئۇيغۇرلىرى تۈركۈم-تۈركۈملەپ ئىمىن خوجا رەھبەرلىكىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ يارلىقىغا ئاساسەن بىر تۈمەندىن ئۇشۇق ئاھالە گۇاجوغا كۆچۈپ چيەنلوڭنىڭ 21-يىلى (1756-يىلى) كەبىسە 9-ئايغىچە شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان. مىلادىيە 1756-يىلى ئاچارچىلىق ۋە بەزى قىيىنچىلىقلار تۈپەيلى ئۆز ماكانى تۇرپانغا قايتىپ كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتا تۇرپان ئۇيغۇرلىرى گۇاجوغا بارغاندىن كېيىن بەش قەلئەگە بۆلۈنۈپ ئولتۇراقلىشىدۇ ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ مەشھۇر بولغان بەش قەلئە ئىچىدىكى 2- ۋە 3-قەلئەدە ئولتۇراقلاشقان قوچو ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا مۇنداق خاتىرىلەر بار.

«(2-قەلئەدە)... بۇ قەلئەگە سۇ بېشى (تەخمىنەن تۇيۇقنىڭ 5 كىلومېتر شىمالىدا غول ئېقىنىنىڭ باش قىسمىدىكى بىر يېزا) لەمجىن، كىچىك ئاستانە، پىچان، شۆگە قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ بېگى ۋە ئۇلارنىڭ پۇقرالىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 307 ئۆيلۈك 1244 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان» (17) دېيىلگەن.

«(3-قەلئەدە)... بۇ قەلئەگە لەمجىن، ياڭخي تۇچېڭگۇ (土城溝) قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ بەگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پۇقرالىرىدىن بولۇپ جەمئىي 327 ئۆيلۈك، 1351 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان» (18) دېيىلگەن. 3-قەلئەدە تىلغا ئېلىنغان تۇچېڭگۇ (土城溝 tu cheng gou) دەل بىز ئېيتىپ كېلىۋاتقان تۇيۇق يېزىسى ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. چۈنكى تارىخي خاتىرىلەردىكى بۇ يۇرت ناملىرىنىڭ تىزىلىش تەرتىپىنى جۇغراپىيەلىك ئاساستا تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق ياڭخي مەھەللىسىنىڭ ئىككى كىلومېتر شىمالىغا تۇيۇق يېزىسىنىڭ جايلاشقانلىقىنى مۇنازىرەسىز ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ھازىر پىچان ناھىيەسىگە قاراشلىق بولغان، بۇ كەنتلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك تارىخي مەلۇماتلارغا ئوخشاشلا رەتلىك كۆرسەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، تۇيۇقنىڭ شىمالىغا سۇ بېشى جايلاشقان. شەرقىغە لەمجىن، پىچان، شۆگە، قاتارلىق يېزا كەنتلەر جايلاشقان، جەنۇبىغا ياڭخي جايلاشقان. سۇبېشى، تۇيۇق، ياڭخي بىر ئېقىننىڭ سۈيىنى ئىچىدۇ. غەربكە ئاستانە، قاراغوجا جايلاشقان يەنە بىر تەرەپتىن تۇچېڭگو ھازىر بىز تەلەپپۇز قىلىۋاتقان تۇيۇق نامىنىڭ ئىلگىرىكى خەنزۇچە ئۆزگىرىپ خەنزۇ تىلىدا ئاتىلىشىدۇر. تۇيۇقنىڭ ھازىرقى خەنزۇ تىلىدا يېزىق بىلەن ئىپادىلىنىشى (tu yog gou吐峪溝) بولۇپ، تۇچېڭگۇ (tu cheng gou土城溝) دېگەن ئىسمىدىكى «شەھەر-قەلئە» نى بىلدۈرىدىغان چېڭ (城) سۆزى، كېيىنچە «ئېدىرلىق، تاغ جىلغىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان

«يۇ» (峪) گە ئۆزگەرگەن. بۇ خىل ئۆزگىرىش شۇ يۇرتنىڭ جۇغراپىيەلىك يەرشەكلى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۇيۇق (吐峪沟) دېگەن نامغا باب ئىسمنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان شەكىلگە كەلگەنلىكىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ.

بۇ ماتېرىيال بىزگە تاڭ سۇلالىسى مەزگىللىرىدىن باشلاپلا «تۇيۇق» دېگەن يۇرت نامى ناھايىتى مۇكەممەل ۋە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە جۇغراپىيەلىك ئورنى بار يۇرت ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلىش بىلەن بىللە، بۇ ئىسمنىڭ شۇ دەۋردە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى «تۇيۇق» نامى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بۇ ماقالىدا يەرلىك ئورۇننى تەكشۈرۈش، بەزى تارىخىي مەنبەلەرگە مۇراجىئەت قىلىش، كىشىلەر ئاغزىدىن بۇ توغرىسىدىكى رىۋايەت ۋە ھەرخىل قاراشلارنى توپلاش ئارقىلىق «تۇيۇق» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. بۇ ھەقتە ئىزدىنىۋاتقان كەسپداشلارغا ئازراق بولسىمۇ خام ماتېرىيال بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىدتىمەن.

ئىزاھات:

① «پەرۋاز» ژۇرنىلى، ئالمۇتا 1987 ـ يىللىق سانى، 216 ـ بەت.
② «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2 ـ توم، 351 ـ ۋە 352 ـ بەتلەرگە قاراڭ.
③ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2 ـ توم، 351 ـ، 352 ـ بەت.
④ «ئۇيغۇر تىل شىۋىلەر سۆزلۈكى»، 76 ـ بەت.
⑤ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، ئۇيغۇرچە نەشرى، Ⅲ ـ توم، 227 ـ، 228 ـ، 267 ـ، 335 ـ بەتلەرگە قاراڭ.
⑥ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 3 ـ توم 69 ـ بەت.
⑦ «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى»، 83 ـ بەت.
⑧ «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، 274 ـ، 275 ـ بەت.
⑨ «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، 274 ـ، 275 ـ بەت.
⑩ «تۇرپان ژۇرنىلى»، 1988 ـ يىللىق 2 ـ سان، 85 ـ بەتكە قارالسۇن.
⑪ يەمەن ـ ھازىرقى يەمەن دۆلىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
⑫ «يىپەك يولىدىكى 99 سىر» دېگەن كىتابقا قاراڭ.
⑬ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 1 ـ توم، 317 ـ بەت.
⑭ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 3 ـ توم، 901 ـ بەت.
⑮ ۋاڭ بىڭخۇا «تۇرپاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى» خەنزۇچە
⑯ ئىبراھىم مۇتىئىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى «شىنجاڭ يەر ناملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى تىللار» دېگەن ماقالىنىڭ مۇناسىۋەتلىك جايلىرىغا قاراڭ.
⑰ گېڭ شىمىن «
⑱ گۇاجۇ (瓜州) ـ ھازىرقى دۇنخۇاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە بولۇپ، بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى جىيۇچۇئەننىڭ غەربىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
⑲ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1984 ـ يىلى
⑳ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى»، 1984 ـ يىللىق 3 ـ سان، جاڭ يۇشىن ئەپەندىنىڭ شۇ ناملىق ماقالىسىغا قاراڭ.

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 3 ـ توم، 901 ـ بەت.

(ئاپتور: تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# 吐鲁番学研究

## 2010第一期，维吾尔文

（总第二十一期）


## 编 委 会

主任：

阿布拉·卡斯木

副主任：

阿布力木·克尤木
艾尔肯·伊明尼牙孜

总编：

阿布力木·克尤木

主编：

艾尔肯·伊明尼牙孜

编辑：

阿布都古力·阿不利主提，艾尔肯·伊明尼牙孜，祖力菲业·买买提，吾麦尔·阿布都哈地尔


封一与封四：

艾斯哈布里凯夫玛扎尔和吐峪沟千佛洞

（公元3-13世纪）

图片提供者：吾麦尔·阿布都哈地尔

## 目 录

### 吐 鲁 番 学 研 究


德国的吐鲁番学研究
……………耿世民著（伊敏·塔吉　译）（1）
高昌王国的社会生活……………………………
…[德国]A·冯.加班著　尤里瓦斯·热西丁等　译(11)
"新史记"与吐鲁番学研究…………………………
…………………阿布拉海提·阿布都卡迪尔（23）


### 文 物 研 究


吐鲁番出土的铜镜……阿布都古力·阿布米提（26）
吐鲁番阿斯塔那古墓群出土的葬纸品………
……………………布海力且木·巴吾乐（29）
回鹘文佛典中的"勃"……………………………
（德国）拉施曼…（艾比布拉·海力吾拉　译）（35）


### 高 昌 回 鹘 文 化 研 究


回鹘文《金光明经》到底抄写那里？………
……………………（日）Hamada masami（39）
高昌出土的一叶摩尼教文书及其突厥历史上的意义
…（土耳其）玉赛因·萨力曼著… 玉苏甫江·亚森 译（42.）


### 文 史 杂 记


艾斯哈布里凯夫传记……艾尔肯·伊明尼牙孜（刊物）（50）
试论吐鲁番的艾斯哈布里凯夫………………
……………………（日）xinmen yasuxi（98）
浅谈《艾斯哈布里凯夫》的传奇………………
……………………………加帕尔·热依木（120）


### 历 史 人 物


著名医人阿布都热合曼伯克…………………
…………………………马木提·阿孜（123）
吐鲁番艾丁湖帕克布拉克村的教育家一……
……………艾力阿凡提…玉山·海维尔（128）


### 地 名 研 究


再谈《吐鲁番》地名的来源…………………
…………………阿布力克木·阿布热西提（130）
关于《吐峪沟》地名的来源…………………
…………………………吾买尔·哈德尔（148）



ئەسھابۇلكەھف مازىرى



تۇيۇق مىڭئۆيلىرى خارابىسى (مىلادىيە 3—13-ئەسىرلەر)

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق










吐鲁番学研究

تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

主办单位：新疆吐鲁番学学会 吐鲁番学研究院
编辑：《吐鲁番学研究》编辑部
地址：乌鲁木齐市延安路711号（新疆伊斯兰教经文学院）3号楼2单元502房
印刷时间：2010年8月
印刷：乌鲁木齐大金马印务有限责任公司
邮政编码：830000 电话：0991-2566833 15276690963
新疆内部资料（刊形）准印证：00153W

باشقۇرغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاكادېمىيىسى
نەشر قىلغۇچى: «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ئۇيغۇر تەھرىراتى
ئادرېس: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 711-نومۇر «شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى» قورۇسى 3-بىنا 2-ئىشىك 502-ئۆي
بېسىلغان ۋاقتى: 2010-يىل 8-ئاي
باسقان ئورۇن: شىنجاڭ جىنما باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتى
پوچتا نومۇرى: 830000 تېلېفون: 0991-2566833
ش ئۇ ئا ر ئىچكى ماتېرىيال (مەجمۇئە) لارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى 00153W